

غەيرەت ئاسىم

# مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى



# مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ


ISBN 7-5371-5232-2

9 787537 152327 >

ISBN7-5371-5232-2
(民文) 定价:20.00 元



غەيرەت ئاسىم

# مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ

( رومان )

شىنجاڭ ياشلار-ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى

责任编辑：阿布里克木·艾山
责任校对：阿布列孜·阿巴斯
封面设计：阿力甫·夏

# 爱的如诉（维吾尔文）

（长篇小说）

阿拉提·阿斯木　著

新 疆 青 少 年 出 版 社 出 版
（乌鲁木齐市胜利路 100 号 邮编：830001）
新疆新华书店发行　新疆新华印刷厂印刷
850×1168 毫米　32 开本　13.625 印张
2005 年 6 月第 1 版　2005 年 6 月第 1 次印刷
印数：1—3000

ISBN7－5371－5232－2
定价：20.00 元
如有印刷装订问题请直接同出版社调换

مەسئۇل مۇھەررىرى:   ئابلىكىم ھەسەن
مەسئۇل كوررېكتورى:   ئابلىز ئابباس
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى:   غالىب شاھ

# مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەيدۇ

(رومان)

ئاپتورى:   غەيرەت ئاسىم

*

شىنجاڭ ياشلار ـ ئۆسمۈرلەر نەشرىياتى نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى غالىبىيەت يولى 100 ـ قورو، پ: 830001)
شىنجاڭ شىنخۇا كىتابخانىسىدىن تارقىتىلدى
شىنجاڭ شىنخۇا باسما زاۋۇتىدا بېسىلدى
ئۆلچىمى: 850×1168مم، 32 كەسلەم، باسما تاۋىقى: 13.625
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ نەشرى
2005 ـ يىل 6 ـ ئاي 1 ـ بېسىلىشى
ISBN7 — 5371 — 5232 — 2
سانى: 1—3000
باھاسى: 20.00 يۈەن

بېسىلىشتا، تۈپلەشتە خاتالىق بولسا نەشرىياتىمىزغا ئەۋەتىڭ، تېگىشىپ بېرىمىز



# مۇندەرىجە

بىرىنچى باب تايىنىڭ ئىلتىپاتى ........................... 1
ئىككىنچى باب تايىنىڭ يەنە بىر يۈزى .................... 46
ئۈچىنچى باب گۈلبوستانىنىڭ گۈللىرى .................... 77
تۆتىنچى باب قەمەرنىڭ ئۈچىنچى قولى .................... 90
بەشىنچى باب تايىنىڭ ھۈنىرى ........................... 98
ئالتىنچى باب ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە .................... 116
يەتتىنچى باب ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك ...................... 126
سەككىزىنچى باب پۈلنىڭ كۈچى .......................... 139
توققۇزىنچى باب كەلگۈلۈك ئەسقەرگە كەلدى ................ 146
ئونىنچى باب تاي قەمەرنىڭ ئالقىنىدا .................... 163
ئون بىرىنچى باب گۈلبوستانىنىڭ يىغىسى ................. 175
ئون ئىككىنچى باب تاي قەمەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ
قالدى .................................................... 188
ئون ئۈچىنچى باب تاي پۇل بېرىپ قۇتۇلدى ............... 201
ئون تۆتىنچى باب گۈلبوستان تاي بىلەن ئاجرىشىپ
كەتتى .................................................... 217
ئون بەشىنچى باب تۇرسۇن كېلىنگە دۇكان ئېچىپ
بەردى .................................................... 227
ئون ئالتىنچى باب غوپۇر ئۈكسىدىن رەنجىدى ............... 234
ئون يەتتىنچى باب بىر دەستە گۈل ....................... 240
ئون سەككىزىنچى باب تاي دەككىسىنى يېدى ................. 245
ئون توققۇزىنچى باب سەنەۋۋەرنىڭ بېشى قاتتى ............ 253
يىگىرمىنچى باب تاي پۇشايمان قىلدى .................... 258
يىگىرمە بىرىنچى باب سەنەۋۋەرنىڭ پەلسەپىسى ............ 262

يىگىرمە ئىككىنچى باب خالمۇراتنىڭ غەيرىتى ........... 268
يىگىرمە ئۈچىنچى باب ئاجىز بەندىلەر .................. 273
يىگىرمە تۆتىنچى باب قەمەر بىلەن گۈلبوستاننىڭ سۆھبىتى .................................... 277
يىگىرمە بەشىنچى باب ساياھەت كېچىسى ............... 284
يىگىرمە ئالتىنچى باب قەمەرنىڭ پەلسەپىسى ........... 290
يىگىرمە يەتتىنچى باب ئادەم بولماق تەس ............... 294
يىگىرمە سەككىزىنچى باب توپا يەيدىغان شەيتان ......... 297
يىگىرمە توققۇزىنچى باب خالمۇرات بىلەن گۈلبوستان ...................................................... 310
ئوتتۇزىنچى باب تاينىڭ پوپوزىسى ئاقمىدى ............... 316
ئوتتۇز بىرىنچى باب سەنەۋۋەر ئېلىشىپ قالدى ......... 322
ئوتتۇز ئىككىنچى باب تاي گۈلبوستاننىڭ پېيىگە چۈشتى ...................................................... 330
ئوتتۇز ئۈچىنچى باب گۈلبوستان تاينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى ...................................... 339
ئوتتۇز تۆتىنچى باب قەمەرنىڭ ئوشۇقى ئالچۇ چۈشتى ...................................................... 347
ئوتتۇز بەشىنچى باب گۈلبوستان كۈلدى ................ 358
ئوتتۇز ئالتىنچى باب ناشتىدىكى سودا .................... 362
ئوتتۇز يەتتىنچى باب قەمەرنىڭ كوزىرى ................. 369
ئوتتۇز سەككىزىنچى باب تاش بىلەن ئەينەك ئويۇنى ...... 378
ئوتتۇز توققۇزىنچى باب قارار .............................. 383
قىرىقىنچى باب خالمۇرات سەنەۋۋەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى ...................................................... 389
قىرىق بىرىنچى باب تۇرسۇن خوتۇننى شەھەرگە يولغا سالدى ...................................... 393
قىرىق ئىككىنچى باب ھەر كاللىدا بىر چىگىش ......... 399
قىرىق ئۈچىنچى باب تاي ئېگىلدى ....................... 405

قىرىق تۆتىنچى باب قەمەرنىڭ سەرەڭگىسى تۇتاشمىدى
410 ........................................................
قىرىق بەشىنچى باب گۈلبوستان يىغلىدى................ 415
قىرىق ئالتىنچى باب توي ھارپىسىدا...................... 417
قىرىق يەتتىنچى باب پۇل تاپقان ئوغۇل بالا............... 420
قىرىق سەككىزىنچى باب بىرى ئۈچۈن مىڭىغا گۈل...... 427

## بىرىنچى باب

# تاينىڭ ئىلتىپاتى

تايىنىڭ ئۆيى مەھەللىدىكى ئۆستەڭ بويىدا ئىدى. ئۇنىڭ هويلىسىنىڭ دەرۋازىسى ناھايىتى كۆركەم ئىدى. شۇ تاپتا تايىنىڭ ئايالى گۇلبوستان دەرۋازىنىڭ ئالدىنى سۇپۇرۇۋاتاتتى. ئۇ بەكمۇ كېلىشكەن ئايال، يەر سۇپۇرگەندە ئالدىدا ئويناپ تۇرىدىغان تومۇ، ئۇزۇن چاچلىرى ئۇنىڭ ئوبرازىنى تېخىمۇ گۈزەللەشتۈرۈپ تۇراتتى. سەھەردە مەھەللىلەرنى ساياھەت قىلىپ يۈرگەن ساپ شامال ئۇنىڭ سېكىلەكلىرىنى سۆيۈپ - سۆيۈپ ئۆتەتتى. بۇ ۋاقىتتا گۇلبوستاننىڭ قىزىل مەڭىزلىرى تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كېتەتتى. ئۇنىڭ بۇلاقتەك يېقىملىق كۆزلىرى تېخىمۇ گۈزەل پارقىرايتتى. ئۇ ھەربىر قېتىم ئۇزۇن ساپلىق چىغ سۇپۇرگىسىنى يەرگە سالغاندا ئۇنىڭ يوغان كۆكسى ھەرىكەتلىرىگە ماسلىشىپ ئويناپ كېتەتتى. ئەللىك ياشنىڭ قارىسىنى ئالغان بۇ ئايال ياش قىزلاردەك تېتىك، گۈزەللىكىدىن كەتمىگەنىدى.

گۇلبوستان ئادىتى بويىچە دەرۋازىنىڭ ئالدىنى سۇپۇرۇپ بولۇپ، هويلىسىغا قايتىپ كىردى. ئۇ قورۇسىدىكى گۇللۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇ مۇشۇنداق ھەر كۈنى سەھەردە گۇللۈك ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، رەڭگارەڭ ئېچىلغان گۇللەرنى تاماشا قىلاتتى، بەزىدە گۇللەرگە قاراپ سۆزلەپمۇ كېتەتتى. بۇنداق ۋاقىتتا تاي ئۆيدىن چىقىپ ئۇنىڭغا چاقچاق قىلاتتى:

— پەرىشتىدەك خوتۇن ـ دە بۇ، ھە، بۇ گۈللەرگە نېمە دەۋاتىسەن؟ گۈل جىنىڭ بار ـ ھە سېنىڭ! — دەيتتى.
گۈلبوستان تاينىڭ مۇشۇنداق چاقچاقلىرىغا ئامراق ئىدى. بۇنداق ۋاقىتتا ئۇ روھلىنىپ گۈلدەك ئېچىلىپ كېتەتتى. ئۇنىڭ سەمىمىي كۈلۈشلىرى ئازادە ئىچكى دۇنياسىنى چۈشەندۈرۈپ تۇراتتى. تاي ئايالىنىڭ مۇشۇنداق كۈلۈشلىرىگە خۇشتار ئىدى. ئۇ ئاغزىدا بىرنېمە دېگىنى بىلەن ئىچىدە ئايالىنىڭ مۇشۇنداق سەمىمىيلىكىدىن پەخىرلىنەتتى.
— گۈللەر بىزدىن رەنجىپتۇ، تاي. مەن سىلەر ئۈچۈن يىلدا مۇشۇنداق بارلىق ھۈنىرىمنى چىقىرىپ ئېچىلىپ بېرىمەن، لېكىن سىلەر مېنى بىرەر قېتىممۇ سۆيۈپ قويمايسىلەر، بەزىدە مېنى ئۈزۈپ غازاڭ قىلىۋېتىسىلەر دەۋاتىدۇ، — دەيتتى گۈلدەك چىرايلىق گۈلبوستان كۈلۈپ تۇرۇپ.
تاي كۈلۈپ كېتەتتى. ئۇ گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ توم، ئۇزۇن چاچلىرىنى قولىغا ئالاتتى:
— «مال ئىگىسىنى دورىمىسا ھارام» دېگەن سۆزنى «گۈل ئىگىسىنى دورىمىسا گۈل ئەمەس» دەپ ئۆزگەرتىۋەتسەك بولىدىكەن، گۈلبوستان، بۇ گۈللىرىڭمۇ سېنى دوراپتۇ! — دەيتتى.
— خەقلەرنىڭ گۈلى سۆزلىمىگىنى بىلەن مېنىڭ گۈللىرىم سۆزلەيدۇ، تاي، — دەيتتى گۈلبوستان ئېرىگە مەنىلىك قاراپ.
تاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كېتەتتى:
— سەن بەك تېگى بار گەپ قىلىدىغان بولۇپ قالدىڭ جۇمۇ! — دەيتتى تاي، ئاندىن ئۇ قاتتىق قوللىرى بىلەن ئۇنىڭ بىقىنىنى چىمدىپ قوياتتى، — بەك تولۇپ كېتىپسەن، خوتۇن، ئون بەش كۈنلۈك تولۇن ئايدەك.
گۈلبوستان روھلىنىپ كۈلۈپ كېتەتتى. تاي مەقسەتلىك ھالدا ئۇنى مۇشۇنداق چىرايلىق گەپلەر بىلەن رازى قىلىپ

تۇراتتى.

گۈلبوستان ئورنىدىن تۇرۇپ، سۇخانىغا كىردى. ئۇ چېلەككە سۇ ئېلىپ، گۈللۈكنىڭ ئالدىغا كەلدى. چىرايلىق ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر ئۇنىڭغا تەبەسسۇم قىلىۋاتاتتى، گۈللەرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇنى يەنە بىر قېتىم سۆيۈشكە باشلىدى. گۈلبوستان خۇشخۇي ھالدا گۈللەر بىلەن سۆزلىشىشكە كىرىشتى. ئۇنىڭ سەممىي پاك سۆزلىرىدىن خۇشال بولغان گۈللەر ئۇنىڭغا باش ئېگىپ ھۆرمەت بىلدۈردى. ئۇ قولىغا چوڭ ئاق چۆمۈچنى ئېلىپ، چېلەكتىن سۇ ئېلىپ گۈللەرگە قۇيدى، ئاندىن گۈللەرگە سۇ چاچتى. سۇنىڭ راھىتىدە ھۇزۇرلانغان گۈللەر يىراق يەرلەردىكى كېپىنەكلەرگە ئۇچۇر بەردى. گۈلبوستان سۇيىنى چېچىپ بولغۇچە، بىر توپ رەڭگارەڭ كېپىنەك گۈللۈكنىڭ ئۈستىدە پەرۋاز قىلىشقا باشلىدى. كېپىنەكلەر گۈللەرگە سالام بېرىپ بولغاندىن كېيىن، گۈللەرگە قونۇپ ئۇلار بىلەن سۆيۈشۈپ كۆرۈشتى. گۈلبوستان بۇ كىچىك جەننەتنىڭ ئىچىدە كۈلۈۋاتقان گۈللەر بىلەن كېپىنەكلەرنى كۆرۈپ، كۆڭلى بەكمۇ ئازادە بولۇپ كەتتى. گۈلبوستان سۇنىڭ كۈچى بىلەن جانلىنىپ كەتكەن گۈللەرنىڭ ئىچىدىن بىر تال ئەتىرگۈلنى ئۈزدى، ئاندىن ئۇنى بۇرنىغا كەلتۈرۈپ پۇرىدى. شۇ تاپتا قوشنىسىنىڭ كەپتەرلىرى ئۇنىڭ بېشىدىن ئۇچۇپ ئۆتتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى، بىر توپ ئاپئاق كەپتەر زەڭگەر بوشلۇقتا پەرۋاز قىلىۋاتاتتى. ئۇ قولىدىكى گۈلگە يەنە بىر قارىدى، ئاندىن ئۆيگە ماڭدى.

ئۇ ئۆيگە كىرىپ، تايىنىڭ قېشىغا كەلدى. تاي تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئەتىگەنكى قۇياشنىڭ يېقىملىق نۇرلىرى دېرىزە ئارقىلىق تايىنىڭ چىرايىنى پارقىرىتىپ تۇراتتى. گۈلبوستان كارىۋاتتا ئولتۇردى، ئۇ ئېرىنىڭ قولىنى تۇتتى، شۇ زامات تايىنىڭ خورىكى توختىدى. گۈلبوستان كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى

ئەتىرگۈلنى ئېرىنىڭ ئاغزىغا قويۇپ قويدى. گۈلنىڭ خۇش ھىدى تاينى ئويغىتىۋەتتى، تاي كۆزلىرىنى ئاچتى ھەم ئاغزىدىكى گۈلنى قولىغا ئالدى.

— ئاپلا، شۇنداق بىر ياخشى چۈش كۆرۈۋاتاتتىم - دە، ئىككىمىز بىر دۆلدۆلنى مىنىپ ئۇچۇۋاتقۇدەكمىز…، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئۇ مەن ئەمەستۇرمەن؟ — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.

— مۇشۇنداق ئىشەنمەيسەن ئەمەسمۇ! ھە، ئەتىگەندە ماڭا گۈل ئەكىرىپسەن - دە، پەرىشتىدەك خوتۇن سەن - ھە!

— گۈللەرنى سۇغارغانتىم، بۇ ئەتىرگۈل سىزنى تونۇيدىغان چېغى، «تاي بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ. مېنى تاينىڭ قېشىغا ئەكىرىپ قويۇڭ» دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇنى ئۈزۈپ ئەكىردىم.

— يائاللا، گۈللەرگىمۇ زۇۋان كىرگۈزۈپ بولۇپسەن - دە! مەن گەپ قىلالايدىغان گۈللەردىن قورقىمەن! — دېدى تاي ئايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— مۇنداق دەڭ، ئەمدى مېنىڭ گۈلۈمدىن قورقىدىغان بولۇپ قاپسىز - دە!

— ھاي، ھاي، بەس، بەس، ئىككىنچى بۇنداق گەپ قىلغۇچى بولما، خوتۇن، بولمىسا ئاغرىپ قالىمەن، مەن مۇشۇ ئالتە كۈنلۈك ئالەمدە سېنى دەپ ياشاۋاتىمەنغۇ! — دېدى تاي گۈلبوستاننىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ئەگەر سىزنىڭ ئەمەلىيىتىڭىز دېگىنىڭىزدەك بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بۇ جاھاندا مەندەك بەختلىك ئادەم بولماس ئىدى، تاي، — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ كۆزلىرىگە تىكىلىپ قاراپ.

تاي گەپنىڭ مەزمۇنىنى چۈشىنىپ بولغانىدى. ئۇ كۆزلىرىنى ئىتتىكلا ئايالىنىڭ روشەن كۆزلىرىدىن قاچۇردى.

— ئاخشام چۈشۈڭ بۇزۇلۇپ قالدىمۇ نېمە؟ رەمچى خوتۇنلارغا ئوخشاش سۆزلەپ كەتتىڭغۇ؟— دېدى تاي.

— خۇدايىم ئاجىزلارغا ئوڭىدا ئەمەس، چۈشىدە كۆرستىدىكەن. سىزنىڭ تالادا قىلغان ـ ئەتكەن ئىشلىرىڭىز دائىم چۈشۈمدە ئايان بولۇپ تۇرىدۇ...

— ئەمدى ئاخشىمى ئۇخلىغاندا ئىككىمىزنىڭ تەكىيىسىنى ئالماشتۇرۇۋەتمىسەك بولمايدىغان ئوخشايدۇ. مەن قاچانلا بولسۇن، سېنى ئەركىلىتىپ، ئوينىتىپ، كۆڭلەك ـ پۆڭلەك ئېلىپ بېرىپ چۈشەيمەن. ئەكسىچە سەن مېنىڭ قوينۇمدا يېتىپ باشقا بىر ئىشلارنى چۈشەيدىكەنسەن.

— گەپ تەكىيىدە ئەمەس، تاي، گەپ يۈرەك ـ دە!— دېدى گۈلبوستان.

— ئىككىمىز بىر قازانغا باغلانغىلى ئوتتۇز يىل بولاي دەپ قالدى. مۇشۇ كۈنگىچە يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلىپ يۈرەمسەن؟ ئۆمرىمىزنىڭ تەڭدىن تولىسى تۈگىدى. چىرايلىق گەپلەرنى قىلساڭ بولامدۇ! — دېدى تاي ئايالىنىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— ئەلۋەتتە سىزنى چۈشىنىمەنغۇ! بىراق سىز زاۋۇتقا باشلىق بولغاندىن بېرى ئۆزگىرىپ قالدىڭىز. كۈلسىڭىزمۇ بۇرۇنقىدەك راست كۈلمەيسىز، چىشلىرىڭىزدىن باشقا ھېچ يېرىڭىز كۈلمەيدۇ. بۇرۇن سەھرالاردىن تۇغقانلار كەلسە ھالىڭىز قالمايتتى. مېنى تاماق ئەتمەمسەن دەپ ئالدىرىتىپ كېتەتتىڭىز، ئۇلار بىلەن ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن مۇڭدىشىپ ھالىنى سورايتتىڭىز، ئۇلارنىڭ ياخشى كۈنلىرىدىن خۇشال بولاتتىڭىز، يىغىسى ئۇچۇن يىغلايتتىڭىز. ھازىرچۇ؟ ھازىر ئۇلارنى كۆرسىڭىز، ھە كەلدىڭلارما، ھە، كېلىپ قاپسىلەر ـ دە، دېگەندەك گەپلەرنى ئاران قىلىسىز، ئىشىم بار ئىدى، مەن بەك ئالدىراش دەپ ئۆيدىن چىقىپ كېتىسىز...

— بولدىلا، ئۆزىمىزنىڭ گېپىگە كېلەيلى، تاغقا چىقىمەن

دەۋاتىسەن، ھويلىدىكى گۈللىرىڭنى قانداق قىلىسەن؟
— سىز سۇغىرىپ قويىماسسىز؟
— مېنىڭ سۇغارغىنىمغا ئېچىلامدۇ بۇ گۈللىرىڭ!
— باشقا يەردە گۈللىرىڭىز بارمىتى؟ — دېدى گۈلبوستان ئېرىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— بەك مەنىلىك گەپ قىلىۋەتتىڭغۇ! يېتىشىپ قاپسەن جۇمۇ، مەھەللىگە بىر مەكتەپ سېلىپ بېرەي، ئادەم ئوقۇتامسەن يا؟ — دېدى تاي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— قوۋۇرغام، — گۈلبوستان كۈلدى. تاي ئۇنىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.
— ئون يىل كۆرمىگەن ئادەمدەك قولۇمنى سىلاشتۇرۇپ كېتىۋاتىسىزغۇ، — دېدى گۈلبوستان.
— مەن سېنىڭ قولۇڭغا ئامراق، مېنى گۈللەندۈرگەن نەرسە سېنىڭ مۇشۇ قولۇڭ... — دېدى تاي ئايالىنىڭ بىلىكىدىن كارىۋاتقا تارتىپ.
— سەتلەشمەڭ، قىزلىرىڭىز ھازىرلا قايتىپ كېلىدۇ!
— ھە راست، ئۇلار نەگە كەتتى؟
— بازارغا كەتتى، بىر يەشىك ئالما ئېلىۋالايلى دەيدۇ، — دېدى گۈلبوستان.
— ئالما دېگەن يولدا جىققۇ! بازاردىن ئۆيگە ئەكېلىپ، يەنە ئۆيدىن ماشىنىغا سېلىپ، نېمە ئاۋارىچىلىك.
— مەيلى ئەمەسمۇ، قىزلارنىڭ كۆڭلى، تاللاپ ياخشىسىنى ئالىمىز دەيدىغاندۇ ھەرقاچان، — دېدى گۈلبوستان، — ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭە ئەمدى، چاي ئىچىمىز.
— بالىلار كەلگۈچە بىردەم يېتىۋالساق بولاتتى ـ دە!
— ساراڭ...، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ. ئۇ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
«بۇ خوتۇنمۇ قوپاللىشىپ كەتتى. بۇرۇن يالغاندىن بىرنى

سۆيۈپ قويسام بىر يىل رازى بولۇپ يۈرەتتى. مانا ئەمدى ماڭا لوقما سېلىشنى ئۆگەندى... «مەھەللىدىكى خوتۇنلار يامان، زامان ئاخىرىدىكى خوتۇنلار مۇشۇنداق قۇۋلىشىپ كېتىدۇ، دەۋاتاتتى ھېسامكام[1]، راست ئوخشايدۇ، ئەگەر بۇ جاھاندا سادda، لۆم ـ لۆم ئادەملەر ئاز قالسا، بىزدەك ئادەملەرنىڭ بازىرى قالمايدۇ جۇما!» دېدى تاي ئۆز ـ ئۆزىگە سۆزلەپ.

تاي ئورنىدىن تۇرۇپ، كىيىملىرىنى كىيىپ، تالاغا چىقتى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ ئاسمانغا قارىدى. ئاسماندا قوشنىسىنىڭ بايامقى كەپتەرلىرى ئەركىن پەرۋاز قىلىۋاتاتتى.

— ياخشى قوشنامنىڭ ياخشى كەپتەرلىرى ياخشى ئاسماندا ياخشى ئويناۋېتىپتۇ جۇمۇ، خوتۇن. كەپتەردەك ياخشى نەرسە يوق، بىرى، خوتۇنى يوق ئادەملەر كەپتەرگە قاراپ ئولتۇرسا خوتۇنى باردەك بولۇپ قالىدىكەن دەۋاتاتتى، ئاشۇ راست گەپ ئوخشايدۇ! كەپتەر دېگەن يېقىملىق نەرسە ئىكەن ئەمەسمۇ! قورسىقىنى بىر تويدۇرۇپ قويساڭ بىر ئۆمۈر ئاسمىنىڭدىن كەتمەيدىكەن!

— مېنى كەپتەرگە ئوخشىتىۋاتىسىز ـ ھە! — دېدى لاپاسنىڭ ئاستىدا چاي تەييارلاۋاتقان گۈلبوستان كۇلۇپ.

— مەن جاھاندىكى ياخشى نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى ساڭا ئوخشىتىمەن، خوتۇن، سەن مېنىڭ بۇ تەرەپلىرىمنى تازا بىلىپ كەتمەيسەن، مەن ساڭا دېمىگىنىم بىلەن ئىچىمدە ھەممە ئىشلارنى ئويلايمەن.

— قوۋۇرغام...، — دېدى گۈلبوستان كۇلۇپ.

«كاللىسى ئېچىلىپ كەتتى بۇ قېرىنىڭ، ئەمدى ئاسانلىقچە دەسسىمەيدۇ» دېدى تاي ئىچىدە.

— ئەگەر ئىككىمىز كەپتەرگە ئايلىنىپ قالساق، بىر كۈندە ئۇچۇپلا جەننەتكە كىرىپ كېتەتتۇق! — دېدى تاي.

---

[1] ھېسامكام — چاقچاقچى ھېسام قۇربانىنى دېمەكچى.

— سىز كەپتەرگە ئايلىنالمايسىز، تاي! چۈنكى سىز ئاغزىڭىزدا دېگىنىڭىز بىلەن، ئەمەلىيىتىڭىزدە كەپتەرنى ياقتۇرمايسىز، چۈنكى سىز لاچىن بولسەن دەپ شۇڭغۇپ يۈرۈۋاتىسىز ئەمەسمۇ! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ، — گەپ بىلەن بولۇپ كەتتىڭىز، تاي، بولدى، يۈز - كۆزلىرىڭىزنى يۇيۇڭ، قىزلىرىڭىز هازىرلا قايتىپ كېلىدۇ، چاينى ياخشى ئىچىۋېلىپ يولغا چىقايلى.

تاي باغقا كىرىپ يۈز - كۆزلىرىنى يۇيۇپ چىقتى.

— خوتۇن، لۆڭگە قېنى؟ — دېدى تاي.

— باغدا ئالمىغا ئارتىقلىق بىر ئاق لۆڭگە بارغۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنى كۆردۈم، هېلىقى گۈللۈك لۆڭگەڭنى دەۋاتىمەن!

— قوۋۇرغام، قېرىغاندا گۈللۈك لۆڭگىنىڭ جېدىلىنى قىلىپ كەتكىنىنى!

— ئۇنداق دېمە، خوتۇن، قېرىغاندا دېگەن گەپنى قىلما، ئۇ ن گۈلۈمنىڭ بىرى ئەمەس، يېرىمىمۇ ئىچىلمىدى تېخى، خۇدايىم بۇيرۇسا، ئۆزۈمنى ئۇن سەككىز ياشلىق يىگىتلەرگىمۇ تېگىشمەيمەن. ئادەم ئەللىك ياشقا كىرگەندە هەممە نەرسىنىڭ قەدرىگە يېتىدىكەن. گۈللۈك لۆڭگە دېگەن نېمە ئۇ. خۇدايىم بۇيرۇسا خاننىڭ گۈللۈك تاۋارلىرى بىلەن يۈز ئېرتىمىز تېخى، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سىز پونىمۇ ياخشى ئاتىسىز - هە…

— ئالدى بىلەن هېلىقى گۈللۈك لۆڭگەڭنى كەلتۈر، خوتۇن، يۈز - كۆزلىرىمنى ئېرتىۋالاي، بولمىسا يۈزى قېلىن شامال يالاپ بولىدۇ.

گۈلبوستان ئۆيگە كىرىپ، گۈللۈك لۆڭگىنى ئاچىقىپ تاينىڭ قولىغا تۇتقۇزدى.

— ماۋۇ ئىشىڭ بولىدۇ، خوتۇن، بىز گۈلدەك ئادەم

بولغاندىن كېيىن، مۇشۇنداق گۈلدەك لۆڭگىلەرنى ئىشلىتىشىمىز كېرەك!

— ئۆزىنى ماختىغان بىرىنچى ئەخمەق...

— ئۇ تەيپۇنەم ۋاقىتىدىكى كونا گەپ، خوتۇن، ھازىر دېگەن ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ ماختاپ بەرمىسەڭ، خەقلەر سېنى سېسىتىۋېتىدۇ. مۇشۇنداق جاھان بۇ...

— قاراڭ، تاي، غۇنچەملەر كەلدى!

غۇنچەم بىلەن ئامىنە دەرۋازىدىن ھويلىغا روھلۇق كىرىپ كەلدى.

— كېلىڭلار، قىزلىرىم، ئەتىگەندە بازارغا چىقىپسىلەر – دە، ياخشى، يۇكۇڭلار خېلى ئېغىرغۇ! — دېدى تاي غۇنچەمنىڭ قولىدىكى سومكىنى ئېلىپ.

— تاغدا ئىشلىتىدىغانغا كۆكتاتمۇ ئېلىۋالدۇق، دادا، — دېدى تاينىڭ ئىككىنچى قىزى ئامىنە كۈلۈپ تۇرۇپ، ئامىنەنىڭ بويى ھەدىسى غۇنچەمنىڭ بويىدىنمۇ ئېگىز ئىدى.

— ئاۋارە بولۇپسىلەر، قىزلىرىم، بۇ نەرسىلەرنى يولدىن ئېلىۋالساقمۇ بولاتتى، ئۇشۇقچە جاپا تارتىپسىلەر، قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار، چاي ئىچىمىز! — دېدى تاي.

— ئالىمىز ئالدۇق، دادا، — دېدى غۇنچەم كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى، بۇ يىل تەتىلدە تاغدا ياخشىراق ئوينىۋېلىڭلار، كىتاب ئېلىۋېلىشنىمۇ ئۇنتۇپ قالماڭلار، زېرىككەندە بىرگە كىتاب ئوقۇپ بېرىسىلەر، — دېدى تاي.

— ئەمدى قولۇڭلارنى يۇيۇڭلار، قىزلىرىم، چاي ئىچىمىز، — دېدى گۈلبوستان.

غۇنچەم بىلەن ئامىنە باغقا كىرىپ كەتتى.

— سائەت سەككىز بولۇپتۇ، خوتۇن، توققۇزدا يولغا چىقايلى، يولغا ئۈچ سائەت كېتىدۇ. ئەمىسە مەن تەلئەتكە تېلېفون بېرىۋېتەي، — دېدى تاي.

تاي ئۆيگە كىرىپ، شوپۇرى تەلئەتكە تېلېفون بەردى.

— ھە، تەلئەتما؟ ھە، مەن، ناھىيىدىن بىرنەچچە مېھمان كېلىپتىكەن، ئۇلارنى تاغقا ئاچىقىدىغان بولۇۋاتىمىز. سەن دەم ئېلىۋەر، سېنى ئاۋارە قىلمايلى. ئىككى - ئۈچ كۈندىن كېيىن كېلىمەن. شۇنداق، «تويوتا» بىلەن چىقمىسام بولمايدۇ، تاغ يولىغا «سانتانا» يارىمايدۇ. سائەت توققۇزدا ماڭايلى دېيىشتۇق، يەنە بىر سائەت ۋاقىت بار، سەن ماشىنىنىڭ زاپاس ماي بېكىنىغمۇ لىق ماي قاچىلاپ، ماشىنىنى ئۆيگە ئەكېلىپ بەرسەڭ بولىدى. ھــاراق دەمسەن؟ ھاراقنى ئۆزۈم يولدىن ئېلىۋالىمەن. نېمە؟ مــاشىنىدا ھاراق بار؟ مەيلى ئەمىسە، ئالمىسام بولىدىكەن. ئــەمــىــســە شــۇنداق بــولسۇن، بىرى مېنى سىــوراپ قــالسا بىلمەيمەن دە....

تــاي تــېــلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويۇپ، ھويلىغا چــىــقــتى. ئايالى بىلەن قىزلىرى داستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولغانىدى. تاي ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلبوستان ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بەردى.

— قــېــنــى، چــاي ئــىــچــىڭلار، قىزلىرىم، — دېدى تاي قىزلىرىغا قاراپ ئولتۇرۇپ.

— سىزمۇ چاي ئىچىڭ، دادا، — دېدى غۇنچەم.

— خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا، ياخشى ئوقۇۋاتىسىلەر. مەن ئــۆز ۋاقــتىمدا ئۆرلەپ ئوقۇيالمىغان. ئۇ ۋاقىتتا بىزدە ئۇنداق شارائىت يوق ئىدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇش دېگەن ئىش ئۇخلاپمۇ چــۈشــىــمــىــزگــە كــىرمەيتتى. مېنىڭ ئىككى ئاكام باشلانغۇچ مەكتەپنى ئاران پۈتتۈرگەن. ھەر ھالدا ئۆلۈم خېتىنى تونۇيدۇ. دادام مېنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇتقان. ئەگەر مەن ئوقۇمىغان بولسام، بىر ئۆمۈر جاھان دېگەن بىزنىڭ يۇقىرىقى مەھەللە دەپ ئۆتەتتىم، — دېدى تاي.

— ئەگەر سەھرايىڭىزدا بولسىڭىز، ھېلى دادۇيجاڭ، ھېلى

موللا بولۇۋېلىپ، يەنە خەقنىڭ تۇمشۇقىدىن يېتىلەپ يۈرەتتىڭىز ھەرقاچان، — دېدى گۈلبوستان ئېرىگە چاقچاق قىلىپ.

تاي قولىدىكى چىنىسىنى قويۇپ قويۇپ، كۈلۈپ كەتتى.

— ئاپا، دادامنى ئۇنداق دېمەڭ! — دېدى غۇنچەم ئاپىسىغا قاراپ.

— ئامال يوق، قىزىم، سەھرالىق دېگەن شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن مۇشۇنداق بوزەك بولغىنى بولغان. دادام ماڭا مۇنداق بىر ئىشنى سۆزلەپ بەرگەن، شۇ ئىش پەقەت ئېسىمدىن چىقمايدۇ… مېنىڭ كىچىك ۋاقتىمكەن، بىر كۈنى دادام شەھەرگە كىرىپتۇ، «قىزىل بايراق» ماگىزىنىغا كىرىپ سودا قىلىپتۇ، ماگىزىندىن چىققاندا، ئاياغ مايلايدىغان بىر كىچىك بالا ئۇنىڭغا ئېسىلىۋاپتۇ، «ئاكا، ئايىغىڭىزنى مايلاپ قوياي، ئاقىرىپ كېتىپتۇ. سەھرادىن كىرگەن ئوخشايسىز، سەت بولىدۇ» دەپ دادامنى ئورۇندۇققا مەجبۇرىي ئولتۇرغۇزۇپتۇ، دادام ماقۇل بولۇپ ئايىغىنى مايلىتىپتۇ. مايلامچى بالا دادامنىڭ ئايىغىنى مايلاپ بولغاندىن كېيىن، دادام مايلامچى بالىنىڭ ھەققىنى بېرىۋېتىپ، ئۆيگە قايتىپ كېلىپتۇ. كەچتە ئايىغىنى سېلىپ قارىسا، ئايىغىنىڭ كەينى مايلاقسىز ئاپئاق تۇرغۇدەك. دادام كۈلۈپ، ئاپامغا: «شەھەرنىڭ بالىلىرى نېمىدېگەن يامان. ئايىغىمنى مايلاتسام كەينىگە مايىنىڭ يۇقىمۇ تەگمەپتۇ ئەمەسمۇ» دەپتۇ. ئاپام ئۆزىنى باسالماي كۈلۈپ كېتىپتىكەن… شەھەرلىكلەر بىزنىلا ئەمەس، قىزلىرىم، بىزنىڭ ئاتا-بوۋىلىرىمىزنىمۇ مۇشۇنداق بوزەك قىلىپ كەلگەن، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ھازىر ئۇنداق كولدۇر سەھرالىقلار قالمىدى، — دېدى گۈلبوستان، — ھازىرقى سەھرالىقلار قۇۋلىشىپ كەتتى، شەھەرگە كىرىۋالسا بېشى قايغان يەردە يۈرۈۋېرىدۇ!

تاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ، بالىلارنىڭ قېشىدا قالايمىقان

سۆزلىمە، دېگەن مەندە ئايالىنى نوقۇپ قويدى.
— سەھرانىڭ ئادەملىرى بەك ياۋاش كېلىدىكەن، ئاپا. بىزنىڭ سىنىپتا سەھرادىن كېلىپ ئوقۇۋاتقان بىرنەچچە قىز بار، ياتاقنىڭ تازىلىقىنى تالىشىپ تۇرۇپ قىلىدۇ. بەزىدە بىزنىڭ كىرلىرىمىزنىمۇ يۇيۇشۇپ بېرىدۇ تېخى، — دېدى ئامىنە.
— شۇنداق، قىزىم، سەھرانىڭ قىزلىرى ياۋاش، ئوغۇللىرى بەك يامان. بولۇپمۇ شەھەرگە كىرىپ ئۆزىنى پاتۇرۇۋالغانلىرى بەك يامان، — دېدى گۈلبوستان يەنىلا ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ.
— ئەمدى بولارمىكىن، ئانىسى! — دېدى تاي، — سەھرالىق بولمىسا نان قەيەردىن كېلىدۇ؟
— دادامنىڭ گېپى توغرا، مەن دادام تەرەپ، — دېدى غۇنچەم باشلىرىنى ئوينىتىپ.
— مەنمۇ دادام تەرەپ، — دېدى ئامىنە.
— سىلەرنى مەن بېقىپ چوڭ قىلسام، ئەمدى چوڭ بولۇۋېلىپ داداڭلار تەرەپكە ئۆتۇۋالساڭلار، مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى گۈلبوستان.
تاي ۋە باللار تەڭلا كۈلۈپ كەتتى.
— دادا، تاغدا قانچە كۈن تۇرىمىز؟ — دېدى ئامىنە.
— ئاپاڭلاردىن سوراڭلار، قىزلىرىم. مەن سىلەرنى ئاچىقىپ قويۇپ قايتىپ كېلىمەن. قايتاشتا ماڭا خەۋەر قىلساڭلار سىلەرنى ئالغىلى بارىمەن، — دېدى تاي.
— ئەمىسە ھوقۇق ئاپامدىكەن ـ دە! ئۇزۇنراق تۇرايلى، ئاپا، — دېدى غۇنچەم.
— سىلەر قاچان قايتىمىز دېسەڭلار، شۇ ۋاقىتتا قايتىمىز، قىزلىرىم. مېنىڭ ئىشىم يوق ئادەم. داداڭلار مېنى مۇشۇنداق بىكارچى قىلىۋەتتىغۇ. ئۆز ۋاقتىدا زاۋۇتتىن دەم ئېلىشقا چىقىۋالاي دېسەم ئۇنىمىدى، ئۇنداق زىيان تارتىسەن، بۇنداق

زىيان تارتسەن، پىنسىيە پۇلۇڭ ئازلاپ كېتىدۇ، خىزمەت يىلىڭ توشسۇن، دەپ كەتتى. ماقۇل دەپ ئىشلەۋېرىپتىمەن. ئاخىر مانا زاۋۇتنىڭ ئىشى توختاپ كەتتى، بىراقلا ئىش ئورنۇمدىن قېلىپ ئۆيدە ئولتۇردۇم!
— يەنە كونا خامانني سورۇغىلى تۇردۇڭغۇ؟ — دېدى تاي.
— مىڭ كونا بولسىمۇ ئۆزۈمنىڭ خامىنى ئەمەسمۇ! يىگىرمە نەچچە يىل ئىشلىگەن تەشكىلدىن ئايرىلىپ قالدىم...
— ئىشلىگەن يىلىڭغا بەرگەن پۇلۇڭنى ئېلىپ بەردىمغۇ.
— ماڭا پۇلدىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەسما؟ مېنى دوستلىرىمدىن، جامائىتىمدىن ئايرىۋەتتىڭىزغۇ! قولىڭىزدىن كېلىدىغان تۇرۇپ، مېنى ھۆكۈمەتنىڭ بىرەر ئىدارىلىرىگە يۆتكەپ قويۇڭ، دېسەم، پەقەت يېقىن كەلمىدىڭىزغۇ! ؟ — دېدى گۈلبوستان خاپا بولۇپ.
— قېرىغاندا نېمە قىلىسەن ئەمدى ئىشلەيمەن دەپ، ئايلىقىڭنى ھەر ئايدا بېرىۋاتىمەنغۇ! — دېدى تاي.
— ماڭا پۇلدىن باشقا نەرسە كېرەك ئەمەسما؟ — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.
— خاپا بولما، مەن ناماقۇل، — دېدى تاي.
— سىز بۇ ئىشلارنى مەن ناماقۇل دېسەملا تۈگەيدۇ دەپ ئويلامسىز؟
— ئەمىسە قانداق قىلىمەن؟
— تۆلەيسىز! — دېدى گۈلبوستان.
تاي كۈلۈپ كەتتى. قىزلىرىمۇ كۈلۈپ كەتتى.
دەرۋازىنىڭ ئالدىدا ماشىنا توختىغان ئاۋاز ئاڭلاندى.
— تەلئەت كەلدى بولغاي، مەن چىقاي، — دېدى تاي ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ تالاغا چىقىپ كەتتى.
راست دېگەندەك تەلئەت ماشىنىنى ھەيدەپ كەلگەنىدى.
— كەلدىڭما، ئۇكا! — دېدى تاي تەلئەت بىلەن كۆرۈشۈپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، تايكا، ياخشى تۇرۇپسىز، ئىككى باكقا ماينى لىق قاچىلىدىم، ماشىنىدا بىر يەشىك هاراق بار، يولدىن بىر يەشىك پىۋا ئېلىۋالدىم، — دېدى تەلئەت.

— ياخشى قىلىپسەن، ئۇكا، ئەمىسە ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى ماڭا بەر، مېهمانلارنى ئۆزۈم ئاچىقىپ كىرەي. ئېسىڭدە بولسۇن، بىرى مېنى سورىسا كۆرمىدىم دە، بۇ خەق ئادەمنى دەم ئېلىش كۈنلىرىمۇ دەم ئالغىلى قويمايدۇ، — دېدى تاي.

— ماقۇل، تايكا، — دېدى تەلئەت. ئۇ ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى تايغا بەردى، — مەن قايتاي، بىرەر ئىش بولسا ماڭا تېلېفون بېرەرسىز!

— پىيادە قالىدىغان بولدۇڭما، ئۇكا؟ — دېدى تاي.

— ياقەي، ئۆي يېقىنغۇ، — دېدى تەلئەت. ئۇ يولغا راۋان بولدى.

تاي هويلىغا قايتىپ كىردى.

— ئەمىسە تەييارلىق قىلىڭلار، قىزلىرىم، يولغا چىقىمىز، — دېدى تاي.

— سىز قايتىپ كەلگۈچە ئۆيگە بىرى قاراپ تۇرمىسا بولماس، تاي، — دېدى گۈلبوستان.

— هازىر ئوغرىلار سەھرالىقلارنىڭ ئۆيىگە تەگمەيدىكەنغۇ! — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.

— سەھرالىقنىڭ نېمىسى بارتى بۇ ئۆيدە، هەممىسى شەهەرلىكلەرنىڭ بىساتى تۇرسا، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە، ئۆيگە بىرى قاراپ تۇرسۇن. بايام دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچىنى تەلئەتكە بېرىپ قويغان بولسامچۇ! — دېدى تاي.

— هېلىمۇ تەلئەتكە تېلېفون بېرىۋېتىڭ، ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قوشنىلارنىڭ ئۆيىگە قويۇپ قويايلى، مەن كەلگۈچە ئۆيگە قاراپ تۇر دېمەمسىز! — دېدى گۈلبوستان.

— شۇنداق قىلاي ئەمىسە! — دېدى تاي. ئۇ ئۆيگە كىرىپ

تەلئەتكە تېلېفون بېرىۋەتتى.

— غۇنچەم قىزىم، سىز بوۋىڭىزغا تېلېفون بېرىۋېتىڭ. ئۇلار تەييار بولۇپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇرسۇن، — دېدى تاي.

— ماقۇل، دادا، — دېدى غۇنچەم.

— ئامىنە قىزىم، سىز جىقراق كىيىم ئېلىۋېلىڭ، تاغدا يامغۇر يېغىپ قالسا مۇزلاپ قالىسىلەر، — دېدى تاي.

— ماقۇل، دادا، — دېدى ئامىنە. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كەتتى. گۈلبوستان سۇخانىنىڭ ئالدىدا چوڭ سومكىسىغا بىرنېمىلەرنى سېلىۋاتاتتى. تاي قولىدىكى ماشىنىنىڭ ئاچقۇچىنى پىرقىرىتىپ ئويناپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— چېچىڭنى كېسىۋېتىپ بۇدۇر قىلىۋالساڭ بولمامدۇ؟ — دېدى تاي ئايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— قانداق، يارىمايۋاتامدىم؟ — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنداق گەپ يوق، گۈزەللىك مەسىلىسى ئۈچۈن دەۋاتىمەنغۇ، مۇشۇ شەھەر بويىچە چېچىنى بۇدۇر قىلمىغان ئاياللاردىن سەنلا قالدىڭمىكىن دەيمىنا! — دېدى تاي ئايالىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

گۈلبوستانمۇ تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— ھە، يەنە قانداق گېپىڭىز بار؟ بازاردا قاشلىرىنى ئويىنىتىپ يۈرىدىغان سەتەڭلەرگە ئوخشاش كىرپىكلىرىمنىڭ بالىخانىلىرىنى چەكتۈرۈپ بېرەيما؟ — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنداق غايەت زور بەخت ماڭا نېسىپ بولارما؟ قېرىغاندا جان باققىلى قوي مېنى، — دېدى تاي.

— يۈملاق تاۋۇزدەك بىردەمدىلا بۇياققا ئۆتۈۋالدىڭىزغۇ؟ مەن تېخى قېرىمىدىم، ئون گۈلۈمنىڭ بىرى ئەمەس، بىرىنىڭ يېرىمىمۇ ئېچىلمىدى تېخى، دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.

— ئادەم دېگەن بەزى كۆڭلىرى قېرىپ قالىدۇ، بەزى كۆڭلىرى يىگىتتەك ياشىرىپ كېتىدىغان گەپ، شۇڭا بىردەم كۈلۈپ، بىردەم يىغلاپ ياشايمىزغۇ! — دېدى تاي.

— سىزنىڭچۇ، تاي، كۆزىڭىزنىڭ ئىچىگە كۆز پەيدا بولۇپ قالدى، — دېدى گۈلبوستان.

— سەنچۇ. سەنمۇ مۇشۇ كۈندە رەمچىلەردەك سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدىڭ، ساڭا مەخسۇس پال ئاچىدىغان دۇكاندىن بىرنى ئېچىپ بېرەيمىكىنيا؟ — دېدى تاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

— مېنى چاققانراق سارالڭ قىلىۋېتىمەن دېسىڭىز، شۇنداق قىلىڭ. ئۆتكەندە تويدا بىر خوتۇن هازىر باشلىقلارنىڭ ئىچىدە مۇنداق گەپلەر بار ئىكەن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۈچ خىل بەخت بارمىش. بىرى، ئەللىك ياشقا كىرگەندە بويتاق قالسا بەختلىك بولارمىش. چۈنكى ئۇ قىز ئېلىش پۇرسىتىگە ئىگە بولالارمىش. يەنە بىرى، باي بولۇرمىش، ئاخىرقىسى ئەملى ئۆسەرمىش، دەۋاتقان. سىزمۇ ئاشۇنداق ئويلايدىغانلارنىڭ بىرى، — دېدى گۈلبوستان.

— ئاغزىڭغا تاش، خوتۇن، مېنى تاي قىلغان ئادەم سەن، ئەگەر سېنىڭ قولۇڭدىن ئايرىلىپ قالسام، سېنىڭ تۇزۇڭدىن ئايرىلىپ قالسام، مېنىڭ تۇگەشكىنىم شۇ، ئۇ ۋاقىتتا كۆزۈم كۆرمەس بولۇپ قالىدۇ، — دېدى تاي.

— ئەسلىي سىز ئارتىس بولسىڭىز بولۇپتىكەن، تاي، — دېدى گۈلبوستان.

— هازىر هەممە ئادەم دېگۈدەك ئارتىس بولۇپ كەتتى، خوتۇن، ئەمىسە قىزلىرىڭنى ئېلىپ ماشىنىغا چىق، مەن دەرۋازىنىڭ ئاچقۇچلىرىنى ئابلىمىتكامغا بېرىپ قوياي، — دېدى تاي.

تاي هويلىدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلبوستان قىزلىرىغا سومكىلىرىنى كۆتۈرتۈپ،

دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى. قىزلار سومكىلار بىلەن باشقا نەرسىلىرىنى ماشىنىنىڭ كەينىگە ئورۇنلاشتۇردى. تاي قوشنىسى ئابلىمىتنىڭ ئۆيىدىن چىقىپ، ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەمىسە بىسمىللا دەپ يولغا چىقىڭلار، — دېدى تاي.

گۈلبوستان قىزلىرى بىلەن ماشىنىغا چىقىپ جايلاشتى. تاي ماشىنىنى قوزغىدى.

— ئەمدى بىرىپ لېتىپكام بىلەن ئايىم ھەدەمنى ئالىمىزما؟ — دېدى تاي ئايالىغا چاقچاق قىلىپ.

— باللارنىڭ ئالدىدا مۇشۇنداق گەپ قىلماڭ دېدىمغۇ مەن سىزگە، دادا، ئاپا دەڭ دېدىمغۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— قېيىناتىسىنى دادا دېسە قانداق بولىدۇ. قېيىناتا دېگەننى قېيىناتا دېيىش كېرەكقۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ھە ماقۇل ئەمىسە، بىردەم تۇرۇپ، «قېيىناتا، قېيىنانا، ماشىنىغا چىقىڭلار» دەڭ! — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

تاينىڭ قىزلىرى كۈلۈشۈپ كەتتى.

تاي ماشىنىسىنى قېيىناتىسىنىڭ قورۇسى ئالدىدا توختاتتى. ئۇنىڭ قېيىناتىسى لېتىپ بىلەن قېيىنانىسى ئايىم دەرۋازىسى قېشىدىكى ئۇزۇن ئورۇندۇقتا ئۇلارنى كۈتۈپ ئولتۇرغانىدى، تاي ماشىنىدىن چۈشۈپ ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئاندىن ماشىنىنىڭ كەينى ئىشىكىنى ئاچتى. غۇنچەم بىلەن ئامىنە بوۋىسىنىڭ سومكىلىرىنى ماشىنىغا سالدى.

— ئەمىسە، دادام ئالدىدا ئولتۇرسۇن، قالغانلار كەينىدە قىسىلىپ ئولتۇرۇڭلار، بۇ ماشىنا «سانتانا» دىن چوڭ، كەينى ئازادە، — دېدى تاي.

— ھەممىمىز ئازادە پاتىمىز، — دېدى گۈلبوستان.

ئۇلار ماشىنىغا چىقتى، تاي ماشىنىنىڭ ئەينىكىنى بىر قۇر ئېرتىۋېتىپ، ماشىنىغا چىقتى، ئاندىن ماشىنىنى قوزغىدى.

ئۇلار شەھەردىن چىقىپ چوڭ يولغا چۈشتى، يازنىڭ بارلىق يېقىملىق كۆرۈنۈشلىرى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. تاي ماشىنىدىكى ئۇنئالغۇنى ئېچىپ قويدى. يېقىملىق خەلق ناخشىسى ماشىنىنىڭ ئىچىدە ياڭراشقا باشلىدى.

— بۇ يىل ھەر ھالدا دېھقانلارنىڭ كۆڭلى ياخشى، ھۆل - يېغىنمۇ كۆپ بولدى، — دېدى لېتىپ.

— بىراق بۇغداينى پۇلغا ئالمايۋاتىدۇ ئەمەسمۇ، دادا، — دېدى تاي.

— دېھقانلار ئۈچۈن پۇل ئەڭ مۇھىم ئەمەس، بالام، ئەڭ مۇھىم نەرسە ئاشلىق، شەھەردە پۇل بولمىسا بولمايدۇ. يېزىدا ئاشلىق بولمىسا بولمايدۇ، — دېدى لېتىپ.

«ماۋۇ ساراڭ قېرى نېمىلەرنى دەيدىغاندۇ؟!» دېدى تاي ئىچىدە.

— يەنە پۇل بولمىسا بولمايدۇ، دادا، پۇل ھەممە نەرسىنىڭ ئۆلىي، ئەگەر دېھقانلاردا پۇل بولسا ھەممە ئىشنى قىلالايدۇ ئەمەسمۇ؟! — دېدى تاي.

— مېنىڭ دەۋاتقىنىممۇ مۇشۇ گەپ، بالام، دېھقانلار قانداق پۇل تاپىدۇ؟ يا ئۇلارنىڭ شەھەردە ئاساسى بولمىسا، شەھەرگە كىرىپ تۇرغۇدەك يېرىمۇ بولمىسا، قىلغۇدەك ھۈنىرىمۇ بولمىسا، قانداق تىرىكچىلىك قىلىدۇ؟ شەھەر ئۇلارنى قوبۇل قىلامدا؟ ئەڭ ياخشىسى يېزىدا جېنىنى جان ئېتىشى كېرەك. شۇڭا بۇغداي ئۇلار ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. ئۇ ئەڭ ئىشەنچلىك پۇل، قورساق تويمىسا، كۆڭۈل خاتىرجەم بولمىسا، ھېچقانداق ئىش قىلغىلى بولمايدۇ، — دېدى لېتىپ.

ئۇلارنىڭ پاراڭلىرى گۈلبوستانغا ياقمىدى، ئۇ گەپنى باشقا يەرگە يۆتكىدى.

— تاي، بۇ يىل يەنە مالىككامنىڭ ساياھەت ئورنىغا چۈشمىزما؟ — دېدى ئۇ.

— ھەئە! — دېدى تاي.

— ھــە، قىزلىرىم، مەكتەپتىن كەلگەندىن بېرى سىلەر بىلەن پاراڭلاشقۇدەكمۇ بولمىدىم، ئوقۇشۇڭلار قانداقراق؟ — دېدى ئايىم نەۋرىلىرىگە كۈلۈپ تۇرۇپ.

— ياخشى، موما، بۇ يىل ئىككىمىز تەڭ ئەلاچى بولدۇق، — دېدى غۇنچەم مومىسىنىڭ قولىنى تۇتۇپ تۇرۇپ.

— ياخشى ئوقۇڭلار، قىزلىرىم، ياخشى ئوقۇساڭلار چوڭ بولغاندا ياخشى ئىشلارنى قىلالايسىلەر، ھاياتىڭلار مەنىلىك ئۆتىدۇ، — دېدى ئايىم.

— ئەڭ ياخشى يېرى ئىككىلىسى بىر مەكتەپتە ئوقۇغىنى بەك جايىدا ئىش بولدى! — دېدى لېتىپ.

— شۇنداق، دادا، بىر - بىرىگە ھەمراھ بولۇپ مەكتەپنى پۈتتۈرىدىغان بولدى، — دېدى گۈلبوستان.

تاي پۈتۈن دىققىتى بىلەن ماشىنىنى باشقۇرۇپ كېتىۋاتاتتى. يولنىڭ چېتىدىكى ئېگىز - ئېگىز ئاق تېرەكلەر قۇياش نۇرىنى ئۆزىگە قارىتىۋالغاچقا، ماشىنىنىڭ ئىچىگە كۈن چۈشمەيتتى، ئىككى سائەتتىن كېيىن، تاي ئاسفالت يوللارنى بېسىپ تۈگىتىپ، تاغ يولىغا كىردى. تاغ يولىدا بىر سائەت ماڭغاندىن كېيىن، ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى.

كىشىلەر بۇ يەرنى «ئابباسنىڭ يايلىقى» دەپ ئاتىشاتتى، چوڭلارنىڭ ئېيتىشىچە، ئەينى يىللاردا ئابباس ئىسىملىك بىر چارۋىچى مۇشۇ كەتكەن يايلاقتا سان - ساناقسىز ماللارغا ئىگە بولۇپ، مۇشۇ يۇرتنىڭ كاتتا چارۋىدارى بولۇپ تونۇلغانىكەن.

يايلاق تاغ بىلەن ئېقىن ئارقىلىق ئايرىلغان بولۇپ تاغنىڭ تەسكەي تەرىپى قويۇق ئورمانلىق ئىدى. قۇچاق يەتمەيدىغان يوغان قارىغايلار ئارىسىدا، قار كۆچكەندە يىقىلغان بىرنەچچە قارىغاي قاتار ياتاتتى، شۇ قارىغايلارنىڭ ئىچىدە ئۈنۈپ چىققان ياش قارىغايلار ئانا قارىغايغا ۋارىسلىق قىلىپ، بۇ تاغنىڭ نېمىتىدىن

زورايماقتا ئىدى. دەريا بويىدىكى ئېچىلىپ كەتكەن رەڭگارەڭ گۇللەر كىشىگە تەبىئىي گۈزەللىكنىڭ ھەقىقىي كۆرۈنۈشلىرىنى سوۋغا قىلىپ تۇراتتى.

مالىكنىڭ ساياھەت ئورنى تاغنىڭ ئىچىگە كىرىپ كېتىدىغان يولنىڭ ئۈستىدە، غەربكە قاراپ شارقىراپ ئاقىدىغان دەريانىڭ بويىدا ئىدى. تاي ماشىنىسىنى قاتار ئوچاق سېلىنغان ئاشخانىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتى.

— كەلدۇق، ماشىنىدىن چۈشۈڭلار ئەمىسە، — دېدى تاي.

— سومكىلارنىمۇ ئەچۈشەيلىمۇ، دادا؟ — دېدى غۇنچەم دادىسىغا قاراپ.

— سومكىلارغا ئالدىرىماڭلار، بىردەم ئېلىۋالاي-لى! — دېدى تاي.

ساياھەت ئورنى خوجايىنى مالىكنىڭ ئايالى خاسىيەت ئاشخانىدا ئىشلەۋاتاتتى. ئۇ تاينى كۆرۈپ قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ ئالدىغا چىقتى.

— خۇش كەپسىلەر، قارشى ئالىمىز، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ.

— ئەھۋالىڭىز ياخشىمۇ، خاسىيەت ھەدە؟ باللار ياخشىمۇ؟ مانا يەنە كېلىپ قالدۇق. خوش، بىكار ئۆي بارمۇ؟ — دېدى تاي.

— ياخشى، ياخشى، ئۇكام، خۇداغا شۈكرى، ھە، شۇنداق، بىرىنچى ئۆي بىكار، ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى خاسىيەت.

گۈلبوستان خاسىيەت بىلەن مەڭز يېقىشىپ كۆرۈشتى.

— ئەمىسە، سەن دادامىلار بىلەن ئۆيگە كىرىپ تۇر، قىزلار ماشىنىدىكى سومكىلارنى ئەكىرسۇن، — دېدى تاي ئايالىغا قاراپ.

— ماقۇل، — دېدى گۈلبوستان.

گۈلبوستان دادىسى بىلەن ئاپىسىنى باشلاپ، بىرىنچى ياغاچ

ئۆيگە كىردى. ئارقىدىن غۇنچەم بىلەن ئامىنە سومكىلارنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى.
— بىز ئۆتكەن يىلىمۇ مۇشۇ ئۆيدە ياتقان، موما، — دېدى غۇنچەم مومىسىغا قاراپ.
— بەك چىرايلىق ئۆيكەن، قىزىم، بۇ، — دېدى ئايىم.
— ئۇھ، بەك چارچىدىما! — دېدى لېتىپ ئايالىغا قاراپ.
— ماشىنىنىڭ ئالدىدا ئازادە ئولتۇرۇپمۇ چارچاپ قالدىڭىزما؟ — دېدى ئايىم.
— تاغنىڭ ئىچىدىكى يوللار بەك يامان بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى لېتىپ.
گۇلبوستان دەرھال ئورنىدىن تۇرۇپ دادىسى بىلەن ئاپىسىغا بولۇڭغا ئېگىز قىلىپ يىغىپ قويغان ئورۇن - كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدىن تەكىيە ئېلىپ بەردى.
— دادا، ئاپا، مۇنۇ تەكىيلەرگە يۆلىنىپ بىردەم دەم ئېلىۋېلىڭلار، — دېدى ئۇ.
غۇنچەم بىلەن ئامىنە تالاغا چىقىپ كەتتى. گۇلبوستان ئاپىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.
خاسىيەت ئاشخانىدا مېھمانلارغا تاماق ئېتىۋاتاتتى.
— نېمە تاماق قىلىۋاتىسىز، خاسىيەت ھەدە؟ — دېدى تاي قازان بېشى يېنىدىكى كۆتەككە ئولتۇرۇپ.
— شەھەرلىك تەنتەربىيە ئىدارىسى قەشقەردىن كەلگەن مېھمانلارنى ئاچقىپتىكەن، بىر قويىنىڭ گۆشىنى شورپا قىلىپ بەرگەنتىم. ئۇگرە ئىچىمىز دېگەنتى، خېمىر يېيىۋاتىمەن، — دېدى خاسىيەت.
— «ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە» دەپ، بىز ھاردۇق ئېيشىنىڭ ئۈستىگىلا چىقىپتۇق - دە! ئېشىڭىز بىزگىمۇ يېتەمدۇ، خاسىيەت ھەدە؟
— يەتمەمدىغان، ئۇكام. قايناۋاتقان قازاننى

كۆرمىدىڭىزمۇ، داش قازان دېگەن داش قازان - دە. ئۇلار ئون ئادەم. يىگىرمە ئادەمگىمۇ يېتىپ ئاشىدۇ بۇ ئاش. مەن تېخى چۆپنى ئازراق سالاي دەپ تۇراتتىم. راست دەيسىز، ئۇكام، ياخشى مېھمان ئاش ئۈستىگە كېلىدۇ! — دېدى خاسىيەت.

— ئەمىسە، شۇنداق بولسۇن، خاسىيەت ھەدە، «تەڭ يېگەن تەنگە سىڭار» دېگەن گەپ بار، بىزگىمۇ مۇشۇ ئاشتىن بېرىڭ! — دېدى تاي.

— ئەلۋەتتە شۇنداق بولىدۇ - دە، ئۇكام. خوش، بۇ يىل دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىزنىمۇ ئاچىقىپسىز - دە! — دېدى خاسىيەت ئىشنى قىلغاچ.

— دادام ئەمەس، قېيناتام بىلەن قېينانام. خوتۇنغا سېتىلىپ كەتكەن گەپ، خاسىيەت ھەدە.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئۇكام، يامان بولىدۇ، سىز خوتۇنغا سېتىلىپ كېتىدىغان ئادەم ئەمەس، ھەر ھالدا ئىگىسى ئىنساپ بەرسۇن، ئۇكام. ئۆتكەندە بىر چوكاننى ئەگەشتۇرۇپ چىقتىڭىز، كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە قارىسام، ئۇ سىزگە ئاش - نان بولىدىغاندەك ئەمەس. ئۇلار سىزدەك ئادەملەرنى يېسەم، قۇرۇتسام دەيدۇ، ھەر ھالدا بايقاڭ...

— خۇدايا توۋا دەڭ، خاسىيەت ھەدە، سىز خاتا چۈشىنىپ قاپسىز، ئۇ چوكان بىزنىڭ ھېلىقى شوپۇر ئاغىنىنىڭ ئايالى بولىدۇ. مەندە ئۇنداق ئىش يوق...

— ئەگەر ئۇنداق ئىش بولمىسا تېخى ياخشى، ئۇكام، ھازىرقى ئادەملەر نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ؟ «ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن» دېگەن گەپ بار، يېشىڭلار بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى ئۆزۈڭلارنى تۇتۇۋالمىساڭلار بولمايدۇ. قاناتلىرىم ياخشى دەپ ئۇچۇۋەرگەن بىلەن ۋاقتى كەلگەندە چۈشىدىغان يەر تاپالماي قالىسىلەر، — دېدى خاسىيەت.

تاي چاقچانلىق قىلىپ گەپنى باشقا يەرگە يۆتكىدى:
— مالىككام كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— بار، دەريا بويىدا قوي سويۇۋاتىدۇ، بايام ئادەم ئەۋەتتىم، — دېدى خاسىيەت.
— ھە، ئەمىسە ھازىر كېلىدىكەن ـ دە! مېھمانلار خېلى كېلىۋاتامدۇ، خاسىيەت ھەدە؟ — دېدى تاي.
— بۇ يىل سودىمىز يامان ئەمەس، ئۆي بويىچە كېلىۋاتقانلار بەك جىق، — دېدى خاسىيەت.
— ياخشى، خۇدايىم بەرسۇن، خاسىيەت ھەدە، مەنمۇ خوتۇنۇمنىڭ دۇئاسىنى ئالىمەن دەپ قېيناتام بىلەن قېينانامنى ئاچىقتىم مانا! — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.
ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان باللار بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.
— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، باشلىق كېلىپ قاپتىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى مالىك ئاشخانىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ. ئۇ تاي بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.
— ياخشى تۇرۇپسىز، مالىككا، — دېدى تاي.
— خۇداغا شۈكرى، ئۇكا، قوي سويۇۋاتاتتىم، سېنى كەلدى دېدى، قالغان ئىشلارنى باللارغا تاشلاپ بېرىپ قايتىپ كەلدىم. خوش، كىملەرنى ئاچىقتىڭ؟ يەنە توقال باشلاپ چىقمىغاندىسەن؟ — دېدى مالىك كۈلۈپ.
تاي مالىكنىڭ يوغان كۆزلىرىگە تىكىلىپ قارىدى:
— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مالىككا، مەندە ئۇنداق ئىش يوق، باللىرىمنى ئاچىقتىم، — دېدى ئۇ.
— مانا مەن ئاكاڭ مالىك ئويۇننىڭ قېپىنى يارغان ئادەم، ئاخىرى يەنە ئۆزۈمنىڭ كونا ئوقۇرۇمنى تېپىۋالغان. تالانىڭ گۈللىرى بەك پارقىرىغىنى بىلەن ۋاقتى ـ سائىتى كەلگەندە جانغا ئەسقاتمايدىكەن، ئۇكا. يەنىلا ئۆزۈڭنىڭ كونا دۇمبىقىڭ

ئەسقاتىدىكەن. باللىرىڭنى ئاچىققان بولساڭ ئوغۇل بالىدەك ئىش قىلىپسەن! — دېدى مالىك.
— قېيناتام بىلەن قېينانامنىمۇ ئالغاچ چىققتىم.
— مانا، ئەركەك، بۇ ئىشىڭ تېخىمۇ ياخشى بوپتۇ، بىراق شۇ قاتاردا داداڭ بىلەن ئاپاڭنىمۇ ئالغاچ چىققان بولساڭچۇ، ئۇكا، ماشىناڭغا پاتمىدىمۇيا؟
— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاكا، ئاتا - ئانام سەھرادا ئەمەسمۇ!
— سەھرالىق داداڭنى شەھەرلىك داداڭغا ئارىلاشتۇرماي دەپسەن - دە! — دېدى مالىك.
— ئۇنداق ئەمەس، سەھرانىڭ ھاۋاسىمۇ تاغنىڭ ھاۋاسىدەك ياخشى تۇرسا، دادامنى ئاۋارە قىلىپ نېمە قىلىمەن! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— بۇ گېپىڭمۇ بولىدۇ، ئۇكا، بىراق بىر گەپ ئېسىڭدە بولسۇن، بىز ئەر خەق تالادا مۆرەپ جاھان سورىغىنىمىز بىلەن، ئۆيگە كىرگەندە چاشقاندىن پارا يەپ كەتكەن مۈشۈكتەك جىمىپ كېتىدىغان يېرىمىز بار ئەمەسمۇ، ئۇكا...
تاي كۈلۈپ كەتتى:
— ماۋۇ گېپىڭ يېڭى گەپ ئىكەن، ئاكا!
— خۇدايىم بۇيرۇسا تېخى نى - نى گەپلەر بار، ئۇكا... خوش، بىرىنچى ئۆيگە چۈشتۇڭلارما؟ — دېدى مالىك.
— شۇنداق.
— ياخشى، تاماقنى ھەدەڭ ئېتىپ بېرەمدۇ يا ئۆزۈڭلار ئېتەمسىلەر؟
— ئوچاق جىق بولغاندىن كېيىن باللار ئۆزلىرى ئەتمەمدۇ!
— مەيلى ئەمەسسە، يوق نەرسىلەرنى ھەدەڭلاردىن سورىساڭلار تەييار قىلىپ بېرىدۇ. تۈنۈگۈن سىرجان دېگەن مالچى يىگىرمە نەچچە قوزا ھەيدەپ كەپتىكەن. ھەممىسىنى ئېلىپ قوتانغا سولىۋالغانىدىم. مۈشۈنىڭ بىلەن ئۈچىنى سويۇپ بولدۇم.

گۆشلىرى شۇنداق ياخشى چىقىۋاتىدۇ. قازانغا سېلىپ ئىككىلا قايناتسا پىشىدىكەن. ئۈچىنچى ئۆيدە بىر ئائىلىنىڭ ئادەملىرى بار. ئۇلارمۇ تېخى سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا چىقىپ تۇرۇشى. ھايت دەڭلار، بىرنى سويۇپ بېرەي، ئىككى ئائىلە بۆلۈشۈۋالساڭلار، يېڭى - يېڭى يەيسىلەر...

— پەيزىڭ بار، مالىككا. ياخشى گەپ قىلدىڭ. ئەمما گۆشنىڭ ئىشى سەن دېگەندەك بولسۇن، كەچلىك تاماقتىن كېيىن خۇدايىم بۇيرۇسا ئىككىمىز بىر جىڭ ئوينايمىز...

— پەيزىڭ بار، ئۇكا...

خاسىيەتنىڭ ئۈگرىسى تەييار بولدى. تاينىڭ تەلپى بويىچە، مالىك ئۇلارغا ئاشخانىنىڭ قېشىدىكى ئورمانلىقتا ئورۇنلاشتۇرغان ئېۋزۇن تاختاي ئۈستەلگە داستىخان سېلىپ بەردى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئۆيگە كىرىپ دەم ئالدى، تاي بىر بۇلۇڭغا كېلىپ بېشىغا تەكىيىدىن ئىككىنى قويۇپ ياتتى. تىنچ تاغنىڭ ئىچىدە ئۇنىڭ گۈلدۈرمامىدەك خورىكى ياڭراشقا باشلىدى... بىر سائەتتىن كېيىن، تاينىڭ خورىكى گۈلبوستاننى ئويغىتىۋەتتى. ئارقىدىن ئۇنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىمۇ ئويغىنىپ كەتتى.

— تاينىڭ خورىكىمىزە. مۇشۇ يەردىن شەھەرگىچە ئاڭلىنامدۇ نېمە؟ — دېدى لېتىپ كۆزلىرىنى ئېچىپ.

— كەچتە مالىككام ئۇنى باشقا بىر ئۆيگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويسا بولغۇدەك، — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنداق دېمەڭ، قىزىم، — دېدى لېتىپ.

— ئۇنداق گەپلەرنى قىلما، تاي ئاڭلاپ قالسا سەت تۇرىدۇ. قىزلارنى ئويغات ئەمدى. بىردەم بولسىمۇ دەم ئېلىۋالدۇق، ئەمدى تاغلارغا چىقىپ چۇشەيلى، ئامىنە ئەتىگەن قۇلۇپىنىك تېرىيمەن دەپ كېتىۋاتاتتى، — دېدى ئايىم قىزىغا قاراپ.

— شۇنداق قىلايلى، قىزىم، تاغقا چىقىپ چۇشەيلى! —

دېدى لېتىپ.
تاي ئويغىنىپ كەتتى.
— مەن سىلەرنى ئۇخلاتمىدىمغۇ دەيمەن - هە؟ — دېدى تاي بېشىنى كۆتۈرۈپ.
— تاغقا چىقىپ چۈشەيلى دەۋاتىمىز، بالام، سىز ئۇخلاۋېرىڭ، — دېدى لېتىپ.
گۈلبوستان قىزلىرىنى ئويغاتتى.
— سىلەر چىقىپ كىرىڭلار، مەن كەچىنىڭ تەييارلىقىنى قىلغاچ تۇراي، — دېدى تاي.
تاي ئۇلارنى يولغا سېلىپ قويۇپ، مالىكنىڭ قېشىغا كەلدى. مالىك دەريا بويىدە ئوتۇن يېرىۋاتاتتى.
— بىردەم ئېلىڭ، مالىككا، بۇنداق ئېغىر ئىشلارنى بالىلارغا قويۇپ بەرسىڭىز بولىدۇ ئەمدى، — دېدى تاي.
— هازىرقى بالىلار ئوتۇن يارالامدۇ، ئۇكا. ئۇلار ئوتۇننىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. ئۇلارغا تەييار كۆمۈر بولسا بولدى، — دېدى مالىك.
— هاراق بىلەن پىۋا ئالغاچ چىققان، مالىككا، قايسىسىنى ئەكېلەي؟ — دېدى تاي مالىكنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— پىۋا دېگەن ئوغۇل بالىغا زىيان قىلىدىغان نەرسە، ئۇكا، ئىچىۋەرسەڭ قېيىناتاڭنىڭ ئۆيىدىن كېلەلمەيدىغان بولۇپ قالىسەن، هاراقنى ئەكەل، ئازراق ئىستېمال قىلىۋالايلى. ئاشخانىدا پىششىق گۆش بار، مەن بىر پارچە گۆش ئەكېلەي. جىق ئەمەس، ئۈچ رومكىدىن ئىچىمىز، — دېدى مالىك.
— ئۈچىنچى ئۆيدىكى هېلىقى مۇئەللىمنىمۇ چاقىرىۋالىمىزما؟ — دېدى تاي.
— چاقىرىۋالايلى، ئۇياقنى مەن هايت دەپ قوياي، سەن هاراق بىلەن رومكا دېگەندەك بىرنېمىلەرنى ئەكەل، — دېدى مالىك.

تاي هاراق ئەكەلگىلى ماڭدى. مالىك قولىدىكى پالتىنى يېنىدىكى دەرەخنىڭ قۇرۇپ كەتكەن بىر تال سۇنۇق شېخىغا ئېسىپ قويدى، ئاندىن دەريا بويىغا كېلىپ باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ، ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئاشخانىغا كەلگەندە، ئۈچىنچى ئۆيدىن چىقىپ تۇرغان مېھماننى كۆردى.

— ھە، مەمتىمىن ئەپەندىم، چۈشتە بىردەم ئۇخلىۋالدىڭىزغۇ دەيمەن؟ — دېدى مالىك كۈلۈپ.

مەمتىمىن ئەپەندى ئېگىز، كېلىشكەن ئادەم ئىدى. چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇرىدىغان بۇ ئەپەندى ئادەمگە ئىللىق كۆرۈنەتتى.

— شۇنداق، مالىككا، بىردەم دەم ئېلىۋالدىم، تاغنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن ياخشى، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى كۈلۈپ.

— يۈرۈڭ، ئەپەندىم، دەريا بويىغا بېرىپ بىردەم پاراڭلىشىمىز.

— دەريا بويىدا بىردەم ئولتۇرىمىزما؟

مالىكنىڭ تەكلىپى ئۇنىڭغا خۇشياقتى.

مالىك مەمتىمىن ئەپەندىنى ئەگەشتۈرۈپ دەريا بويىغا كەلدى. ئارقىدىن تاي قولىدا بىرنېمىلەرنى كۆتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم، — دېدى تاي مەمتىمىن ئەپەندىگە قولىنى بېرىپ.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — مەمتىمىن ئەپەندى ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— ئەپەندىم، بۇ يېڭى مېھماننى سىزگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئىسمى تاي، ئۆزى شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى، — دېدى مالىك مەمتىمىن ئەپەندىگە تاينى تونۇشتۇرۇپ.

— مۇئاۋىن باشلىقى دەپ توغرا تونۇشتۇرمامسىز، مالىككا، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئوخشاش، ئۇكا... بۇياق مەمتىمىن ئەپەندى بولىدۇ، ئۆزى شەھەرلىك يەتتىنچى ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇتقۇچىلىق قىلىدۇ. تونۇشۇپ قېلىڭلار.

ئۇلار مالىكنىڭ تەكلىپى بىلەن كىگىزنىڭ ئۈستىدە ئولتۇردى، مالىك قېشىدىكى دەرەخنىڭ ئاچىسىغا قىستۇرۇپ قويغان داستىخاننى ئېلىپ، مېھمانلارنىڭ ئالدىغا سالدى، تاي سومكىسىدىن بىر ناننى ئېلىپ داستىخانغا قويدى. مالىك ئىككى پارچە پىششىق گۆشنى ناننىڭ ئۈستىگە قويدى. تاي سومكىسىدىن بىر بوتۇلكا ھاراقنى ئېلىپ، مالىكنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— خوش، مۇنداق گەپ، بىر - ئىككى رومكىدىن ئىچىشىپ تاغنىڭ ھاۋاسىغا ماسلىشىۋالايلى، ئادەتتە تاماق كەلسە چوڭلاردىن كەلسۇن دەپ قاراپ ئولتۇرىمىز، مالىككا. بۈگۈن مۇنۇ ھاراقمۇ چوڭلاردىن كەلسۇن ئەمدى. ئۆزىڭىز باشلاپ بېرىڭ. مەمتىمىن ئەپەندى بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، ئىككىمىزنىڭ يېشىمۇ ئانچە پەرق قىلىدىغاندەك ئەمەس، ئۇچىمىز بىر شىشە ئويناپ تۇرايلى، قالغان ئويۇننى كەچتە ئوينايمىز، — دېدى تاي.

مەمتىمىن ئەپەندى تاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— «زامان ئاخىردا ياش قېرىنى ئىشلىتىدۇ» دەۋاتقان، ئۇكا، بوپتۇ، مەن خىزمەت قىلاي! — دېدى مالىك.

— بولمىسا ئۆزۈم قۇيۇۋېرەتتىم، مالىككا، تۈنۈگۈن ئاخشام ئايالىم ئەگەر تاغقا چىقىپ ساقىيلىق قىلمەن دەپ ھاراق قۇيسىڭىز سىزنى قويۇۋېتمەن دېگەن، شۇڭا ئۆزۈمنى تارتىۋاتىمەن، — دېدى تاي كۈلۈپ.

مەمتىمىن ئەپەندى يەنە كۈلۈپ كەتتى.

— قارا سىڭىلنىڭ گېپىگىنى، ساڭا ئوخشاش باشلىقمۇ خوتۇنىدىن قورقسا، نېمە بولۇپ كەتتى بۇ جاھان؟ — دېدى مالىك. ئۇ ھاراق بوتۇلكىسىنىڭ ئاغزىنى ئاچتى.

— خوتۇنىدىن قورققان يامان ئىش ئەمەس، مالىككا،

بەختلىك ئادەملەر خوتۇندىن قورقىدۇ، — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.
— سىز بەك قىزىق گەپ قىلىدىكەنسىز، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.
— خۇدايىم بۇيرۇسا نى - نى گەپلەر بار ئەپەندىم تېخى! — دېدى مالىك.
— ئەمىسە ھاراقنى مەن باشلاپ بېرەي، ئالدى بىلەن مېنى دەپ چىققانلىقىڭلار ئۈچۈن رەھمەت. سالامەت بولايلى! قالغان گەپلەرنى ئاخشاملىققا رەسمىي ئولتۇرغاندا قىلىشىمىز. ئەمىسە خۇشە!
— خۇشە، سىڭسۇن! — دېدى تاي.
مالىك قولىدىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى، ئاندىن رومكىغا ھاراق قۇيۇپ، مەمتىمىن ئەپەندىگە بەردى.
— مەن ئۇزۇن بولغان ھاراقنى ئاغزىمغا ئالمىغانغا، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى مالىكقا قاراپ.
— تاغدا ئازراق ئىچىپ قويىمىز، ئەپەندىم، دەم ئېلىش ئەمەسمۇ، باشقىلار ئايالىدىن قورققىنى بىلەن زىيالىيلار ئايالىدىن قورقمايدۇ! — دېدى مالىك تايغا قاراپ تۇرۇپ.
— ماقۇل ئەمىسە، تاي بىلەن تونۇشۇپ قالدۇق، تاينىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن ئىچىۋېتەي، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى. ئۇ ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.
مالىك مەمتىمىن ئەپەندىنىڭ قولىدىن رومكىنى ئېلىپ ئۆزىنىڭغا يەنە ھاراق قۇيدى، ئاندىن رومكىنى تايغا بەردى.
— ھە دېگەندە خاتىرجەم ئولتۇرۇپ بىرنى قېقىۋالاي، مالىككا، خاپا بولماي ئاشخانا تەرەپكە قاراپ تۇرۇڭ، ئايالىم كېلىپ قالسا ھايت دەپ قويارسىز! — دېدى تاي.
مالىك بىلەن مەمتىمىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.
— يائاللا، خوتۇنۇڭنىڭ كۆلەڭگىسىدىنمۇ قورقىدىغان

ئوخشايسەن جۇمۇ، ئۇكا سەن! — دېدى مالىك كۇلۇپ.

تاي قولىدىكى هاراقنى ئىچىپ بولۇپ رومكىنى مالىكقا قايتۇرۇپ بەردى.

— ئۇنى بىر دېمەڭ، ئاكا، ئۆيدە چىڭراق يۆتىلەلمەيمەن. ئاخشىمى خورەك تارتىسىزكەن دەپ مېنى ئورۇنغا كىرگۈزمەيدۇ. ئىتنىڭ كۈننى كۆرۈۋاتقان گەپ، — دېدى تاي. ئۇ قىزىقچىلىق قىلىپ يالغاندىن يىغلىدى.

مەتىمىن ئەپەندى ئۇنىڭ بۇ ئويۇننى چۈشەنمەي، ئۇنىڭ ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئىچىدە «خوتۇنى ئوقۇمىغان ئايال بولسا كېرەك» دېدى.

— بۇ گېپىڭگە قارىغاندا ئىككىڭلار ئايرىم ئۆيدە ياتىدىغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى مالىك قىزىقچىلىق قىلىپ.

— شۇنداق، ئاكا، ئامال يوق، بىر نېمە دېسەم ۋارقىراپ-جارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيىدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كېتىمەن، يالغۇزچىلىق بەك يامانىكەن. هېلىقى «يولدا قويساڭلار قويۇڭلار، چۆلدە قويماڭلار مېنى» دېگەن ناخشا بەك ياخشى ناخشا ئىكەن جۇمۇ، ئاكا. بەزى كۈنلىرى چۈشۈم بۇزۇلۇپ قالىدۇ، چۆچۈپ ئويغىنىپ كېتىمەن. خوتۇننىڭ بېشىدا تىترەپ تۇرۇپ يالۋۇرۇپ كېتىمەن. پەقەت يېقىن كەلتۈرمەيدۇ! بىر كۈنى مۇشۇ ئىشلىرىڭنى ئاپاڭغا دەيمەن دەپ قورقۇتتىم. ئۇ مېنى ساراڭ دەپ تىللاپ كەتتى. مېنىڭ بۇ گېپىمدىن قورقتى بولغاي، ئەتىسى خېلى يۇمشاپ قاپتۇ. كەچتە ئۆيگە كىرسەم كارىۋاتتا يېتىۋاپتۇ. قېشىغا كېلىپ «مۇمكىنمىكىن» دېدىم، ئۇ ئاستا كۆزلىرىنى ئېچىپ كۈلدى. ئىچىمدە «ئۇمىد بار ئىكەن-دە» دېدىم. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پارقىراپ تۇرۇپ «مۇمكىن بولسا مۇمكىن» دېدى. ئاھ خۇدا دەپ قوينىغا كىرىۋالدىم قارا، ئاكا.

— ئۇنىڭ مۇشۇنداق ئىشلىرىنى ئاپىسىغا دېسىڭىز

بولامدۇ! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى گەپكە ئارىلىشىپ.

— ئۇنداق دېگەنبىلەن، بۇنداق ئىشنى ئېغىزدىن چىقارماق بەك تەس ئىكەن، قاراڭ، ئەگەر قېينانامنىڭ قېشىغا بېرىپ قىزىڭىز مەن بىلەن ياتمايۋاتىدۇ دېسەم، ئۇلار مېنى نېمە دەيدۇ؟ دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن، ئەپەندىم،— دېدى تاي ئەپەندىمنى كولدۇرلىتىش ئۈچۈن يالغاندىن بىچارە قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— سىزنىڭ كۆڭلىڭىز ھەقىقەتەن تەس بوپتۇ، مۇشۇنداقمۇ ئايال بولىدىكىنا! ... ئەمەلىي مەسىلىدە بۇ! ئىلمىي مەسىلىدە بۇ! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈرۈپ.

مالىك قاقاقلاپ كۈلۈۋەتكىلى تاس قالدى. ئۇ ئۆزىنى بېسىۋېلىپ تايغا ماسلاشتى:

— ئايالىڭىزنىڭ ئىدارىسىگە بېرىپ ئەرز قىلساق بولامدۇ؟

— ئايالىم ئىشلىگەن زاۋۇت ئاللىقاچان ۋەيران بولۇپ كەتتى. ھازىر ئۇنىڭ ئىدارىسى يوق.

— ئەمىسە مەھەللىدىكى ئاھالىلەر كومىتېتىغا كىرىپ باق،— دېدى مالىك ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— ئاھالىلەر كومىتېتىنى دەمسىز، ئۇ يەردە سەككىز ئايال ئىشلەيدۇ. ھەممىسى داردىن قاچقان نەرسىلەر. بەزىلىرىنىڭ كۆزى بىر. بەزىلىرىنىڭ كۆزلىرى ئۈچ. يەنە بىرىنىڭ قۇلىقى تۆت. يەنە بىرىنىڭ ئاغزى ئىككى. ئۇلار مېنىڭ مەسىلەمنى ھەل قىلىش ئۇياقتا تۇرسۇن، بۇ ئىشلارنى مەھەللىگە يېيىپ مېنى رەسۋا قىلىۋېتىدۇ،— دېدى تاي قايغۇرغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ.

— مۇشۇ كۈندە كىمنىڭ دەردى يوق دەيسەن، ئۇكا. مۇشۇ دەريانىڭ سۈيىمۇ ئايناقشىپ ئېقىۋاتقىنى بىلەن دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ،— دېدى مالىك بىر رومكا ھاراقنى تاينىڭ ئالدىغا قويۇپ قويۇپ.

— يەنە ماڭا كېلىپ قالدىما؟ — دېدى تاي.

— شۇنداق، ئۇكا، — دېدى مالىك، — ھەي ئۇكا، سېنىڭ ئىشىڭ تەس ئىكەن جۇمۇ، خوتۇنۇڭ بار تۇرۇپ خوتۇنسىز ياشايسەنكەن ئەمەسمۇ.

— «كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ» دېگەن مانا مۇشۇ! — دېدى تاي چاندۇرماي.

— توۋا، ئەر - خوتۇن دېگەن ئەسلي بىر تەكىيىنىڭ قۇلى تۇرسا، مۇشۇمۇ ئىشمۇ ئەمدى. پەقەت ئاڭلىمىغان گەپكەن بۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ بىر ئىلمىي ئىش - دە! قانۇنلۇق ئەر - خوتۇنلاردىن تۇرۇپ ئىككىسى ئۆيدە بىر - بىرىگە تەتۇر قاراپ ياتسا قانداق بولىدۇ؟ سىز شەھەرلىك ئاياللار بىرلەشمىسىگە بېرىپ ئەرز قىلسىڭىز بولغۇدەك، تاي! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى تەسىرلىنىپ، ئۇچ رومكا هاراق ئۇنى خېلى قىزىتىپ قويغانىدى.

— خوتۇننى ئۆز ۋاقتىدا نېسىگە ئالغانمۇ يا، ئۇكا؟ — دېدى مالىك چاندۇرماي.

— خۇدايا توۋا دەڭ، ئاكا، ئوغۇل بالا خوخەنزە بىز. دادام ئۆز ۋاقتىدا دۇلدۇللىرىنى سېتىپ ئېلىپ بەرگەن بۇ خوتۇننى ماڭا! — دېدى تاي.

— ئەمىسە نېمانچە دەرد سەندىكى بۇ! — دېدى مالىك ئۇنى مەقسەتلىك گەپكە سېلىپ.

— يەنىلا ئاشۇ ئاياللار بىرلەشمىسىگە ئەرز قىلغان تۈزۈك، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— ھەيتاڭ، ئۇلارنىڭ بۇنداق ئىشلارغا كۈچى يەتمەيدۇ جۇمۇ! ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ دېگەن شەخسىي ئىش - دە! — دېدى مالىك.

— شۇ، ئۇلار دېگەن چوڭ - چوڭ ئىشلارنى سورايدۇ ھەر-قاچان، — دېدى تاي.

— سوتقا بېرىپ ئەرز قىلىش كېرەك، ئەرنىڭ ئەرلىك

ھوقۇقى بولۇشى كېرەك ئەمەسمۇ! ئەر دېگەن خوتۇنسىز يېتىۋەرسە دۆتلىشىپ كەتمەمدۇ! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋېتىپ.

«ئاللا دېدىم، نېمىدېگەن ساددا ئەپەندىم مۇنۇ، بىر ئۆمۈر چېلىپ ئوينايدىغان ئادەمكەنتۇق - دە! » دېدى تاي ئىچىدە.

— ئەمدى شۇ سوتقا بېرىپ ئەرز قىلمىسام بولمىدى، — دېدى تاي.

— راست دەيسىز، ئەپەندىم، بۇرۇن مېنىڭ بىر قوشنام بولىدىغان. ئۆزى ناھايىتى تېتىك ئادەم ئىدى. بىر يىلى ئۇنىڭ خوتۇننى ئىس ئېلىپ ئۆلۈپ قالدى. بىر يىلدىن كېيىن ھېلىقى بىچارە قوشنام ئۆزىگە گەپ قىلىدىغان دەلدۈش بولۇپ قالدى. گەپ قىلسا ئاغزىدىن شۆلگەي ئاقىدۇ، ئەر كىشى خوتۇنسىز يۈرسە راست ئېلىشىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مالىك.

— بىچارە، ئۇ ئادەم ھازىر بارما؟ — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى دىققەت بىلەن مالىكقا قاراپ.

— ئۇنى ئۆيلەپ قويغانتۇق، ھازىر ياخشى بولۇپ قالدى.

ئەر ئۇچۇن ئەڭ ياخشى دورا ئايال، ئەپەندىم. بۇ رېتسېپنى مەنمەن دېگەن دوختۇرلارمۇ بىلمەيدۇ. ئامېرىكىدا ئوقۇپ كەلگەن دوختۇرلارمۇ بىلمەيدۇ. بەزىلەر ئېلىشىپ قالغان ئادەملەرنى روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىپ قويىدۇ. بۇنداق قىلسا ئەمەلىيەتتە بىر كېسەلنى ئىككى قىلىۋالىدۇ، بۇنداق كېسەللەرگە ھۆكۈمەتنىڭ دورىسى پايدا قىلمايدۇ. ئۇلارغا چىكمىسۇ - پىكمىسۇ دېگەنلەرنى ئىشلەتكەنىبىرى ئاغزى ئېچىلىپ قالىدۇ. ئۇلارنىڭ دورىسى خوتۇن. ئالمەن دېگىنىنى ئېلىپ بەرسە، كېسىلى دەرھال ساقىيىپ قالىدۇ. ساراڭ - ماراڭ، گۇمۇش - پومۇش، ئاشىق - مەشۇق دېگەنلەرنى ساقايتىشتا مۇشۇنداق رېتسېپلەرگە تايىنىش كېرەك! — دېدى

مالىك.

— مەن بۇ گېپىڭىزگە قوشۇلمايمەن، سىز چوڭ بىر ئىلمىي ئىشنى ئوتتۇرىغا قويدىڭىز، دوختۇر دېگەن دوختۇر، بىز ئىلمىي ئىشقا ئىلمىي قارىمىساق بولمايدۇ، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— تاي، مېنىڭچە سىنىڭ بۇ ئىشىڭنى سوتمۇ ھەل قىلالمايدۇ. مەسىلەن، سەن سوتقا كىرىپ نېمە دەيسەن؟ ئاخشىمى ئايالىم مەن بىلەن بىر ئورۇندا ياتمايۋاتىدۇ، سىلەر مېنىڭ ئەرلىك ھوقۇقۇمنى ھەل قىلىپ بېرىڭلار دەمسەن؟ ئەگەر بۇنداق دېسەڭ، سوت سېنى سارالڭ ئوخشايدۇ دەپ قوغلاپ چىقىرىدۇ، چۈنكى قانۇندا بۇنداق ئىشلار يېزىلمىغان - دە، — دېدى مالىك چاندۇرماي. ئۇنىڭ مەقسىتى يەنىلا ئەپەندىمنى كولدۇرلىتىش ئىدى.

— ياق، ئۇنداق دېگىلى بولمايدۇ، مۇشۇنداق ئەرز سۇنىدىغانلار كۆپىيىۋەرسە ھۆكۈمەت قانۇنغا ئۆزگەرتىش كىرگۈزىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— مېنىڭچە، ئۇكا، سېنىڭ ئىشىڭنى ھەل قىلماق ئاسان. سەن ئايالىڭنى «سېنىڭ راست» قا ئۆگىتىۋېتىپسەن. گېزى كەلسە بىرەرنى ئۇرۇپ قوي، ئۇكا. باشلىق بولدۇم دەپ بەك ئىلمىي بولۇپ كەتسەڭ بولمايدۇ، ئۇكا، بىز ئاتا - بوۋىلىرىمىزدىن تارتىپ خوتۇنلارنى قاتتىق باشقۇرۇپ كەلگەن. قاتتىق قول بولساڭ بىر - ئىككى كۈن يىغلاپ قورقۇتۇپ باقىدۇ. تۆت كۈن ئۆتكەندىن كېيىن بازارغا ئاچىقىپ باھاسى چۈشكەن ئۇستۇۋاش ئېلىپ بەرسەڭ، ھەممە ئىشنى ئۇنتۇپ سىزنىڭغا چۈشىدۇ. خوتۇن خەق دېگەن ئۆچكىنىڭ يىغى، ئاسانلا ئېرىپ كېتىدۇ، — دېدى مالىك.

تاي ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي كۈلۈپ كەتتى.

— ياق، ئۇرسا بولماس، مالىككا، سىز ئۇنداق ئۆگەتسىڭىز بولمايدۇ. خوتۇن دېگەن ئۇرىدىغان نەرسە ئەمەس، سۆيىدىغان

نەرسە ئۇ. قوپاللىق، زوراۋانلىق قىلساق بولمايدۇ. ھەرقانداق ئىش بولسا گەپ بىلەن قايىل قىلىش كېرەك. گەپكە كىرمىسە قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلىش كېرەك، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ئەپەندىمنىڭ مەسلىھەتى بويىچە سوتقا ئەرز قىلىمەن ئەمدى! — دېدى تاي كۆلكىسىنى بېسىپ.

— خوش، ئەزىز مېھمانلار، كەچ بولاي دەپ قالدى، ئەمىسە ئىككىڭلارغا بىر قوي سويۇپ بېرەيما؟ — دېدى مالىك گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ.

— مەن بىر قوينىڭ گۆشىنى ئالايمىكىن، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— بىر قوينىڭ گۆشىنى بىراق ئالسىڭىز ئىشلىتىپ بولغۇچە سۈيى قېچىپ كېتىدۇ، يېرىمىنى ئېلىڭ، — دېدى مالىك.

— بىر قوينىڭ گۆشىنى ئىككىمىز بۆلۈشۈپ ئىشلىتەيلى، ئەپەندىم، تۇغىنىدە مالىككام يەنە سويۇپ بېرىدۇ، — دېدى تاي.

— مەيلى ئەمىسە، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندىم.

— خوش، قالغان گەپلەرنى ئاخشاملىقتا قىلىشىمىز. ئەمدى كەچكە تەييارلىق قىلايلى. ھە، تاي ئۇكا، قوتانغا كىرىپ تونۇش قويلاردىن بىرنى تۇتۇپ چىقمامسەن؟ — دېدى مالىك.

— شۇنداق قىلاي، مالىككا، ئەمىسە، گۆشنىڭ نەرخىنى دېيىشىۋالايلى. يەپ بولغاندىن كېيىن باھاسى ئۆرلەپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى تاي چاقچاق ئارىلاشتۇرۇپ. تاينىڭ بۇ گېپى مەمتىمىن ئەپەندىگە خۇشياقتى.

— شۇنداق بولسۇن، نەرخى ئېنىق بولۇپ كەتكىنى ياخشى، — دېدى ئۇ.

— تاغدا باھا تالاشمايمىز. بۇ بازار ئەمەس. شۇنىڭدىمۇ ئەمدى سىلەرگە راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ. ئۆزىنىڭ دادىسى بىلەن چىققانلارغا كىلوسىنى ئون تۆت سومدىن بېرىۋاتىمەن،

قىيىناتتىسىنى پەيلەپ چىققانلارغا ئون بەش سومدىن بېرىۋاتىمەن...

تاي بىلەن مەمتىمىن ئەپەندى كۈلۈپ كەتتى.

— قانداق قىلىمىز، ئەپەندىم؟ — دېدى تاي مەمتىمىن ئەپەندىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئامال يوق، باشلىق، «ئۆزۈم تاپقان بالاغا، نەگە باراي دەۋاغا» دېگەن مۇشۇ مانا. بۇنىڭدىن كېيىن ئەمدى دادام بىلەن ئاپامنىمۇ بىللە ئاچىقىدىغان بولدۇم - دە! — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.

— مالىككا، سەن قوي سويغاندا بىزمۇ قاراپ تۇرمايمىز. پاچىقىنى بولسىمۇ تۇتۇشۇپ بېرىمىز ئەمەسمۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئەگەر پاچىقىنىلا تۇتۇپ بەرسەڭ، سەندىن پۇل ئالمايمەن جۇمۇ، ئۇكا! — دېدى مالىك.

ئۇلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئىككىڭلار بەك قىزىق ئادەم ئىكەنسىلەر، — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى كۈلۈپ تۇرۇپ.

— سورۇننى مەن يىغىشتۇرۇۋېتەي، مالىككا، سىز بېرىپ قويىڭىزنى سويۇۋېرىڭ، — دېدى تاي.

— يەيدىغان قويۇڭلارنى ئۆزۈڭلار بېرىپ كۆرسىتىپ بەرمەمسىلەر! — دېدى مالىك.

— سىزگە يارىغىنى بىزگىمۇ يارايدۇ، مالىككا. پاقلاننىڭ چوڭراقىنى سويىسىز - دە ئەمدى، — دېدى تاي.

— ماقۇل ئەمىسە، بۈگۈن مەنمۇ سىلەرگە قېتىلىپ ئويناپ قوياي، خوتۇن كەچكە ئۈلگۈرتۈپ قويىنىڭ ئۆپكىسى بىلەن ئۈچەيلىرىنى قويسۇن. ئاخشاملىققا قۇلاق مىدىرلىغۇدەك بىر ئوينايلى، — دېدى مالىك.

— قۇلاقنىڭ گېپىنى قىلماڭ، مالىككا، ئادەمنىڭ ئىچى

ئاغرىپ قالىدىكەن، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭ ـ دە، ھە ئۇكا! — دېدى مالىك كولۇپ.
— ئەگەر كەچتە خاسىيەت ھەدەم ئۆپكە ـ ھېسىپلىرىڭنى قويمايمەن دەپ جېدەل قىلىپ قالسا، گەپ قىلماي جىم بولۇۋېلىڭ، مالىككا، ئۆپكە ـ ھېسىپ قويۇشقا مەن ئۇستا، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— ھەدەڭنى قانداق ئىشلىتىدىغانلىقىمنى بىلسەڭغۇ. گەپ بىلەن ئەمەس، شەرەت بىلەن جېنىنى ئالىمەن مەن ئۇنىڭ! كۆزىگە قاراپ بىرلا ئالىيدىغان بولسام، ئۇستىخانلىرى شاراقشىپ كېتىدۇ بىچارىنىڭ...
مەمتىمىن ئەپەندى كولۇپ كەتتى.
— سىز بەك قىزىق گەپ قىلىسىزكەن، مالىككا، — دېدى ئۇ.
— مېنىڭ ئەمەلىيىتىم مۇشۇنداق ئەمەسمۇ، ئەپەندىم، قانداق قازاندا قاينىمىغان مالىك مەن! خوتۇن كىشىنىڭ چىرايىغا قاراپ ياشايدىغان ئىش يوق! — دېدى مالىك.
— بوشراق گەپ قىلىڭ، مالىككا، خاسىيەت ھەدەم كېلىۋاتىدۇ، — دېدى تاي.
— ھېلىغۇ ھەدەڭ كېلىۋېتىپتۇ، ھەدەڭنىڭ جىنى كەلسىمۇ قورقمايمەن، ئۇكا، — دېدى مالىك كولۇپ.
مەمتىمىن ئەپەندى خىرىلداپ كولۇپ كەتتى.
مالىك قوتان تەرەپكە قاراپ يول ئالدى.
تاي بىلەن مەمتىمىن ئەپەندى داستىخاننى يىغىشتۇرۇپ بولۇپ، ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.
— باشلىق، مالىككامنىڭ لەقىمى «قولاق» ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى مەمتىمىن ئەپەندى.
— شۇنداق، ئەپەندىم، بۇ ئاكىمىزنىڭ بىر قۇلىقى يوق.

— ئاڭلىمامدا؟
— ئاڭلايدۇ، تۆشۈكى ساق، قۇلاق ئۆزى يوق!
— ھە...
— ئۇ ئادەمنى ئاخشاملىقتا جىقراق ئىچۈرۈپ قويۇپ گەپكە سالىمىز، جاھاننىڭ ھەممە ئىشلىرىنى بىلىدىغان ئادەم بۇ! — دېدى تاي.

مالىك قوينى سويۇپ تەييار قىلدى، گۆشنى ئوتتۇرىدىن ئىككىگە بۆلۈپ، جىڭلاپ تاي بىلەن مەمتىمىن ئەپەندىگە ئۆتكۈزۈپ بەردى.

— كەچتە نېرىن قىلىپ يەيسىلەر ھەرقاچان، — دېدى مالىك دەسمالغا قولىنى ئېرتىپ تۇرۇپ.

— شۇنداق، ئەسلىدە مېنىڭ قورداق يېگۈم بار ئىدى. چۈشتە قېيىنانام كەچتە نېرىن قىلايلى، بالام، دېگەن، ئامال يوق ئەمدى. رەھمەت بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇڭ، مالىككا! — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.

— قېيىناناڭنىڭ جىنى چاپلىشىۋالغان ئوخشايدۇ، ئۇكا، ساڭا، — دېدى مالىك.

— ئامال يوق، مالىككا، ئەگەر مەنمۇ سىزگە ئوخشاش شەھەردە تۇغۇلۇپ ئۆسكەن بولسام، سىزگە ئوخشاش ھېچ نەرسىدىن قورقمايدىغان چوڭ بولغان بولاتتىم. بىر قۇلاق دېگەن نېمە ئۇ، ئىككىلى قۇلىقىمنى دەسمايە سېلىۋەتمەي! — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.

مەمتىمىن ئەپەندى قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلبوستانلار تاغدىن قايتىپ كەلدى. تاي قازان بېشىنى ئايالىغا تاشلاپ بەردى.

— ئۆيدە ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈننىڭ ھەممىسىدە تاماق ئېتىپ بەرگىنىم يېتەر، خوتۇن، سىرتتا مېنى سەتلەشتۈرمەي

ئۆزۈڭنىڭ ئىشىنى ئۆزۈڭ قىل ئەمدى، مەن كاۋاپنىڭ گۆشىنى توغراي! — دېدى تاي.

— يائاللا، دەۋاتقان گېپىنى، ئۆيدە قازانغا ئوت كەتسە دۈمبىسىنى قىلىپ يېتىپ يۈرىدىغان ئادەم ماڭا ياردەملىشەرمىش تېخى! — دېدى گۈلبوستان.

— ئاستا گەپ قىل، خوتۇن، مالىككاملار ئاڭلاپ قالمىسۇن، ھە، تاغقا چىقتىڭلارما؟

— چىقتۇق، قىزلىرىڭىز قولۇپنىڭ تەردى. مەن لىق بىر سومكا قارىقات تېرىپتىمەن، خۇدايىم بۇيرۇسا، بىرنەچچە كۈن بېسىپ تېرىپ ئۆيگە ئاپىرىپ قايىنتىۋالسام...

— كەينىڭدىن جىنىمنى قويۇۋەتكەنىدىم، كۆرمىدىڭما؟

— ساراڭ، ئىچىۋالمىغانسىز؟ ئەمىسە مەن خېمىر يۇغۇراي، سىز كاۋاپقا تەييارلىق قىلىڭ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇچىنچى ئۆيگە چۈشكەن مەمتىمىن ئەپەندى دېگەن ئادەم بىلەن تونۇشۇپ قالدىم، بەك ساددا ئادەمكەن جۇمۇ! — دېدى تاي.

— ئادەمنىڭ ساددىسى ياخشى، ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش قاغدالما بولۇپ كەتسە قانداق بولىدۇ؟

— رەھمەت، خوتۇن، مەن ئۆزۈمنىڭ قانداق ئادەم ئىكەنلىكىمنى بىلمەي يۈرۈپتىكەنمەن، ھەر ھالدا ئۆزۈمنى ئۆزۈمگە تونۇتۇپ قويدۇڭ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئۇلارمۇ ئۆي بويىچە چىقىپتۇمۇ؟ — دېدى گۈلبوستان بېشىنى كۆتۈرۈپ ئېرىگە قاراپ.

— ھەئە، ماڭا ئوخشاش قېيناتىسى بىلەن قېينانىسىنىمۇ ئاچىقىپتۇ.

— ئۇنداقتا، ئۇمۇ سىزگە ئوخشاش قۇۋ ئادەم ئىكەن. ھازىر ئاشۇنداق قۇۋ، قوش يۈرەك ئادەملەر ئاياللىرىنى ئوينىتىمىز دەپ بىر يەرلەرگە ئاپىرىپ قويۇپ، رەڭلىك ئوينايمىز دەپ ئىشتانىسىز

نەرسىلەرنىڭ كەينىدە لالمىدەك يۈرىدۇ. «ئالمىدەك يارى تىۇرۇپ، ساياقنى سۆيگەن لالمىلار» دېگەن شۇلار! — دېدى گۈلبوستان.

— قايناپلا كەتتىڭغۇ، خوتۇن. مەنمۇ سەن دېگەن ئاشۇنداق ئەرلەردىنما؟ مەندە بار ـ يوقى شۇ بىرلا يۈرەك، مەن ئالىلىبۇرۇن بۇ يۈرىكىمنى ساڭا بېرىۋەتكەنغۇ!

— بۇرۇن بەرگىنىڭىز راست، بىراق كېيىن ئۇ يۈرىكىڭىز يوقىلىپ كەتتى، سىز زاۋۇتقا باشلىق بولغان ئاشۇ يىللاردىن باشلاپ يوقىلىپ كەتتى...

— نەگە يوقىلىپ كەتكىنىنى بىلمىدىڭما؟

— تۆت سەر ئىچىۋېلىپ بېشى قايغان يەردە يۈرىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ...

— «گۇمان ئىماننى قاچۇرار» دېگەن گەپ بار. خەقلەرنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، خوتۇن، مۇشۇ كۈندە ناگىنى يوق دۈشمەنلەر كۆپىيىپ كەتتى.

— ئىشقىلىپ، قىلىۋاتقان ئىشلىرىڭىز چۈشۈمگە كىرىپ تۇرۇۋاتىدۇ.

— ماڭا ھەر ھالدا توغرا باھا بەرگىنىڭ ياخشى، خوتۇن، مەن سەن بىلەن ئوتتۇز يىل ئۆي تۇتتۇم. ئاخىرقى ھېسابتا مەن بىر قۇۋ، قوش يۈرەك ئادەم بولۇپ قالسام بولمايدۇ. مەن بىر سەھرالىق تۇرسام، قانداقلارچە بىر قوش يۈرەك ئادەم بولۇپ قالىمەن!...

— تىوغىرا، بىسىز ئوتتۇز يىل بېشىمىزنى بىر تەكىيىگە قويدۇق. لېكىن كېيىنكى يىللاردا قولىڭىز بويىنۇمدا بولغىنى بىلەن كۆڭلىڭىز دىلىمدا بولمىدى. مەن سەھرادا چوڭ بولغان دەيىسىىز، سىەھىرادا چوڭ بولغان ئادەم سىزدەك مۈرەككەپ بولمايدۇ. كېيىن باشلىق بولۇپ قالدىڭىز، ئۇشۇقىڭىز ئالچۇ چىۈشتى. لەشكەرلىرىڭىز كۆپەيدى. بۇرۇن سەھرادا تالىشىپ

يېگەن زاغرا نانلىرىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىز. سۇنىڭ سۈزۈكىنى ئىچمەن دەپ جېدەل قىلىدىغان بولۇۋالدىڭىز.

— تۇۋا... مۇشۇ كۈندە مەندىن رەنجىپلا يۈرىدىغان بولۇۋالدىڭ - دە! نېمە دېسەڭ شۇنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن، لېكىن مۇشۇنداق غۇدۇر گەپلىرىڭ تۈگىمەيۋاتىدىغۇ سېنىڭ! — دېدى تاي.

— بۇنىڭ سەۋەبىنى ئۆزىڭىزدىن سوراڭ، مېنى مۇشۇ كېسەلگە گىرىپتار قىلغان ئادەم سىز. ئەمدى مېنى سىزدىن باشقا ئادەم ساقايتالمايدۇ. ماڭا مال - دۇنيا كېرەك ئەمەس. باشقىلارنى پۇل بىلەن ساقايتىشىڭىز مۇمكىن، لېكىن مېنى پۇل بىلەن ساقايتالمايسىز، — دېدى گۈلبوستان.

— بولىدۇ، خوتۇن، مەن بۇنىڭدىن كېيىن چوقۇم سەن دېگەن يەردىن چىقىدىغان ئەر بولىمەن، ماڭا ئىشەن. ئەتىدىن باشلاپ ئەمەس، هازىردىن باشلاپ سەن ئارزۇ قىلغاندەك ئادەم بولىمەن! — دېدى تاي.

گۈلبوستان گەپ قىلمىدى. تاي كاۋاپنىڭ گۆشىنى توغراپ بولۇپ، گۆشكە قارىمۇچ، زىرە، تۇز ئارىلاشتۇرۇپ، دۇملەپ قويدى، ئاندىن مالىكنىڭ قېشىغا كەلدى.

— كاۋاپدانغا بالدۇرراق ئوت سېلىپ قويايمۇ، مالىككا؟ — دېدى تاي.

— ياق، ئۇكا، ۋاقتى كەلگەندە ئوتۇننىڭ چوغىدا پىشۇرىمىز، ئوتۇننىڭ چوغىدا پىشۇرغان كاۋاپ ئالامەت ياخشى بولىدۇ، — دېدى مالىك.

— كەچنىڭ زاكوسكىسىنى قانداق قىلىمىز؟

— تاغدا سەي قورۇپ نېمە قىلىمىز، ئۇكا، هەدەڭ ئۆپكە - هېسىپلەرنى قويۇۋاتىدۇ، شۇنىڭدىنمۇ ياخشى زاكوسكا بولسىمۇ! — دېدى مالىك.

— هەدەمگە يېلىنىپسىز - دە! — دېدى تاي مالىككا چاقچاق

قىلىپ.

— ھەدەڭ بۇنداق ئىشلارغا كۆنۈك، ئۇكا، قوي سويۇۋاتسام قېشىمغا كەپتۇ. ھەرقاچان كەچتە ئىچىسىلەر، دەپ قويىنىڭ ئىچ باغىرلىرىنى ئەكىتەتكەن، بۇ ۋاقىتچە پىشۇرۇپ بولىدى ھەرقاچان، — دېدى مالىك.

— سىززە، مالىككا، ھەدىمىزنى بەك باشقۇرۇۋېتىسىز ـ ھە! — دېدى تاي كۇلۇپ.

— خوتۇن دېگەننى، ئۇكا، ئەركىلىتسۇەرسەڭ كىچىك بالىغا ئوخشاش ئەركە ـ نايىناق بولۇپ قالىدۇ. بىراق ئەركىلىتىپ قويمىساڭمۇ بولمايدۇ، خوتۇن باشقۇرۇشنىڭ ئۆزى بىر ھۈنەر، ئۇكا. بەزىدە تازا ئوڭ كەلتۇرۇپ تۇرۇپ ئەگرى قوۋۇرغىسىنى رۇسلاپ قويىمىز. شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا سېنىڭ سىزىقىڭغا دەسسەيدۇ، ئۆزىنى ئۆزى سېنىڭ يىپىڭگە باغلايدۇ. بىر ئەر ئۈچۈن ئەڭ چوڭ خاتالىق خوتۇنىغا يۈزدە يۈز سىر بېرىش. بىر ئەر ئۈچۈن يەنە ئەڭ چوڭ خاتالىق خوتۇنىغا يۈزدە يۈز سىر بەرمەسلىك...

— بۇ نېمە دېگىنىڭ، مالىككا؟ — دېدى تاي مالىكنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— گەپ مۇشۇ يەردە، ئۇكا، مۇشۇ گەپنىڭ ھەقىقىي مەنىسىنى چۈشىنىشىڭ كېرەك. بۇ گەپنىڭ ئۇ بېشىغا چىقىۋالساڭمۇ بولمايدۇ، بۇ بېشىغا چۈشۈپ قالساڭمۇ بولمايدۇ، مۇشۇ گەپنىڭ ئوتتۇرىسىدا ياشاش كېرەك. قازاندىكى ماي يۈز گرادۇس قىزىپ كەتسە ئوت كېتىدۇ، ئۇكا. سەكسەن گرادۇس قىزىغاندا گۆشنى سالساق گۆش ناھايىتى چىرايلىق سارغىيىدۇ. مېنىڭ گېپىمنى چۈشەندىڭمۇ؟ — دېدى مالىك.

— چۈشەندىم، مالىككا...

— قىسقىسى، خوتۇن خەقنى شىلاپ تۇرۇش كېرەك. ئۇلارنىڭ كۆڭلىنى ياخشى بىر نەرسە بىلەن باغلاپ تۇرۇش

كېرەك...

— تاي، تاماق تەييار بولدى، — دېدى گۈلبوستان ئۇلارنىڭ قېشىغا كېلىپ، — مالىككا، خاسىيەت ھەدەمنى چاقىرىڭ، بىللە ئولتۇرۇپ تاماق يەيلى!

— رەھمەت، سىڭلىم، سىلەر ئولتۇرۇۋېرىڭلار، مەن ھەدىڭىزگە بىردەم قارىشىپ بېرەي، — دېدى مالىك.

— شۇنداق قىلمايمىزمۇ، مالىككا، — دېدى تاي.

— سەن بالىلىرىڭ بىلەن ئولتۇرۇپ تاماق يەۋال، كەچتە ئازادە ئولتۇرىمىز، — دېدى مالىك.

تاي ياغاچ ئۆيگە كىردى. غۇنچەم بىلەن ئامىنە داستىخان سېلىپ چاي قۇيدى. گۈلبوستان تاماقنى ئەكىردى. ئۇلار خۇشال ئولتۇرۇپ غىزالىنىشقا باشلىدى.

گۇگۇمدا قاراڭغۇ دەسلەپتە قازان بېشىدا پەيدا بولدى. قاتار سېلىنغان ئوچاقلارنىڭ چېتىدىكى چوڭ قازاندا ئۆپكە - ھېسىپ قايناۋاتاتتى. ئوچاقتا كۆيۈۋاتقان مۇھەببەتلىك ئوتلار ئۆزىگە بارغانسېرى يېقىنلىشىۋاتقان قاراڭغۇدا يورۇقى كۇچەيمەكتە ئىدى. مالىكنىڭ قويلىرى قاراڭغۇنىڭ چاپلىشىشىدىن قورقۇپ پات - پات مەرەپ تۇراتتى، تاغ باغرىدا يېتىپ كۆشەۋاتقان كالىلار يېڭى بىر قاراڭغۇلۇقنىڭ كېلىشى بىلەن زور بەستى ھارغىنلىق يەتكۈزگەندەك ئېغىر پۇشۇلداشقا چۈشتى. تاغ ئوتلىرىنىڭ شىپالىق شىرنىلىرى ئۇلارنى ئاستا - ئاستا مەست قىلىپ ئۇيقۇ دۇنياسىغا سۆرەيتتى. قاراڭغۇدىكى يوشۇرۇن خەۋپتىن قېچىپ ئۇۋىسىنى تېپىۋالغان قۇشلار يەنە بىر يورۇق كۈننىڭ شىپالىق نۇرلىرىنى تىلەپ ياتاتتى. قاراڭغۇ، ئۇلارنىڭ خۇدا بەرگەن ئۇلۇغ قاناتلىرىنىمۇ ئاجىزلاشتۇرۇپ قوياتتى. قاراڭغۇلۇق قارىغاي قويىنىغا بەكرەك توپلاشقاندەك، ئورمانلىق ئېتىكى بۆلەكچە قارىيىپ تۇراتتى. تاغ باغرىدا قۇياشنىڭ مەڭگۈلۈك تاتلىق لەۋلىرىدىن ئېقىپ چۈشكەن ئىللىقلىقتا ئېچىلغان رەڭگارەڭ گۈللەر ئۆز بەرگىگە شەبنەم قوندۇرۇپ، ئايرىلغان جۇلاسىغا

ھەسرەت چەكمەكتە ئىدى. قاراڭغۇنىڭ كۆرۈنمەس ئىزلىرى گۈللەرنىڭ، ئوتلارنىڭ، تۇرلۇك ياۋا مېۋىلەرنىڭ ۋە دورىلىق ئۆسۈملۈكلەرنىڭ خۇش ھىدلىرىنى شوراۋاتاتتى. ئېقىننىڭ رىتىملىق شاۋقۇنىدا ئىتلارنىڭ ئارىلاپ قاۋاشلىرىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، تاغ ئەتراپى شۇ قەدەر جىم ئىدى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۈمىد نۇرلىرى بىلەن ئالەمنى غۇۋا يورۇتۇپ تۇراتتى...

مالىك باللارغا كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىۋاتاتتى، خاسىيەتنىڭ قويغان ئۆپكە - ھېسىپلىرىمۇ پىشقانىدى. بۇ ئىشچان ئايال ئېغىز تېگىڭلار، دەپ ئىككى تەخسە تاماقنى گۈلبوستان بىلەن مەمتىمىن ئەپەندىنىڭ ئايالىغا ئەكىرىپ بەردى. قالغىنىنى چوڭ بىر لېگەنگە ئېلىپ تەييارلاپ قويدى. ئاندىن ئۇ ئېرىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئەمدى كاۋاپنى باللار ئۆزلىرى پىشۇرۇپ يەيدۇ، مالىك. ئۆپكە - ھېسىپلارنى توغراپ لېگەنگە ئېلىپ قويدۇم. كاۋاپتىن پىشۇرۇپ ئېلىۋېلىڭلار، دەريا بويىدا ئولتۇرامسىلەر - يا؟ — دېدى خاسىيەت.

— پەيزىڭ بار - دە، خوتۇن، ئادەمنىڭ كۆڭلىنى ئەۋلىيادەك چۈشىنىپ كېتىپسەن - دە، تاي بايام گۈلخان يېقىپ ئولتۇرساق دېگەنىدى، گۈلخان ياقساق دەريا بويىغا بارمىساق بولمايدۇ. ھە، باشقا ئۆيلەردىكى مېھمانلىرىڭمۇ تاماق يەپ بولدىما؟ — دېدى مالىك.

— نەۋاخ يەپ بولغىلى.

— ئەمىسە، بىز دەريا بويىغا بارايلى، سەن قازان بېشىنى يىغىشتۇر. تاينىڭ ئىككى قىزىنى ئىشقا سال، خېلى چاققان قىزلاردەك قىلىدۇ، — دېدى مالىك.

— ماقۇل، — دېدى خاسىيەت.

مالىك تاينى چاقىردى، تاي ئۆيدىن چىقىپ مالىكنىڭ قېشىغا كەلدى.

— خوش، مالىككا.

— ئويۇنىمىزنى باشلىۋالامدۇق، ئۇكا؟
— شۇنداق قىلايلى...
— بېرىپ ئەپەندىمنى چاقىر، ئالدىغان نەرسىلەرنى ئېلىپ دەريا بويىغا بارايلى، گۈلخان ياقىمىز دېدىڭغۇ - ھە، ئۇكا...
— گۈلخان يېقىپ پەيزى قىلمايمىزمۇ، مالىككا!
— مەن دەريا بويىغا بېرىپ گۈلخان ياقىدىغان تۇراي، سىلەر قالغان نەرسىلەرنى ئېلىپ بېرىڭلار، كېرەكلىك نەرسىلەرنى ھەدەڭدىن سورىساڭ تەييارلاپ بېرىدۇ، — دېدى مالىك.
— ماقۇل.
مالىك دەريا بويىغا قاراپ ماڭدى، تاي مەمتىمىن ئەپەندىنى چاقىرىپ چىقىپ، دەريا بويىغا ئاپىرىدىغان نەرسىلەرنى بىر يەرگە يىغدى. سومكىغا سالغىلى بولىدىغانلىرىنى سومكىغا سېلىپ، مەمتىمىن ئەپەندىگە تۇتقۇزۇپ قويدى. ئاندىن ئۆزى لېگەندىكى ئۆپكە - ھېسىپلارنى كۆتۈرۈپ ماڭدى. ئۇلار دەريا بويىغا كېلىپ جايلىشىپ، سورۇننى باشلىۋەتتى...

## ئىككىنچى باب

# تاينىڭ يەنە بىر يۈزى

تاي ئاخشام ئاشخانىدىكى كارىۋاتتا يېتىپ قالغانىدى. مالىك ئاشخانىغا كىرىپ، تاينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. تاي كارىۋاتتا تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. مالىك ئۇنى ئويغاتتى.

— تاي، ئورنۇڭدىن تۇرە، ئۇكا...

تاي ئاستا كۆزىنى ئاچتى:

— ھە، مالىككاما؟ ھە؟ چاتاق، بۇ قانداق گەپ، مەن بۇ يەردە يېتىپ قاپتىمەنغۇ! — دېدى ئۇ.

— ئۆزۈڭ ئاخشام تالادا ياتىمەن دەپ تۇرۇۋالدىڭغۇ!

— ھە، شۇنداقمۇيا؟

— ئورنۇڭدىن تۇرە، ئۇكا، مەن چايغا تۇتۇش قىلاي. سەن باش - كۆزلىرىڭنى يۇيۇپ دەريا بويىغا بېرىپ بىر چىنە سوغۇق سۇ ئىچىۋال، ئىچىڭنى تازىلايدۇ! — دېدى مالىك.

— بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، مالىككا، مىڭ تەستە خوتۇننى ئېلىپ تاغقا چىقسام، ئەتىگەندە سوغۇق سۇ ئىچىۋال دەيسىنا، بىرەر چىنە سۇتۇڭ يوقمۇ...

— كالىنى ھەدەڭ ئەمدى ساغىدۇ. بەك ئالدىراپ كەتسەڭ، كالىنىڭ قېشىغا بېرىپ ئۆزۈڭ سېغىپ ئىچىۋال.

— ئەمدى ماڭا مۇشۇ ئىش قالدىما، مالىككا؟ كالىنىڭ ئەمچىكىنى تۇتسام قولۇم تىترەپ كېتىدۇ، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سەن تېخى كىچىك، ئۇكا، جىق ئىش كۆرمىدىڭ، سۈت

دېگەننى ئەسلي ئۆزۈڭ سېغىپ ئىچسەڭ ياخشى بولىدۇ، ھۆزۈرلىنىسەن...

— سېنىڭ بىلمەيدىغان ئىشىڭ يوق - دە، مالىككا! — دېدى تاي كۇلۇپ.

— مېنى دەسسىتەلمەيسەن، ئۇكا.

— بۇگۈنچە كالاڭنىڭ قېشىغا بارماي تۇراي جۇمۇ، مالىككا، بالىلىرىمغۇ مەيلى، قېينانام كۆرۈپ قالىدىغان بولسا رەسۋا بولىمەن - دە...

— ئانىسىنىڭ سۈتىگە تويمىغان بىچارىكەن دەيدۇ دەپ ئەنسىرەيسەنغۇ شۇ! — دېدى مالىك كۇلۇپ.

— كەيپىڭ تېخى يېشىلمەپتۇ، مالىككا سېنىڭ. باشقا گەپ قىلىشايلى. ئاخشام ئالامەت چۈشلەرنى كۆرۈپ كېتىپتىمەن قارا...

— خوش...

— يوغان بىر قازان چۈشەپ قاپتىمەن.

— ئەمىسە بۈگۈن بىر يەردە سوغا چۈشىدىغان ئوخشايسەن، ئۇكا...

— ئۇنداق ئەمەس، مالىككا... بەكمۇ يوغان قازانىمىش، ئىچىدە لىق پۇلۇ، مەن پۇلۇنىڭ ئۈستىدە باداشقاننى قۇرۇپ ئولتۇرۇپ ئاش يەۋاتقۇدەكمەن...

— ئامەت، ئۇكا، خۇدايىم بېرىدىغان ئوخشايدۇ. پۇلۇ دېگەن ئۆزى ئامەت ئەمەسمۇ! مەن مانا مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر قېتىممۇ پۇلۇ چۈشەپ باققان بەندە ئەمەس. شۇنىڭغا قارىغاندا مەنسىپىڭ يەنە ئۆسىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇكا!...

— ئېيتقىنىڭ كەلسۇن، مالىككا... ئەمىسە، مەن دەريا بويىغا بېرىپ كېلەي. بايام ياخشى گەپ قىلدىڭ، دەريانىڭ ئەركەك سۇيىنى ئىچمىسەم بېشىم ساقايمايدىغان ئوخشايدۇ!

تاي دەريا بويىغا قاراپ يول ئالدى. باشقا ئۆيلەردىكى

مېھمانلارمۇ ئارقا ـ ئارقىدىن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ئۇلار تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدا يۇيۇنۇشقا باشلىدى...

گۈلبوستان تاينى دەريا بويىدىن تاپتى.

— ھە، دەريا بويىدا خىيال سۈرۈپ ئولتۇرۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېدى گۈلبوستان ئېرىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردۇم.

— دەريادا شەھەرگە قاراپ ئۈزۈپ كېتىۋاتقان تونۇش بېلىقلار ئۇچراپ قالارمىكىن دەپ ئولتۇردۇم ...

— ياﺋاللا، سۈدىكى بېلىقلارنىمۇ تونۇمسىز تېخى! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— ھەممە نەرسىنىڭ تونۇشى ياخشى، خوتۇن. بېلىقلاردىنمۇ دوست تۇتۇپ قويساڭ سۈنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ئىشلاردىنمۇ خەۋەر تېپىپ تۇرسەن!

— نېمانداق ئېگىز ـ پەس گەپ قىلىسىز. ئەھۋالدىن قارىغاندا تاڭ ئاتقۇچە ئىچكەن ئوخشايسىلەر ـ ھە!

— ئاخشام مەن پىۋا ئىچتىم، مالىككام بىلەن ھىلىقى ئەپەندىم ئىككىسى ئاق ھاراقنى ئىچتى. ئۇلارمۇ ئىچەلمەيدىكەن، — دېدى تاي.

— ھەممە ئادەم سىزگە ئوخشاش ھاراقكەش ئەمەس...

— مېنى ھاراقكەش دېسەڭ توغرا بولمايدۇ، خوتۇن. «ھاراقكەش» دېگەن بەك ئېغىر گەپ بۇ. مېنى ھاراقكەشرەك دېسەڭ بىر گەپ ئەمدى...

— نېمە بولسىڭىز بولامسىز. مىڭ كاپىلدىساممۇ مېنىڭ گېپىمگە كىرەمتىڭىز. تاغنىڭ ھاۋاسى نېمىدېگەن ياخشى ـ ھە! — دېدى گۈلبوستان قولىدىكى تاشنى دەرياغا ئېتىپ.

— شۇ، تۆشۈكى يوق تاغارلاردىن ئالغاچ چىققان بولساق بەش ـ ئون تاغار ساپ ھاۋا ئالغاچ كېتەتتۇقكەن ـ دە! — دېدى تاي ئايالىنىڭ ئاپئاق قوللىرىنى سىلاپ تۇرۇپ.

— سىز مېنى كۆزىڭىزگە ئىلمايسىز، تاي. ماڭا دائىم مۇشۇنداق تەتۈر چاقچاق قىلىسىز، — دېدى گۈلبوستان.
— ھە، ئاخشام قېشىمغا چىقىپ ياتامدىكىن دېسەم جىمىپ كەتتىڭغۇ! بىرنەچچە قېتىم ئىسقىرتقانتىم، ئاڭلىمىدىڭما؟ — دېدى تاي گەپنى ئەپقېچىپ.
— نېمانداق تاغدىن - باغدىن سۆزلەيسىز؟
— ئاپاڭ چىقارغىلى قويمىدىمۇ يە؟
— ئاخشام ئۇچۇڭلار ئۆلگۈچە ئىچتىڭلار. مەستىنىڭ قېشىغىمۇ چىقامدۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.
— تاغنىڭ ساپ ھاۋاسىدا بىللە ياتساق ئۆمرىمىز ئۇزۇن بولىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— ساراڭ، مەست... ئۆمرى ئۇزۇن بولارمىش تېخى.
— «مەست، مەست، قۇلىقىنى كەس» دېمەمسەن! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— قۇلىقىڭىزنى كېسىۋەتسىمۇ ئىچىۋېرىسىز سىز! — دېدى گۈلبوستان.
— ساڭا بۈگۈن چۈشتە ئۆز قولۇم بىلەن كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى تاي ئايالىنىڭ قولىنى قويۇۋەتمەي.
— ئەمىسە بەك مايلىق قىلىۋەتمەڭ. ئاخشامقى كاۋاپنىڭ مېيى بەك جىق بولۇپ كېتىپتۇ، — دېدى گۈلبوستان.
— سەن نېمە دېسەڭ مەن شۇنى قىلىپ بېرىمەن. قىسقىسى، مەن سەن ئۈچۈن ياشايمەن، خوتۇن...
— بىر قىسما بولۇپ كېتىۋاتىمەن، تاي. بۇنداق گەپلەرنى ئازراق قىلىڭ، مېنى ماختاۋېرىپ بىر كۈنى دەرياغا ئىتتىرىۋەتمەڭ يەنە!
— قورقما، سېنى تونۇش بىلىقلىرىم قۇتقۇزۇۋالىدۇ!
— شۇنىڭغا قارىغاندا بىر كۈنى مېنى مۇشۇ دەرياغا ئىتتىرىۋېتىدىغان ئوخشايسىز جۇمۇ، تاي...

— ئاغزىڭغا تاش، خوتۇن، مېنى مۆرتىۋاتقان ئادەم سەن، — دېدى تاي.

بۇ گەپ گۈلبوستانغا بەك ياقتى. ئۇ كۈلدى.

— بىز ئون كۈن تۇرساق بولار، تاي؟ — دېدى گۈلبوستان سەل ھاياجاندا.

— بولىدۇ، ئەمىسە، مەن بۈگۈن يەنە بىر كۈن تۇراي. توققۇز كۈندىن كېيىن سىلەرنى ئەكېتىمەن...

— ماقۇل...

— ئاخشام سەل ئۇزۇنراق ئولتۇرۇپ قالدۇق، خوتۇن. مەتتىمىن ئەپەندى بىلەن ئۇزۇن پاراڭلاشتىم، ئېسىل ئادەم ئىكەن، كاتتا زىيالىي ئىكەن ئەمەسمۇ! خەنزۇچە خەت دېگەننى سويۇۋېتىدىكەن جۇمۇ. بىرەر يۈز كىتاب تەرجىمە قىلىپ بولدۇم دەمدۇ خۇدايىم، قولىدىن ئىش كېلىدىغان ئادەم ئىكەن. ئاخشام ئۇ ئادەم مەست بولۇپ قالدى. خوتۇننى ماختاپ كەتتى قارا. دېمىسىمۇ خوتۇنى بەك ئېسىل خوتۇنكەن. كۈندە ئۆينىڭ ئىشلىرىنى قىلىپ بولۇپ، ئىككى - ئۈچ سائەت ۋاقىت چىقىرىپ ئېرىنىڭ پۇت — قوللىرىنى تۇتۇپ ئۇۋۇلاپ قويىدىكەن. نېمىدېگەن ياخشى خوتۇن دەيمەن - دە!

گۈلبوستان بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېرىكتى:

— سىزمۇ ئاشۇنداق ياخشى خوتۇندىن بىرنى ئېلىۋالسىڭىز بولمامدۇ!

— نېسىپ بولارمۇ؟ — دېدى تاي ئايالىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— قېلىن! ... سىز چاتاق، تاي. مەن سىزدىن قورقىمەن! — دېدى گۈلبوستان قايغۇرۇپ.

— توغرا چۈشەنسەڭچۇ يامان ئىش ئەمەس بۇ، بىر ئۆيدە ئىككى خوتۇن بولسا بىر - بىرىگە ياردەملىشىدۇ ئەمەسمۇ! تېخى سېنىڭ ئامىتىڭ كېلىدۇ. سەن چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۆينىڭ ئىشلىرىنى كىچىكىگە تاشلاپ بېرىسەن. ئازاد بولۇپ

قالاتتىڭ ــ دە!

گۈلبوستان بىرنېمە دەي دەپ تۇراتتى، غۇنچەم بىلەن ئامىنە دەريا بويىدا پەيدا بولدى.

— دادا، ئاپا، سىلەرنى چاقىرىۋاتىدۇ، چاي ئىچىدىكەنمىز، — دېدى غۇنچەم.

— كېلىڭلار، قىزلىرىم، دەريانىڭ سۈيىدىن ئازراق ئىچىۋېلىڭلار، دورا بولىدۇ، — دېدى تاي.

ئۇ قېشىدىكى چىنىنى ئېلىپ غۇنچەمگە بەردى. غۇنچەم دەريادىن بىر چىنە سۇ ئېلىپ ئازراق ئىچتى، ئاندىن چىنىنى سىڭلىسىغا بەردى. ئامىنە چىنىدە قالغان سۇنى تۆكۈۋېتىپ، دەريادىن يەنە بىر چىنە سۇ ئېلىپ ئىچتى، ئاندىن دادىسى بىلەن ئاپىسىغا ئەگىشىپ ئاشخانىغا كەلدى. مالىك داستىخاننى ئاشخانىنىڭ يۇقىرى تەرىپىدىكى كۆن چۇشۇپ تۇرىدىغان يەرگە سالغانىدى. داستىخان چۆرىسىنى رەڭگارەڭ تاغ گۈللىرى ئوراپ تۇراتتى.

— چاينى سىرتتا ئىچكىنىمىز ياخشى، ئۇكا، هازىر مەمتىمىن ئەپەندىمۇ بالىلىرىنى ئەكېتىدۇ. قالغان مېھمانلار ئۆيدە ئولتۇرۇپ ئىچىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى مالىك تايغا قاراپ.

— داستىخاننى بەك چىرايلىق يەرگە سېلىپسىز، مالىككا، پەيزىڭىز بار ئادەم جۇمۇڭ سىز! — دېدى تاي.

— رەھمەت، ئۇكا، بىزنىمۇ ماختاپ تۇر مۇنداق! — دېدى مالىك.

مېھمانلار داستىخاننىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. خاسىيەتنىڭ ئەتكەنچىيى بەكمۇ ئوخشىغانىدى. ئۇلار خۇشخۇي كەيپىيات ئىچىدە ناشتا قىلىپ بولۇپ، مالىكنى دۇئا قىلىپ بېرىشكە تەكلىپ قىلدى. مالىك قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى.

— ھە، ئەمدى بۈگۈن نېمە ئىش قىلىسىلەر، خوتۇن؟ — دېدى تاي ئايالىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— تاغقا چىقمىز، سەيلە قىلغاچ قارىغات تېرىمىز، — دېدى گۈلبوستان.

— ياخشى، مەن تاغقا چۈشتىن كېيىن چىقاي، چۈشكىچە كاۋاپقا تەييارلىق قىلىپ توراي، چۈشتە خۇدايىم بۇيرۇسا سىلەرگە ئۆز قولۇم بىلەن كاۋاپ پىشۇرۇپ بېرىمەن، — دېدى تاي.

گۈلبوستان قىزلىرى بىلەن ئاتا - ئانىلىرىنى باشلاپ تاغ تەرەپكە يول ئالدى. كۈن ناھايىتى ياخشى ئىدى. ئورماندىن تارقىلىۋاتقان ساپ ھاۋا ئۇلارنى قارشى ئالدى.

تاي ھەۋىسى بىلەن گۆش توغراۋاتاتتى. تاغنىڭ ئىچكىرىدىن چۈشكەن بىر پىكاپ ئاشخانىنىڭ ئالدىدا توختىدى. تاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا قارىدى. ئۇنىڭ خىزمەتداش ئاغىنىسى ئوسمان ماشىنىدىن چۈشۈپ كەلدى.

— ئوسمانغۇ بۇ؟ ئاسماندىن چۈشتۇڭمۇ، ئاداش، يا؟ — دېدى تاي ئۇنىڭ ئالدىغا بېرىپ كۆرۈشۈپ.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، ئەھۋالىڭ ياخشىمۇ، ئاداش، قېچىپ يۈرگىنىڭ بىلەن بىز سېنى مۇشۇنداق تېپىۋالىمىز مانا! — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

مالىك ئورنىدىن تۇرۇپ ئوسمان بىلەن كۆرۈشتى.

— ھە، تاغ تەرەپتىن كېلىۋاتىسىزغۇ، ئۇكام؟ — دېدى مالىك.

— بىز تۈنۈگۈن ئاغىنىلەرنى ئېلىپ يۇقىرىغا چىقىپ كەتكەن، — دېدى ئوسمان.

— سىلەرنى قايسى شامال ئۇچۇرۇپ كەلدى؟ — دېدى تاي ئالپتاپتەك ئېچىلىپ.

— شەھەردە ساڭا تېلېفون بېرىپ ئالالمىدۇق. تەلئەتكە تېلېفون بەرسەم «بىلمەيمەن» دېدى. قارىسام، باللار ئالدىراپ قالدى. شۇنىڭ بىلەن مېڭىۋەرگەنتۇق، تەلىيىمىزگە تۈنۈگۈن

چۈشتىن كېيىن مۇشۇ يولدىن ئۆتۈۋېتىپ، ماشىناڭنى كۆرۈپ قالدۇق، — دېدى ئوسمان.

— قىزلىرىم داشۆدىن قايتىپ كەلگەن. ئۇلارنى بەش - ئون كۈن دەم ئالدۇرۇپ كېلەي دەپ چىققان، قېيناتام بىلەن قېيناناممۇ بار، — دېدى تاي.

— مۇشۇ ئايلار، مۇشۇ كۈنلەردە ساۋابنى سەن ئېلىۋاتىسەن جۇمۇ، ئاداش، ئۆيدە ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن خوتۇنۇڭغا لەڭمەن ئېتىپ بەرگىنىڭنى ئاز دەپ تاغقا چىققاندىمۇ قازان بېشىغا چاپلىشىۋاپسەن. بۇمۇ بولدۇ، ئاداش، بۇمۇ بىر ساۋاب، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— كىملەر بىلەن چىقتىڭلار؟

— ئازات، ئەكرەم، مەن ئۈچىمىز!

— ئەمىسە ئۆزۈڭ كەينىڭگە يېنىپسەنغۇ؟

— سېنى ئالغىلى كەلدىم... ئاۋۇ ئىككىسى قوي سويۇپ قالدى، باشلىقنى چاقىرمىساق گېلىمىزدىن تاماق ئۆتمەيدۇ، دەپ تۇرۇۋالدى. شۇنىڭ بىلەن سېنى ئالغىلى كەلدىم...

— كىم دېگەننىڭ ساياھەت ئورنى ئىكەن ئۇ؟ — دېدى تاي.

— ئالىم دېگەننىڭ، شەھەردە ئاشخانا ئېچىپ يۈرگەن ئادەم ئىكەن. مىجەزى ياخشى ئادەم ئىكەن، چىقىشىپ قالدۇق... ھە، ماڭمىزما؟ — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە، مەن مال سويغىلى ماڭدىم، ئۇكا، — دېدى مالىك تايغا قاراپ. ئۇ پىچاقلىرىنى كۆتۈرۈپ قوتان تەرەپكە ماڭدى.

— مالىككا، بىللە بېرىپ ئويناپ كەلمەيمىزمۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— رەھمەت، ئۇكا، مەن بۈگۈن سەل ئالدىراپ قالدىم. سىلەر بېرىپ ئويناپ كېلىڭلار، — دېدى مالىك كەينىگە بۇرۇلۇپ.

— خوتۇنغا گەپ قىلماي ماڭسام قانداق بولار؟ — دېدى تاي.

— مالىككام دەپ قويىدۇ! — دېدى ئوسمان.

— مەن مالىككامغا دەپ قوياي، سەن ماشىناڭنى ئايلاندۇرۇپ تۇر.

تاي قوتان تەرەپكە ماڭدى. ئوسمان ماشىنىسىنى ئايلاندۇرۇپ تەييار قىلدى. تاي قايتىپ كېلىپ ماشىنىغا چىقتى. ئوسمان ماشىنىنى قوزغىدى.

— ئارىلىقى خېلى يىراقما؟ — دېدى تاي.

— يىراق ئەمەس، بىراق يول بەك يامان ئىكەن، يېرىم سائەتتە بارىمىز.

— رەڭلىك چىققانمۇ يە؟

— بۇنداق يەرگە رەڭلىك چىقمىساق نېمە بار، ئاداش؟ جىنىڭ تويۇپ بولدى ـ ھە!

— ماڭىمۇ بارمۇ يە؟

— سېنى تاغقا چىققاندىن كېيىن چاقىرىمىز دەپ ساڭىمۇ بىرنى ئالغاچ چىققان، ئاخشام بەك چارچاپ كېتىپتىكەنمىز، بالدۇرلا يېتىپ قالغانتۇق، ئويۇننى بۈگۈن باشلايمىز، ئاداش، سەن باشلىق بولغاندىن كېيىن ساڭا باشلىقتىن بىرنى كەلتۈردۇق!

— ئالامەت... يارايسەن، ئاداش، نەنىڭ بىرنىمىسكەن ئۇ؟ — دېدى تاي خۇشال بولۇپ.

— ئېتىنى قەمەر دەيدۇ، شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقىكەن! — دېدى ئوسمان.

— ئاڭلىغان، خېلىلىكى بار نەرسە ئۇنىڭ، — دېدى تاي.

— تاغقا ئاچىقىۋالغاندىن كېيىن ئاداش ئۇنىڭ خېلىلىكىنى خېمىر قىلىۋېتىمىزغۇ! — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ. قالغان قىزلارنى نەدىن تاپتىڭلار؟

— سەنئەت مەكتىپىنىڭ ئوقۇتقۇچىلىرى شەمشىنۇر، ئالىيە،

مۇنىرە دېگەن قىزلار. تونۇمسەنكەن؟
— ياق، ئاڭلىمىغان قىزلار ئىكەن.
— ئالىيە دېگىنى پېقىرغا كۆڭۈپ. قەمەر ئۇنىڭ دوستىمىش.
— ھە، ئەمىسە بۇگۈن قونۇپ قالىدىكەنمىز ـ دە، ئاداش.
— تاغ دېگەنگە قونغىلى چىقىمىز ـ دە، — دېدى ئۇسمان.
يېرىم سائەتتىن كېيىن، ئۇلار ئالىمنىڭ ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. بۇ ئورۇن جىرانىڭ ئەڭ ئايىغىدىكى ساياھەت ئورنى ئىدى.
— ئۆيلىرىنى ياخشى سېلىۋالغاندەك، ئاداش، — دېدى تاي ئۇسمانغا قاراپ.
— بەك تىنچ يەر ئىكەن، ئاداش، جىنىڭ نەپەس ئالغىنىنىمۇ تىڭشىغىلى بولىدىغان يەر ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ! — دېدى ئۇسمان.
— ئەمىسە كېچىچە جىنىڭ نەپەس ئالغىنىنى تىڭشاپ يېتىپسىلەر ـ دە!
— سەن بولمىغاندىن كېيىن شۇنداق بولىدۇ ـ دە ئەمدى!
— بۇ يەرنى قانداق تاپتىڭلار؟
— ئازات بىلىدىكەن.
— يامان نەرسە ئۇ، بىلمەيدىغان يېرى يوق، — دېدى تاي.
ئازات بىلەن ئەكرەم ئۇسماننىڭ ماشىنىسىنى كۆرۈپ، ئۇلارنىڭ ئالدىغا كەلدى.
— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، — دېدى تاي ئۇلارنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، — ھە، مېنى تاشلاپ ئويۇننى ئۆزۈڭلار ئويناۋېتىپسىلەر ـ دە!
— تاپقىلى بولمىسا، ئاداش سېنى، — دېدى ئازات.
— يانفونۇڭنى ئېچىپ قويمىساڭ بولمىدى. دائىم مۇشۇنداق مۇھىم پەيتتە يانفونۇڭنى ئېتىۋالىسەن، ئېچىۋەت، بۇنىڭدىن

كېيىن ھەققىنى ئۆزۈم تۆلەيمەن، — دېدى ئەكرەم.
— يانفون دېگەننى شەنبە ـ يەكشەنبە كۈنلىرى ئاچمايمىز، بولمىسا دەم ئېلىش بولمايدىكەن ئەمەسمۇ، — دېدى تاي، — ھە، قىزلىرىڭلار كۆرۈنمەيدىغۇ؟
— تـــاغـقـا چىقىپ كـەتتى، چۈشكە يېقىن قـايتىپ كېلىدۇ، — دېدى ئەكرەم.
— بـۇ يـەرنـىـڭـمـۇ پـەيزى بار ئىكەن، رەڭلىك ئويۇن ئوينايدىغان يەر ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ! — دېدى تاي.
— ئالىم لوبەن بىلەن كۆرۈشۈپ قويامسەن؟ — دېدى ئازات تايغا قاراپ.
— كۆرۈشەي، ئۆزى ئاشخانىدا ھەرقاچان، — دېدى تاي.
— ھەئە، تاماققا تەييارلىق قىلىۋاتىدۇ. ئەتىگەن قىزلاردىن سورىساق نېرىن يەيلى دېگەن، — دېدى ئازات.
ئـازات تـايـنـى ئـاشـخانىغا باشلاپ كىردى، ئۇنى ئالىمغا تـونـۇشـتـۇردى، ئـالـىم قولىدىكى ئىشنى تاشلاپ، تاي بىلەن كۆرۈشتى.
— لوبەن دېگەنمۇ ئىشلەمدۇ؟ — دېدى تاي كۈلۈپ.
— تاغدا لوبەنلىك ئاقمايدىكەن ئەمەسمۇ، باشلىق، — دېدى ئالىم كۈلۈپ.
— ياخشى، ئۆزى قول سېلىپ ئىشلىگەنگە يەتمەيدۇ! — دېدى تاي.
ئۇلار ئاشخانىدىن چىقىپ، تاغ باغرىغا قاتار سېلىنغان ياغاچ ئۆيلەرنىڭ بىرىنچىسىگە كىردى.
— ئۆيلىرىمۇ بولىدىكەن. ئەڭ ياخشى يېرى ھاۋا ئۆتۈشۈپ تۇرىدىغان دېرىزىسىمۇ بار ئىكەن، — دېدى تاي.
— ئاخشام سەن يوق، ئاداش، قىزلارنىڭ ھەممىسى بىر ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالدى. بىر كېچە ھارام كەتتى ـ دە! — دېدى ئەكرەم.

— ئەمىسە بۈگۈن بىر كۈننى ئىككى كۈن قىلىپ ياتىسەنكەن ـ دە! — دېدى تاي كۆلۈپ.
بۇ گەپ ھەممەيلەننى كۈلدۈرۈۋەتتى.
— ئەكرەم، قىزلارنى چاقىرىپ چۈشەمسەن ـ يە؟ — دېدى تاي.
— ئالدىرىما، ئاداش، ئۆزلىرى كېلىدۇ. ئەكرەم، قارتىنى ئەكەل، ئاداش، بىردەم قارتا ئويناپلى، — دېدى ئوسمان.
ئەكرەم قارتىنى ئەكەلدى. ئۇلار قارتا ئويناشقا كىرىشتى. چۈشكە يېقىن قالغاندا، قىزلار تاغدىن چۈشتى. ئۇلارنىڭ قولىدا بىر دەستىدىن رەڭگارەڭ تاغ گۈلى بار ئىدى. ئوسمان تاينى ئەگەشتۈرۈپ ئۇلارنىڭ ئالدىغا چىقتى. قىزلار ئۇلارنى كۆرۈپ توختىدى.
— مانا، چىرايلىق قىزلار دېگەن چىرايلىق گۈللەرنى ئۈزۈپ كېلىدىكەن ئەمەسمۇ، گۈلنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىۋالغان ئوخشىمامسىلەر؟ — دېدى ئوسمان قىزلارنى ماختاپ.
— شۇنداق، گۈلنىڭ ئۇۋىسىنى تېپىۋالدۇق، بۇ بىر دەستە گۈلنى تاغ سىزگە سوۋغا قىلدى، — دېدى ئالىيە قولىدىكى گۈلدەستىنى ئوسمانغا سۇنۇپ.
— يائاللا، ئاداش، ئوسماننى كۆرسەڭ ئىنچىكە تىللىرىڭ چىقىپ كېتىدىكىنە؟ بىز ھەممە گەپنى ئاڭلاپ تۇردۇق. تاغ نەدە ئۇنداق گەپلەرنى قىلدى؟ — دېدى شەمشىنۇر قىزىقچىلىق قىلىپ.
— سەن ئاڭلىمىدىڭ، ئاداش، ئەگەر مەن دېگەن گەپلەرنى ئازات دېگەن بولسا، سەن ھە شۇنداق دەپ داپ چېلىپ بېرەتتىڭ! — دېدى ئالىيە كۈلۈپ.
— بىر كەلتۈرۈۋالدىڭ ـ دە، پەمىدۇر! — دېدى شەمشىنۇر كۈلۈپ.
تاي كۈلۈپ كەتتى. «نېمىدېگەن سېمىز قىز بۇ، كۈنىگە

بەش ـ ئالتە قېتىم تاماق يېمىسە قورسىقى تويمايدۇ جۇمۇ بۇ قىزنىڭ! » دېدى تاي ئىچىدە.

— مەن سىلەرگە باشلىق ئاغىنەمنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، — دېدى ئوسمان، — بۇ ئاغىنەمنىڭ ئىسمى تاي بولىدۇ. تونۇگۇن كەينىمىزدىن يولغا چىققان. يولدا ماشىنىسى بۇزۇلۇپ قېلىپ كېلەلمىدى، ئەتىگەن ئۆزۈم ئالدىغا بېرىپ ئۇنى ئەكەلدىم. تونۇشۇپ قېلىڭلار، مەن ئاخشام سىلەرگە گېپىنى قىلىپ بەرگەن ئاغىنەم مۇشۇ بولىدۇ...

مۇنىرە مەنىلىك قىلىپ قەمەرگە قارىدى. قەمەر قولىدىكى گۈللەرنى ئاغزىغا كەلتۈرۈپ پۇراپ قويۇپ، تايغا قارىدى:

— قارشى ئالىمىز، — دېدى ئۇ ناز قىلىپ.

— ئاران تۇرۇپتىكەنسەن ـ دە، ئاداش، — دېدى مۇنىرە چاقچاق قىلىپ.

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن، ئاداش، ئاخشام يالغۇز يېتىپ قورقۇپ كەتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئاخشام مەنمۇ سىزدىن ئەنسىرەپ روھىمنى سىزگە ھەمراھ بولسۇن دەپ ئەۋەتكەنىدىم، سىزنىڭ روھىڭىز بىلەن تېپىشالمىغان ئوخشايدۇ، — دېدى تاي قەمەرنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ.

— ماشىنىڭىزدىن چاتاق چىققاندىن كېيىن روھىڭىزمۇ يولدا قالدى ـ دە! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— كىرا قىلاي دېسە يېنىدا پارچە پولى يوق كېلەلمىگەن گەپ! — دېدى مۇنىرە چاقچاق قىلىپ.

— ياق، ئۇنداق ئەمەس، باشلىق دېگەننىڭ پۇلى بولماي قالامدۇ. ئاغرىپ قالغان گەپ، — دېدى ئالىيە.

— ھە دېگەندە چاپلىشىۋالماي دەپ ھۆرمەت قىلدى ـ دە! — دېدى تاي بوش كەلمەي.

— چاقنىڭ يېلى چىقىپ كەتكەندىن كېيىن ھۆرمەت قىلىدۇ - دە ئەمدى، — دېدى قەمەر.

قىزلار قاقاقلاپ كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ھازىر روھتا ئىشەنچ يوق، ئەڭ ياخشىسى ئۆزىڭىزگە مەھكەم بولۇڭ، — دېدى شەمشىنۇر.

— بۈگۈن مەن روھى يوق ئادەمنى داۋالاپ ساۋاب تاپايچۇ بىر، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— خۇدايىم بۇيرۇسا ياخشى بىر دوختۇرغا ئېرىشىپ قالىدىغان بولدۇم - دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— تاماق تەييار بولۇپ قاپتۇ، قىزلار، قولۇڭلارنى يۇيۇپ تەييار بولۇڭلار، ئۇستام داستىخاننى ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ قارىغاينىڭ ئاستىغا سالىدىغان بولدى، — دېدى ئوسمان.

قىزلار ئۆي تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

— قولىڭىزغا سۇ قۇيۇپ بېرەيمۇ؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كەينىدىن كېلىۋېتىپ.

— لۆڭگىڭىز بارمىتى؟ — دېدى قەمەر كەينىگە قاراپ. ئۇ گېپىنى قىلىپ بولۇپ ئالدىغا قاراپ يۈرۈپ كەتتى.

— بۈگۈن گاچىلىشىپ كەتتىڭغۇ، ئاداش! — دېدى ئوسمان.

— ئۆزىمۇ كېلىشكەن نەرسە ئىكەن، ئەمما گەپكىمۇ ئۇستا ئىكەن... ھە دېگەندە بەك جىق سۆزلەپ كەتمەي دېدىمغۇ! — دېدى تاي.

— گەپتىن ياندىغان ئادەم ئەمەس سەن، — دېدى ئوسمان.

— بۈگۈن ياندىغاندەك قىلىمەن، ئاداش، — دېدى تاي.

خىزمەتكارلار ئاشخانىنىڭ ئالدىدىكى چوڭ قارىغاينىڭ ئاستىغا داستىخان سالدى. ئوسمان مېھمانلارنىڭ ھەممىسىنى داستىخان ئالدىغا يىغدى. تاغنىڭ ساپ ھاۋاسى ئۇلارنىڭ قەلبىنى غىدىقلاشقا باشلىدى. ئوسمان قىزلارنى ھەربىر ئاغىنىسىنىڭ

قېشىغا بىردىن تىزىپ ئورۇنلاشتۇردى. قەمەرنى پەپىلەپ تاينىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزدى.

— قېنى، چاي ئىچىڭلار، مېھمانلار، — دېدى ئوسمان مېھمانلارنى چايغا تەكلىپ قىلىپ.

— بۇلارنىڭ نېنى نېمىدېگەن ئوخشىغان. خېمىرنى سۈتتە يۇغۇرغان ئوخشايدۇ، — دېدى ئالىيە ئوسمانغا قاراپ.

— تاتلىقمىكەن؟ — دېدى ئوسمان.

— تاغنىڭ سۈيى ياخشى، ھاۋاسى ياخشى، شۇڭا نانلىرى ئوخشايدۇ، ئاداش، — دېدى قەمەر.

— بىر تونۇر نان ياققۇزۇپ تۆت - بەشتىن ئالغاچ كەتسەك بولغۇدەك، — دېدى مۇنىرە ئەكرەمگە قاراپ.

— ئەكرەم نان ياقالمايدۇ، مۇنىرە، قەمەرگە دەڭ. تاي نانغا بەك ئۇستا، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— مەن بۇرۇن ناننى كۈندۈزى ياقاتتىم. ئايالىم ماختاپ دولامغا ئۇرۇپ قويسا قاش - كۆزلىرىمنىڭ كۆيۈپ كېتىشىگە قارىماي يېقىۋېرەتتىم، ناننى بەك ئوخشىتاتتىم. كېيىن ئاغىنىلىرىم مېنىڭ بۇ ئىشىمنى بىلىپ قاپتۇ. ئۇلار مېنى شاڭخو قىلغىلى تۇردى. مەن پىسەنت قىلماي يۈرۈۋەردىم. بىر كۈنى ئاپام چاقىرىدۇ، بارسام تىللاپ كەتتى: «مەن سېنى ئوغۇل بالا دەپ تۇغقان، ھە دېگەندىلا خوتۇنۇڭنىڭ نېنىنى يېقىپ بەرسەڭ، ئەتە - ئۆگۈن رۇباشكىسىنىمۇ يۇيۇپ بېرەمسەن، قانداق؟ بۇنىڭدىن كېيىن تونۇرنىڭ قېشىغا كەلگۈچى بولما!» دەپ خاپا بولۇپ كەتتى، شۇنىڭدىن كېيىن كۈندۈزى تونۇرنىڭ قېشىغا كەلمەيدىغان بولدۇم. ھەممە ئادەم ئۇخلاپ قالغان يېرىم كېچىدە نان يېقىۋاتىمەن...

— پاختەك ئالامەت قورقۇتۇۋالغان گەپكەن - دە، ئاداش، — دېدى ئوسمان تاينىڭ چاقچىقىغا ماسلىشىپ.

— نان يېقىۋەرسەڭ تونۇرغا ئامراق بولۇپ كېتىدىكەنسەن،

ئاداش. بىر ھەپتە نان ياقمىسام ئىچىم قىمىشىپ كېتىدۇ قارا. تونۇرغا كۆنۈپ قالىدىكەنسەن، بەزى كۈنلىرى يېرىم كېچىدە تونۇر بېشىغا بېرىپ بېشىمنى تونۇرغا تىقىپ ئولتۇرىمەن، — دېدى تاي.

ئوسمان خىرىلداپ كۈلۈپ كەتتى.

— بىزنىڭ ئەرلىرىمىز سىزدەك نان يېقىشقا ئامراق بولىدىغان بولسا يانپېشىغا سۆيۈپ قوياتتۇق - دە! — دېدى خېلى ئۆزۈنغىچە گەپ قىلماي ئولتۇرغان شەمشىنۇر.

— ئازات، ئەمىسە چۈشتىن كېيىن نان ياقساڭ بولغۇدەك، ئاداش، — دېدى ئەكرەم كۈلۈپ.

— مۇشۇ كۈن، مۇشۇ ئايلاردا ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، خوتۇننىڭ ئاغزىغا قاراپ ياشىغانغا يەتمەيدىكەن. يېقىندا مەن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم، خوتۇنىدىن قورقمايدىغان ئادەملەرنى تۇتىدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.

— ئەپقاچتى گەپ. دەۋېرىدۇ، تۇتمايدۇ. ئۇنداق قىلسا تۈرمە توشامدۇ! — دېدى ئوسمان.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

تاماق كەلتۈرۈلدى، ھەممەيلەن ھۇزۇرلىنىپ تاماققا باقتى.

تاي گۆشنى توغراپ، قەمەرنىڭ ئالدىغا كەلتۈرۈپ قويدى.

— گۆشتىن ئېلىڭ، قەمەر، قارا گۆشكەن، پايدا قىلىدۇ، — دېدى تاي.

— بىر قوللۇق بېقىۋېتىپسىلەر - دە، ئاداش، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— «ئىككى باشلىق بىر بوپتۇ، قۇلاقلىرى دىڭ بوپتۇ» دېگەن شۇ! — دېدى ئازات.

— ئۆيدە خوتۇندىن قورقىمىز. تالادا قىزلاردىن قورقىمىز. بىزنىڭ كونا كېسىلىمىزغۇ، ئاداش بۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ھازىر دېگەن قانداق جاھان، خوتۇنۇمدىن قورقمايمەن

دەپ نوچىلىق قىلىپ جېدەل ئويىنىغۇچە ياۋاشلىق بىلەن قورققان ياخشى، — دېدى ئەكرەم.

— قېنىي، مېھمانلار، تاماقنا بېقىڭلار، نېرىن ئالامەت ئوخشاپتۇ، — دېدى ئوسمان مېھمانلارنى تاماققا زورلاپ.

— ماڭمۇ قارا گۆشتىن توغراپ بەرمەمسىز؟ — دېدى ئوسماننىڭ قېشىدا ئولتۇرغان ئالىيە كۈلۈپ.

— ھوي - ھوي، مەن گەپ بىلەن بولۇپ كېتىپتىمەن ئەمەسمۇ! خاپا بولماڭ، ئاپئاق قىز. گۆش يەيمەن دېسىڭىز مەن بارغۇ، — دېدى ئوسمان. ئۇ ئالىيەگە گۆش توغراپ بەردى.

— تەلەپ قىلسا ھەممە ئادەم توغراپ بېرەلەيدۇ. دېمىسىمۇ تايغا ئوخشاش كۆڭۈلدىكىنى تاپالىسا بولىدۇ، — دېدى ئالىيە كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

مېھمانلار ئىشتىھا بىلەن تاماقلىنىۋاتاتتى. كەيپىيات ناھايىتى ياخشى ئىدى. تاي تاماق يېگەچ پات - پات قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ قوياتتى. قەمەرنىڭ قىلىقلىرى ئۇنى قىزىتىپ قويغانىدى.

— ھە، قورساقمۇ تويۇپ قالدى، ئوتتۇز ئوغۇل، توققۇز قىز، قۇرۇق پاراڭلار جىق بولۇپ كېتىۋاتىدۇ. بىرەر رومكىدىن ئىچىشكەچ ئولتۇرايلى، — دېدى قەمەر مەيدىسىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ.

«بۇگۇن ئىش چاتاقكەن - دە، ماۋۇ نايناق كۆڭلىكى چۇشۇپ قالغۇچە ئىچەمدۇ نېمە؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— ئازات، ھاراقنى ئەكەل، ئاداش، بىز دەيدىغان گەپلەرنى قىزلار دەۋاتىدۇ، ھاڭۋېقىپ قاپتۇق ئەمەسمۇ! — دېدى ئوسمان.

— ھاراقنىڭ گېپىنى قىلمىساڭ بولاتتى، ئاداش، — دېدى ئالىيە.

— تاغ دېگەنگە يەيمىز، ئىچمىز دەپ چىقمىز، ئاداش، چىققاندىن كېيىن ھەممە ئىشنى قىلىش كېرەك، — دېدى قەمەر.

— تەن ساق بولغاندىن كېيىن ئىچىش كېرەك، ئويناش كېرەك، — دېدى ئوسمان. ئۇنىڭ قېشىدا قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇرغان ئالىيە ئۇنىڭغا قاراپ كۈلۈپ كەتتى. ئازات بىر سومكا هاراق كۆتۈرۈپ كەلدى. ئوسمان سومكىنىڭ ئىچىدىن بىر بوتۇلكا قىزىل هاراق ئېلىپ، ئالىيەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. ئارقىدىن بىر بوتۇلكا ئاق هاراق ئېلىپ، ئۆزىنىڭ ئالدىغا تىكلىدى.

— ئەكرەم، ئۇستامغا هايت دەۋەت، قورۇمىلىرىنى، كاۋاپلىرىنى كەلتۈرۈۋەرسۇن، — دېدى ئۇ.

— ئالىيە، سىز مېهمانلارغا قىزىل هاراق قۇيۇپ بېرىڭ. ئەرلەرنىڭ ساقىيلىقىنى مەن قىلاي، بۈگۈن ياخشى بىر ئوينايلى، — دېدى ئوسمان.

ئالىيە نەپىس ئىستاكانلارغا قىزىل هاراقنى قۇيۇپ، قىزلارنىڭ قولىغا تۇتقۇزدى. ئوسمان رومكىغا ئاق هاراق قۇيۇپ، قەدەھ سۆزى قىلدى. ئاندىن قەمەرنىڭ هارىقى بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى. ئۇ قولىدىكى رومكىغا يەنە هاراق قۇيۇپ، تايغا تۇتتى.

تاي:

— مىجەزىم يوق، ئىچمەيمەن، — دەپ تۇرۇۋالدى.

— تاي ئىچمىسە مەنمۇ ئىچمەيمەن، تۇنۇگۈن خوتۇنۇم نەگە بارسىڭىز بېرىڭ، ئەمما هاراق ئىچمەڭ دېگەن. مەنمۇ ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم ئايالىمنىڭ گېپىنى ئاڭلىشىم كېرەك. بىر ئۆمۈر ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ ياشاپتىمەن، لېكىن هېچقانداق پايدىغا ئىگە بولالمىدىم، — دېدى ئازات چىرايىنى ئاچماي.

«بۇ ئاداش سەتەڭ قىزلارنى كۆرسىلا هاراق ئىچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ» دېدى ئەكرەم ئىچىدە.

— مەنمۇ ئىچمەيمەن. تاغقا چىقىشتىن ئىلگىرى قېينانامنى يوقلاپ قوياي دەپ ئۆيىگە بارغانتىم. قېينانام هەققىڭىزگە دۇئا

قىلىپ قوياي، بالام، ھەرگىز ھاراق ئىچمەڭ، دېگەن. مەنمۇ ئىچمەيمەن. ئۆمرۈمدە بىرەر قېتىم قېيىنانامنىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قويسام يامان بولماس، — دېدى ئەكرەم.

— مەن قىزىل ھاراق ئىچەي ئەمىسە، — دېدى تاي.

— كۆڭلىكىمنى بېرىپ تۇرايمۇ؟ ئىچىمدىكى رۇباشكامنى كىيەمسىز - يە؟— دېدى قەمەر كۈلمەي ئولتۇرۇپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دوخاۋا كۆڭلەكلىرىڭىز بارمۇ؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سۈپىتىدىن ئەنسىرىمەڭ. كىيىمەن دېسىڭىزلا ھەممە كىيىمىمنى سېلىپ بېرىمەن! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ. بۇ گەپ بىلەن ئۇنىڭ چىرايىغا نۇر يېغىپ كەتتى.

— نېمە دېسەڭلار دەۋېرىڭلار. مەن قىزىل ھاراق ئىچىمەن! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— قەمەرگە خۇشامەت قىلىۋاتىسەن - ھە! — دېدى ئوسمان.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، ئاداش، خۇشامەت قىلمىساق ياشىغىلى بولمايدۇ، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئەھۋالدىن قارىغاندا تاينىڭ ھاراق ئىچمەسلىكىدىكى سەۋەب مەن ئوخشايمەن. تاي ئىچمىسە ھارىقىنى مەن ئىچىۋېتەي، — دېدى قەمەر. ئۇ تاينىڭ ئالدىدا پارقىراپ تۇرغان رومكىنى قولىغا ئالدى.

«بۇ غىلجىڭ مۇشۇ ھۈنىرى بىلەن مېنى ئىچۈرمەكچى، بۇ مۇمكىن ئەمەس» دېدى تاي ئىچىدە.

قەمەر قىزلارغا بىر - بىرلەپ قاراپ چىقتى. ئۇنىڭ بۇ قاراشلىرىدا چوڭقۇر مەنە بار ئىدى. شۇ تاپتا ئۇ قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈپ، ھاراقنى ئىچىۋەتتى. «يەنە ساراڭلىقى تۇتتى ماۋۇ غىلجىڭنىڭ» دېدى ئالىيە ئىچىدە. ئۇ قەمەرگە ئالىيىپ

قارىدى.

— ماڭا ئالايما، ئالىيە، ئوينىغىلى كەلدۇقمۇ، مۇشۇنداق ئويناپمىز. ئەركەكلەر قورقسا بىز قورقمايمىز! — دېدى قەمەر.

قەمەر قولىدىكى رومكىنى ئوسمانغا بەردى. تاي خىجالەت بولۇپ قالدى.

— قويە، ئاداش، بىلىق كۆزى قىلىپ قويە. ئۆلۈپ تۇگەيدىغان جاھان بۇ، — دېدى تاي بىردىنلا جانلىنىپ.

ئوسمان قولىدىكى رومكىغا هاراق قۇيۇپ، تايغا بەردى:

— بالدۇرراق مۇشۇنداق ئوغۇل بالىچىلىق قىلساڭ بولمامدۇ، ئاداش.

تاي قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

— هە، ئازات، گەپ قىلە، ئاداش، سەن كۆڭلەك كىيمەسەن، رۇباشكىمۇ! — دېدى ئوسمان رومكىغا هاراق قۇيۇپ.

— مەن شەمشىنۇرغا يۈز رۇباشكا ئېلىپ بېرىدىغان بولدۇم، — دېدى ئازات. ئۇ ئوسماننىڭ قولىدىن رومكىنى ئالدى.

— تېخى ئەمدى ئېلىپ بېرىدىغان بولۇۋاتامسىز؟ ئوسمان نېكەم ماڭا ئېلىپ بېرىپ بولغىلى، — دېدى ئالىيە چاقچاققا ئارىلىشىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئوسمان، — دېدى قەمەر، — ماڭا بىر بوتۇلكا هاراق بىلەن بىر رومكا بېرىڭ، بىزمۇ ئاق هاراق ئىچىمىز. قىزىل هاراقنى بىر ئادەم بەش بوتۇلكا ئىچسىمۇ پاشا چاققانچىلىكمۇ قىزىمايدىكەن، بىزمۇ سەل قىزىۋالايلى!

— ئازات، دەرهال كەلتۈر، ئاداش، — دېدى ئوسمان كۈلۈپ تۇرۇپ.

«ئىشنى بۇزىدىغان بولدى ماۋۇ جادۇگەر» دېدى مۇنىرە

ئىچىدە.

— مەن ئاق هاراق ئىچمەيمەن، — دېدى ئالىيە.

— بۈگۈن قايسىڭ ئىچمىسەڭ شەھەرگە بارغاندا پۇت ـ قولىلىرىڭنى باغلاپ ساتىراشخانىغا ئەكىرىپ چاچلىرىڭنى چۈشۈرۈۋېتىمەن، — دېدى قەمەر ۋارقىراپ.

ئازات بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنىڭ ئاغزىغا بىر رومكىنى كىيدۈرۈپ قەمەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى. قەمەر بوتۇلكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ، رومكىغا لىق هاراق قۇيۇپ، ئۆزى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئالدىدىكى چايدىن بىر ئوتلاپ، رومكىغا يەنە لىق هاراق قۇيۇپ، ئالىيەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— مېنى ئۆلتۈرۈۋەتسەڭمۇ ئىچمەيمەن، ئاداش، — دېدى ئالىيە چىرايىنى ئاچماي.

— سەن ئىچمىگەن نەرسە ئەمەس بۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن سېنى ئۆلتۈرۈۋەتمەيمەن. سېنى بۈگۈن قوغدايدىغان ئادەم بار! تۆتىمىزمۇ شۇ بىر شېشىنى ئوينىساق بولدى. ئالامەت پەيزى بولۇپ كېتىمىز. مۇشۇ جاھاندا ئوينايدىغان، ئىچىدىغان ھەممە ياخشى ئىشلارنى ئەرلەر ئۆچۈنلا چىقارمىغان. ئەرلەر ئىچىپ ھۇزۇرلىنىدىغان ئاق هاراقنى بىزمۇ ئىچىپ نايناقشىپ باقمايمىزمۇ! ئىچىش كېرەك، كىم ئىچمىسە بايام دېگەندەك قىلىۋېتىمەن، — دېدى قەمەر.

— ئىچسەم ئىچەي، بىكار تاز بولۇپ كەتمەي يەنە، — دېدى ئالىيە.

سورۇندا كۈلكە كۆتۈرۈلدى.

ئالىيە ئالدىدىكى هاراقنى قولىغا ئالدى. ئۇ هاراققا بىر قاراپ قويۇپ، كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى، ئاندىن رومكىنى قەمەرگە قايتۇرۇپ بەردى.

— مېنىڭمۇ تاز بولغۇم يوق، ماۋۇ قىزىل هاراق بىر چەتتە تۇرۇپ تۇرسۇن، قىزلار، — دېدى ئالىيە قىزلارغا قاراپ.

قەمەر رومكىغا لىق هاراق قۇيۇپ، شەمشىنۇرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بىزنى رەسۋا قىلىدىغان بولدۇڭ ـ دە، ئاداش، — دېدى شەمشىنۇر قەمەرگە ئالىيىپ.

— ئۇنداق سەت گەپ قىلما، ئاداش. قىزلار قىزلارنى قانداق رەسۋا قىلىدۇ؟ بىزنىڭ دۈشمىنىمىز ئەرلەر، بىزنى ئەرلەردىن باشقا ئادەم رەسۋا قىلالمايدۇ! بۈگۈن ئويۇننى شاما قىلمۇېتىمىز. خاتىرجەم بول، — قەمەر.

— ئۆزىمىز شاما بولۇپ كەتمەيلى يەنە، قەمەر، — دېدى مۇنىرە، — بىز مۇشۇ قىزىل هاراقنى ئويناپ بەرسەك بولاتتى.

— ئۇنىمۇ ئوينايمىز، ئاداش، تېخى، — دېدى قەمەر.

شەمشىنۇر كەينىگە بۇرۇلۇپ تۇرۇپ قولىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى.

قەمەر شەمشىنۇر قايتۇرۇپ بەرگەن رومكىغا هاراق قۇيۇپ، مۇنىرەنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— ماۋۇ بىرىنچى رومكا هاراقنى كۆتۈرۈپلا ئىچىۋەت، ئاداش، ئازراق قىزىۋالمىساق بولمايدۇ، — دېدى قەمەر.

— ئەكرەم، سىز ئىچىۋېتىڭە! — دېدى مۇنىرە.

— ئۇنداق ئىش يوق، ئۆزىمىزنىڭكىنى ئۆزىمىز ئىچىمىز، — دېدى قەمەر.

مۇنىرە قولىدىكى رومكىنى كۆتۈرۈۋەتتى.

— ئىشنى مەن بۇزدۇم، ئاغىنىلەر، ئەسلىدە ئۆزۈمنىڭ هارىقىنى ئۆزۈم ئىچكەن بولسام مۇشۇ ئىش يوق، — دېدى تاي.

— ئەمدى ياسىن ئوقۇغىنىڭ بىكار! — دېدى ئوسمان.

— قىزىق ـ قىزىق يۇمۇرلىرىڭلار بولسا دېمەمسىلەر ئەمدى. سىلەرنىڭ هارىقىڭلارنى بىز ئىچىپ باشلاپ بەردۇق، — دېدى قەمەر.

— ئۆزىڭىز باشلاپ بەرمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ، —

دېدى تاي قەمەرگە قاراپ.

— ھەممە ئىشنى مەن باشلاپ بەرسەم قانداق بولار؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— باشلىق بولغاندىن كېيىن ئۆزۈڭ باشلاپ بېرىسەن - دە، ئاداش ئەمدى، — دېدى مۇنىرە كىنايە قىلىپ.

— ئەمىسە، مەن بىر - ئىككى يۇمۇر سۆزلەپ بېرەي. بىر تۇرمىدە ئۈچ قاتىل ياتىدىكەن. بىر كۈنى ئۇلارغا ئۆلۈم جازاسى بېرىپتۇ. ئىجرا قىلىش ئالدىدا ئۇلاردىن «قانداق تەلىپىڭلار بار؟» دەپ سوراپتۇ. بىرى «ئانام بىلەن ئەڭ ئاخىرقى قېتىم كۆرۈشۈۋالغان بولسام» دەپتۇ. يەنە بىرى «ئاشنام بىلەن بىر كۆرۈشتۈرگەن بولساڭلار» دەپتۇ. ئاخىرقى بىر ئاداش نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر، «جازا مەيدانىغا بارىدىغان ئاشۇ قىسقىغىنە ۋاقىت ئىچىدە بولسىمۇ، مېنى مۇشۇ ئىككى گۈيغا باشلىق قىلىپ قويغان بولساڭلار» دەپتۇ...

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئالامەت، تېگى بار يۇمۇر ئىكەن بۇ. مەن مۇشۇ يۇمۇرىڭىز ئۈچۈن سىز بىلەن ئۇرۇشتۇرۇپ بىر رومكا ئىچىۋېتەي، — دېدى تاي قولىدىكى رومكىنى قەمەرنىڭ رومكىسىغا يېقىن كەلتۈرۈپ. ئۇلار ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

— ساڭا ھەرقاچان ھېلىقى باشلىقلىق ئەمەلىنى تەلەپ قىلغان قاتىلنىڭ گېپى يېقىپ كەتتى، ئاداش، — دېدى ئوسمان تايغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئاشۇ گۈينىڭ كاللىسى ئىشلەيدىكەن. ھوقۇقنى ھەقىقىي چۈشىنىدىغان نەرسە ئىكەن ئۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سەنمۇ ئەمەلگە بەك ئامراق، ئاداش، كېيىن دەم ئېلىشقا چىققاندا قانداق قىلارسەن؟ — دېدى ئوسمان ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— قانداق قىلاتتى، ئۆيىدە خوتۇننى باشقۇرۇپ

ئولتۇرامدۇ! — دېدى قەمەر چاققانلىق قىلىپ.
— ئۆيدە دادام ئىلىپ بەرگەن خوتۇننى، تالادا ئۆزۈم ئالغان خوتۇننى باشقۇرۇپ ئۆتىمەن ـ دە شۇ! — دېدى تاي.
— ئۇ ۋاقىتتا تالا خوتۇنىڭىز هاراق قۇيۇپ بەرسە ئىچمەيمەن دەپ تۇرۇۋالىسىز ـ دە! — دېدى قەمەر.
— مېنىڭچە، ئانام بىلەن كۆرۈشۈۋالاي دېگەن هېلىقى ئاداش بولىدىكەن، — دېدى ئەكرەم گەپكە ئارىلىشىپ.
— مەن هېلىقى ئاشنام بىلەن كۆرۈشۈۋالسام دېگەن ئادەمنى ياقتۇرۇپ قالدىم، — دېدى ئازات.
— ئۆلۈم ئالدىدىمۇ ئاشنا ـ پاشنا دەپ يۈرگىنىگە قارىغاندا بىر ئۆمۈر خوتۇنغا تويمىغان نەرسە ئىكەن ئۇ! — دېدى شەمشىنۇر.
— مۇشۇنداق جاهان ئىكەن بۇ، ئاپئاق قىز. بەزىلەر ئۆلۈم ئالدىدىمۇ مال ـ دۇنياغا، خوتۇن ـ پۇلغا تويماي ئۆتىدىكەن. قورسىقى تويسا كۆزى تويمايدىكەن. ئالدىغا يەيدىغان ھەممە نەرسىنى دۆۋىلەپ قويسىمۇ، يەپ بولۇپ ھېچ نەرسە كۆرمىگەندەك ئولتۇرىدىكەن. يەنە بەزىلەر قويىنىدا نازىنىن ياتسىمۇ كۆڭلى يەنە بىر سەتەڭنىڭ كۆلەڭگىسىدە ئۇسسۇل ئوينايدىكەن. يەنە بىرلىرى ماڭالماي يېتىپ قالسىمۇ ئەمەلنىڭ ھەسرىتىدە چىرايىدىن كېتىدىكەن، — دېدى ئازات.
— مېنىڭچە، ئۇلارنىڭ ھەممىسى لاتا، سىڭگەن نېنىنى يەپ ياشاشنى بىلمەيدۇ! — دېدى ئالىيە چىرايىنى ئاچماي.
— شۇ، سىڭدۈرەلمىگەن گەپ، — دېدى ئوسمان.
شەمشىنۇر ئالىيەگە قارىدى:
— ئاچچىقىڭ بەك يامانغۇ، ئاداش.
— ئەمدى دەيمىنا!
— ھە، قەمەر، يەنە بىرنى ئېيتىپ بەرمەمسەن، ئاداش، — دېدى مۇنىرە كۈلۈپ.

— يۇمۇر دېگەن جىققۇ، ئاداش، ئەمدى ئۆچىرەت ئەرلەرگە كەلدى، — دېدى قەمەر تايغا قاراپ.

— ئوسمان، ئۆزۈڭ بىرنى كەلتۈر، ئاداش، — دېدى تاي ئوسمانغا قاراپ.

— مەن دېسەم دەۋىرىمەن، بىراق ھازىر يۇمۇر سۆزلەش ئائىلە بويىچە بولۇۋاتىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە مەن بىر يۇمۇر ئېيتىپ بېرەي، — دېدى تاي قەمەرگە قاراپ قويۇپ، — خوش، بىر تاز بار ئىكەن ـ دە، بىر كۈنى ئاغىنىلىرى بىلەن ھاراق ئىچىپ ئولتۇرغاندا بەدەنلىرى قىزىپ بېشى قىچىشىپ كېتىپتۇ. ئۇ چىدىماي شەپكىسىنىڭ ئۈستىدىن بېشىنى قاشلىغىلى تۇرۇپتۇ. ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرغان بىر ئاغىنىسى ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ: «ھەي تاز، شەپكەڭنى بېشىڭدىن ئېلىۋېتىپ خۇشياقتۇرۇپ قاشلىساڭ بولمامدۇ؟» دەپتۇ. ھېلىقى تاز ئاچچىقلاپ نېمە دەپتۇ دېمەمسىلەر، «ئەمىسە سېنىڭ كاساڭ قىچىشسا ئىشتىنىڭنى سېلىۋېتىپ قاشلامسەن» دەپتۇ...

ھەممەيلەن پاراققىدە كۈلۈشۈپ كەتتى، بولۇپمۇ ئالىيە كۈلۈپ تېلىقىپ قالدى.

— ماۋۇ يۇمۇرۇڭ بولىدىكەن، ئاداش، — دېدى ئوسمان.

— ئەسلىدىغۇ قىچىشقان يەرنى ئىشتاننى سېلىپ قاشلىغانغا يەتمەيدۇ، — دېدى قەمەر.

— ھەرقاچان ئىچىدە كالتە ئىشتىنى يوق ئۇ تازنىڭ! — دېدى ئوسمان.

— تاز دېگەن ئەزەلدىن نامرات بولىدۇ دەڭلار، — دېدى ئازات.

— شۇنىڭغا قارىغاندا بېشى كىگىز بولۇپ كەتكەن تاز ئىكەن ـ دە! — دېدى ئەكرەم.

— تىرنىقى بەك ئۆسكەن تاز ئوخشايدۇ، — دېدى قەمەر

كۇلۇپ.

— ئىشقىلىپ تاز دېگەن تەلەيلىك بولىدىكەن، — دېدى مۇنىرە، — مېنىڭ بىر تاز ساۋاقدىشىم بولىدىغان، ئۇقەت قىلىپ كاتتا باي بولۇپ كەتتى.

— رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ئۆز ۋاقتىدا خىزىر ئەلەيھىسسالام تازلارنىڭ پېشانىسىگە سۆيۈپ قويۇپتىكەن، — دېدى ئەكرەم.

— شۇ، بىر يېرى بار، — دېدى مۇنىرە.

— مېنىڭ چوڭ يەردىن تەمەيىم يوق، ئەگەر تاي باشلىق مېنى بىرنى سۆيۈپ قويسا، ئۇزۇل - كېسىل هاراق ئىچىشنى تاشلايتتىم، — دېدى قەمەر قىزىقچىلىق قىلىپ.

— قەيىرىڭىزگە سۆيىمەن؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ ئوتتەك يالقۇنلاپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇيغۇرچە سۆيىمەن دېسىڭىز پېشانەمگە سۆيۈڭ، ياۋروپاچە سۆيىمەن دېسىڭىز ئۆزىڭىز بىلىسىزغۇ، باشلىق، — دېدى قەمەر كۇلۇپ. ئۇنىڭ كەيپىياتى چاغ ئىدى.

ئوسمان ئىككى بوتۇلكا هاراقنى قۇيۇپ بولغانىدى. قەمەرمۇ قولىدىكى بىر بوتۇلكا ئاق هاراقنى قۇيۇپ بولدى. ئۇ قىزىرىپ تېخىمۇ چىرايلىق بولۇپ كەتكەنىدى.

— هە، قىزلار، گەپ قىلىڭلار، يەنە بىر شېشە ئويناۋمىزمۇ يە؟ — دېدى قەمەر شەمشىنۇرغا قاراپ.

— ئەمدى خۇدايىم توۋا دە، ئاداش. هېلىمۇ ئاز رەسۋا قىلىمىدىڭ بىزنى. يەنە ئىچكۈڭ بولسا ئەرلەرگە قوشۇلۇپ ئىچىۋەر، — دېدى شەمشىنۇر. باشقا قىزلارمۇ شەمشىنۇرنىڭ پىكرىگە قوشۇلدى.

— ئۆمرۈڭلار بىكار ئۆتۈپ كېتىۋاتىدۇ - دە سىلەرنىڭ، تاغ دېگەن ئاسمىنى كەڭرى يەر تۇرسا، ئىچىپ - يېيىلىپ ئويناش كېرەككۇ. شەهەردىكىدەك مارايدىغان ئادەم يوق - دە بۇ يەردە، — دېدى قەمەر.

«بۇ سەتەڭنى بىراقلا مەست قىلىپ قويۇپ تاماشىسىنى كۆرەيمۇ يە؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— قىزلار ئىچمىسە مەنمۇ ئىچمەيمەن. ئالىيە، ئەمىسە قىزىل هارىقىڭنى ماڭدۇرۇۋەر، ئاداش. ئاز - ئازدىن قۇي، — دېدى قەمەر ئالىيەگە قاراپ.

— ئىچىۋېرەمدۇق، ئاداش، كۈن بىر يەرگە بېرىپ قالدى، بىردەمدىلا قاراڭغۇ چۈشىدۇ ئەمدى، يەنە بىر قېتىم تاغقا چىقىپ كەلمەيمىزمۇ! — دېدى ئالىيە.

— چۈشتىن كېيىن تاغقا چىقساڭلار بولمايدۇ، بۇ تاغلاردا بۆرە بەك جىق، ئۇلار مۇشۇنداق ۋاقىتلاردا ئۇۋىسىدىن چىقىپ يەيدىغان نەرسە ئىزدەيدۇ، — دېدى ئوسمان قىزلارنى قورقۇتۇپ.

«ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ» دېدى تاي ئىچىدە.

— بىزنى قورقۇتۇۋاتىسىزغۇ، ئوسمان، — دېدى ئالىيە ئوسمانغا قاراپ.

— راست، بۇ تاغلاردا بۆرە بەك جىق، بىر يىلى بىر سېمىز قىزنىڭ پاچىقىنى چىشلىۋاپتىكەن، — دېدى تاي ئوسمانغا ماسلىشىپ.

— ئەمىسە ئەرلەرنىڭ يامان قىلىقىنى يوقىتۇرۇۋالغانىكەن - دە ئۇ! — دېدى ئالىيە كۈلۈپ.

— ئەسلىي ئەسكى ئەرلەردىن ئۆزگەرگەن بۆرىدۇ ئۇ! — دېدى مۇنىرە قاپىقىنى ئاچماي.

— تاغنىڭ هاۋاسى نېمىدېگەن ياخشى - هە! مەن دائىم مۇشۇنداق ئويلايمەن، ئەگەر مۇشۇنداق ياخشى گەپلەرنى ، ياخشى كۆرۈنۈشلەرنى، ئەرلەرنىڭ يۈرەكلىرىدەك ۋاز - ۋاز پىشىدىغان كاۋاپلارنى، تاغنىڭ يۈرەككە داۋا بولىدىغان سۈزۈك سۇلىرىنى، يەنە مۇشۇ مۇهەببەتلىك كۆنلەرنىڭ هەممە مىنۇتلىرىنى چىرايلىق بىر خرۇستال بوتۇلكىغا سېلىۋالغىلى بولسا، ئادەم بىر ئۆمۈر ئاشۇ بوتۇلكىنى يېنىدىن ئايرىماي يۈرسە، ئۇنىڭ بىلەن كۈندە

بىر سىرداشسا، ئۇ ۋاقىتتا يۈز ياشقا كىرەرمىزمىكىن دەيمەن، — دېدى قەمەر كۆزلىرىنى خۇمارلاشتۇرۇپ.
— مەست بولۇپ قالمىغانسەن، ئاداش؟ — دېدى ئالىيە.
— مەن ساق، ئاداش.
— قېيىپ قاپسەن، ئاداش، ئۆيگە كىرىپ بىردەم يېتىۋالامسەن - يە؟ — دېدى شەمشىنۇر قەمەرگە قاراپ.
— باشلىق دېگەنمۇ مەست بولامدۇ، بىر ئوبدان ياخشى گەپ قىلىۋاتىدىغۇ! — دېدى ئالىيە كۈلۈپ.
— يارايسەن، ئاداش، سەن مېنى چۈشىنىسەن! — دېدى قەمەر.
— قىزلارنى بىردەم ئايلاندۇرۇپ ساياھەت قىلمايمىزمۇ، ئاداش، — ئوسمان تايغا پىچىرلاپ.
— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئاداش، ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتتۇق! — دېدى تاي.
— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، قىزلار، قاراڭغۇ چۈشكىچە بىردەم ساياھەت قىلايلى، كەچكە ئۇستام شورپىغا ئۈگرە قىلىپ بېرىمەن دەۋاتاتتى. كەچنىڭ ئويۇنى ئايرىم بولىدۇ، كەچتە قورداقمۇ قىلماقچى، ئەمىسە شۇنداق قىلىمىزما؟ — دېدى ئوسمان.
— شۇنداق قىلايلى. بەك ئۈزۈن ئولتۇرۇپ كەتتۇق، — دېدى ئالىيە.
— پەيزىڭ بار، ئاداش، ياۋا ئېرىك قولىغا داپ ئېلىپ بولغۇچە ئۇسسۇلغا چۈشۈپ بولىدىغان بولدۇق، — دېدى قەمەر ئالىيەگە ئېگىلىپ پىچىرلاپ.
— بۇ گۈيلارنى سىنىڭ راست دەپ جايلىمىسا بولمايدۇ، ئاداش، — دېدى ئالىيە ئۇنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلاپ، — ئوسمان سېمونت زاۋۇتى سېتىش بۆلۈمىنىڭ مەسئۇلى ھەم تاينىڭ بىردىنبىر يېقىن ئادىمى دېگىنە. ئۇ ئاداشنى ئىككى ماشىنا

سىمونتقا توغرىلاپ قويدۇم.

— ياﺋاللا، نىمىدىگەن چاقغان سەن، — دېدى قەمەر، ئاندىن ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تاينىڭ كۆزىگە قارىدى. تاي ئۇنىڭغا كۇلۇپ قويدى. قەمەر تاينىڭ كۆزلىرى ئارقىلىق ئۇنىڭ قورسىقىدىكىنى بىلىپ بولدى. لېكىن تاي قەمەرنىڭ كۇلۇپ تۇرغان كۆزلىرىنى كۆرگىنى بىلەن، ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىدىكى كۆزىنى كۆرەلمەيتتى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ، تەرەپ - تەرەپكە سەيلە قىلىشقا ماڭدى. قۇياش يەنە بىر ئالەمگە قاراپ ئالدىراش كېتىۋاتاتتى، قۇياش سۆيۈپ ئېچىلدۇرغان گۇللەر مەغرۇر هالدا بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇراتتى. تاي قەمەرنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتۇۋالغانىدى. قەمەر ئېڭىشىپ ئوتلار ئارىسىدىن ئىككى تال گۇل ئۈزۈۋالدى، ئاندىن گۇلنى تايغا تۇتتى:

— يېقىشلىق ئەرلەرگە گۇل تۇتۇش كېرەك،— دېدى ئۇ كۇلۇپ.

— سىز چۇشتە ماڭا بەرگەن گۇللەرنى ئۆيگە ئەكىرىپ بوتۇلكىغا چىلاپ قويدۇم. خۇدايىم بۇيرۇسا شەهەرگە ئەكېتىمەن، — دېدى تاي قەمەرگە خۇشامەت قىلىپ.

— گەپ قولدىكى گۇلدە ئەمەس، تاي، كۆڭۇلدىكى گۇلدە. قولدىكى گۇل مىڭ چىرايلىق بولغىنى بىلەن، ئۈزۈنغا بارماي توزۇيدۇ، سولىشىپ تۇگەيدۇ. يۈرەكتىكى گۇل بولسا مەڭگۇ توزۇمايدۇ. سىز بىر ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسىز، ئەلۋەتتە بۇ تەرەپلەرنى ياخشى بىلىسىز! — دېدى قەمەر.

— رەهمەت، قەمەر. بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز. مېنىڭ خېلى بۇرۇنلا سىز بىلەن تونۇشقۇم بار ئىدى. مانا بۈگۇن خۇدايىم بىزنى مۇشۇ گۇزەل تاغدا ئۇچراشتۇردى،— دېدى تاي هاياجانلانغان بولۇۋېلىپ.

— مەن ئەسلي چىقماي دېگەن. ئوسمان گېپىڭىزنى قىلىپ كەتتى، ئۇنىڭ گېپىنى يىرالماي قالدىم، بىرلا ئەنسىرەيدىغان يېرىم، هايت دەپ شەرەت قىلىپ قويسا كېتىۋېرىدىغان نەرسە

ئىكەن دەپ قالارمىكىن دەپ خىجالەت بولۇۋاتىمەن! — دېدى قەمەر.

— ئۇنداقمۇ ئىش بولامدۇ، ئەگەر ماشىنام بۇزۇلۇپ قالمىغان بولسا مەن تونۇغۇن كەچتىلا يېتىپ كېلەتتىم، — دېدى تاي. ئۇ ئېگىشىپ يەردىن بىر تال قىزىلگۈل ئېلىپ قەمەرنىڭ چىرايلىق قولىقىغا قىستۇرۇپ قويدى.

ئۇلار دەريا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

خېلى ئۇزۇندىن كېيىن، ئۇلار ساياھەت ئورنىغا قايتىپ كەلدى. ئۇستام كەچكە قورداق بىلەن ئۇگرە تەييارلىغانىدى. مېھمانلار تايغا ئەگىشىپ ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردى. ئالىم لوبەن تاماقلارنى شىرەگە كەلتۈردى. مېھمانلار ھوزۇرلىنىپ غىزالىنىشقا باشلىدى. تاماقتىن كېيىن تاي ئالىمغا قارىدى:

— ئەمىسە، لوبەن، ئۆزىڭىز بىر دۇئا قىلىپ بەرمەمسىز! — دېدى تاي ھۆرمەت بىلەن ئالىمغا قاراپ.

— قېنى ئەمىسە، ئامىن! — دېدى ئالىم لوبەن قولىنى كۆتۈرۈپ.

مېھمانلار چالا دۇئا بىلەن ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. تالانى قاراڭغۇلۇق قاپلاپ بولغانىدى. ئالىم ئوسماننىڭ قېشىغا كېلىپ:

— بىر يەرگە گۈلخان يېقىپ بېرەيما؟ — دېدى.

ئوسمان تايغا قارىدى:

— باشلىقتىن سورايلى، قانداق قىلىمىز؟

— مەخسۇس بىر ئورۇنغا گۈلخان يېقىپ يورمەيلى. باللار ئۆزلىرى خالىغان يەرگە بېرىپ ئولتۇرمامدۇ. ياققۇسى كەلسە ئۆزلىرى يېقىۋالىدۇ! — دېدى تاي.

— بۇمۇ بولىدىغان گەپ.

— باشلىق دېگەن باشلىق ـ دە! — دېدى ئوسمان.

مېھمانلار جۈپلىشىپ تەرەپ ـ تەرەپكە كەتتى. تاي قەمەرنى ئەگەشتۈرۈپ دەرياغا قوشۇلىدىغان ئۆستەڭنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئاسماندىكى يۇلتۇزلار ئۇلارغا قاراپ كۈلۈۋاتاتتى.

ئەتراپ شۇقەدەر تىنچ ئىدى. ئۇلار قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

ئۇلار خېلى ئۇزۇن پاراڭلاشتى. تاي قەمەرنى خۇش قىلىش ئۈچۈن ئۇنىڭغا قىزىق - قىزىق چاقچاق - يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇلار ئاشخانىغا كەلگەندە، تاغ باغرىغا قاتار ئورۇنلاشتۇرغان ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئىچىدىكى يورۇقلۇقنى كۆردى.

— باشقىلارنىڭ ھەممىسى كېلىپ بولغانمۇ نېمە؟— دېدى تاي.

— ئۇلار تېخى قايتمىغاندۇ؟ مەيلى ئادەم بولسۇن - بولمىسۇن، ئالىم لوبەننىڭ بالىلىرى ئۆيلەرگە چىراغ يېقىپ قويىدىكەن! — دېدى قەمەر.

ئۇلار بىرىنچى ئۆيگە كىردى. تاغ باغرىغا سېلىنغان بۇ ئۆيلەر ياخشى سەرەمجانلاشتۇرۇلغانىدى. ھەربىر ئۆيدە ئىككى كىشىلىك كارىۋاتتىن ئىككىسى بار ئىدى. تاي ئوڭ تەرەپتىكى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە چىقىپ ئولتۇردى. قەمەر قارشى كارىۋاتتا ئولتۇردى.

— قىزلار كەلگەن بولسا مەن ئۆزۈمنىڭ ئۆيىگە چىقاي، تاي، — دېدى قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئۇلار تېخى كەلمىدى. بىردەم ئولتۇرۇپ دەم ئېلىۋېلىڭ. پاراڭلىرىمىز تېخى تۈگىمىدى، — دېدى تاي.

— ئىككىمىز يالغۇز بىر ئۆيگە كىرىۋالساق باشقىلار خاتا چۈشىنىپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— ساياھەت ئورنىدا ھەممە ئادەم توغرا چۈشىنىدۇ.

تاي ئورنىدىن تۇرۇپ، قەمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— مېنىڭ كۆزۈم چىراغنىڭ ئىسسىغا چىدىمايدۇ، قەمەر، چىراغنى بىردەم ئۆچۈرۈۋەتسەك قانداق؟ — دېدى تاي.

— سەت ئەمەسمۇ، تاي. خەقلەر كۆرۈپ قالسا نېمە دەيدۇ؟— دېدى قەمەر تاتلىق شىۋىرلاپ.

تاي قولىنى ئۇزارتىپ چىراغنىڭ پىلىكىنى چۈشۈرۈۋەتتى…

## ئۈچىنچى باب

# گۈلبوستاننىڭ گۈللىرى

تاي ئورنىدىن سەھەر تۇردى. قەمەر كارىۋاتتا ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇ قەمەرنى ياخشى يېپىپ قويۇپ، تالاغا چىقتى. ئۇ يېنىدىن يانفوننىنى چىقىرىپ، ئوسمانغا تېلېفون بەردى.

— سەن قانچىنچى ئۆيدە؟ ئۈچىنچى؟ تالاغا چىقە، ۋارقىراپ يۈرسەم سەت، — دېدى تاي.

ئوسمان ئۆيدىن چىقتى. ئۇ تاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— ھە، باشلىق، سۈغا چۈشۈۋالدىڭمۇ يە؟ — دېدى.

— ھەئە.

— رەنجىپ قالغاندەك ئالدىراپ تۇرۇۋاتپسەنغۇ! — دېدى ئوسمان.

— بۈگۈن شەھەرگە كىرىپ كەتمىسەم بولمايدۇ، ئاداش.

— قەمەر بىلەن خوشلاشماي ماڭامسەن؟

— تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋالدىم. ئەتە تېلېفون بېرىمەن. زاۋۇتقا تونۇگۈن ئوغرى چۈشۈپتىكەن. ئالدىراپ كېتىپ قالدىم. تېلېفون بېرىمەن، دەيدۇ دەپ قوي. شەھەرگە كىرگەندە ئۆزۈم ئايرىم كۆرۈشىمەن، — دېدى تاي.

— بولىدۇ. ھە، قانداقىراق؟ ئاش - نان بولىدىغاندەكمۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— نېمە دەيدىغانسەن، ئاداش. مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ بىزگە ئاش - نان بولالامدۇ؟ — دېدى تاي.

— ئۇنداق يېرى بولسا، ئەته يەنە تېلېفون بېرىمەن دەپ يۈرمە، مۇشۇنىڭ بىلەن بولدى قىل!

— ئۇنداق دەپ كەتمە، ئاداش. ئازراق چالىسى بار. بويناقلىرىڭنى دەيمەن، كىچىك نەرسىلەر ئىكەن. ئاكامۇ دەپ قويمايدا، — دېدى تاي.

— ھازىرقى ناپناقلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق، ئاداش، ئۆزىدىن چوڭلارنى ئاداش قىلىۋالىدۇ!

— ئەمىسە، مېنى خوتۇنىنىڭ قېشىغا يەتكۈزۈۋەت، ئاداش، — دېدى تاي.

— ماقۇل، يۈزۈمنى يۇيۇۋالاي...

ئوسمان يۈز ـ كۆزلىرىنى يۇيۇپ بولۇپ، ماشىنىسىنى ئوت ئالدۇردى. تاي ماشىنىغا چىقتى. ئوسمان ماشىنىسىنى قوزغىدى. تاي مالىكنىڭ ساياھەت ئورنىغا يېتىپ بارغاندا، گۈلبوستان تېخى ئورنىدىن تۇرمىغانىدى. ئوسمان تاي بىلەن خوشلىشىپ، يەنە قۇيۇندەك تاغ تەرەپكە قاراپ كەتتى.

مالىك ئوچاققا ئوت قالاپ بولۇپ قوللىرىنى يۇيۇۋاتاتتى. ئۇ تاينى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇرۇپ قولىنى ئېرتتى. تاي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، ئۇكا، ھەرھالدا قايتىپ كەپسەن. مەن تېخى سېنى بەش — ئون كۈن تۇرۇپ قالارمىكىن دېگەنىدىم، — دېدى مالىك چاقچاق قىلىپ.

— بەش — ئون كۈن تۇرغۇدەك يەر ئەمەس ئىكەن ئۇ، مالىككا، قەسەم يۇراپ تۇرىدىغان بىر يەرغۇ ئۇ. ئۇ ئاداشمۇ يەر تېپىلمىغاندەك چىقىۋالغان يېرىنى دەيمەن!

— بۇ قېتىمقى ساياھىتىڭنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرۇپسەن ـ ھە، ئۇكا. بىر چالمىدا ئىككى پاختەكنى سوقۇپسەن ـ دە! — دېدى مالىك.

— بىرنېمىلەرنى دەپ كەتتىڭىزغۇ، مالىككا، گېپىڭىزنى

چۈشەنمىدىم...

— سەن چۈشەنمىگەن بىلەن مەن چۈشىنىمەن، ئۇكا، سەن ئويناۋاتقان ئويۇننى ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ ئوينىغان. لېكىن سەن مەندىن يامان ئىكەنسەن. مەن بىر كۈندە بىر تاغقا ئىككى خوتۇن توغرىلاپ باقمىغان! — دېدى مالىك كۈلۈپ.

— ئاغىنەم بىرنەچچە كۈن دەم ئالايلى دەپ چىقىپتىكەن، ئاخشام كېتىمەن دېسەم تۇتۇۋالدى. ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزۈممۇ جىقراق ئىچىپ قويۇپتىمەن. شۇنىڭ بىلەن قونۇپ قالدىم، — دېدى تاي.

— كىمنىڭ ساياھەت ئورنى ئىكەن ئۇ؟

— ئالىم لوبەن دېگەننىڭ...

— ھە... بولدى، ئالىم لوبەننىڭ قېشىغا رەڭلىكچىلەر چىقىدۇ. مەن مۇشۇ سايىنىڭ ھەربىر بۇلۇڭلىرىنى بىلىمەنغۇ، ئۇكا.

— ئۇنداق دەپ چۈشەنسەڭ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى، مالىككا، ئىشقىلىپ، مەن ئۆزۈمگە پاك، — دېدى تاي.

— قاغا بالام ئاپئاق، دەيمىش.

تاي كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ماشىنىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ماشىنىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ئىچىدىن بىر لۆڭگىنى قولىغا ئېلىپ، ماشىنىسىنىڭ ئەينەكلىرىنى ئېرتىشقا باشلىدى.

گۈلبوستان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئىشىكنى ئېچىپ تالاغا چىقتى. ئۇ تاينى كۆرۈپ، ئاستا قېشىغا كەلدى. ئاندىن ئىتتنى دوراپ «ھاۋ» دېۋىدى، تاي بىردىنلا چۆچۈپ كەتتى.

— سەنمىدىڭ! ئەتىگەندە نېمانداق قىلىسەن؟! — دېدى تاي.

— قورقۇپ كەتتىڭىزما؟ شۇنىڭغا قارىغاندا ئاخشام قورققۇدەك بىر ئىش قىلىپسىز - دە!... تۇنۇگۈن نېمە ئۇچۇن ماڭا گەپ قىلماي يوقىلىپ كېتىسىز؟ — دېدى گۈلبوستان.

— مالىكىكامغا دەپ قويدۇمغۇ! ئوسمان ئاغىنىلەرنى ئاچچىقىپتىكەن. ئاخشام ئاشۇلار بىلەن ئولتۇرۇپ قالدىم...

— سىزگە ئاشۇنداق ئىشلار تېپىلىپ تۇرىدىغۇ زادى، — دېدى گۈلبوستان.

— قانداق قىلىسەن ئەمدى، بارمىسام تېخى بولمىغان.

— نەنىڭ قىزلىرىنى ئاچچىقىپتۇ؟ — دېدى گۈلبوستان چاندۇرماي.

— توۋا دە، قالايمىقان سۆزلىمەي...

— ئەمىسە ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرىڭە، ئۇستۇپشىڭىزنى يۇراپ باقاي، ئەتىرنىڭ پۇراقلىرى بارمۇ، يوق! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— يەنە كونا كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتامدۇ؟ سەتلەشمە، خەقلەرگە ئويۇن قويۇپ بەرمەيلى! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرمىسىڭىز، مۇشۇ يەردىلا پۇرايمەن، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ تاينىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇ يەر - بۇيەرلىرىنى پۇرىدى.

— ھە، ياخشى پۇرىۋال، ئىچىڭگە چىڭ تارتىپ پۇرا، — دېدى تاي.

— ئەتىر پۇراۋاتامدۇ نېمە خۇدايىم، ھاراقنىڭ پۇرىقىمۇ يە؟ — دېدى گۈلبوستان.

— ئۆزۈڭ ئەتىردەك خوتۇن تۇرساڭ، مېنىڭ ئۇستۇمدىكى ئەتىرنى قانداق پۇرىيالايسەن؟

— مېنى ئويناتماڭ، تاي، مەن سىزنىڭ ھۇنىرىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمدى بولدى قىل، خوتۇن، ھە، بۈگۈن نېمە ئىش قىلىسىلەر؟

— سۇغا چۈشۈۋېلىڭ، تاي، پاكىز - پاسكىنا يۇرمەڭ، نەس باسىدۇ. ئۇنىڭ ئۇستىگە ماشىنىنى ئۆزىڭىز ھەيدەپ چىقتىڭ-

ڭىز!— دېدى گۈلبوستان تايىنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— ئاخشام چۈشۈمدە بىر كۆك بۆرە بېشىمغا ئولتۇرۇپ قالدى. — دە ھە! مېنى
سېغىنسالڭ مۇشۇنداق بولۇپ قالىسەن. تۇنۇگۈن مەسىلەڭنى ھەل
قىلىپ قوياي دېسەم ئۇنىمىدىڭ يە، — دېدى تاي.
— ساراڭ، تولكە، قاق باش، كېسەل يۇقتۇرۇۋالماڭ
دەۋاتىمەن! — دېدى گۈلبوستان قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.
— گەپنى ئاز قىل، خوتۇن، ئاچچىقىمنى بىلىسەنغۇ! —
دېدى تاي.
— سىزدىن قورقىدىغان گۈلبوستان قالمىدى ئەمدى. بىر
تال چېچىمغا تېگىپ بېقىڭە، سىزگىمۇ تېتىيدىغان ئادەم
چىقىدۇ، — دېدى گۈلبوستان.
— يەنە كېسىلىڭ قوزغىلىۋاتىدۇ جۇمۇ. گەپنى ئاز قىل،
گۇمان قىلما. قورسىقىڭنى كەڭ تۇت. ياخشى كىي، ياخشى يە.
ئۇررۇق - تۇغقانلىرىڭنى يوقلاپ تۇر. خۇشال - خۇرام
ياشىمامسەن! — دېدى تاي.
— سىز مېنى بەك بوزەك قىلىۋالدىڭىز، تاي، ئىككى
قىزنىڭ ئورنىغا ئىككى ئوغلۇم بولۇپ قالغان بولسا، ماڭا
ياردەملىشىپ ئەدىپىڭىزنى بېرىپ تۇراتتى، — دېدى گۈلبوستان.
— دەۋاتقان گېپىنى، ئېلىشىپ قالغان ئادەمدەك
ۋالاقىلىغىنىلى تۇردۇڭغۇ! — دېدى تاي. ئۇ ماشىنىسىنىڭ
ئەينەكلىرىنى ئېرتىپ بولغانىدى، قولىدىكى لۆڭگىنى ماشىنىنىڭ
ئىچىگە تاشلاپ قويدى.
— ئىش ئورنۇمدىن قېپقالدىم، كۈندە ئۆيدىن تالاغا چىقماي
ئولتۇرىمەن. مەن ساراڭ بولماي كىم ساراڭ بولسۇن، — دېدى
گۈلبوستان.
— شۇ ساراڭ بولۇپ قالمىسۇن دەپ تاغقا ئاچىقىپ
ئوينىتىۋاتىمەنغۇ مانا! — دېدى تاي.
— بۇ سىزنىڭ پىلتىكىڭىز، يىلدا بىر قېتىم تاغقا ئاچىقىپ

ئوينىتىپ قويۇپ، قالغان كۈنلەردە مېنى ئۆيگە سولاپ قويۇپ بېشىڭىز قايغان يەردە يۈرىسىز! — دېدى گۈلبوستان.

— ھەي خۇدايىم بەرگەن، خوتۇن، رەمچىلەردەك سۆزلەۋەرمەي، بېرىپ باش - كۆزلىرىڭنى يۇي. ماڭ، چاي ئىچىمىز. چايدىن كېيىن يولغا چىقىمەن.

— مەنغۇ يۈز - كۆزلىرىمنى بىردەمدىلا يۇيۇپ بولىمەن. سىز قانداق قىلىسىز؟ يولغا چىقسىڭىز بىر سوغا چۈشۈۋالسىڭىز بولاتتى...

— مېنى سۆزلىتىپ قويىدىغان بولدۇڭ - دە ھە! تاغ دېگەن ئاسمىنى كەڭرى يەر، كۈنىگە نەچچە يۈز ئادەم كېلىپ - كېتىپ تۇرىدۇ. بىرىنىڭ «ۋايجان» دېگەن ئاۋازىنى ئاڭلاپ قالساڭ تاي شۇ يەردىمىكىن دەيسەنكەن - دە! ئۇنداق قىلما، ئېلىشىپ قالىسەن. قاچانغىچە يىمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەيمەن! — دېدى تاي تېرىككەن بولۇۋېلىپ.

— ھەممە نەرسە نېسى بولۇپ كەتتىغۇ ھازىر سىزگە. بىراقلا تالانى ئۆي قىلىۋالامسىز - يا؟

گۈلبوستاننىڭ بۇ گېپى تايغا تەسىر قىلدى، لېكىن ئۇ يەنىلا ئۆزىنى بېسىۋالدى، ئەگەر ئۇ ۋارقىراپ - جاقىراپ بىرنېمە دېسە، گۈلبوستان ئۇنىڭدىن تېخىمۇ گۇمانلىناتتى. شۇڭا ئۇ يەنە چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇۋالدى.

— مېنى ئۆيدىن قوغلىۋەتسەڭ بولمايدۇ، خوتۇن، سەن ماڭا ئىشەنمىگەن بىلەن مەن ئۆزۈمگە ئىشىنىمەن. مەن ئون يىل خوتۇنسىز قالسامۇ ھەرقانداق خوتۇننى ساڭا تەڭ قىلمايمەن جۇمۇ. ماشىنىنىڭ ئىچىگە كىرە بولمىسا، مەسىلەڭنى بىر ھەل قىلىۋېتەي...

— ساراڭ، ئەسكى، مەن ماشىنىنىڭ ئىچىگە لايىقما؟

— ئەمىسە جېدەل قىلماي تۇرامسەن! ... ئۆيگە بارغاندا مودەنگۈللۈك گىلەمنىڭ ئۈستىدە ئويناپمىز...

— داپشاق، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ئاشخانا تەرەپكە قاراپ ماڭدى.

«بىر ئامال قىلىپ بۇ خوتۇننىڭ ئاغزىنى باسسام بولاتتى. دېگىنىنى قىلىپ بېرىۋاتىمەن. يەنە كوتۇلدايدىغان ئىشى تۈگىمىدى بۇ خوتۇننىڭ. قورسىقى توق، كىيىمى پۈتۈن، يېنىدا خەجلەيدىغان پۇلى بار. كارى نېمە مەن بىلەن» دېدى تاي ئىچىدە.

ناشتىدىن كېيىن، تاي يولغا چىقماقچى بولدى. ئۇ بالىلىرى، قېيناتا ـ قېينانىلىرى ۋە مالىكلار بىلەن خوشلىشىپ، ماشىنىغا چىقتى. ئۇ ماشىنىنى قوزغاپ ئايلاندۇرۇپ تۇرۇشىغا، گۈلبوستان يېرىم خالتا بىر نەرسىنى ئېلىپ ماشىنىنىڭ قېشىغا كەلدى.

— تۈنۈگۈن بىر قىز قۇرۇت سېتىپ كەپتىكەن، قۇرۇتى ياخشى ئىكەن، جىقراق ئېلىۋالدىم. قوشنىلارغا بېرەرمىز. ئالغاچ كېتىڭ، — دېدى گۈلبوستان خالتىنى تايغا تۇتقۇزۇپ.

— بۇنى ياخشى قىلىپسەن. ئەتە ـ ئاخشاملىرى سېنى كۆرگۈم كەلسە قۇرۇتۇڭنى شورىتىپ ئولتۇرىدىغان بولدۇم ـ دە! — دېدى تاي.

— جادۇگەر... قاغدالما... تولكە...

— ئەتىگەندىلا تىللاپ كەتتىڭغۇ، خوتۇن، يولغا چىقىدىغان ئادەمگە ئاقيول تىلەش كېرەكقۇ!

— توختاڭ، مەن ماشىنىغا چىقاي، ماشىنىڭىزنى تۆۋەندىكى ئايلانمىدا توختىتىڭ، سىزگە دەيدىغان گەپ بار، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ماشىنىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ، ماشىنىغا چىقتى.

«بۇ ساراڭ خوتۇن يەنە نېمەدەر ئەمدى؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— نېمانداق كۈلىسىز؟ يات ئادەملەرگە كۈلگەندەك كۈلۈۋاتىسىزغۇ؟ ھەيدەڭە ماشىنىڭىزنى! — دېدى گۈلبوستان.

تاي ماشىنىنى قوزغىدى، ماشىنا ئايلانمىغا كەلگەندە، تاي

ماشىنىنى يولنىڭ چېتىگە تارتىپ توختاتتى.

— ھە، نېمە گېپىڭ بار، ناۋات خوتۇن، بىرەر يېرىمگە بەلگە قىلىپ قويىاي دېگەنمۇ يە؟— دېدى تاي كۆلۈپ.

— خۇدايىم ئىنساپ بەرسۇن، تاي، سىزنى بەلگە بىلەن تۇتۇپ تۇرغىلى بولمايدۇ. سىزگە دەپ قويىدىغان بىرنەچچە ئىش بار. بىرىنچى، ئۆيدىكى گۈللەر قۇرۇپ كەتمىسۇن، سۇ قۇيۇپ تۇرۇڭ. ئىككىنچى، ئۆيگە ئاغزى ئېچىلىپ تۇرىدىغان پاسكىنىلارنى يولۇقتۇرماڭ.

— گەپنى ئاز قىل، خوتۇن، مۇشۇ كۈنلەردە ئۆزۈمنىڭ زاۋۇتتىكى ئىشىنى ھەل قىلالماي يۈرسەم، سەن نەنىڭ گېپىنى قىلىدىغانسەن! — دېدى تاي.

— ھوقۇق ئادەمنىڭ مىجەزىنى ئۆزگەرتىۋېتىدىكەن. بۇرۇن زاۋۇتقا باشلىق بولمىغاندا مۇئاۋىن باشلىق بولۇۋالسام قانائەت قىلاتتىم دەپ يۈردىڭىز. بۇ مەقسىتىڭىزگىمۇ يەتتىڭىز. مانا ئەمدى زاۋۇتنىڭ بىرىنچى قوللۇقىنى تالىشىۋاتىسىز. شۈكرى قىلىڭ! چېكى يوق ئىش بۇنىڭ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسىڭىز قارنى يامان ئادەم بولۇپ قالىسىز، تۇزنىڭ تەمىنى بىلمەيدىغان بولۇپ قالىسىز. ئويلاپ بېقىڭە، ئەگەر سەھرادا يۈرۈۋەرگەن بولسىڭىز، مۇشۇ كۈنلەردە جىنچىراغنىڭ ئاستىدا قىچىشمىغان يېرىڭىزنى تاتىلاپ ئولتۇراتتىڭىز...

«بۇ ساراڭ خوتۇننىڭ چۈشىگە ئاخشامقى جىنچىراغ كىرىپ قالغانمۇ نېمە؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدىكەن، خوتۇن. ھەممە ئىشنى بىلىسەن جۇمۇ سەن، مەن شەھەرگە كىرمىگەن بولسام، ئۇ ۋاقىتتا سەن كىمگە تېگەتتىڭ؟— دېدى تاي كۈلۈپ.

— مېنى نى - نى باللار كەلتۈرەلمەي ساراڭ بولۇپ كەتكەن.

— ئەمسە، قانداقلارچە مەندەك بىر قېرىماي تۇرۇپ

چىشلىرى سارغىيىپ كەتكەن سەھرالىقتا تېگىپ قالدىڭ؟

— خۇدايىم پېشانەمگە يازغىنى شۇ - دە!

— مۇنداق دېمەمسەن! ئالىم خوتۇن - دە سەن. مېنىڭمۇ سەندىن تەلىيىم كەلدى. بىراق سەن مەقسىتىڭگە يېتەلمەي قالدىڭ. كەلمىگەن تەلەيدە ئاناڭنىڭ ھەققى بارمۇ دېگەن يېرى مانا مۇشۇ. شۇڭا ئەمدى گەپنى ئاز قىلساڭ بولىدۇ!

— مەن بۇرۇن سىزگە بەك ئىشىنەتتىم، ھازىر ئىشەنمەيدىغان بولۇپ قالدىم، ھازىر ئەرلەر بەك ئەسكى بولۇپ كەتتى. ئۇلار قولىدىكى ھوقۇقتا، پۇلغا ئىشىنىپ جەمئىيەتتىكى نۇرغۇنلىغان ساددا، ئاجىز، چىقىش يولى تاپالماي يۈرگەن قىزلارنى ساراڭ قىلىپ بولدى. بۇ ئىشلارنىڭ چوقۇم بىر كۈنى سورىقى بولىدۇ. مەن سىزدىن بەك ئەنسىرەيمەن، تاي. توغرا، سىز ھازىر باشلىق. كاللىڭىزغا كەلگەن ئىشلارنى قىلالايسىز، ھوقۇقىڭىز بار. قولىڭىزدا بىر ئەمەس، ئىككى ماشىنىڭىز بار. ئىككى قىزىڭىزنىمۇ ھوقۇقىڭىزغا تايىنىپ ئالىي مەكتەپكە ئوقۇشقا كىرگۈزۈۋالدىڭىز. شۇڭا كۆزىڭىزگە ھېچ نەرسە كۆرۈنمەيۋاتىدۇ. باشقىلارنىڭ پايدىلىق گەپلىرىمۇ قۇلىقىڭىزغا ياقمايدۇ. بازاردا مۇشۇ كۈنلەردە بىر كىلوگرام گۆشنىڭ قانچە پۇلغا سېتىلىدىغانلىقىنىمۇ بىلمەيسىز. تەييار ئەكېلىپ بەرگەننى پوش دېمەي يەۋېرىسىز. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، بۇنداق كۈنلەر بىر كۈنى ئاياغلىشىدۇ، بۇ جاھاندا ھەممە ئادەم ئۆچىرەت بىلەن ياشايدۇ. سىز بىلەن بىز كۆلۈۋېرمەيمىز. خۇدايىم كۆلگىسى بار، لېكىن كۆلەلمەيۋاتقان ئادەملەرگىمۇ پۇرسەت بېرىدۇ. قولىڭىزدىكى ھوقۇق سىزنىڭ ئەمەس، تاي. مۇشۇ ماشىنىمۇ سىزنىڭ ئەمەس. بۇ نەرسىلەرنىڭ ئىگىسى بار. سىز بۇ نەرسىلەردىن ۋاقىتىنچىلا پايدىلىنالايسىز. سىز قانۇنىيەت بويىچە ئەمەس، قىزىقچىلىقتا ئوتتۇرىغا چىقىپ قالغان بىر ئادەم. لازىم تاپقاندا يەنە بىر قىزىقچىلىق قىلىپ ھەر خىل ئۇسۇللار

بىلەن بۇ نەرسىلەرنى سىزدىن بىر مىنۇت ئەمەس، بىر سېكۇنت ئىچىدىلا ئېلىۋالىدۇ. چۈنكى بۇ نەرسىلەر سىزنىڭ ئەمەس ـ دە! ھەتتا ئۆزىڭىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئەمەس ـ دە! خۇدايىم بۇ ئالەمگە بىزنى قانداق ياشايدىكىن قېنى دەپ سىناش ئۈچۈن ياراتقان. بىزنىڭ كۆلىدىغان كۆنلىرىمىز ئۇ دۇنيادا. ئىگىسى سىزگە مۇشۇنداق بىر پۇرسەتنى بېرىش ئارقىلىق سىزنى سىناۋاتىدۇ. بۇ جاھاندا ھەممە نەرسىنىڭ ئىگىسى بار. قاراڭ، مۇنۇ يەردىكى ئېچىلىپ كەتكەن گۈللەرنى كۆردىڭىزمۇ؟ قاراڭ، ئۇلار تۇپراقتا، قۇياش ئاستىدا نېمىدېگەن بەختلىك، ھاۋا بوشلۇقىدا نېمىدېگەن راھەتتە. لېكىن ئاشۇ بەختلىك گۈللەرنىڭ تەقدىرى ئۆزىنىڭ قولىدا ئەمەس، ئۇلار پەسلىگە قۇربان بېرىپ تۇگەيدۇ. كېلەر يىلى يەنە ئېچىلىدۇ دېگەنىبىلەن، كېلەر يىلى ئېچىلىدىغان گۈللەر ھەرگىزمۇ بۇ يىل ئېچىلغان گۈللەر ئەمەس. بىزنىڭ تەقدىرىمىزمۇ مۇشۇنداق، تاي. بىزمۇ يىللارنىڭ قۇربانى. شۇڭا ھەربىر كۈنىمىزنى قەدىرلىشىمىز كېرەك. ۋاقتىدا تەبىئەتتىن، خۇدادىن قورقۇشىمىز كېرەك...

— ماڭا دەرس سۆزلەپ كەتتىڭىغۇ، خوتۇن، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سىزگە دەرس سۆزلىگىلى بولسۇنمۇ، تاي. گەپكە گەپ كېلىپ قالدى. ئەسلىي مەن مۇشۇ كۈنلەردە لەگلەكتەك ئۈچۈپ يۈرىدىغان ئەرلەرنىڭ قىلىقلىرى ئۈستىدە سۆزلىمەكچىدىم. لېكىن گېپىم باشقا يەرگە كېتىپ قالدى... مەن بىرنەچچە يىلدىن بېرى ئۆيدە ئولتۇرۇپ قالغىنىم بىلەن، مەھەللىدە ھەممە ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرۇۋاتىمەن، خوتۇنلار يىغىلغاندا شەھەردىكى ھەممە ئىشلار سۆزلىنىدۇ. ھازىر بەزى ئەرلەر بۇگۈن قارىسىڭىز ئادەمدەك، لېكىن ئەتىسى قارىسىڭىز جىنغا ئوخشاپ قېلىۋاتىدۇ. قىلىپ يۈرگەن قىلىقلىرىدىن بىزار بولىسىز، قورقىسىز. ئۇنىڭدىن ئۈمىدىڭىزنى ئۈزەي دەپ تۇرسىڭىز، ئەتىسى بىر

ئۆزگىرىپلا يەنە باشقا ئادەم بولۇۋالىدۇ. بوپتۇلا، ئوڭشىلىپ قالار دەپ يەنە ئۇنىڭ ئاغزىغا قارايسىز، يەنە بىر كۈنى قارىسىڭىز، جىندەك قىلىقلارنى قىلىپ يۈرگەن. بىر كۈنى ئادەم، بىر كۈنى جىن، ھازىر مۇشۇنداق ئەرلەر ئاز ئەمەس. ئۇلار تۈزنى بۇلغاپ قويۇۋاتىدۇ. ئۇلارغا داۋا يوق. روھىي جەھەتتىكى ۋابا دېگەن مۇشۇ. روھىي جەھەتتىكى راك دېگەن مۇشۇ...

— سەن مەندىن خاتىرجەم بول، خوتۇن، ماڭا ھېچ نەرسە چاپلاشقىنى يوق. خۇدايىم بۇيرۇسا بۇنىڭدىن كېيىنمۇ ھېچ نەرسە چاپلاشمايدۇ. مېنى ئاشۇنداق ئەرلەرگە ئوخشاتساڭ بولمايدۇ. مەن ئۆزۈمگە پاك. مەن مۇشۇ كۆڭىچە سەندىن باشقا بىرەر قىز بالىنىڭ قولىنى ئەمەس، كۆڭلىكىنىڭ بىر بۇرجىكىنىمۇ تۇتۇپ قايرىپ باققان بەندە ئەمەس. ماڭا ئىشەن. «گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار» دېگەن گەپ بار، ماڭا ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشەن. مەن سۇدىن پاكىز، سۇ بولغاندا يەنە ئۆستەڭنىڭ، دەريانىڭ سۇلىرىدىن ئەمەس، بۇلاقنىڭ سۈيىدەك پاك...

— ئىشقىلىپ، ياخشى بولۇڭ، تاي، ياخشى بولسىڭىز ئالدى بىلەن ئۆزىڭىز ئۈچۈن بولىسىز، ئاندىن ياخشىلىقىڭىزنىڭ پايدىسى ئىككى قىزىڭىزغا تېگىدۇ. سىز بىلىسىز، مېنىڭ سىزنىڭ ھېچقانداق نەرسىڭىزدىن تەمەيىم يوق. چۈنكى مۇشۇ كۈنلەردە مەن سىزنى بەك چۈشىنىپ كەتتىم. شۇنىڭدىمۇ مەن سىزگە ئىشىنىمەن. چۈنكى سىز مېنىڭ ئېرىم، ئىككى قىزىمنىڭ دادىسى. مەن ھازىر سىزنىڭ كۆڭلىڭىزدە بولسامۇ بولىدىغان، بولمىسامۇ بولىدىغان ئادەم. مەسىلەن، مەن ھازىر بىر كۆزەتچى. كەچ كېلىپ ئىشىكنى ئاچالمىسىڭىز ئېچىپ بېرىدىغان. مەسىلەن، مەن يەنە كىر يۇيىدىغان ماشىنا، كىيىم - كېچەكلىرىڭىزنى ۋاقتى - ۋاقتىدا يۇيۇپ تەييارلاپ تۇرىدىغان. مېنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغان ئىشلىرىمدىن باشقا رولۇم يوق. بىرلا گەپ، قىزلىرىڭىزنى ئويلاڭ. خۇدادىن

قورقۇق، جامائەتتىن قورقۇق...

— مەن يولغا چىقىپ قالدىم، ساڭا دەيدىغان گېپىم بار ئېدى. سەن شۇ تاپتا ئۆزۈڭنى سۇتتىنمۇ ئاق قىلىشۇەتتىڭ. مېنى يوقلاپ كەلگەن لوبەنلەردىن ئالغان پۇلۇڭنى ھازىرغىچە ئىقرار قىلمايۋاتىسەن. مەن مۇشۇ ئىشلارنى بىلمەيمەنمۇ؟ مەن ھەممە ئىشنى بىلىمەن!

— مەن ھېچكىمدىن پۇل ئالمىدىم، ئەگەر بىرى ماڭا پۇل بەرگەن بولسا، مېنىڭ ئالدىمغا كەلسۇن! — دېدى گۇلبوستان.

— ھازىرچە سېنىڭ راست دەپ تۇراي، — دېدى تاي كۇلۇپ. ئۇ يولغا چىقىشقا ئالدىراپ قالدى.

تاينىڭ دېگەنلىرى راست ئىدى. بىر كۇنى گۇلبوستان تاينى ئىزدەپ كەلگەن بىر لوبەندىن بىر كونۋېرت تاپشۇرۇۋالغانىدى. شۇ كۇنى تاي ئۆيگە مەست كەلگەنىدى. گۇلبوستان كونۋېرتنى ئاچتى. ئۇنىڭ ئىچىدىن خېلى جىق پۇل چىققانىدى. شۇ كۇنى ئۇ پۇلنى كۆرۇپ قورقۇپ كەتكەنىدى. ئاخىرى ئۇ ئاشۇ پۇلنى تايغا دېمەي، بىر يەرگە تىقىپ قويغانىدى. كېيىن تاي ئاشۇ پۇلنىڭ گېپىنى چىقارغاندا، گۇلبوستان كۆرمىدىم دەپ تۇرۇۋالغانىدى.

— ئۆيدە مەن يوق. مەن كەلگۇچە ئىچمەڭ. ئىچمەڭ ئەمەس، ئاز ئىچىڭ. مەست بولۇپ قالسىڭىز ئۆيگە كەلگەندە ئولتۇرغان يېرىڭىزدە ئولتۇرۇپ ئۇخلاپ قالسىز، كېچىدە شامال تېگىپ قالىدۇ، — دېدى گۇلبوستان كۇلۇپ تۇرۇپ.

— سەن يېنىمدا بولمىغىنىڭ بىلەن تامدىكى سۇرىتىڭنى ئېلىپ قۇچاقلاپ ياتسام شامال تەگمەيدۇ! — دېدى تاي كۇلۇپ تۇرۇپ.

— سۇرىتىمنى قۇچاقلىماي ئۆزۈمنى قۇچاقلاڭ، تاي، — دېدى گۇلبوستان كۇلۇپ.

ئۇلار كۇلۇشۇپ كەتتى.

— ئەمىسە مەن ماڭاي، — دېدى تاي.
— ئالدىراپ كېتىۋاتىسىزغۇ؟ — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.
— بەرىبىر ماڭىمەنغۇ! — دېدى تاي، — بولمىسا تۆۋەنگە چۈشۈپ بىرەر چىملىقتا مۇڭدىشامدۇق - يە؟
— ساراڭلىقىڭىز تۇتۇۋاتامدۇ؟ خوش ئەمىسە، يول بولسۇن، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ماشىنىدىن چۈشتى. ئۇ يەردىكى رەڭگارەڭ گۈللەرنى كۆرۈپ، تايغا:
— توختاڭ، سىزگە گۈل ئۈزۈپ بېرەي، — دېدى.
گۈلبوستان ماشىنىنىڭ ئەتراپىدا گۈل ئۈزۈشكە باشلىدى، ئۇنىڭ ئېگىشىپ گۈل ئۈزۈۋاتقان ئوبرازى بەكمۇ گۈزەل ئىدى. ئالدىدا ساڭگىلاپ تۇرغان ئىككى تال ئۈزۈن ئۆرۈمە چاچلىرى قۇياش نۇرى ئاستىدا چىرايلىق پارقىرايتتى. رەڭگارەڭ گۈللەر گۈلبوستاننىڭ چىرايلىق قولىغا يىغىلدى.
«ياخشى خوتۇن بۇ، ئەگەر مەن بۇ خوتۇندىن ئايرىلىپ قالسام ئىشىم چاتاق» دېدى تاي ئىچىدە.
گۈلبوستان قولىدىكى بىر دەستە گۈلنى تايغا تۇتتى.
— ئېلىڭ، بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، ئۆيگە ئاپىرىپ بىر قاچىغا چىلاپ قويۇڭ.
— رەھمەت، خوتۇن. نېمىدېگەن چىرايلىق گۈللەر - ھە. بىزنىڭ سەھرانىڭ گۈللىرىگە ئوخشايدىكەن...
— ياخشىغا ياخشى تىلەك، سەھرالىقتا سەھرا گۈلى، — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.
— خوش، ناۋات خوتۇن، — دېدى تاي.
تاي ماشىنىسىنى قوزغاپ يولغا چىقتى.
گۈلبوستان كەينىگە قايتتى. ئۇ يولدا ئۇچرىغان چىرايلىق گۈللەردىن ئۈزگەچ تاينىڭ ماشىنىسىغا پات - پات قاراپ قويۇاتتى. تاينىڭ ماشىنىسى باغلاقتىن يېشىلگەن ئاساۋ ئاتتەك گۈلبوستاننىڭ كۆز ئالدىدىن ناھايىتى تېز غايىب بولدى.

## توٚتىنچى باب

# قەمەرنىڭ ئۇچىنچى قولى

تاي قەمەر بىلەن تېلېفوندا كۆرۈشتى. قەمەر كەچتە تايىنىڭ تەلىپى بويىچە «ئاق كەپتەر مېھمانخانىسى» غا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۇچىنچى قەۋەتكە چىقىپ، ئون بەشىنچى ئۆيىنىڭ ئىشىكىنى چەكتى. ئىشىك ئاستا ئېچىلدى. قەمەر ئۆيگە كىرىشى بىلەن، تاي چاققانلىق بىلەن ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۇ قەمەرنىڭ چىرايىغا قاراپ روھلىنىپ كەتتى.

— مەن بالدۇر كېلىۋالدىمىكىن دەپ تۇراتتىم، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— مەن بىر سائەت بالدۇر كەلگەن، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردۇم. بۇگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟

— تاغدىن چۈشسەم مۇشۇنداق چىرايلىق بولۇپ كېتىدىمەن، — دېدى قەمەر تولغىنىپ.

تاي ئىشىكنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىشىكنى زەنجىرلىۋەتتى.

— ئىشىكنى ئېتىۋەتمىسەم تېنەپ يۈرگەن بىرەرى ئۇسۇپ كىرمىسۇن يەنە، — دېدى تاي.

قەمەر كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى. تاي دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ پەردىنى يېپىۋەتتى.

— پەردىنى بالدۇرلا يېپىۋەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— بۇ «ئاق كەپتەر مېھمانخانىسى» دا بېشى قېيىپ يۈرگەن

كــەپتەرلەر بىزنى ماراپ ئوينىمىسۇن دەيمەنغۇ! — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— سىز كەپتەرلەرنىڭ مارىشىدىن قورقىسىزكەن ـ دە!

— بەزى كەپتەرلەر ئادەمدىن يامان، قەمەر، — دېدى تاي.

— شــۇڭا، ھــېلــىقى كۈنى تاغدا بىرەر كەپتەر كۆرۈپ قالمىسۇن دەپ، سەھەردە مېنى تاشلاپ قېچىپتىكەنسىز ـ دە!

— مەن تېخى ھازىر سىزگە شۇ گەپنى قىلىپ بېرەي دەپ تــۇراتتىم، — دېدى تاي قەمەرنىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ، — ئۇ كۈنى بەك سەت بولدى، قاراڭ. كەتمىسەم بولمايدىغان بىر ئىش بولۇپ قالدى. شۇ كۈنى زاۋۇت ئىشخانىلىرىغا ئوغرى چۈشۈپتۇ ئەمەسمۇ. ئوغرى چۈشــكەندە يەنــە مېنىڭ ئىشخانامــغا چــۈشۈپتۇ دەڭە!

— بىرنېمىلىرىڭىزنى ئاپتۇما؟

— كىرگەن ئادەم ئالماي قويامدۇ دەمسىز!

— نېمىلىرىڭىزنى ئاپتۇ؟

— ئۇستەلنىڭ تارتمىلىرىدا خېلى جىق پۇل بار ئىدى. يەنە بــەش دانــە قــول سائىتىمۇ بار ئىدى. ھەممىسىنى ئەكېتىپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى تاي قايغۇرغان ھالەتكە كىرىۋېلىپ.

— ئــۇ نــەرســلــىرىــڭــىزنى ئــۆيــڭىزگە ئەكەتسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى قەمەر.

— شۇ ئەمەسمۇ! ئەتە ئەكېتىمەن، ئۆگۈن ئەكېتىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن.

— ساقچىلارغا خەۋەر قىلدىڭلارمۇ؟

— خــەۋەر قىلدۇق، ساقچىلار كېلىپ تەكشۈردى. ئاياغ ئــىــزلىرىنى سۈرەتكە ئالدى. مەندىن نېمىڭىز يوقىلىپتۇ دەپ سورىغانتى. مەن ھېچ نەرسەم يوقالماپتۇ، دەپ قويدۇم.

— ئــۇ نــېــمــە دېــگىنىڭــىز؟ راست گــەپ قــىلــسىڭــىز بولمامدۇ؟ — دېدى قەمەر.

— يوقالغان پۇل يىگىرمە مىڭ سومدىن ئاشاتتى. سائەتلەرمۇ خېلى قىممەتلىك سائەت ئىدى. ئەگەر راست گەپ قىلسام بۇ گەپلەر ئىشچىلارنىڭ قۇلىقىغا يەتسە، ئۇ ۋاقىتتا ئۇلار قانداق ئويلايدۇ؟ ئەگەر راست گەپ قىلسام، ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئىش تېپىۋالغاندەك قىلىمەن. شۇڭا ھېچ نەرسەم يوقالماپتۇ دەپ قويدۇم، — دېدى تاي.

— سىز بەك ئەقىللىق ئادەم ئىكەنسىز، باشلىق. ئەگەر مەن بولغان بولسام ھەممە ئىشنى دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇراتتىم، — دېدى قەمەر.

تاي كىچىك ئۈستەلنى ئالدىغا تارتىپ، بازاردىن ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى.

— سىزنى ئىشقا سېلىپ قويىدىغان بولدۇم، ئاپئاق قىز. سومكىنىڭ ئىچىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىڭ. مەن چاي دەملەي، ئىككىمىز بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، — دېدى تاي.

قەمەر سومكىنىڭ ئىچىدىكى يېمەكلىكلەر بىلەن بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراقنى ئالدى. تاي ئىككى ئىستاكان چاينى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە قويدى، ئاندىن قىزىل ھاراقنى قولىغا ئېلىپ، ئاغزىنى ئېچىپ، ھاراقنى ئىككى ئىستاكانغا قۇيدى.

— ئىككىمىز بىردەم پاراڭلىشىپ ئولتۇرايلى، چارچاپمۇ قالغانسىز، ئاپئاق قىز. مەنمۇ بۈگۈن سىزگە ھەمراھ بولۇپ قىزىل ھاراق ئىچەي! — دېدى تاي.

— ئەسلى بۈگۈن ئىچمىسەك بولاتتى، — دېدى قەمەر.

— ئازراق ئىچىپ قويايلى، ئىچمىسەك گەپ قىزىمايدۇ. قېنى ئەمىسە ئىستاكاننى قولىڭىزغا ئېلىڭ. سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئىچەيلى، — دېدى تاي.

— خوش ئەمىسە، — دېدى قەمەر كۈلۈپ. ئۇ قولىدىكى قىزىل ھاراقنى ئىچىۋەتتى. تاي قەمەرنىڭ ئىستاكانىغا يەنە ھاراق قۇيۇپ قويدى.

— تېلېفوندا بىر گەپ بار دەۋاتاتتىڭىزغۇ؟ — دېدى قەمەر كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— باشقا گەپ ئەمەس، ئاشۇ تاغقا ئىككىمىز ئايرىم بىر چىقىپ كەلسەك دېگەن بىر ئارزۇيۇم بار ئىدى. مۇشۇ ئىشنى سىزگە دەپ باقاي دېگەن، — دېگەن تاي.

— ھە؟ — دېدى قەمەر.

— بەك تىنچ يەر ئىكەن ئۇ. ۋاقىت بولسا بىرەر ھەپتە تۇرۇپ كىرىدىغان يەر ئىكەن، — دېدى تاي.

قەمەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلۈپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— بىر گەپ ئېسىمگە كېلىپ قالدى، — دېدى قەمەر.

— نېمە گەپتى ئۇ؟

— ئالىيە بەك قىزىق، شۇ كۈنى ئەتىگەندە بىزنىڭ ئۆيگە كىرىپتۇ. قوينۇمغا كىرىپ مېنى قۇچاقلاپ يېتىۋالدى. مەن تېخى ئۇنى سىزمىكىن دەپ قاپتىمەن. بىر يەرلىرىنى سىلاشتۇرسام چاتاق. كۆزۈمنى ئېچىپ قارىسام، بىر قىز. قورقۇپ ۋارقىراپ كېتىپتىمەن. چىرايىغا قارىسام ئالىيە، تىللاپ كېتەرمەن ئۇ ساراڭنى. مەن ئۇنىڭدىن بۇ ئۆيگە قانداق كىرىپ قالدىڭ دېسەم، ئوسمان مېنى كىرگۈزگەنتى، تاينىڭ زاۋۇتتا بىر مۇھىم ئىشى چىقىپ قاپتۇ، كەتتى. سەن قەمەرگە مۇشۇ گەپنى ئېيتىپ قوي دېگەنىدى، دېدى. مەن ئۇھ دېدىم-دە، يۈرىكىم جايىغا چۈشتى. چۈنكى مەن شۇ كۈنى ئازراق مەست بولۇپ قالغانىدىم، ھېچ ئىشنى بىلمەيمەن. بىر ۋاقىتلاردا بەدىنىڭىزنى تۇتۇپ قوياي دەپ بەدەنلىرىمنى تۇتۇۋاتقىنىڭىزلا ئېسىمدە...

«ھېچ نەرسىنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋالغىنىنى قارا!» دېدى تاي ئىچىدە. قەمەر تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى، ئۇ مۇشۇ گەپ ئارقىلىق ئۇنىڭ چىرايىدىكى ئۆزگىرىشنى بىلگۈسى بار

ئىدى.

— ئۇ كۆنى قىزنقچىلىقتا مەنمۇ جىق ئىچىۋېتىپتىمەن، — دېدى تاي چاندۇرماي.

— سىزمۇ ھېچ ئىشنى بىلمەمسىز؟ ئەمىسە ئالىيە بىر قىسما گەپلەرنى قىلىپ يۈرىدىغۇ!؟— دېدى قەمەر.

— نېمە دەيدۇ ئۇ قىز؟

— ئۇنىڭ قىلغان گەپلىرىنى مەن سىزگە دېيەلمەيمەن! — دېدى قەمەر يالغاندىن ئىزا تارتقان بولۇۋېلىپ يەرگە قاراپ.

— دەۋېرىڭ، بۇ ئۆيدە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق، — دېدى تاي.

— كېچىچە جىم ياتمىدىڭلار، كارىۋاتنىڭ غىچىلدىغان ئاۋازى تاغدا جىم ياتقان ھايۋانلارنىمۇ ئويغىتىۋەتتى، دەيدۇ،— دېدى قەمەر يەردىن باش كۆتۈرمەي.

تاي يالغاندىن كۈلۈپ قويدى.

— مەن مەست بولۇپ قالسام جىم ياتالمايمەن، — دېدى تاي.

— جىم ياتمىسىڭىز مەيلىغۇ، ھېلىقى ئۆۋۈلاشلىرىڭىز ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىكەن ئەمەسمۇ؟

— مېنى ھاراق بوزەك قىلىدىغان بولۇۋالدى، ھاراق ئىچسەم ئاشۇنداق قوپال بولۇپ قالىمەن!… قېنى ئەمىسە، يەنە بىر كۆتۈرۈۋېتەيلى،— دېدى تاي قولىغا ھاراقنى ئېلىپ. ئۇلار ئىستاكاندىكى ھاراقنى ئىچىۋەتتى.

— تاي، سىز مېنى بەك ئەسكى قىز ئوخشايدۇ دەپ قالدىڭىزغۇ دەيمەن ـ ھە، مەن تاغدا سىز بىلەن بىرىنچى كۆنى تونۇشۇپلا بىر ئۆيدە بولۇپ قاپتىمەن، ئەگەر مەن ھاراق ئىچمىگەن بولسام، بۇنداق ئىش بولمايتتى!— دېدى قەمەر يالغاندىن يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

— ئۇنداق دېمىسىڭىز بولمايدۇ، ياخشى قىز، مەن سىزنى

ھەرگىز ئۇنداق قىزلارغا ئوخشاتمايمەن، ئوسمان ماڭا سىزنىڭ تەرىپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن، مەن سىزنى چوڭ بىلىمەن، سىز قىزلىرىمىز ئىچىدىكى نەتىجىسى بار، ئۈلگە بولۇپ ياشاۋاتقان قىزلارنىڭ بىرى، — دېدى تاي.

— رەھمەت، ئەمما مۇشۇ گېپىڭىز ئۈچۈن ئىچىۋېتەيلى، — دېدى قەمەر قولىغا ھاراقنى ئېلىپ. ئۇلار ئىستاكانلىرىنى يەنە ئۇرۇشتۇردى.

— قېنى، ئاي، ماۋۇ توخۇ گۆشىدىن ئېلىڭ، بۇ توخۇ گۆشىنى بىزنىڭ مەھەللىدىكى لاۋماكام دېگەن تونۇگان ئۇستام پىشۇرغان، ئۇ توخۇ پىشۇرۇشقا بەك ئۇستا ئادەم، قېنى، ئېغىز تېگىڭ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

قەمەر بىر پارچە توخۇ گۆشىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— تەمى ھەقىقەتەن ياخشى ئىكەن، — دېدى قەمەر.

— بىز ھەممە نەرسىنىڭ ياخشىسىنى تاپالايمىزغۇ. ئاپئاق قىز! — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

قەمەر كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— بۈگۈن ئەتىگەن ئوسمان ئىشخانامغا كىرىپتىكەن، ئالىيە قەمەرگە خەۋەر قىلغان بولسا، تۆتىمىز بىر يەرگە بېرىپ ئويناپ كەلگەن بولساق، دېگەنىدى. مەن كېيىنرەك بىر گەپ بولار، ئاداش دەپ ئۇنى يولغا سالغانتىم، سىزمۇ ھەر ھالدا ئالىيەگە ئىككىمىزنىڭ بۈگۈن كۆرۈشكەنلىكىمىزنى ئېيتىپ قويماڭ، — دېدى تاي.

— چۈشەندىم، — دېدى قەمەر بېشىنى كۆتۈرۈپ، — بىر ئىش بار ئىدى، تاي، سىزگە دەي دەيمەن يەنە خىجالەت بولۇۋاتىمەن...

— دەۋېرىڭ، بۇ يەردە مەندىن باشقا ئادەم يوققۇ! — دېدى تاي.

— مېنىڭ بىر ئىنىم بار ئىدى، قۇرۇلۇش ماتېرىياللىرى

بازىرىدا تىرىكچىلىك قىلاتتى. يېقىندىن بېرى بازاردا سېمونت بەك قىس بولۇپ كېتىپتۇ، مېنىڭ قېشىمغا نەچچە قېتىم كېلىپ بولدى. سېمونت زاۋۇتىدا تونۇشۇڭ بولسا ئازراق سېمونت ھەل قىلىپ بەرگەن بولساڭ دەپ بېشىمنى ئاغرىتىپ كېتىۋاتىدۇ...

«تۇتماي قولىنى، قالدىم بالاغا دېگەن مۇشۇ ـ دە مانا، مېنى ھە دېگەندە بىر قويىدىغان بولدى ـ دە بۇ ناينىاق» دېدى تاي ئىچىدە.

— خىجالەت بولماڭ، ھېچقانچە ئىش ئەمەس بۇ، مېنى ئىزدىسۇن! قانچىلىك نەرسە لازىمكەن؟ — دېدى تاي.

— يۈز توننا ئالسام دەيدۇ، ئاڭلىسام سىلەردە ئىچكى باھا بار دەيدىغۇ؟ — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

«يۈز توننا! ئالە شەرىڭنى!» دېدى تاي ئىچىدە.

— بار، ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بولۇڭ، ئىنىڭىز مېنى ئىزدىسۇن، مەن ھەل قىلىپ بېرەي، — دېدى تاي.

— بىر ئىلتىماس يېزىپتىكەن، ماڭا بېرىپ قويغانتى، شۇ ئىلتىماسقا قول قويۇپ بېرەمسىز ـ يە؟ — دېدى قەمەر.

— مەيلى، ئىلتىماس يېنىڭىزدا بارمۇ؟ — دېدى تاي.

— بار.

قەمەر سومكىسىدىن بىر ۋاراق قەغەزنى ئېلىپ تايغا بەردى، تاي ئىلتىماسنى ئوقۇدى، ئاندىن قەغەزگە قول قويۇپ بەردى.

— مانا، ئىچكى باھا بويىچە ھەل قىلىپ بېرىڭلار دەپ يېزىپ بەردىم! — دېدى تاي قەمەرگە قاراپ.

قەمەر تەستىقنى قولىغا ئېلىپ كۆردى، ئاندىن ئۇ تاتلىقىنە كۈلدى.

— رەھمەت، تاي، سىزنى ئاۋارە قىلدىم، — دېدى ئۇ.

تاي قەمەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. قەمەرنىڭ ئۇستىۋېشىدىن تارقىلىپ تۇرۇۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇش پۇراقلىرى ئۇنى مەست قىلىشقا باشلىدى. ئۇ قەمەرنىڭ بويىنىدا گۈلدەك

ئېچىلىپ تۇرغان بۇدۇر چاچلىرىنى تۇتتى، قەمەر قاش ـ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ ئولتۇراتتى، تاي يوغان بىر جۇپ قولىنى ئۇنىڭ كەڭ يەلكىسىگە قويدى.

— قاراڭە، تاغدىكى گۈللەرمۇ چاچلىرىڭىزدىكى بۇدۇرلەرگە يەتمەيدىكەن جۇمۇڭ، — دېدى تاي يۈزىنى قەمەرنىڭ بوينىغا يېقىن ئاپىرىپ.

«ھۆنىرى بەك جىق ئوغرىكەن بۇنىڭ» دېدى قەمەر ئىچىدە...

# بەشىنچى باب

## تاينىڭ ھۈنىرى

ئەتىگەندە تاي زاۋۇتقا كېچىكىپ كەلدى. ئۇنىڭ ئىشخانىسى ئالدىدا زاۋۇتنىڭ پېشقەدەم ئىشچىسى تاھىر ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى.

— ئەسسالامۇئەلەيكۇم، — دېدى تاھىر تايغا سالام بېرىپ.

تاي بۇ پېشقەدەم ئىشچىنىڭ سالىمىنى ئىلىك ئېلىپ، ئۇنى ئىشخانىسىغا باشلىدى.

— خوش، تاھىركا، ئەھۋالىڭىز قانداقراق؟ بالىلىرىڭىز تىنچ - ئامانمۇ؟ — دېدى تاي سەمىمىي ھالدا.

— خۇداغا شۈكرى، ئۇكا،... بالىلارنىڭ گېپىنى قىلما، بالا دېگەن چوڭ بولسا باشقا بالا بولىدىكەن ئەمەسمۇ! بالامنىڭ كەنجىسى ئوغۇل بولىدىغان، بىر تال ئوغۇل دەپ شۇنچىۋالا ئارزۇلاپ باققانىدىم، مانا ئەمدى چوڭ بولۇپ ماڭا دۈشمەن بولدى بۇ بىكۆيۇم...

— بالا دېگەننىڭ دەردى ئۆزى بىللە بىلەن بولىدىغان گەپ ئىكەن، تاھىركا، كىچىك ۋاقتىدا بىزنى كۈلدۈرىدىكەن، چوڭ بولغاندا بىزنى يىغلىتىدىكەن. خاپا بولماڭ، قانداق قىلىمىز ئەمدى...

— بالا دېگەنگە بارغۇ، ئۇكا، ھەرگىز چىرايىڭنى ئاچمىساڭ بولىدىكەن، بۇ گۈيلارنى كىچىكىدىن باشلاپ قورقۇتۇپ تۇرمىساڭ بولمايدىكەن، بولمىسا چوڭ بولغاندا ھاردۇقۇڭ چىقمايدىكەن ئەمەسمۇ، ئۇكا... تۇغۇلغاندا ئەركىلىتىپ ئېتىنى «ئەركىن»

قويغان. مانا هازىر مېنى تازا ئەركىن جايلاۋاتىدۇ، نېمە دەيدۇ دېمەمسەن، ئۇكا، زاۋۇتۇڭلاردا بىنا ئۆي سىلىۋېتىپتۇ، بىنا ئۆي ئېلىپ بەرمىسەڭ تويي قىلمايمەن دەپ جېدەل قىلىۋاتىدۇ قارا، ئۇكا...

— ئۇ بالاڭ نەدە ئىشلەيتتى؟

— شەھەرلىك باج ئىدارىسىدە ئىشلەۋاتىدۇ ئۇ توڭگۇز!

— هە... مۇنداق دە! شۇ، بالاڭنىڭ قورسىقى بەك توق ئىكەن ئەمەسمۇ! ئۇنى كىچىكىدە بەك بېقىۋېتىپسەنكەن ـ دە!

— ئۇنى بىر دېمە، ئۇكا! سۇنىڭ سۆزۈكىنى، چۆپنىڭ ئۇچىنى بېرىپ دېگەندەك چوڭ قىلغانتىم، مانا ئەمدى ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالدىم. خىزمەتكە چىققىلى بەش يىل بولدى، بىر تىيىن پۇلىنى كۆرمىدۇق، مەنغۇ مەيلى، ئاپىسىغا بىر تال ئالما ئەكەلگەن ئەمەس! يەپ ـ ئىچىپ ئويناپلا يۈرىدۇ، يەنە گېپى چوڭ، بىز كىچىك ۋاقتىدا ئۇنداق ئەمەستۇق، ئۇكا، خۇدادىن قالسا دادام، ئانام دەپ ياشايتتۇق، هازىرقى باللاردا ئۇمىد يوق، ئۇكا، نېمە بولۇپ كېتىۋاتىدىكىنتاڭ بۇ جاھان؟ — دېدى تاهىر.

— شۇنىسىمۇ دەيمىز، تاهىركا، يەنىلا بالا ـ دە تېخى، ئوڭشىلىپ قالار... خوش، گېپىڭدىن قارىغاندا بىنادىن ئۆي ئالىمەن دېمەكچىمۇ؟ — دېدى تاي تاهىرغا قاراپ.

— ئۇ نان قېپىنىڭ يېشىمۇ بىر يەرگە يېتىپ باردى. مەيلى قانداق بولسۇن مەجبۇرىيىتىمنى ئادا قىلىپ ئۆيلەپ قويۇشۇم كېرەكقۇ ئەمدى! جامائەتتىن ئىزا تارتمىغان بولسام ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىۋەتتىم جۇمۇ، ئۇكا، ئۇ نان قېپىنى. مۇشۇ كۈندە ئاپىسىغا ئۇنى ئېلىپ بېرىسەن، بۇنى ئېلىپ بېرىسەن دەپ بەك ئەسكىلىك قىلىپ كېتىۋاتىدۇ، ئاپىسىنىڭمۇ جېنىنى ئېلىپ بولدى، ئەگەر بىنا ئۆي ئېلىپ بەرمىسەڭ تويي قىلمايمەن دەۋاتامدۇ، قارا! نېمە ئامالىم بار دەيسەن، ئۇكا، مۇشۇ كۈنلەردە دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن جۇمۇ!

— سەنمۇ ئاڭلىغان بولغىيتتىڭ، بىنانى سېلىشنى باشلىغاندا ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى تەقسىم قىلىپ بولغان ئەمەسمۇ، تاھىركا!
— شۇنداق بولسىمۇ بىرەر يۇرۇش ئۆي چىقىپ قالار، ئۇكا، مېنىڭمۇ يۇزۇمنى قىلىپ قوي. بولمىسا مېنىڭ تەلۋەم مېنى يۈرەك كېسەللى قىلىۋېتىدۇ! — دېدى تاھىر.
— ئەمىسە ئويلىشىپ باقايلى، ئەگەر بىرەر يۇرۇش ئۆي بىكار بولۇپ قالسا، سىزگە بېرەرمىز، — دېدى تاي.
— مۇشۇنداق يېرىڭنى دەيمىز ـ دە، ئۇكا. خۇدايىم ئۆمرۈڭنى بەرسۇن، مۇشۇ كۈندە توت ئادەمنىڭ بېشى بىر يەرگە كەلمىسە ئىش پۈتمەيدۇ، شۇنىڭدىمۇ بىرەرنىڭ ئاغزى قىمشىپ تاھىرنىڭ قورۇ ـ جايى بارغۇ دەپ قالسا، بالىسىنى ئۆيلەيدىكەن، ئۆزى بىناغا چىقىپ ئولتۇرىدىكەن دېسەڭ ئىش ئوڭغا تارتىپ قالار! — دېدى تاھىر تايغا گەپ ئۆگىتىپ.
— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاكا، ئۇ تەرەپلىرىنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن، — دېدى تاي.
— ئۆيدە بىر قارا قوي بار ئىدى، ئۇكا، بەك مەرەپ كېتىۋاتىدۇ، كەچتە ئۆيۈڭگە ئاپىرىپ بېرەيمۇ؟ — دېدى تاھىر كۈلۈپ.
— بىر قويغا سېتىلىپ كېتىدىغان تاي تۇگىدى، تاھىركا! — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— ئەمىسە كۆپەيگەندىراق ئاپىرىپ بەرسەم بولىدىكەن ـ دە! — دېدى تاھىرمۇ.
— ئۇنداق بولسا، تاھىركا، بىرەر ئەھۋال بولسا ساڭا خەۋىرىنى بېرەرمەن، — دېدى تاي سۆھبەتنى تاماملاش نىيىتىدە.
— ۋاقتىڭنى ئالماي، ئۇكا، بايام بىرى ئىشىكنى ئېچىپ ماراۋاتاتتى. بۇگۇن سەن بىلەن كۆرۈشىدىغانلار جىق ئوخشايدۇ... مەن ماڭاي، قىلغىنىڭنى ئۇنتۇمايمەن، ئۇكا! — دېدى تاھىر. ئۇ تاي بىلەن خوشلىشىپ ئىشخانىدىن چىقتى. تاھىر

چىقىشى بىلەن ئوسمان تايىنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. تاي ئۇنى كۆرۈپ ئورنىدىن تۇردى.

— خوش، نېمە قىلىۋاتىسەن، ئاداش؟ — دېدى تاي.

— نېمە قىلاتتىم، ئاداش، ئىشلەۋاتىمەن... ئاڭلىسام نەچچە زاماندىن بېرى بىزگە ئەتە كېلىدىكەن، ئۈگۈن كېلىدىكەن دەپ يۈرگەن باشلىقىمىز كېلىپ قالغان ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— قۇلىقىڭ ئۆزۈن نەرسە سېنىڭ، تىڭتىڭلاپ كەپسەن - دە! — دېدى تاي ئوسماننىڭ كۆزىگە قاراپ.

— تىڭتىڭلىمىساق بولمايدۇ، ئاداش...

— تۈنۈگۈن كەلدى، ئىسمى ئەسقەر ئىكەن...

— بىز دېمەتلىك نەرسىمىكەن - يە؟

— ياقەي، ئەمدى شۇ قىرىق ياشلارغا كىرگەندەك...

— سەن مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە تازا ياخشى يول ماڭمىدىڭ - دە، ئاداش، يول ماڭغان بولساڭ زاۋۇتنىڭ بىرىنچى خوجايىنى سەن بولاتتىڭ - دە!

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئاداش، هازىر هۆكۈمەت ياش كادىرلارنى ئۆستۈرۈۋاتىدۇ، — دېدى تاي.

— كەسپتىن خەۋىرى بارمىكەن ئۇ ئاداشىنىڭ؟ — دېدى ئوسمان.

— ياقەي.

— ئەسلى مۇشۇ ئورۇن سېنىڭ ئورنۇڭ ئىدى، ئاداش، سەن تۆۋەندىن ئۆسكەن، سېختا مۇدىر بولغان، ئەگەر زاۋۇتنى قولۇڭغا ئالغان بولساڭ، زاۋۇتنى پىرقىرىتىۋېتەتتىڭ - دە! — دېدى ئوسمان.

— ئۇنداق ئاسان ئىش يوق، ئاداش، مەن سېنى چاقىراي دەپ تۇراتتىم، ياخشى كېلىپ قالدىڭ، مەن بىر ئىشنى ئويلاۋاتىمەن، مەن بۇ ئىشنى كۆپ ئويلىدىم، بىز هە دېگەندە يېڭى

باشلىق ئەسقەرنى قولغا چۈشۈرۈۋالمىساق بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئۇنى بىزنىڭ مەشرەپكە قوشۇۋالايلى، — دېدى تاي.

— توغرا! مۇنۇ گېپىڭنىڭ جېنى بار، ئاداش، سەن دېگەندەك قىلايلى. بىز بالدۇرراق قول سالمىساق ئۇنى باشقا گۇيلار ئۆزلىرىگە قارىتىۋالىدۇ! — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە ئەتە ئۇنى بىزنىڭ ئاشخانىغا چاقىرىمىزمۇ؟ — دېدى تاي.

— رەڭلىك ئولتۇرۇپ قالساق ئىش ئەپلەشمەسكىمىن!

— بولۇۋېرىدۇ، ھازىر كىم بىلەن كىمنىڭ كارى دەيسەن، ئاداش، قولۇڭدا يېڭى ماللاردىن بارمۇ؟ — دېدى تاي.

ئوسمان كۈلۈپ تۇرۇپ تايغا قارىدى.

— ئۇنى ھە دېگەندە چاپۇتلايمىز دەمسەن؟ — دېدى.

— كۆڭلىنى ئېلىپ قويايلى، ئاداش، پاكىزرەك ماللاردىن بولسا...

— خاتىرجەم بول، سۈرەتتەك بىر قىز بار، تېخى يىگىرمە ياشقا كىرمىدى، قېشى قاش، كۆزى كۆز، بەدەنلىرى تاشتەك...

— يەنىچۇ؟

— يەنە نەرىنى دەپ بېرەي؟ — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— ئاشۇ قىزىڭنى ئەسقەرگە توغرىلايلى ئەمىسە، قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ ئورۇنلاشتۇر.

— خاتىرجەم بول.

— ئەمىسە ئەتە كەچتە بىزنىڭ ئاشخانىغا بارايلى، سەن بالىلارغا خەۋەر قىل، ئالىيەلەرنى كەلتۈرمە، ئۇلار ھازىرچە ئەسقەر بىلەن تونۇشمىسۇن، قالغان قىزلارنى باشقا يەردىن تاپ، ھېلىقى قىزىڭنىڭ ئېتى نېمىتى؟ — دېدى تاي.

— ئارزۇگۈل.

— ئارزۇگۈل دوستلىرىنى ئالغاچ كەلسۇن، — دېدى تاي.

— ئەمىسە مۇشۇنداق بولامدۇ؟ — دېدى ئوسمان.
— مۇشۇنداق قىلايلى، ئاداش...
ئوسمان تاي بىلەن خوشلىشىپ ئۇنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. ئۇ ئازات بىلەن ئەكرەمگە تېلېفون بېرىپ، ئەتىنىڭ ئىشلىرىنى ئورۇنلاشتۇرۇۋەتتى. ئەتىسى كەچتە ئوسمان، ئازات، ئەكرەملەر بالدۇرلا تاينىڭ ئاشخانىسىغا كېلىپ، تاماقنى بۇيرۇتۇپ قويۇپ، مېھماننىڭ يولىغا قاراپ ئولتۇردى. ئۇزۇن ئۆتمەي، تاي يېڭى باشلىق ئەسقەرنى باشلاپ كەلدى. ئۇلار بىرىنچى ئۆيگە كىردى، ئەسقەر مېھمانلار بىلەن كۆرۈشتى.
— يۇقىرى چىقىڭ، ئەسقەر باشلىق، — دېدى تاي.
ئەسقەر كۈلۈپ تۇرۇپ تۆرگە چىقىپ ئولتۇردى.
«بالا چىراي بىر ئاداشكەن بۇ» دېدى ئوسمان ئىچىدە.
«مانتا بەرسە توپىغا مىلەپ يەيدىغان ئاداشقۇ بۇ! گۆدەك چىراي نەرسە ئىكەن» دېدى ئازات ئىچىدە.
كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي ئەكىرىپ بەردى. تاي ئەسقەرنى چايغا تەكلىپ قىلدى.
— قېنى، باشلىق، كۆڭلىڭىز نېمە تاماققا تارتىدىكىن؟ — دېدى تاي ئەسقەرگە قاراپ.
— مەن يېرىم لەڭمەن يەي، — دېدى ئەسقەر.
«مىجەزى خېلى بولىدىغاندەك تۇرىدۇ بۇ ئاداشنىڭ!» دېدى تاي ئىچىدە.
— ئەمىسە ھەممىمىز يېرىمدىن لەڭمەن يەيلى. ئوسمان، شورپىنى كەينىدىن ئەكىرسۇن، — دېدى تاي.
«باشلىق لەڭمەن يەيلى دېسە، بىزمۇ لەڭمەن يەيلى دەيدۇ ماۋۇ ئاداش، تەخسىكەشلىكنى باشلىۋەتكەن گەپكەن ـ دە!» دېدى ئازات ئىچىدە.
— بايام ئۇستامغا مانتا بۇيرۇتۇپ قويغان، مەن چىقىپ ئۆزگەرتىۋېتەي، — دېدى ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— شۇنداق قىل، ئاداش، هازىر مانتىنىڭ ۋاقتى ئەمەس تېخى، مانتىنى ئاخىرىدا يەيمىز! — دېدى تاي كۈلۈپ.

ئوسمان تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ، ئۇستام بىلەن كۆرۈشتى، ئۇ زالغا چىققاندا ئارزۇگۈل بىرنەچچە قىز بىلەن تالادىن ئاشخانىغا كىردى. ئوسمان ئۇلار بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى.

— كېلىڭلار، قىزلار، ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ، مانا، نېمىدېگەن چىرايلىق قىزلار، بىرىنچى ئۆيگە كىرىڭلار، — دېدى ئۇ كۈلۈپ.

ئوسماننىڭ ماختاشلىرى قىزلارغا خۇشياقتى، كۈتكۈچى قىزلار ئۇلارنى ئۆيگە باشلىدى، ئوسمان ئارزۇگۈلنى چاقىرىۋېلىپ، ئۇنى ئىككىنچى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— ياخشى، يارايسەن، چىرايلىق قىزلارنى ئەكېلىپسەن، — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— بىر دوستۇمنىڭ تازا مىجەزى يوق، — دېدى ئارزۇگۈل.

— ئۆزۈڭ بىلىسەنغۇ، بىز ئادەتتىكى دوختۇرلاردىن ئەمەس، قىزلارنىڭ ھەرقانداق كېسەللىرىنى ئالامەت ساقايتىۋېتىمىز. بۈگۈن سەن بىزنىڭ ئەسقەر دېگەن باشلىققا ھەمراھ بولىسەن، ئۇنىڭ تېلېفون نومۇرىنى يېزىۋال، ئەتە - ئاخشاملىرى ئۇنىڭ بىلەن پات - پات كۆرۈشۈپ تۇر، قالغان گەپلەرنى كېيىن ساڭا ئايرىم دەيمەن، مە، ماۋۇ پۇلنى سومكاڭغا سېلىپ قوي، — دېدى ئوسمان. ئۇ يېنىدىن مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ ئارزۇگۈلگە بەردى. ئارزۇگۈل ئوسماننىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ سومكىسىغا سالدى.

— بەك قېرى نەرسە ئەمەستۇر ئەسقەر دېگىنىڭىز؟

— كۆرسەڭ بىلىسەن... تاس قاپتىمەن بىر ئىشنى ئۇنتۇپ قالغىلى، مە، ماۋۇ مېھمانخانىنىڭ ئاچقۇچى، سايبويىدىكى ھېلىقى مېھمانخانىنى بىلىسەنغۇ، ئىككىنچى قەۋەت ئىككىنچى

ئۆي، ئەسقەر مەست بولۇپ قالمىسۇن، ئاز ئىچىڭ دەپ تۇر، ئۇنى بىر مېھمانخانىدىن ئۆي ئېلىپ قويغانتىم، ئاشۇ يەرگە بېرىپ بىردەم ئارام ئالايلى دەپ ئايلاندۇر، — دېدى ئوسمان ئۇنىڭغا ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى تەڭلەپ.

— ماقۇل، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئارزۇگۇل.

ئوسمان ئارزۇگۇلنى بىرىنچى ئۆيگە باشلاپ كىردى، ئاندىن ئۇنى ئەسقەرنىڭ قېشىغا ئولتۇرغۇزدى.

— ئەمىسە قىزلارغا مەن مېھمانلارنى بىر تونۇشتۇرۇۋېتەي، — دېدى ئوسمان كۈلۈپ. ئۇ ھە دېگەندە قىزلارغا ئەسقەرنى تونۇشتۇردى، ئاندىن قالغان ئاغىنىلىرىنى بىر- بىرلەپ تونۇشتۇردى.

— ئارزۇگۇل، ئەمدى قىزلارنى ئۆزىڭىز تونۇشتۇرۇۋېتىڭ! — دېدى ئوسمان.

ئارزۇگۇل كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ قىزلارنى بىر - بىرلەپ تونۇشتۇردى، ئاخىرى ئۆزىنى تونۇشتۇردى.

— ياخشى، ئەمىسە تونۇشۇپ قالدۇق، قىزلار، بىزنىڭ تونۇشمىقىمىز تەس، تونۇشۇپلا قالساق ھەممە ئىشنى توغرىلاپ كېتىمىز، قېنى ئازادە ئولتۇرۇڭلار، بۇلار ئۆزۈڭلارنىڭ ئاكىلىرى، ھەممىسى ناۋاتتەك ياخشى ئادەملەر،— دېدى ئوسمان.

— ئوسمان، قىزلارنىڭمۇ تاماقلىرىنى دەۋەتكەنسەن، ئاداش،— دېدى تاي ئوسمانغا قاراپ.

— بۇيرۇۋەتتىم، ئاداش.

— يارايسەن،— دېدى تاي. ئۇ ئەسقەرگە قارىدى،— ئەسقەر باشلىق، مېنىڭ بۇ ئوسمان ئاغىنەم بەك تېتىك، ئەسلىي زاۋۇت ئىشخانىسىغا مۇدىر قىلىدىغان ئادەم مۇشۇ ئىدى، بىراق يېشى چوڭىيىپ قالدى، — دېدى تاي.

— ھە…،— دېدى ئەسقەر.

— ئوسمانكام ھوقۇقتا ئامراق، ئەگەر ئۇنى ئۈستۈرسەڭلار قېرىپ ئورنىدىن تۇرالمىغۇچە ئىشلەيدۇ، — دېدى ئارزۇگۇل گەپكە ئارىلىشىپ.

— مانا ماۋۇ ئاپئاق قىزنىڭ گېپىنى ھەممىڭلار ئاڭلىغانسىلەر، بالا كەلسە قېرىنداشتىن دېگەن مۇشۇ، — دېدى ئوسمان.

— پۈتۈك ئالمىشىپ قالغۇچە ئىشلەيسەنكەن - دە، ئاداش، — دېدى ئەكرەم چاقچاق قىلىپ.

— ئالجىغۇچە دېمەمسەن! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— سېنىڭ ئاغزىڭ يامان، ئاداش، ئەگەر ئالجىساڭ كېچىدە زاۋۇتقا قارايدىغان قىلىپ قويارمىز! — دېدى تاي چاقچاقتا ئارىلىشىپ.

— مائاشىڭغا ئۈستىخان يىغىپ بەرسەك - ھە، — دېدى ئازات.

— ئۇنىڭغىچە تايچاقلارمۇ مىنگۈدەك بولۇپ قالار، — دېدى ئوسمان بوش كەلمەي.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

كۈتكۈچى قىزلار تاماقنى ئەكىردى، تاماقتىن كېيىن قورۇمىلار كەلتۈرۈلدى، ئاندىن شورپا كەلتۈرۈلدى. تاي ھاراقنى ئۆزى قۇيدى. قىزىل ھاراقنى ئارزۇگۇل قۇيدى، ئۇلار خۇشخۇي ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى، تاي ھاراقنى ئىككى رومكىدىن ماڭدۇرۇۋەردى، يېرىم سائەت ئىچىدە ئىككى بوتۇلكا ھاراق تۈگىدى.

— ھاراقنى بەك تېز ئىچىۋاتىمىزمۇ، قانداق؟ — دېدى ئەسقەر تايغا قاراپ.

— ئەمىسە بىر رومكىدىن ماڭدۇراي، — دېدى تاي. ئۇ بىر رومكىنى قېشىدىكى شىرەگە ئېلىپ قويدى. ئەسقەر ئەدەپكە چىقىپ كىرەي دەپ ئورنىدىن تۇردى، تاي ئوسمانغا كەينىدىن

چىققىن دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى. ئوسمان ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى، ئەسقەر زالغا چىقىپ ھاجەتخانىغا كىرىپ كەتتى، ئوسمان ئۇنى كۈتۈپ ھاجەتخانىنىڭ قېشىدا تاماكا چېكىپ تۇردى، ئۇزۇن ئۆتمەي ئەسقەر ھاجەتخانىدىن چىقتى. ئۇ ئوسماننى كۆردى. ئوسمان كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەن سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئوسمانكا، مۇشۇ ئاشخانىنى بىزنىڭ تاينىڭ ئاشخانىسى دەپ ئاڭلايمەنغۇ؟ — دېدى ئەسقەر.

— شۇنداق، باشلىق، بۇ ئاشخانا تاينىڭ. ئۇنىڭ بىر ۋاكالەتچىسى بار، بۇ ئاشخانىنى ئاشۇ ئادەم باشقۇرىدۇ. بۇ ئاشخانىغىمۇ ئون يىلدىن ئاشتى، سودىسى بەك ياخشى، تائاملارنىڭ تۈرى جىق، تەممۇ ياخشى. ئەسلىي بۇ ئاشخانىنىڭ ئورنى بىر بوۋاينىڭ قورۇ - جايى ئىدى، تاينىڭ دادىسى تۇرسۇنكام ئۆز ۋاقتىدا بۇ قورۇ - جاينى سېتىۋېلىپ، تايغا ئاشخانا قىلىپ بەرگەن.

— ھە... مۇنداق دەڭ، تۇرسۇنكام نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم ئۇ؟ — دېدى ئەسقەر.

— دېھقان، سەھرادا تۇرىدۇ، باي ئادەم، تاغدا، ئۆلكىدە ماللىرى بار، بىر ئون زاۋۇتى، ئىككى ماي زاۋۇتى بار، بەك يولى بار ئادەم ئۇ. تاينىڭمۇ بەك يۈزى بار، بۇ ئاغىنەمنىڭ داستىخىنى كەڭ.

— ھە... مۇنداق گەپكەن - دە! تۈنۈگۈن بىرى مۇشۇ گەپنى قىلىپ قالدى، — دېدى ئەسقەر. ئۇلار ئۆيگە كىردى.

— قويىڭە سىزنى، ئوسمانكا، مېنى بەك ئەنسىرىتىۋەتتىڭىز جۇمۇ! ئەسقەركامنى ئېلىپ قېچىپ كەتتىمىكىن دەپ بىر قىسملا بولۇپ قالدىم! — دېدى ئارزۇگۈل چاقچاق قىلىپ.

— مەن ئەزەلدىن خەقنىڭ ئادىمىنى ئېلىپ قاچمايمەن، سىڭلىم، — دېدى ئوسمان ئارزۇگۈلنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— باشلىقنى بىر يەرگە تىقىپ قويۇپ ئۆزۈڭ بىرەر كۈن بولسىمۇ باشلىق بولۇۋالاي دېگەنمىتىڭ - يا؟ — دېدى ئازات چاقچاق قىلىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

ھاراق خېلى جىق ئىچىلگەندىن كېيىن، مېھمانلار ئۆز جۈپتىلىرى بىلەن پىچىرلىششقا باشلىدى. ئارزۇگۈل ئەسقەرگە چاپلىشىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قېنىنى قىزىتىۋاتاتتى. ئوسمان ئارزۇگۈلگە قاراپ «مېڭىڭلار» دېگەن مەنىدە ئىشارەت قىلدى.

ئارزۇگۈل ئەسقەرنىڭ قۇلىقىغا پىچىرلىدى:

— ئەمىسە مەن تالاغا چىقىپ تاكسى توسۇپ تۇراي، سىز كەينىمدىن چىقىڭ! — دېدى ئارزۇگۈل.

بۇ گەپ قېنى قىزىپ تۇرغان ئەسقەرگە بەك خۇشياقتى:

— شۇنداق بولسۇن، سىز چىقىپ تۇرۇڭ، مەن كەينىڭىزدىن چىقاي، — دېدى ئۇ.

ئارزۇگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ، سومكىسىنى ئېلىپ تالاغا ماڭدى، ئۇنىڭ دوستلىرى جۈپتىلىرى بىلەن قىزغىن پاراڭغا چۈشۈپ كەتكەندى.

— مەن سەل قىزىپ قالدىم، تايكا، مەن ماڭغاچ تۇراي، — دېدى ئەسقەر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— مەن ماشىنا بىلەن ئۆيىڭىزگە يەتكۈزۈپ قوياي، باشلىق، — دېدى تاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ياق، رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلماي، مېڭىپ سەگىپ كېتىمەن، سىز قالمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى ئەسقەر.

— خوش ئەمىسە، ياخشى كۆتەلمىدۇق، خاپا بولمايسىز! — دېدى تاي.

— ئۇنداق دېمەڭ، ياخشى ئولتۇردۇق... خوش ئەمىسە...، — دېدى ئەسقەر. ئۇ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

— ئىشلار جايىدىدۇ، ئاداش؟ — دېدى تاي ئوسمانغا قاراپ.

— خاتىرجەم بول، ئاداش، ھەممە ئىشنى ياپسا كەلتۈرۈپ بولدۇم، — دېدى ئوسمان.

ئەسقەر تالاغا چىقىپ، ئارزۇگۈلنى ئىزدىدى. ئارزۇگۈل يولنىڭ چېتىدە تۇرغان بىر تاكسىنىڭ ئىچىدە ئىدى. ئۇ ئەسقەرنى كۆرۈپ، تاكسىنىڭ ئىشىكىنى ئېچىپ ئۇنىڭغا قارىدى، ئەسقەر كېلىپ تاكسىغا چىقتى. تاكسىچى ماشىنىسىنى ئارزۇگۈل باشلىغان مېھمانخانىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ توختاتتى، ئۇلار تاكسىدىن چۈشۈپ مېھمانخانىغا كىردى.

— ئۇھ، بەك ھېرىپ كەتتىما، مېھمان بولماقمۇ تەس ئىكەن، — دېدى ئارزۇگۈل ئۆزىنى كارىۋاتقا تاشلاپ.

— مەنمۇ ھېرىپ كەتتىم، ئارزۇگۈل، ئەگەر سىز ئاز ئىچىڭ دەپ تۇرمىغان بولسىڭىز، مەن ئاللىقاچان مەست بولۇپ كەتكەن بولاتتىم، — دېدى ئەسقەر. ئۇ تېلېۋىزورنى ئاچتى، ئاندىن ئارزۇگۈلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— جىق ئىچىۋالسىڭىز سىز بىلەن مۇڭدىشالماي قالىمەن-دە، — دېدى ئارزۇگۈل.

— كۆڭلىڭىز بەك ياخشى ئىكەن، ئارزۇگۈل، — دېدى ئەسقەر قولىنى ئارزۇگۈلنىڭ كۆكسىگە قويۇپ. ئارزۇگۈل ئەسقەرنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمىدى. ئۇ تاتلىق كۈلۈپ ياتاتتى، ئەسقەر ئۇنىڭ كۆڭلىكىنىڭ تۈگمىسىنى يەشتى.

— ئەسقەركا، بىر قول كۆڭلىكىمنىڭ تۈگمىسىنى ئويناۋاتىدۇ، — دېدى ئارزۇگۈل ئەركىلەپ.

— قورقماڭ، سىڭلىم، ئۇ ئەسلى مېھرىبان قول، — دېدى ئەسقەر ئۇنىڭ قېشىدا يېتىپ. ئارزۇگۈل ئەسقەر چىڭ قۇچاقلىۋالدى...

ئەسقەر نەپسىنى قاندۇرۇپ ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۇخلاپ قالدى. ئۇ بىرەر سائەتتىن كېيىن ئويغۇسىنى ئاچتى، ئەمەلىيەتتە ئۇنى تېلېۋىزورنىڭ ئاۋازى ئويغىتىۋەتكەنىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ،

تازىلىق ئۆيگە كىرىپ ئۆزىنى يۇدى، قايتىپ چىقىپ كىيىملىرىنى كىيىپ، يانچۇقىدىن قول سائىتىنى ئېلىپ قارىدى.

«سائەت بىر بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆيگە قايتاي جۇمۇ! ئۆيگە بارغۇچە چېچىممۇ قۇرۇپ قالار» دېدى ئەسقەر ئىچىدە. ئۇ ئاززۇگۇلگە قارىدى، ئاززۇگۇل بەك تاتلىق ئۇخلاۋاتاتتى. ئۇنىڭ چىرايىدىن، قاشلىرىدىن ياشلىق باھارىنىڭ نۇرلىرى چاقناپ تۇراتتى. يوتقاننىڭ تېشىغا چىقىپ قالغان ئاپئاق پۇتى يەنە بىر قېتىم ئەسقەرنىڭ ھېسسىياتىنى قوزغىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ پۇتىنى يېپىپ قويدى.

«ئەمدى كەتمىسەم بولمايدۇ. يانفوننىڭ نومۇرىنى ئېلىۋالدىم، ئەتە تېلېفون بېرىپ چۈشەندۈرۈپ قويسام بولدى» دېدى ئۇ ئىچىدە.

ئەسقەر توكنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

ئاززۇگۇل تاڭ ئاتقاندا ئويغاندى، ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇياق - بۇياققا بىر قارىۋېتىپ، تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنى يۇيۇپ بولغاندىن كېيىن، قايتىپ چىقىپ كىيىملىرىنى كىيدى.

«ئاۋۇ قېرى مېنى ئويغىتىپ قويسا بولماسمىدى، بۇ گۇيلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق ئەسكى، كۆزلىرىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغۇچە ۋاي دەپ يالىغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ، خۇماردىن چىقىپ بولغاندىن كېيىنلا ئادەمدىن يۈز ئۆرۈيدۇ» دېدى ئاززۇگۇل ئىچىدە. ئۇ چاچلىرىنى تاراپ ئۆزىنى تۈزەشتۈرۈپ، سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقتى. بىرىنچى قەۋەتكە چۈشۈپ ئۆيىنىڭ ئاچقۇچىنى كاسسىرغا تاپشۇرۇۋېتىپ مېھمانخانىدىن چىقىپ كەتتى. ئاززۇگۇل ياتىقىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئىشكنى ئېچىپ ئۆيگە كىردى. سائادەت چاي ئىچىۋاتاتتى، ئۇ ئاززۇگۇل بىلەن بىر تانسخانىدا ئىشلەيتتى. ئۇلار ئىككىسى بىرلىشىپ مۇشۇ بىنادىن بىر يۈرۈش ئۆي ئېلىپ ئولتۇرغانىدى.

— بارمۇسەن، ئاداش؟ قونۇپ قالمەن دەپ تېلېفون قىلىۋەتسەڭ بولمامدۇ، ئادەمنى ئەنسىرىتىپ…، — دېدى سائادەت.

— قونمايمەن دېگەنتىم، ئاخشام بىر ئاداش بىلەن جۈپلىشىپ قالغان. خوتۇنسىراپ كەتكەن ئاداش ئىكەن، كېچىچە قويۇۋەتمەي جېنىمنى جاڭگالدا قويدى، — دېدى ئارزۇگۇل.

— ناشتا قىلدىڭمۇ؟ — دېدى سائادەت.

— ياق.

— كەل ئەمىسە، بىللە چاي ئىچىمىز، ئاخشام تاماق يېمەي يېتىپ قالغانىدىم، قورسىقىم ئېچىپ كەتتى، تۆۋەنگە چۈشۈپ توخۇ كاۋىپى ئاچىقايمۇ يە؟ — دېدى سائادەت.

— مەيلى، ئاداش، ئۆلۈپ تۇگەيدىغان جاھانغا! — دېدى ئارزۇگۇل.

سائادەت ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. ئۇ ھايال بولماي سۇلياۋ خالتىدا بىر توخۇنىڭ گۆشىنى كۆتۈرۈپ كىردى.

— كەل ئەمىسە، ئاداش، ئەتىگەندە چاينى ياخشى ئىچمۇالايلى، بىز ئۆزىمىز ئۆزىمىزنى كۈتمىسەك كىم ۋاي دەيدۇ بىزنى، — دېدى سائادەت.

ئارزۇگۇل قولىنى يۇيۇپ كېلىپ، سائادەتنىڭ ئالدىدا ئولتۇردى. سائادەت توخۇ گۆشىنى پارچىلاپ، بىر پاچىقىنى ئارزۇگۇلگە تۇتقۇزدى.

— مۇساكام قىزىق، ئاداش، — دېدى سائادەت قولىدىكى گۆشنى بىر چىشلەپ.

— ھە، نېمە دەيدۇ ئۇ قېرى؟ — دېدى ئارزۇگۇل.

— ياخشى توخۇيىڭىزدىن بىرنى بەرمەمسىز دېسەم، مېكىيان ئالامسىز، خورازمۇ دەپ يۈرىدۇ دېسە!

— نېمە دېدىڭ؟

— مېكىياننىڭ گۆشى تاتلىق بولىدۇ، مېكىيان ئالاي

دېدىم...

— شۇنداق دېسەڭ نېمە دەيدۇ؟

— كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

— خوراز ئالاي دېگەن بولساڭ نېمىدەر بولغىيتتى! — دېدى ئارزۇگۈل.

— يامان قېرى ئۇ، گەپ تېپىپ بېرىدۇ! — دېدى سائادەت.

چايدىن كېيىن ئارزۇگۈل داستىخاننى يىغىشتۇردى. سائادەت تېلېۋىزورنى ئاچتى. ئۇيغۇرچە قانالدا ناخشا-ئۇسسۇل بېرىۋاتاتتى. ئارزۇگۈل ئىشىنى تۈگىتىپ ئۇنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— ھە، ئۆزۈڭ ئاخشام تانسىخانىدا بولدۇڭمۇ يا باشقا بىر يەرگە باردىڭمۇ؟ — دېدى ئارزۇگۈل سائادەتكە قاراپ.

— ھېلىقى پاتمەنى بىلىسەنغۇ؟ — دېدى سائادەت.

— ھە، بىلىمەن، دەۋەر...

— ئىككىمىز بىر يەرگە بارغان، كەپتەر بازىرىدىكى بىر رېستورانغا بارغانتۇق، ئۈستى مېھمانخانا ئىكەن، ئۇ ئىككى ئاداش بىزنى مەست قىلىمىز دەپ ئۆزلىرى مەست بولۇپ قالدى. تۆپىدىن ئىككى ئېغىز ئۆينى ئېلىۋاپتۇ، بىزنى ھە دەپ زورلاۋاتىدۇ، ھە بوپتۇ چىقساق چىقايلى دېسەك، ئىككىلىسى مەست. كېتىمىز دېسەك ئېسىلىۋېلىپ ئۇنىمايدۇ، ھە بوپتۇ دەپ ئىككىنچى قەۋەتكە چىقتۇق. ئۇ ئىككىسى ئالغان ئۆينى تاپالماي يۈردى. زالدا كۈتكۈچى يوق ئىكەن. قولىدىن ئاچقۇچنى ئېلىپ ئۆينى بىز ئاچتۇق، ئۆيگە كىرگەندىن كېيىن ھېلىقى ئاداش ھە دەپ ماڭا ئېسىلىۋاتىدۇ، بىقىنىدىن يۆلەپ تۇرۇپ ئۇنى كارىۋاتقا ئولتۇرغۇزۇپ قويدۇم. ئۇ ئاداش ئولتۇرغان يېرىدە يېتىپ ئۇخلاپ قالدى، شۇنىڭ بىلەن يېنىپ كەلدىم شۇ! — دېدى سائادەت.

— ئەر دېگەن ئاشۇنداق ئەسكى، ئاداش. كۈچى يەتمىسىمۇ

تاتلىقۋالغۇسى كېلىدۇ. ئەمدى مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ گېپىنى قىلىپ بېرەي، ئۆز ۆندىن بېرى بەك سوراپ كەتتىڭ، بۇگۈن ۋاقتى ـ سائىتى كېلىپ قالغاندەك، ئەتىگەن يولدا ئاشۇ ئىشلار كاللامغا كىرىۋالدى. مېنىڭ ئۆيۈم يىراق بىر سەھرادا، ئاداش. مەن ساڭا ھازىرچە ئۇ يەرنى دەپ بەرسەم بولمايدۇ، مېنى سەھرالىق دوستۇم دەپ بىلسەڭ بولدى. كېيىن خۇدايىم بۇيرۇسا سېنى بىزنىڭ مەھەللىگە ئاپىرىمەن، ئاداش، بىزنىڭ مەھەللىمىز بەك ياخشى يەردە. مەھەللىدە نىجات ئىسىملىك بىر ئوغرى بولىدىغان. بىر كۈنى دوستۇمنىڭ تويىغا قاتناشتۇق، كەچتە قايتىدىغان ۋاقىتتا ئۇ ئاداش كەينىمگە كىرىۋالدى، مەنمۇ سارالڭ، يۇر، بىر يەرگە بارىمىز دېسە كەينىگە كىرىپ مېڭىپتىمەن، ئۇ سارالڭ مېنى ئالداپ ـ سىلاپ ئازدۇردى. شۇ كۈنى كەتكەن گەپ، ئاداش. شۇ كۈندىكى ئىشلار شۇنداق ئېنىق ئېسىمدە. ئىش تۈگىگەندىن كېيىن مەن قورقۇپ يىغلاپ كەتتىم. ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، بىر كۈنى تالاغا چىقسام قىزلار دوقمۇشتا پاراڭلىشىپ تۇرۇپتىكەن. ئۇلارنىڭ قېشىغا بېرىشىمغىلا ھەممىسى ماڭا ئالىيىپ قويۇپ بىر ـ بىرلەپ ئۆيلىرىگە كېتىشتى. مەن ھەيران بولۇپ بىر دوستۇمنىڭ كەينىدىن بېرىپ ئۇنىڭدىن سورىدىم. ئەسلىدە ھېلىقى نىجات دېگەن ئوغرى ئەسكىلىكنى قىلىپ بولۇپ، بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئەل ـ ئاغىنىلىرىگە دەپ بېرىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بۇ ئىش مەھەللىگە پۇر كېتىپتۇ. يەنە ئارىدىن بىرنەچچە كۈن ئۆتتى، قارىسام مەھەللىدىكى ھەممە ئادەم ماڭا ئالىيىپ قاراپ يۈرىدۇ. بېشىمنى كۆتۈرەلمەي قالدىم. ئاپام ئانچە تىللاپ كەتمىدى. ئاكام بەك ئۇرۇپ كەتتى. قارىسام ئاكامنىڭ تايىقىدا مېيىپ بولۇپ قالىدىغان ئوخشايمەن، شۇنىڭ بىلەن ھەممىدىن ۋاز كېچىپ ئۆيدىن قېچىپ چىقتىم. شەھەرگە كىرىپ تانسىخانىغا كىرىۋالدىم... مۇشۇنداق گەپ، ئاداش، بىرنەچچە يىل بولدى. قولۇمغا خېلى پۇل كىرىپ قالدى. مەن

شەھەر تۇرمۇشىنى بەك ياخشى كۆرۈپ قالدىم. سەھرادا مىڭ ئادەم بىر ئادەمدەك ياشايدىكەن، ئۇلار بىر - بىرىنىڭ چوڭ - كىچىك ئىشلىرىنى بىلىپ تۇرىدىكەن، ماڭا ئوخشاش ئادەملەرگە ئۆچ بولۇپ قالسا، بىر ئۆمۈر ئۆچ بولۇپ ئۆتىدىكەن. مەنمۇ ئاشۇ ئەسكى نامدىن قۇتۇلالمايدىكەنمەن. يېزىنىڭ ئادەملىرى بۇنداق ئىشقا كەلگەندە ئادەمنى كەچۈرمەيدۇ، شەھەرلىكلەرنىڭ تۇتقان يولى ئوخشاشمايدىكەن، شەھەردە مىڭ ئادەم مىڭ ئادەمدەك ياشايدىكەن، ھەربىر ئادەم ئۆزىنىڭ ئىشلىرى بىلەنلا بولىدىكەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى، ئاداش! يېزىدا ئادەملەر بىر - بىرىنى ماراشقا، بايقاشقا ئامراق. شەھەردە تۇغۇلۇپ قالغان بولسامچۇ دەيمەن. يەنە بىر - ئىككى يىل ئىشلىۋالسام، پۇلۇممۇ خېلى بىر يەرگە بېرىپ قالىدۇ. شۇ ۋاقىتتا بىنادىن بىر يۈرۈش چوڭراق ئۆي سېتىۋېلىپ، دۇكان ئېچىۋالىمەن، ئۇ ۋاقىتتا مەندەك نوچى ئادەم يوق، ئاداش، ئاندىن ئىككى ئىش قىلىمەن، بىرى، ئادەم سېلىپ نىجات دېگەن ئوغرىنىڭ پۇتىنى چېقىۋېتىمەن. ئۆزۈمنى بىر تونۇتىمەن، ئۇ ئوغرى ئۆز ۋاقتىدا سېنى ياخشى كۆرىمەن، سېنى ئالىمەن دەپ ئىشتىنىمغا ئېسىلدى، مېنى ئازدۇردى. مەقسىتىگە يېتىۋېلىپ مېنى سېستتى. مەن بۇ ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالسام بولمايدۇ، ئاداش. ئىككىنچى قىلىدىغان ئىشىم، ئۆزى ياخشى، ئەمما لۆم - لۆم ئاداشتىن بىرنى تېپىپ تېگىۋالىمەن! سالامەتلىكى ياخشى، كاللىسى ئانچە جاراڭشىمايدىغان، گۆش ئەكېلىڭ دەپ پۇل بەرسەڭ ناۋاينىڭ تونۇرىغا چۆشۈپ كەتكەن نانلىرىنى كۆتۈرۈپ كېلىدىغان بىر خىل ئەرلەر بار، ئاشۇنداق لۆم - لۆمدىن بىرىگە تېگىۋالسام بولدى.

—ھە… مۇنداق دە، سېنىڭ بېشىڭدىنمۇ خېلى جىق ئىشلار ئۆتۈپتىكەن، ئاداش، لۆم - لۆمدىن بىرىگە تېگىۋالىمەن دېگەن گېپىڭ بولىدىكەن، بىراق ھېلىقى نىجات دېگەننىڭ پۇتىنى چاقىمەن دېگەن گېپىڭ بولمايدىكەن، ئاداش، بۇ نىيىتىڭدىن

يان. ئەگەر مەن ساڭا دەردىمنى ئېيتىپ بېرىدىغان بولسام، هەيران قالىسەن، ئاداش. مەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ئاللىقاچان ئۆلۈۋالاتتى، لېكىن مەن يەنە چىشىمنى چىشلەپ ياشاۋاتىمەن. خۇدا بەرگەن جاننى ئاخىرقى هېسابتا خۇداغا تاپشۇرۇش كېرەك ئىكەن، ئۆچ ئېلىشنىڭ ئۆزى ياخشى ئىش ئەمەس، ئاداش، ئاخىرقى هېسابتا ئۆزۈڭنى ئەسكى قىلىۋالىسەن. مىجەزىڭ قالايمىقانلىشىپ كېتىدۇ، تۈزنىڭ تەمىنى تېتىيالمايدىغان بولۇپ قالىسەن، ئۆچ ئالىدىغان گەپنى قىلما، ئاداش، خۇدايىم هېچكىمنى ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى سائادەت. ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن ياش تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

ئارزۇگۈل ئۆزىنى تۇتۇۋالماي يىغلىۋەتتى...

## ئالتىنچى باب

# ئادەمنىڭ ئالىسى ئىچىدە

چۈشتىن كېيىن تاي ئىشخانىسىنىڭ ئىشىكىنى ئېتىۋېتىپ، قەمەرگە تېلېفون بەردى.

— ھە، مەن، مەن دېگەن كىم بولاتتىم؟ ئۇنتۇپ قاپسىز ـ دە! مەن ھېلىقى سىزنىڭ چىرايلىق كۆلەڭگىڭىزدە ئۇسسۇل ئوينايدىغان تاي بولمامدىم، كۆرۈشمەك بولاتتى، ھە… شۇ، سېغىنىپ كەتتىم، سىزنىڭ ئۆيىڭىزگە بارامدىم؟ قاملىشارمۇ؟ مەيلى ئەمسە، قاراڭغۇ چۈشكەندىرەك باراي، ئېسىڭىزدە بولسۇن، ئىشىكىڭىزنى تۆت قېتىم چېكىمەن، تېز ئېچىپ بەرمىسىڭىز قوشنىلىرىڭىز مېنى كۆرۈپ قالىدۇ… قورقمىسام بولمايدۇ. قېرىغاندا قورقمىسام ئۆزۈمگە ئىش تېپىۋالىمەن، بەشىنچى بىنا دېدىڭىز ـ ھە… نېمە؟ مېنى قانچە قېتىم چېكىسىز دەمسىز، سىزنى چەكسىز قېتىم…

تاي تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ كۇلۇپ كەتتى. ئۇ قەمەرنىڭ ئۆزىنى ئۆيىگە تەكلىپ قىلغانلىقىدىن خۇشال بولدى. ئۆتكەندىمۇ ئۇنىڭ قەمەرنىڭ ئۆيىگە بارغۇسى بار ئىدى، لېكىن قەمەر ئۇنىڭغا گەپ قىلماي تۇرۇۋالغانىدى. كەچتە، تاي قەمەرنىڭ مەھەللىسىگە كەلدى. ئۇ بىنانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ قەمەرگە تېلېفون بەردى.

— ھە، مەن. شۇ ئىشىكىڭىزنى چېكىپ يۈرمەي، قىيا ئېچىپ قويۇڭ، مەن بېرىپ ئۇدۇللا كىرىپ كېتەي، — دېدى

تاي. ئۇ قەمەرنىڭ ماقۇللۇقىنى ئېلىپ بولۇپ، يانفونىنى يانچۇقىغا سالدى. تاي بىناغا قاراپ ماڭدى، ئۇ بىناغا كىرىپ، بىرىنچى قەۋەت ئولك تەرەپتىكى ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ قىيا ئېچىقلىق تۇرغانلىقىنى كۆردى، ئۇ ئۆينىڭ ئىگىسىگە ئوخشاش تەبىئىي مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، ئۇ ئىشىكنى يېپىپ تۇرۇشىغا، ئىشىكنىڭ كەينىدە كۆلۈپ تۇرغان قەمەر ئۇنى قۇچاقلىۋالدى.

— قورقۇنچاق، — دېدى قەمەر كۆلۈپ تۇرۇپ.

— بۇنداق ئىشلاردا نوچىلىق قىلغىلى بولمايدۇ، ياخشى قىز، — دېدى تاي ئۇنىڭ سىلىق يۇزلىرىنى سىلاپ.

— سىزنى قارشى ئالىمەن، تاي، جوزىنىڭ ئالدىغا كېلىڭ، مەن بۇگۇن سىزنى كاتتا مېھمان قىلىمەن، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

تاي «چوك» قىلىپ ئۇنىڭ چىرايلىق ئاغزىغا بىرنى سۆيۈۋالدى.

— ئالدىرىماڭ، تاي، مەن بۇگۇن سىزنى ھەممە نەرسىگە تويدۇرىمەن، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ.

— بىرەر ئايغىچە قورسىقىم ئاچمايدىكەن ـ دە! — دېدى تاي كۆلۈپ.

— مەن ئەرلەرنى ياخشى چۈشىنىمەن، تاي، ئەرلەر دېگەن بۇگۇن تويسا ئەتە ھېچ نەرسە كۆرمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ مۇشۇككە ئوخشاش كۆزىنى يۇمۇۋالىدۇ، — دېدى قەمەر.

— ئەرنىڭ ئىچىدە ئەر بار جۇمۇ، خوتۇن، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.

— مېنى ئاسانلا خوتۇن قىلىۋالدىڭىزغۇ؟ — دېدى قەمەر چىرايلىق كۆزلىرىنى يوغان ئېچىپ.

— مۇشۇ ئەتراپتا نىكاھ ئوقۇيالايدىغان ئادەم تېپىلىپ قالارمۇ؟ — دېدى تاي كۆلۈپ.

— مەن ئالدىراپ بىرىگە نىكاھ قىلدۇرمايمەن، تاي، بۇ گەپلەرنى كېيىن قىلىشىمىز، ئاۋۋال تائام دەپتىكەن، ئازادە ئولتۇرۇپ قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇڭ، ئۇيقۇغا چىدىسىڭىز تاڭ ئاتقۇچە پاراڭلىشىمىز، — دېدى قەمەر قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئالامەت، بەك پەيزىڭىز بار جۇمۇ سىزنىڭ، — دېدى تاي ئۇنى ئۇچۇرۇپ.

— ھە دېگەندە مېنى ماختىغىلى تۇردىڭىزغۇ؟ قورسىقىڭىزنى تويدۇرۇپلا قاچىدىغان ئوخشىمامسىز؟ — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— ئەگەر يېرىم كېچىدە قوينىڭىزدىن سۇغۇرۇلۇپلا چىقىپ كەتسەم ھەرقانداق ئىشىم ئىلگىرى باسمايدۇ مېنىڭ، — دېدى تاي كۈلۈپ.

قەمەر كۈلۈپ كەتتى: «گەپكە ئۇستا قاقۋاش ئىكەن بۇ» دېدى ئۇ ئىچىدە.

تاي سۇخانىغا كىرىپ قولىنى چايقىدى، ئاندىن ئۇ ئۈستەلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. تاينىڭ كۆز ئالدىدا دەرۋازىسى يوق باغدا گۈلدىن - گۈلگە ئەركىن قونۇۋاتقان كېپىنەك — قەمەر ئۇچۇپ يۈرەتتى. قەمەرنىڭ ھەربىر ھەرىكەتلىرى، تاينىڭ بارلىق تومۇرلىرىنىڭ كۆزلىرىنى ئېچىۋەتتى، قەمەر ئاپئاق رۇباشكىسى بىلەن ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چاي قۇيۇپ بەردى، رۇباشكىدا ئۇنىڭ تېنى تېخىمۇ نازاكەتلىك كۆرۈنەتتى.

— زاۋۇتۇڭلارنىڭ ئىشلىرى قانداق؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ ئالدىغا بىر قاچا ئۈگرىنى قويۇپ.

— ھەرھالدا ياخشى، شۇنىڭدىمۇ زاۋۇتنى سېتىۋەتكىلىۋاتىمىز. ئىلغار ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالايلى دېسەك، مەبلىغىمىز چىقىش قىلمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋېرەيلى دېسەك، بازار رىقابىتىدە يەم بولۇپ كېتىمىز. ئۇ ۋاقىتتا ئىشچىلارغا ئىش

تېپىپ بېرەلمەيمىز. ھازىرغۇ كۈنىمىز يامان ئەمەس، مەھسۇلاتلىرىمىز سېتىلىپ تۇرۇۋاتىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىمىز چاتاق. بىزنىڭ ئۈسكۈنىلىرىمىز بەك قالاق، ھەممىسى 60 ـ يىللىرى كىرگۈزۈلگەن ئۈسكۈنە، ئامال يوق. شەھەردە سانائەت ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتقان يالقۇن شۇجى بىرنېمىلەرنى دەپ يۈرىدۇ. ئاڭلىسام بىزنىڭ زاۋۇتنى بىر لوبەنگە سېتىۋېتەرمىش، ئۇنىڭ پۇلىنى ئىشچىلارغا تەقسىم قىلىپ بېرىپ، ھېساب ـ كىتابنى بىراقلا ياپارمىش، ئىشقىلىپ بىر ئىشلار بولۇۋاتىدۇ، لېكىن بۇ پىلانغا شەھەرنىڭ ئاساسىي مەسئۇللىرى تازا قوشۇلمايدىغان ئوخشايدۇ...

— ئەگەر سىز دېگەندەك سىلەرنىڭ زاۋۇتمۇ سېتىلىپ كەتسە، ئۇ ۋاقىتتا شەھەر بويىچە دۆلەت ئىگىلىكىدىكى بىرمۇ زاۋۇت قالمايدۇ، مانا ئەمدى مۇشۇ قېتىمقى ئىسلاھاتتا ئىلگىرى مۇشۇ شەھەرنى مۆرەتكەن زاۋۇت ـ فابرىكىلارنىڭ ھەممىسى لوبەنلەرنىڭ قولىغا ئۆتۈپ بولدى. ئىشسىزلىق كۆپىيىپ كېتىۋاتىدۇ، قانداق قىلىدىغان گەپكىنتاڭ! — دېدى قەمەر.

— ئەگەر ئىش ئورنۇمدىن قالسام ئاشخانامغا بېرىپ ئىشلەيمەن شۇ! — دېدى تاي كولۇپ.

— ھۆكۈمەت سىلەرنى تاشلىۋەتمەيدۇ، — دېدى قەمەر.

— ئۇ گېرىدىن كېيىن ھاراق ئىچسە بەك سىڭىدۇ دەپ ئاڭلىغان، بۈگۈن ئاشۇنداق قىلىپ باقامدۇق، قەمەر! — دېدى تاي گەپنى باشقا يەرگە بۇراپ.

— بولىدۇ، باشلىق، خەق قىلغان ئىشنى بىزمۇ قىلالايمىزغۇ! مەن ھاراق ئەكىرەي، — دېدى قەمەر. ئۇ ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق، بىر بوتۇلكا قىزىل ھاراق كۆتۈرۈپ چىقىپ، ئاق ھاراقنى تايغا قويۇپ بەردى، قىزىل ھاراقنى ئالدىدىكى ئىستاكانغا قۇيدى. ئۇ قولىدىكى بوتۇلكىنى قويۇپ تۇرۇشىغا، تاي ئۇنىڭ ئالدىدىكى قىزىل ھاراق قۇيۇلغان

ئىستاكاننى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىكى هاراقنى ئىچىۋەتتى. ئاندىن ئىستاكانغا ئاق هاراق قۇيۇپ ئۇنى قەمەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بۇنداق قىلماڭ، تاي، مەن ئەزەلدىن ئاق هاراق ئىچىپ باقمىغان.

— سىز گەپنى ئاز قىلىڭ، ياخشى قىز، بۈگۈن قىلمىغان ئىشلارنى قىلىمىز، قېنى، ئېلىڭە...

— مېنى قىينىماڭ، تاي، مەن ئاق هاراق ئىچىپ باقمىغان.

— مەنمۇ بۇرۇن نۇرغۇن ئىشلارنى قىلىپ باقمىغان، ئاستا ـ ئاستا هەممە ئىشلارنى قىلىشنى ئۆگەندىم، ئادەم قىلىمەن دېسە هەممە ئىشنى قىلىپ كېتىدىكەن. ئۆتكەندە مەن تاغدا بىرنەچچە قىز بىلەن تونۇشۇپ قالغان. شۇ قىزلارنىڭ ئىچىدە بىر قىز هاراقنى بەك ياخشى ئىچىدىكەن، شۇ قىزنى سىزگە بەك ئوخشىتىمەن، توختىڭە، كۆزلىرىڭىز بەك ئوخشاۋاتىدۇ. شۇ قىز سىزمۇ يە؟

— ئۇنتۇپ قاپسىز ـ دە!

— ئۇنتۇمىدىم، قەمەر، مەن سىزنى هەرگىز ئۇنتۇمايمەن!

— تاغ دېگەن تاغ، تاغدا قىلغان ئىشلارنى ئۆيدە قىلىشقا بولمايدۇ. شۇنداق بولسىمۇ سىزنىڭ يۈزىڭىزنى قىلىپ بىر رومكا ئىچىپ قوياي، — دېدى قەمەر قولىغا ئىستاكاننى ئېلىپ. تايمۇ ئالدىدىكى ئىستاكاننى قولىغا ئالدى، ئۇ قەمەرنىڭ ئىستاكىنىغا ئۇرۇشتۇرۇپ ئىچىۋەتتى.

تاي ئۇنىڭ ئىستاكىنىغا يەنە هاراق قۇيۇپ قويدى.

— مەن بىرلا رومكا ئىچەي دېگەن، تاي...

— مەن بىرىنچى قېتىم ئۆيىڭىزگە كېلىپ ئولتۇرۇۋاتىمەن. بۈگۈن بىر ـ ئىككى دېمەي شاشراق ئولتۇرۇپ بېرىڭ، — دېدى تاي ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— مەن ئۆزۈمنىڭ پۇلىغا هاراق ئىچسەم ئاسان مەست بولۇپ

قالىمەن.

— ئەمىسە سىز بىزنىڭ يېڭى كەلگەن زاۋۇت باشلىقىمىز ئەسقەرگە ئوخشايسىزكەن. بىزنىڭ زاۋۇتقا ئەسقەر دېگەن بىر بالا بىرىنچى قول بولۇپ كەلگەن، يېشى مەندىن كىچىك ئىكەن. گۆدەك نەرسە ئىكەن، باشقىلارغا ئۇنىڭ نەرى ياراپ قالدىكىنتاڭ. ئۇ كېلىشى بىلەنلا بىز ئۇنى كەينى - كەينىدىن ئۇلاپ مېھمان قىلىپ كەتتۇق، بىر كۈنى ئۇ بىزنى چاقىردى، ئاسانلا مەست بولۇپ قالدى، مەست بولۇپ قالسا ئەمەسلا بىر نەرسە بولۇپ قالىدىكەن، ئۆيگە ئاپىرىپ قويۇڭلار دەپ بىرىنى قوشۇپ قويدۇم. ئەتىسى ئاڭلىسام، ئاجايىپ ئىشلار بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆيگە بارسا ئايالى يوق، شۇنىڭ بىلەن قېينانىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپتۇ، ئۆيگە كىرىپ، بالام دېسە ئۇنىماپتۇ، قورۇنىڭ ئوتتۇرىسىدا تۇرۇۋېلىپ ھەر ۋارقىرىغۇدەك: «سەن خەق نېمە ئۈچۈن خوتۇنۇمنى تىقىۋالىسەن، مەن پۇل خەجلەپ ئالغان خوتۇن تۇرسا ئۇ، مەن پۇل خەجلىگەندىن كېيىن مېنىڭ خوتۇنۇم بولمامدۇ، كۈندۈزلىرى سىلەرنىڭ بولسىمۇ مەيلى، ئاخشاملىرى مېنىڭ بولۇشى كېرەك - دە! سىلەر دائىم مېنى مۇشۇنداق بوزەك قىلىسىلەر، مەن ئۆيدە يالغۇز قانداق ياتىمەن؟» دەپ ۋارقىراپتۇ، ئۇنىڭ قېيىن ھەدىسى ئۇنىڭ بۇ قىلىقىغا چىدىماي، ئۆيدىن چىقىپتۇ. ئەسقەر قېيىن ھەدىسىنى كۆرۈپ، تېخىمۇ قايناپ كېتىپتۇ: «مانا، خىيانەتچى چىقتى، قېرى خىيانەتچى چىقتى، بۇ قېرى سىڭلىسىنىڭ ئورنىدا ماڭا خوتۇن بولماقچى...»

قەمەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— توۋا، بەك قىزىق گەپ قىلىدىغان ئادەمكىنا! — دېدى ئۇ كۈلكىسىنى بېسىپ، — كېيىن قانداق بولۇپتۇ؟ ئايالىنى ئەكېتىپتىمۇ يە؟

— ئايالى باشقا بىر يەرگە چاي ئويىنغىلى كەتكەن گەپ،

ئاخىرى ئايالىنىڭ ئاكىسى چىقىپ، ئۇنىڭ بېشىنى يۇيۇپ سەگىتىپ، ئۇنى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويۇپتۇ، — دېدى تاي.

— هاراق دېگەن يامان نەرسە ـ هە! — دېدى قەمەر.

— هەئە، ياخشى نەرسە، هاراق هەربىر ئەرگە هەربىر خوتۇننى چىرايلىق، سىرلىق قىلىپ كۆرسىتىشكە تىرىشىدۇ...

— بۇ گەپچە ئەگەر مەن هاراق ئىچمىسەم كۆزىڭىزگە سەت كۆرۈنۈپ قالىمەنكەن ـ دە!

— هاراق ئىچمىسەم كۆزۈمگە بىر كۆرۈنىسىز، هاراق ئىچسەم ئىككى بولۇپ كۆرۈنىسىز، شۇنىڭ بىلەن مېنىڭ ئىككى قولۇم سىزنىڭ هارارىتىڭىزدە راهەتلىنىپ قالىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى تاي.

— بىر جېنىڭىزغا بىر خوتۇن يەتمەمدۇ؟

— ئىككىسى ئىككى يېنىمدا ياتسا شامال تەگمەيدۇ ئەمەسمۇ، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئەر دېگەن تېگىدىن ئەسكى، قولىدا گۈل تۇرسىمۇ يەنە خەقنىڭ گۈلىگە كۆز سالىدۇ. ئەرلەرنىڭ هەممىسى يامان ئەمەس، ياخشىسىمۇ جىق، لېكىن ئۇلارنىڭ ئەسكىسىمۇ ئاز ئەمەس...

— بارا ـ بارا ياخشى بولۇپ قالىمىز، يەنە تۆت ـ بەش يىلدىن كېيىن هەممە ئىشنى توختىتىپ بىرەر ۋاخ ناماز باشلىۋالىدىغان گەپ، شۇنىڭ بىلەن ئاستا ـ ئاستا ئادەم بولۇپ قالىمىز، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— پۈتۈن ئەسكىلىكنى قىلىپ بولۇپ ئىبادەت قىلسىڭىز قانچىلىك پاكلىنىپ كېتەرسىز؟ — دېدى قەمەر.

تاي كۈلۈپ قويۇپ گەپ قىلمىدى.

تاي ئالدىدىكى بوتۇلكىغا قارىدى. ئۇلار يېرىم بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولغانىدى. ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ قەمەرگە قارىدى:

— هاراقنى ئەمدى بولدى قىلايلى، ئاپئاق قىز.
— مىجەزىڭىز يوقمىدى؟
— مىجەزىم تازا ياخشى، كۆڭۈل تاپىخا ئوينايلى دەيمىنا!
— كۆڭۈل تاپىخا ئوينايلى؟ بۇ قانداق گەپ؟ مەن ئاڭلاپ باقمىغان بىر گەپقۇ بۇ!
— بۇ بىز هاراقكەشلەرنىڭ مەخسۇس ئىشلىتىدىغان گېپى، ئىختىيارىي ئىچەيلى، مەجبۇرىي بولۇپ قالمىسۇن، ئەركىن - ئازادە ئوينايلى دېگەن گەپ...
— هە، مۇنداق دەڭ، هاراقكەشلەرنىڭ سۆزلىرى ئايرىم بولىدىكەن - هە! ئەمىسە مەنمۇ بۈگۈن سىزنى قاچان كۆڭلى تاپىخا بولاركىن دەپ ئولتۇرىمەنكەن - دە!
— قولىڭىزدا قەلەم توختىغاندىن كېيىن ئىلتىماس يېزىپ باقىسىز - دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— ئىلتىماس قىلمىسام تامغا قاراپ ياتىسىزكەن - دە؟ — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.
— بەزىدە مەن تامغا ئامىراق بولۇپ قالىمەن، ئاپئاق قىز، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— ئايالىڭىز ئىش ئورنىدىن قالغاندىن بېرى تامغا قاراپ ياتىدىغان بولۇپ قاپسىز - دە!
— راست گەپ قىلىش كېرەك، بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىغا بەك تەسىر قىلدى.
— قويىۋېتىڭىز بولمامدۇ ئۇنداق هەپەگە يارىمايدىغان خوتۇننى!
— ئىككى قىزىمدىن قورقىمەن، بولمىسا ئاللىقاچان ئۆيگە ئاپىرىپ قوياتتىم، — دېدى تاي.
— ئەمىسە ئاشخانىڭىزغا ئاپىرىپ ئىشلەتسىڭىز بولىدىكەن، قېرى خوتۇنلار چىنە - قاچىلارنى بەك پاكىز يۇيىدۇ! — دېدى قەمەر.

— ئۇ يەرگە بارسا بولمايدۇ، ئۇ يەرگە بېرىپ ئىشلىسە مېنىڭ ئىشلىرىمنى مارايدىغان بولۇپ قالىدۇ، ئۆزى نەچچە قېتىم دەپ بولدى بولمىسا، ساڭا نېمە كەم دەپ ئۇنىمىدىم! ئۇنى يىلدا بىر قېتىم تاغقا ئاچىقىپ ئوينىتىپ قويىمەن، سەھراغا چىقىپ ئاپام قېشىدا تۇرۇپ كىرىدۇ، خەجىسىنى مەن بېرىمەن، ئەمدى خوتۇننى ئالداپ سىلاپ بەش ۋاخ ناماز ئوقۇيدىغان قىلىۋالسام، پۈتۈنلەي خاتىرجەم بولۇپ كېتەتتىم - دە! كوتۇلدايدىغان مىجەزىمۇ ئوڭشىلىپ قالاتتى، — دېدى تاي.

— توۋا... خوتۇنىڭىزنى دىن ئارقىلىق باشقۇراي دەپسىز - دە، ئاڭلىمىغان گەپكەن بۇ! — دېدى قەمەر.

— ئۇنداق ئەمەس، ناماز ئوقۇغان ئادەم ئېغىر - بېسىق بولىدۇ. خوتۇنۇم بەك ۋات - ۋات، مېنى كۆرسىلا يېتىم قوشقاچتەك ۋىچىرلاپ كېتىدۇ، ناماز ئوقۇسا، مىجەزى ئوڭشىلىپ قالارمىكىن دەيمەنغۇ!

— موماينى تاغدىن ئالدىراپ ئەكىرىۋالمىغانسىز؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.

«بۇ ناياق گۇلبوستاننىڭ تاغدا ئىكەنلىكىنى قانداق بىلەر؟ شۇ كۈنى ئوسمان دەپ قويغان ئوخشىمامدۇ؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— ياق تېخى، بۇ ئىشنى سىز قانداق بىلىسىز؟ — دېدى تاي.

— مەن ھەممە ئىشنى بىلىمەن، تاي. سىز ماڭا راست گەپ قىلمىغىنىڭىز بىلەن، ماڭا راست گەپ قىلىدىغان ئادەم بار، — دېدى قەمەر چاچلىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— ئەتە ياندۇرۇپ كىرەيمىكىن دەيمەن!

— نېمە ئالدىرايسىز، ئۇنى ئۆيگە ئەكىرىپ بېشىڭىزنى ئاغرىسىق قىلغۇچە ئاشۇ تاغدا باقسىڭىز بولمامدۇ! قىشتا قار چۈشكەندە بىراقلا ئەكىرمەمسىز، — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— باللار بار ئەمەسمۇ!

— ئوسمانىنى ئەۋەتىپ بالىلىرىڭىزنى ياندۇرۇپ كىرمەمسىز! خوتۇنىڭىزغا بىر تاغار گىردە چىقىرىپ بەرسىڭىز سۇغا چىلاپ يۇمشىتىپ يەپ قىشقىچە جان بېقىپ تۇرامدۇ، — دېدى قەمەر.

تاي كۈلۈپ كەتتى.

— قاتتىق نان يېيەلمەيدۇ ئۇ، چىشى قالمىدى ئەمەسمۇ!

— سىز بەك چۈپەي ئىكەنسىز، تاي، چىشى قالمىغان خوتۇنىنىمۇ ساقلامدۇ!

— بۇ گەپنى شۇ سىزگە دەۋاتىمەن، باشقا ئادەمگە دېگىلى بولسۇنمۇ، — دېدى تاي قەمەرنى كولدۇرلىتىپ.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم، تاي، باشقىچە چۈشىنىپ قالماڭ. ئەگەر مەن سىزنىڭ مىجەزىڭىزنى ياخشى كۆرمىگەن بولسام، سىزگە بۇنداق گەپلەرنى قىلىپ يۈرمىگەن بولاتتىم، — دېدى قەمەر.

— خۇداغا شۈكرى، يۈرىكىم ئەمدى ئورنىغا چۈشتى - دە! — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ داستىخاننى يىغىشتۇردى. تاي تېلېۋىزورنى ئاچتى، قەمەر ئىشنى تۈگىتىپ، تاينىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. تاي قولىنى ئۇنىڭ بويىنىغا ئالدى، قەمەرنىڭ بويىدىن تارقىغان ئەتىرنىڭ پۇراقلىرى ئۇنى مەست قىلىشقا باشلىدى...

## يەتتىنچى باب

# ئەلنىڭ كۆزى ئەللىك

گۈلبوستان تاغدىن قايتىپ كەلگەن كۈنىنىڭ ئەتىسى، تام قوشنىسى رابىگۈل ئۇنى يوقلاپ كىردى. گۈلبوستان قوشنىسىنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى.

— تاغدا ھەپتە تۇردۇڭغۇ دەيمەن؟— دېدى رابىگۈل.

— توپتوغرا ئون كۈن تۇرۇپتىمەن، دەم ئېلىشىمىز بەك ياخشى بولدى، دادام بىلەن ئاپامۇ بەك خۇشال بولۇپ كەتتى، — دېدى گۈلبوستان،— ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟

— ياخشى، ئاداش… ھەي…

— بىر ئىش بولدىمۇ؟

— قۇناخۇنكامنىڭ قىزى چىمەنگۈل قېچىپ كەتتى، ئاداش…

— نېمە؟ ئۇ تېخى كىچىك تۇرسا؟ — دېدى گۈلبوستان رابىگۈلگە قاراپ.

— ھازىر كىچىك قىزلار يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، ئاداش، گېپىنى قىلما، ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم ئىكەن، تېخى خوتۇنى ئۆلۈپ كەتكىلى ئۈچ ئاي بولۇپتىكەن. ئىككىسىنىڭ بۇرۇنلا چاتىقى بارمىش… مەن ئۇلارغا كۆزىمىز كۆرمىگەندىن كېيىن چاتىقىمىز نېمە خەقلەرنىڭ ئىشى بىلەن دەپ قويدۇم، گەپ جىق، ئىشقىلىپ.

— توۋا··· ئەللىك ياشقا كىرگەن ئادەم بولسا دادىسىدەك ئادەمكەنغۇ! نېمە سەتچىلىك بۇ. ئاتا ـ ئانىسىنى ئايىسا بولمامدۇ دەيمەن ـ دە! — دېدى گۇلبوستان.

— مۇشۇ كۈنىنىڭ قىزلىرىدا سەن دېگەندەك ئىشلار قالمىدى، ئاداش، ئۇ ئادەم دەسلەپتە ئەلچى ئەۋەتىپتىكەن، چىمەنگۈلنىڭ دادىسى قۇناخۇنكام ئەلچىلەرنى قوغلاپ چىقىرىۋېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن چىمەنگۈل قاچقان گەپ···

— قىزلارنىمۇ يامان دەيمىز، ئەسلىي ئەرلەر يامان، ھەممە ئىشنى ئەرلەر قىلىدۇ، قىز بالا دېگەننىڭ ھامان يۈزى تۆۋەن. ئەرلەر كەينىگە كىرىۋالسا ئامال يوق ـ دە! — دېدى گۇلبوستان.

— راست دەيسەن، ئاداش، ھازىر ئەرلەر بەك يامان بولۇپ كېتىپتۇ. بەزى ئەرلەرنىڭ ئىككىدىن خوتۇنى بار ئىكەن قارا، ئاداش···

— تــوۋا دە، ئاداش، ھەمــمە ئادەم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، — دېدى گۇلبوستان.

رابىگۈل گۇلبوستاننىڭ كۆزىگە قارىدى. «تاينىڭ ئىشلىرىنى ئۇنىڭغا دەيمۇ، دېمەيمۇ؟» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— ھە، قاراپ كەتتىڭغۇ! — دېدى گۇلبوستان رابىگۇلگە قاراپ.

— قارىداپ قاپسەن، ئاداش···

— قېرىغاندا مۇشۇنداق سەتلىشىپ كېتىدىغان گەپ ئىكەن···

— ئۇنداق دېمە، ئۆزۈڭنى تۈزەشتۈرۈپ يۈر، بولمىسا تاي بىرنى تېپىۋالمىسۇن يەنە! — دېدى رابىگۇل كۈلۈپ.

— ئاغزىڭغا تاش، ئاداش···

— ئەگەر تاي راستىنلا بىرنى تېپىۋالغان بولسا قانداق قىلىسەن؟

— نېمە دەيدىغانسەن، بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالدىڭمۇ

نېمە؟ — دېدى گۈلبوستان جىددىيلىشىپ.
— ئىككى كۈننىڭ ئالدىدا مەھەللىدە خوتۇنلاردىن بىر گەپ ئاڭلاپ قالدىم، ئاداش، ساڭا دەيمۇ، دېمەيمۇ دەپ كۆپ باش قاتۇردۇم. دەي دېسەم، مەن ئۇ ئىشلارنى كۆزۈم بىلەن كۆرمىدىم. دېمەي دېسەم، ساڭا ئىچىم ئاغرىيدۇ، ئاخىر نېمە بولسا بولسۇن، دەي، دەپ قېشىڭغا كىرگەنىدىم...
— نېمە گەپ ئاڭلىدىڭ؟ — دېدى گۈلبوستان جىددىيلىشىپ.
— تاي چاتاق، ئاداش!
— بىر ئىش بوپتۇمۇ؟ — دېدى گۈلبوستان كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ.
— بىرىنى تېپىۋالغان ئوخشايدۇ...
— نېمە؟... كىمكەن ئۇ؟ — دېدى گۈلبوستان تېخىمۇ جىددىيلىشىپ.
— بىر ئىدارىنىڭ باشلىقىمىش، ئېتىنى قەمەر دەيدۇ. بىنا ئۆيدە ئولتۇرىدىكەن، ئوتتۇز ياشلاردا بار نەرسە دەيدۇ. بىزنىڭ ئارقا مەھەللىدىكى ئايشەمنى بىلىسەن، شۇ ئايشەمنىڭ بىر سىڭلىسى قەمەر دېگەن ئولتۇرغان ئاشۇ بىنادا ئولتۇرىدىكەن، بىر كۈنى ئۇ سىڭلىسىنىڭ ئۆيىگە بارغان چېغى، تايىنىڭ ئاشۇ قەمەر دېگەننىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ...
گۈلبوستان بۇ گەپنى ئاڭلاپ داڭ قېتىپ قالدى.
— «دوست يىغلىتىپ ئېيتار، دۈشمەن كۈلدۈرۈپ»، ئاداش، مەن بۇ ئىشلارنى ئاڭلاپ تۇرۇپ ساڭا گەپ قىلماي تۇرۇۋالسام بولماس، ھەر ھالدا تاي بىلەن ياخشى پاراڭلاش. «ئەر قىلسا بالىغا» دېگەن گەپ بار. تايىنى چىڭراق تۇتمىساڭ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى رابىگۈل.
— ئىغۋا، رابىگۈل... بىزنى كۆرەلمەيدىغان ئادەملەرنىڭ تاپقان گەپلىرى، مەن تايغا ئىشىنىمەن، تاي ئۇنداق قىلىدىغان

ئادەم ئەمەس، ئايشەم باشقا بىرسىنى تايغا ئوخشاتقان ئوخشايدۇ،— دېدى گۈلبوستان. ئەمەلىيەتتە، ئۇ رابىگۈلنىڭ گېپىگە ئىشەنگەنىدى، رابىگۈلنىڭ ئالدىدا خىجالەت بولۇپ، تايغا يان بېسىپ تۇرۇۋالدى.

— ئىشقىلىپ، ئۆزۈڭگە چىڭ بول، ئۇنداق ئىش قىلىدىغان ئادەم هامان چاندۇرۇپ قويىدۇ، بىزنىڭ ساراڭنى بىلىسەن، پات - پات ئۆيگە ئېگىز - پەس بولۇپ كېلىپ قالىدۇ، ئۇ ساراڭنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى بىلىمەن، ئاجرىشىپ كېتەي دېسەم، باللىرىمغا قىلىپ قويىمەن، ئاجراشماي دېسەم دەردىم ئىچىمدە••• بىر كۈنى ئۇ ساراڭ يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆيگە كەلدى. قارىسام سەل مەست بولۇپ قاپتۇ، قوينۇمغا كىرىپ ياتتى. ئىچىۋالسا بەك سەت خورەك تارتىدۇ ئۇ ساراڭ. ئەتىسى تاڭ ئېتىپ كەتتى، ئورنىڭىزدىن تۇرۇڭە دېسەم، كۆزلىرىنى ئاچماي يېتىپ سۈنى تەييار قىلدىڭمۇ دەيدۇ قارا، ئاداش، ئاچچىقىم كېلىپ نېمە سۈنى دەپ بىر ۋارقىرىسام چۆچۈپ كۆزىنى ئاچتى، هە، سەنمىدىڭ دەيدۇ قارا، ئاداش، ئاچچىقىمدا كۆرپىسىنى تارتىپ ئېچىۋەتتىم. ئۆلەي جۇمۇ، ئاداش، قارىسام قوڭىدا بىر گۈللۈك كالتە ئىشتان تۇرىدۇ، ئالە خۇدايىم دەپ تامدىكى دۇتارنى ئېلىپ بېشىغا سالدىم تازا، ئۇ ساراڭ دۇتارنى تارتىۋالدى، كەينىمگە ئۇچۇپ كەتتىم قارا. ئۇ ساراڭ كىيىملىرىنى كىيىپ قېچىپ كەتتى. مەن مۇشۇ ئىشلارنى ئىنسانغا تىنمىدىم، ئاداش، لېكىن دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. مانا بۈگۈن ئامال يوق بۇ ئىشلارنى ساڭا دەۋاتىمەن. مۇشۇ كۈنلەردە ئەرلەرگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئاداش•••

گۈلبوستان ئولتۇرالماي قالدى، ئۇ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

— مەن ئاستا ئۆيگە چىقاي، ئاداش، ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ قويغان بولسام خاپا بولما، تاينى ئۆزۈڭ ياخشى

كۆزەت، — دېدى رابىگۇل.

گۇلبوستان رابىگۇلنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئۆيگە قايتىپ كىرىپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى...

كەچتە، تاي ئىشتىن قايتىپ كەلدى، ئۇ يەنىلا ئادىتى بويىچە ئالما - ئۇزۇم كۆتۈرۈپ كىردى، گۇلبوستان يېتىپ بولغانىدى. ئۇ كارىۋاتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ ئايالىنى لىڭشىتتى:

— ھە، مىجەزىڭ يوقمۇ؟

گۇلبوستان گەپ قىلمىدى.

«بۇ ئىشنى ئۇنىڭ يۈزىگە سالايمۇ، سالمايمۇ؟ ئەگەر ئۇ ئىنكار قىلمىسا قانداق قىلمەن؟ توختا، ھازىرچە ئۇنىڭغا چاندۇرماي» دېدى گۇلبوستان ئىچىدە.

— بېشىم ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى ئۇ ئۆرۈلۈپ تايغا قاراپ.

تاي يوغان قولى بىلەن ئايالىنىڭ پېشانىسىنى تۇتتى.

— قىزىغاندەك ئەمەسقۇ؟

— ئىچ - ئىچىدىن مۇزلاپ كېتىۋاتىمەن، — دېدى گۇلبوستان.

— ئەمىسە سوغۇقلۇق ئېشىپ كەتكەن ئوخشايدۇ.

گۇلبوستان جاۋاب بەرمەي كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى.

— ساڭا ئالما ئالغاچ كەلگەن، ئەكىرىپ بېرەيمۇ؟— دېدى تاي.

— ياق، يېمەيمەن.

تاي ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقتى. ئۇ گۈللۈكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇ گۈللەرگە قاراپ ئولتۇرۇپ ئىچىدە: «بۇ خوتۇن بىرەر گەپ ئاڭلاپ قالغانمۇ نېمە؟ بىر كۈن ئىچىدىلا جىمىپ كەتتىيا! ؟» دېدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە تاي ئىشقا كەتتى. گۇلبوستان قوشنىسى رابىگۇلنى ئۆيگە چاقىرىپ كىردى.

— تونۇگۇنكى گېپىڭنى ئاڭلاپ، ئاداش، ئاخشام كېچىچە ئۇيىقۇم كەلمىدى. «ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە ئۆيۈڭنىڭ ئىلغۇرىغا ئىشەن» دەپتىكەن، تايغا بەك ئىشىنىپ كەتسەممۇ بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئاداش. مۇشۇ ئىشنى بىر ئېنىقلىمىساق بولمىدى. سەن ھېلىقى ئايشەم دېگەن قىزنى ئىشقا سالساڭ، سىڭلىسىدىن ئاشۇ قەمەر دېگەننىڭ ئەھۋالىنى ياخشىراق ئۇقۇپ باقسا، بۇنىڭدىن كېيىن يەنە تاينىڭ قەمەرنىڭ ئۆيىگە بارغىنىنى كۆرۈپ قالسا، بىزگە خەۋەر بېرىۋەتسە، ئەگەر ئەھۋال مۇشۇنداق بولسا، ئۇ بۇزۇقنى نەق مەيداندا بىر تۇتۇۋالاي دەۋاتىمەن، بولمىسا ئۇ ھەرگىز ئىقرار قىلمايدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— بۇ ئويۇڭغۇ بولىدىكەن، ئاداش، ئاشۇ ئايشەم دېگەن چوكان بىزگە ماسلىشارمۇ؟ — دېدى رابىگۈل.

— مەن بىلمىگەن كىشى بولۇۋالاي، سەن ئۆيىگە بېرىپ ياخشىراق گەپ قىلىپ باق. ئادەمگەرچىلىكىڭنى مەن تەييارلاپ بېرەي، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە مەن ئەتە ئاشۇ چوكاننىڭ ئۆيىگە بېرىپ باقاي، ئاداش، — دېدى رابىگۈل.

— سېنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، ئاداش، — دېدى گۈلبوستان.

رابىگۈل گۈلبوستان بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى. گۈلبوستان يەنە يىغىسىنى باشلىدى...

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. گۈلبوستان ھېچقانداق ئۇچۇرغا ئىگە بولالمىدى. يەكشەنبە كۈنى كەچتە، رابىگۈل ئۇنىڭ ئۆيىگە يۈگۈرۈپ كىردى:

— ئايشەمدىن تېلېفون كەلدى، ئاداش، سىڭلىسى تاينىڭ قەمەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرۈپتۇ، — دېدى ئۇ.

— راستمۇ؟

— راست.
— ئەمىسە مەن ماڭاي، ئاداش!
— يالغۇز بارساڭ بولمايدۇ، مەنمۇ بىللە باراي، — دېدى رابىگۇل.
— سەن بارساڭ قانداق بولار، ئاداش؟ — دېدى گۇلبوستان كىيىمىنى ئالماشتۇرغاچ.
— قاراڭغۇدا سەن يالغۇز بارساڭ قانداق بولىدۇ ئەمىسە؟ بۇ گەپنى مەن تېپىپ كەلگەندىن كېيىن ئۆزۈم سەن بىلەن بىللە بولۇشۇم كېرەك - دە، ئاداش، — دېدى رابىگۇل.
— ئۇنداقتا، ئۆيۈڭگە بېرىپ كىيىملىرىڭنى ئالماشتۇرۇپ چىق، ئاداش، ھازىرلا ماڭايلى، — دېدى گۇلبوستان.
رابىگۇل ئۆيىگە چىقىپ كەتتى. گۇلبوستان دادىسىنىڭ ئۆيىگە تېلېفون بېرىپ، قىزلىرىغا بوۋاڭلارنىڭ ئۆيىدە يەنە بىرنەچچە كۈن تۇرۇڭلار دەپ قويدى. ئاندىن ئۆيلەرگە قۇلۇپ سېلىپ، تالاغا چىقتى. ئۇ دەرۋازىغا قۇلۇپ سېلىپ تۇرغاندا، رابىگۇل تەييار بولۇپ ئۇنىڭ قېشىدا پەيدا بولدى.
ئۇلار مەھەللىدىن چىقىپ، چوڭ يولغا چىقتى. گۇلبوستان قولىنى كۆتۈرۈپ تاكسى توسىدى. ئۇلار تاكسىغا چىقىپ ماڭدى.
— ئۇ پاسكىنىنىڭ ئۆيىنى ئېنىق سورىۋالغانسەن، ئاداش؟ — دېدى گۇلبوستان رابىگۇلگە قاراپ.
— سورىۋالدىم، ئاداش، تاپالايمەن، — دېدى رابىگۇل.
تاكسى چوڭ يولدا ئون مىنۇتتەك يول ماڭدى، ئاندىن ئوڭ تەرەپكە ئەگىلىپ، كىنوخانىنىڭ ئالدىغا كەلدى. رابىگۇل:
— مۇشۇ يەردە چۈشەيلى، ئاداش، — دېدى گۇلبوستان تاكسىنىڭ ھەققىنى تۆلىۋېتىپ، ماشىنىدىن چۈشتى.
— يوق، ئاداش، ئۇ قانجۇقنىڭ ئۆيىمۇ شۇ كىنوخانىنىڭ كەينىدىكى مەھەللىدىكەن! — دېدى رابىگۇل.
ئۇلار كىنوخانىنىڭ كەينىدىكى كوچىغا كىردى. بەش يۈز

مېتىردەك يول ماڭغاندىن كېيىن رابىگۇل گۇلبوستانغا يولنىڭ بويىدىكى بىر كونا بىنانى كۆرسەتتى.

— مۇشۇ بىنا، ئاداش، بىرىنچى قەۋەت، ئوڭ قول تەرەپتىكى ئۆي دېگەن، — دېدى رابىگۇل.

— سەن بىنانىڭ ئالدىدا تۇرۇپتۇر. مەن كىرەي، ئەگەر ئۇ بۇزۇق ماڭا قول سالسا، مەن ۋارقىرايمەن، سەن دەرھال ئۆيگە كىر...

— ماقۇل، ئاداش، — دېدى رابىگۇل.

گۇلبوستان بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ قويۇپ، بىناغا كىرىپ كەتتى. رابىگۇل تالادا قالدى. گۇلبوستان بىرىنچى قەۋەتنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۆينىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى.

راست دېگەندەك بۈگۈن تاي قەمەرنىڭ ئۆيىدە ئىدى. ئۇلار تاماق يەپ بولۇپ، تېلېۋىزور كۆرگەچ پاراڭلىشىپ ئولتۇراتتى، تاينىڭ قولى قەمەرنىڭ بويىدا ئىدى، قەمەرنىڭ بۇدۇر چاچلىرىدىن تارقىلىۋاتقان ئەتىرنىڭ خۇش پۇراقلىرى تاينى ئاللىقاچان مەست قىلىپ بولغانىدى.

— ئۆيدىكى مومايىنى قويۇۋېتىپ سېنى ئالايمىكىن ـ يا؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ ئېڭىكىنى چىمدىپ.

— «ئالايمىكىن» دەپ كەتكىنىنى، نېمە قىلىمەن سەن قېرىنى! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— گەپ ياشتا ئەمەس، ياخشى قىز، گەپ جاندا، — دېدى تاي. ئۇ قەمەرنى «چوك» قىلىپ بىر سۆيۈۋالدى. قەمەر تاينىڭ قۇچىقىغا چىقىپ ئولتۇردى. تاي ئۇنىڭ چۇۋۇلغان چاچلىرىنى تۈزەشتۈرۈۋاتاتتى، دەل مۇشۇ ۋاقىتتا گۇلبوستان ئىشىكنى ئۇردى.

قەمەر چاققانلىق بىلەن ئورنىدىن تۇردى. تاي ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ، ئۇنى قېشىدا ئولتۇرغۇزدى.

— بىرى كەلمەكچىمىدى؟ — دېدى تاي قەمەرگە قاراپ.

— ياق. سىز مۇشۇ يەردە ئولتۇرۇپ تۇرۇڭ. مەن بېرىپ قاراپ باقاي، — دېدى قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ. قەمەر ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ تۇرۇپ، ئىشىككە تالادىكى ئادەمنى كۆرۈشكە ئورناتقان «مۇشۇككۆزى» گە قارىدى. ئۇ تالادا تۇرغان گۈلبوستاننى كۆردى، ئاندىن تاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— بىر ئايال، تونۇمىدىم، سىزنىڭ مومىيىڭىز بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى قەمەر بوش ئاۋازدا.

— ئەمىسە مەن بېرىپ كۆرۈپ باقاي، — دېدى تاي. تاي ئىشىكنىڭ قېشىغا كېلىپ، بىر كۆزىنى قىسىپ، «مۇشۇككۆزى» دىن قارىدى. ئۇ تالادا تۇرغان ئايالنى كۆرۈپ، ئىتتىكلا بېشىنى تارتىۋالدى. گۈلبوستان يەنە ئىشىكنى ئۇردى.

— كىمكەن؟ تونۇمىسىزكەن؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ ئاغزىغا قاراپ.

— ھەدەڭ ئىكەن ئەمەسمۇ... ئۇ بۇ يەرنى قانداق بىلىۋالغاندۇ! ؟ بۇ ساراڭ كەينىمگە چۈشۈپتىكەن ـ دە مېنىڭ! — دېدى تاي.

— ئەمدى قانداق قىلىمىز؟ — دېدى قەمەر.

— ئىشىكنى ئاچماڭ، ھەممە ئۆينىڭ توكلىرىنى ئۆچۈرۈۋېتىڭ، ئۆيدە ئادەم يوقكەن دەپ قالسۇن، — دېدى تاي.

— كىچىك بالىدەك گەپ قىلىسىزكەن، ئايالىڭىز دېرىزىدىن ئاللىقاچان ئۆيدىكى توكنى كۆرۈپ بولىمامدۇ!

— ئەمىسە قانداق قىلىمىز؟

— دېرىزىدىن چۈشۈپ قېچىڭ، مۇشۇنىڭدىن باشقا يول يوق! — دېدى قەمەر.

— ئاشۇ دېرىزىڭىزدىن پاتارمەنمۇ! — دېدى تاي.

— ئەمدى گەپنى ئاز قىلىڭ، تاي. بولۇڭە! ماۋۇ ئورۇندۇققا دەسسەڭ، بېشىڭىز پېتىپلا كەتسە ھەممە يېرىڭىز

پاتىدۇ! — دېدى قەمەر بىر ئورۇندۇقنى دېرىزىنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ.

— مۇشۇنداق قىلماي ئامال يوق ئەمدي، — دېدى تاي. ئۇ ئورۇندۇققا چىقىپ دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىپ، دەسلەپتە بېشىنى دېرىزىدىن چىقىرىۋېلىپ، ئاندىن بىر پۇتىنى چىقىرىۋېلىپ، يەرگە سەكرىدى.

رابىگۈل تالادا بىرىنىڭ دېرىزىدىن سەكرەپ چۈشكىنىنى كۆرۈپ، يۈگۈرۈپ تاينىڭ قېشىغا كەلدى. ئۇ تاينى تونۇغاندىن كېيىن، ۋارقىرىدى:

— ۋاي گۈلبوستان، بولە، ئاداش، تاي دېرىزىدىن سەكرەپ قاچتى!

تاي ئورنىدىن تۇرۇپ بەدەر قاچتى. گۈلبوستان بىنادىن چىقىپ قېچىۋاتقان تاينى كۆرۈپ، تۇرغان يېرىدە تۇرۇپلا قالدى.

— بولە، ئاداش، قوغلايمىز! — دېدى گۈلبوستان ئېسىنى يىغىپ رابىگۈلنىڭ قېشىغا كېلىپ.

— قوغلىساق سەت بولىدۇ، ئاداش، دوست بار، دۈشمەن بار، ئۇنىڭ مۇشۇ ئۆيدىن چىققىنىنى كۆردۈڭمۇ بولدى، ئەمدى تېنىۋالالمايدۇ.

ئۇلارنىڭ ئەتراپىغا بىردىنلا ئادەم ئولىشىپ كەتتى.

— ماۋۇ بىچارە خوتۇنلار قەمەر ئاقىېلىقنىڭ ئۆيىگە ئەرلىرىنى ئىزدەپ كەلگەن چېغى! — دېدى بىر ئايال.

— توۋا دېيمەن، ھۆكۈمەت مۇشۇنداق نەرسىنىمۇ باشلىق قىلىپ ئۆستۈرىدىكىنا! — دېدى يەنە بىر ئايال.

— بۇ قانجۇقنىڭ بۇنداق قىلىپ يۈرگىنىنى ھۆكۈمەت يېرىم كېچىدە قانداق بىلسۇن، شۇ ئىدارىسىدىكى بىر ـ ئىككى ئادەمنىڭ گېپى بىلەن ئۆسۈپ قالغان نەرسە ـ دە بۇ! — دېدى يەنە بىر ئايال.

— بۇ شەرمەندىنى كۆچۈرۈۋەتمىسەك بولمىدى! — دېدى يەنە بىر ئايال.

— بولمىسىغۇ مىجەزى ياخشى بۇ سارائىڭنىڭ!

— مىجەزى ياخشى بولسا سەن ئوغلۇڭنىڭ خوتۇنىنى قويدۇرۇۋېتىپ ئېلىپ بەر...

— بۇ ئىشنى ساڭا دېمىگەن بولسام بوپتىكەن، گۈلبوستان، يامان بولدى ـ دە، ئاداش، تاينى كالتە ئىشتانلىرى بىلەن نەق مەيداندا تۇتالىمىدۇق، ئاداش، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ — دېدى رابىگۈل يولسا كېتىۋېتىپ.

گۈلبوستان گەپ قىلمىدى. ئۇنىڭ كاللىسى قالايمىقانلىشىپ كەتكەنىدى. ئۆيگە يېتىپ كەلگەندە، تاي چاقچاقلىق قىلىپ ئۆيگە كېلىپ بولغانىدى، ئۇ ھېچ ئىش كۆرمىگەن ئادەم بولۇۋېلىپ گۈلبوستاننىڭ ئالدىغا چىقىپ تۇردى.

— نەگە بېرىپ كەلدىڭ؟ — دېدى تاي كۈلۈپ. ئۇنىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى.

گۈلبوستان تايغا تازا بىر قارىۋېتىپ، گەپ قىلماي ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتقا ئۆزىنى ئاتتى، ئارقىدىن ئۇن سېلىپ يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى تاينى بىئارام قىلىپ قويدى. تاي چاندۇرماي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە بولدۇڭ؟ بىر ئىش بولدىمۇ؟ گەپ قىلە! — دېدى ئۇ.

گۈلبوستان يىغىسىنى توختاتتى.

— گەپ قىلە، يەنە مىجەزىڭ يوقمۇ؟

— شۇنداق، تاي، مىجەزىم بولمايۋاتىدۇ، ئەھۋالدىن قارىغاندا مېنى يۈرەك كېسىلى قىلىۋېتىدىغان ئوخشايسىز، ساق ۋاقتىدا سىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ...

— ھوي - ھوي، مەست ئادەمدەك سۆزلەپ كەتتىڭغۇ!— دېدى تاي چاندۇرماي.

— پەرى ئاشنىڭىز بىلەن بىللە ياتماي قايتىپ كېلىپسىزغۇ! — دېدى گۈلبوستان كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

— نېمە دېگىنىڭ بۇ! ؟ بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى تاي ئايالىغا قاراپ چاندۇرماي.

— مەن ئۆيىڭىزنى بىكار قىلىپ بېرەي، تاي. سىز ئاشۇ قەمەر دېگەن بۇزۇق بىلەن توي قىلىۋېلىڭ. سىزنىڭ يولىڭىزنى توسۇپ قويماي، — دېدى گۈلبوستان يەنە يىغلاپ.

— جۆيلۈۋاتامسەن نېمە؟ قەمەر دەيسەنغۇ، كىمكەن ئۇ قەمەر دېگەن! ؟ — دېدى تاي يالغاندىن ئاچچىقلىغان كىشى بولۇۋېلىپ.

— تاي، سىز دەپ بېقىڭە، مەن سىزگە زادى نېمە يامانلىق قىلدىم؟ — دېدى گۈلبوستان. ئۇ تېخىمۇ يىغلاپ كەتتى.

— گېپىڭنى چۈشەندۈرمەمسەن؟ بىر ئىش بولدىمۇ؟

— تۈلكىلىك قىلماڭ، تاي، بايام قەمەرنىڭ ئۆيىدىن دېرىزىدىن چۈشۈپ قېچىپ كەتتىڭىزغۇ؟ !

— قەمەرنىڭ ئۆيىدىن؟ ئوڭمۇ، ساراڭمۇ سەن، مەن ئۆيدە تۇرسام، قەمەر دېگىنىڭنى نەدىن كۆرىمەن! كىم ئۇ قەمەر دېگەن؟ — دېدى تاي.

— مەدەنىيەت ئىدارىسىدىكى ئاشنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟— دېدى گۈلبوستان.

— كاللاڭ ساقتۇر سېنىڭ!

— ساق... ئەمدى ساراڭ بولۇپ قالدىغان ئوخشايمەن، مەن سىزنى مۇشۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، تاي...

— يوق يەردىن ئىش تاپىدىغان نەرسە ئىكەنسەن، ئۆيدە ئولتۇرۇۋېلىپ مىجەزىڭ ئۆزگىرىپ قاپتۇ سېنىڭ، ئەمدى ساڭا بىر ماگىزىن ئېچىپ بەرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ،— دېدى تاي.

— مەن سىزگە تاغدەك ئىشىنەتتىم، تاي، ھەم سىزدىن پەخىرلىنەتتىم، ئىشچان، ئادەمگەرچىلىكى بار، مىجەزى ياخشى، سەھرادىن ئاددىي بىر ئىشچى بولۇپ شەھەرگە كىرىپ، ئاخىرى زاۋۇتقا باشلىق بولدى دەپ خۇشال بولاتتىم، خەقنىڭ ئالدىدىمۇ بېشىمنى كۆتۈرۈپ يۈرەتتىم. مانا ئەمدى مۇشۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسى غازاڭغا ئايلاندى. ئىسمىڭىز، چىرايىڭىز ئۆزگەرمىگىنى بىلەن، يۈرىكىڭىز ئۆزگىرىپ بوپتۇ ئەمەسمۇ سىزنىڭ! — دېدى گۈلبوستان يىغلاپ.

— توۋا، قانداق گەپ بۇ! قاراپ قارا چاپلاۋاتىسەنغۇ ماڭا! بىرى ساڭا بىرنېمە دەپتۇ - دە، ھە! خەقنىڭ گېپىگە ئىشەنمە، كەچ بولۇپ كەتتى. يۈرە، كېچىلىك بازارغا بېرىپ بىرنېمە يەپ كېلەيلى! — دېدى تاي.

— ياق...

— ئەمىسە مەنمۇ ياتاي، — دېدى تاي.

— سىز مۇشۇ ئۆيدە يېتىۋېرىڭ، مەن چايخانىغا چىقىپ ياتىمەن، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

ئىلگىرى تاي گۈلبوستان بىلەن ۋارقىرىشىپ قالسا بولدى قىل، كەچ بولۇپ قالدى، دەپ ئۇنى ئايلاندۇرۇپ، ئورنىغا ئەكىرىپ ئۇيەر، بۇيەرلىرىنى تۇتۇپ سىلاپ، ئۇنى ئاسانلا ئۆزىگە قارىتىۋالاتتى. بىراق بۈگۈن بۇ ھۈنىرى ئۇنىڭغا ئەسقاتمىدى...

## سەككىزىنچى باب

# پۇلنىڭ كۈچى

ئارزۇگۈل ئەسقەر بىلەن ئارىلاشقاندىن بېرى ئوسمان تاينىڭ بۇيرۇقى بويىچە ئارزۇگۈلگە بىرنەچچە قېتىم پۇل بېرىپ بولدى. بۈگۈن چۈشتىن كېيىن، ئارزۇگۈل بىر مېھمانخانىغا كىرىپ، بەشىنچى قەۋەتتىن بىر ئۆي ئالدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپ ئۇھ دەپ ئولتۇرۇپ، ئەسقەرگە تېلېفون بەردى. ئەسقەر ئارزۇگۈلنىڭ تېلېفوننى ئېلىپ، جانلىنىپ كەتتى. ئۇ كەچتە مېھمانخانىغا كېلىدىغان بولدى. ئارزۇگۈل ئىچىدە: «مېنىڭ ئاۋازىمنى ئاڭلىسا ئۇچىدۇ ئۇ!» دېدى. ئارزۇگۈل شەھەر بويىچە ئەڭ چوڭ تاللا بازىرىغا كىرىپ، بىر سومكىغا لىق قىلىپ يەيدىغان، ئىچىدىغان نەرسىلەرنى سېتىۋالدى، ئاندىن مېھمانخانىغا قايتىپ كەلدى. ئۇ ئەكەلگەن نەرسىلىرىنى جوزىغا تىزىپ قويۇپ، كارىۋاتتا يېتىپ تېلېۋىزور كۆرۈشكە باشلىدى. خېلى ئۇزۇنغىچە تېلېۋىزور كۆرۈپ ياتقان ئارزۇگۈل مۈگدەپ قالغانىدى. شۇ تاپتا كارىۋاتنىڭ قېشىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان تېلېفون جىرىڭلىدى. ئارزۇگۈل ئۇيقۇسىنى ئېچىپ، تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئالدى.

— ياخشىمۇسىز، بىز «يوپۇرماق» مۇلازىمەت شىركىتىنىڭ مۇلازىمەتچىسى، بىزدە ھەمراھ بولۇش، ئۇۋۇلاش قاتارلىق مۇلازىمەت تۈرلىرى بار، بىز سىز ئۈچۈن خىزمەت قىلماقچى، سىز قانداق مۇلازىمەتنى خالايسىز؟ — دېدى تېلېفوندا

سۆزلەۋاتقان قىز.

— بولىدۇ، ئۆزىڭىز كىرىپ پۇت - قوللىرىمنى تۇتۇپ قويۇڭ، — دېدى ئارزۇگۇل. ئۇ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ قويدى. بەش مىنۇتقا بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە بىرى ئىشىكنى چەكتى. ئارزۇگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنى ئاچتى، ئون يەتتە - ئون سەككىز ياشلار چامىسىدىكى بىر قىز ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى.

— بايام تېلېفون قىلغان مۇلازىمەتچى قىز مەن بولىمەن، ئېتىم شاراپەت، — دېدى قىز تاتلىققىنە كۈلۈپ.

— كېلىڭ، — دېدى ئارزۇگۇل. ئارزۇگۇل ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى: «كۆزى ئېچىلىپ كەتكەن لالىمكەن بۇ» دېدى ئىچىدە.

— سىلەرنىڭ شىركىتىڭلار قەيەردە؟ — دېدى ئارزۇگۇل.

— دەريا بويىدا.

— ئاڭلىمىغان بىر شىركەتقۇ ئۇ؟

— يېڭىدىن قۇرۇلغان شىركەت، — دېدى شاراپەت كۈلۈپ.

— باشلىقىڭلار كىم؟

— قۇندۇز دېگەن ھەدەش...

— قۇندۇز؟

— ھەئە، تونۇمسىز؟

— ياق، تونۇمايدىكەنمەن، — دېدى ئارزۇگۇل.

— ئەمـــــــە مۇلازىمەتنى باشلايمەنمۇ، ھەدە؟ — دېدى شاراپەت كۈلۈپ تۇرۇپ.

«ئاغزى بەك تاتلىكىنا مۇنۇ ناينانىڭ» دېدى ئارزۇگۇل ئىچىدە.

— ئەمىسە مەن ماۋۇ كارىۋاتتا ياتاي، — دېدى ئارزۇگۇل ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ دېرىزىنىڭ قېشىدىكى كارىۋاتقا چىقىپ ياتتى.

— كىيىملىرىڭىزنى يېشىڭ، — دېدى شاراپەت.

ئارزۇگۇل كىيىملىرىنى يېشىپ كىيىم ئاسقۇچقا ئېسىپ قويدى، ئاندىن كارىۋاتقا چىقىپ، بېشىغا ئىككى تەكيىنى جۆپلەپ قويۇپ ياتتى.

— مۇشۇ مېھمانخانىنىڭ ھەممە نەرسىسى ياخشى، تەكيىلىرىزە بولمايدۇ، بەك يۇمشاق. ئادەمنىڭ بېشى چۆكۈپ كېتىدۇ، — دېدى ئارزۇگۇل.

شاراپەت ئارزۇگۇلنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بەدەنلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى. ئارزۇگۇلنىڭ كۆكىرىپ كەتكەن بەدەنلىرى بەكمۇ سوغۇق ئىدى. «كۈنىگە ئۈچ ـ تۆت قېتىم سۇغا چۈشىدىغان نايناق ئوخشايدۇ بۇ» دېدى شاراپەت ئىچىدە.

— قولىڭىز بەك قاتتىق ئىكەن، شاراپەت، — دېدى ئارزۇگۇل.

— چىڭراق تۇتمىساق خېرىدارغا خۇشياقمايدۇ ئەمەسمۇ!

— ئۇغۇ شۇنداق، ...ھە، شاراپەت، سىزگە بۇ ئىشنى قىلغىلى قانچە ۋاقىت بولدى؟ — دېدى ئارزۇگۇل ئىنجىقلاپ يېتىپ.

— ئىككى يىل بولدى، بۇ يىل ئون توققۇز ياشقا كىردىم!

— مەكتەپتە ئوقۇمىغانتىڭىزمۇ؟

— ئوقۇغان، ئوتتۇرا مەكتەپتە ئوقۇۋاتاتتىم، ئاپام بىلەن دادام ئاجرىشىپ كەتتى. مەن ئاپام بىلەن قالغان، ئىنىم دادام بىلەن كەتكەندى. ئاپام ئۈچ ئايدىن كېيىن يەنە تۇرمۇشقا چىقتى، مەن مومامنىڭ ئۆيىدە قېلىپ مەكتەپتە ئوقۇيالمىدىم، — دېدى شاراپەت.

— دادىڭىز بىلەن ئاپىڭىز نېمىدەپ ئاجرىشىپ كەتتى؟

— ئىككىسى چىقىشالمايدۇ، داۋاملىق سوقۇشىدۇ. دادامنىڭ مىجەزى بەك ئىتتىك، ئۆيگە كىرىپ بولغۇچە تامىقىڭنى ئەكەلمەمسەن دەپ ئاپامنى قىستايدۇ، بەزىدە مەست بولۇپ كەلسە ئاپامنى ئۇرىدۇ، «سەن مايماق مېنىڭ ھاياتىمنى خازان قىلدىڭ،

سەن ماڭا چاپلىشىۋالمىغان بولساڭ، مەن ئۆزۈمنىڭ سۆيگىنىمنى ئالالاتتىم» دەپ جېدەل قىلىدۇ، ئاخىرى ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى. بىـــزمۇ جېدەلدىن قۇتۇلدۇق. ئىنىم ئوقۇۋاتىدۇ، دادام ئۇنى داۋاملىق ئوقۇتۇپ ئالىي مەكتەپكە ئەۋەتىمەن دەيدۇ...

— دادىــڭىز سىزنىڭ مۇشۇ شىركەتتە ئىشلەۋاتقىنىڭىزنى بىلەمدۇ؟

— بىلمەيدۇ.

— ئاپىڭىزچۇ؟

— ئاپاممۇ بىلمەيدۇ، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن، مۇنداقچە ئېيتسام، ئۇلار مېنى تاشلىۋەتتى!

— بۇنىڭدىن كېيىن قانداق ئىش قىلغۇڭىز بار؟ — دېدى ئارزۇگۈل.

— بىلمەيمەن، ئالدى بىلەن پۇل تېپىشىم كېرەك، قولۇمغا پۇل چۈشسە، قىلىدىغان ئىشىمنى شۇ ۋاقىتتا ئويلىشىمەن، — دېدى شاراپەت.

ئارزۇگۈل گەپ قىلمىدى، شاراپەت ئۇنىڭ بىلىنى تۇتۇپ بولۇپ، پۇتى تەرەپنى تۇتۇشقا ئۆتكەنىدى. ھۆزۈرلانغان ئارزۇگۈلنىڭ كۆزلىرى خۇمارلىشىپ يۇمۇلدى. شاراپەت ئۇنىڭ ھەممە يېرىنى تۇتۇپ بولۇپ، يەنە بىر كارىۋاتقا بېرىپ ئارام ئېلىپ ئولتۇردى. ئارزۇگۈل ئاستا بېشىنى كۆتۈرۈپ شاراپەتكە قارىدى.

— بولدى قىلدىڭىزمۇ؟

— بولــدى قىلدىم، ھــەدە، يەنە قــەيىرىڭىزنى تۇتــۇپ قويىمەن؟ — دېدى شاراپەت.

— بولدى. رەھمەت، سىڭلىم، تەرلەپ كېتىپسىز، — دېدى ئارزۇگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ سومكىسىدىن ئەللىك سوم پۇل ئېلىپ، شاراپەتكە بەردى، ئاندىن كىيىملىرىنى كىيدى.

— رەھمەت، ھەدە، — دېدى ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ پۇلنى

ئېلىپ.

ئارزۇگۈل تېلېۋىزورنىڭ ئۈستىدىكى چوڭ خاتىرىنى قولىغا ئالدى. ئۇ خاتىرىنىڭ ئىچىدىن بىر ۋاراق قەغەز ئالدى، ئاندىن خاتىرىنىڭ ئوتتۇرىسىغا قىستۇرۇلغان ماي قەلەمنى قولىغا ئېلىپ، قەغەزگە يانفونىنىڭ نومۇرىنى يازدى.

— مانا، سىڭلىم، ماۋۇ مېنىڭ يانفونۇمنىڭ نومۇرى، بىرەر ئىشىڭىز چىقىپ قالسا مېنى ئىزدەڭ، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن سىزگە ياردەم قىلىمەن، — دېدى ئارزۇگۈل قولىدىكى قەغەزنى شاراپەتكە تەڭلەپ.

شاراپەت ئارزۇگۈلنىڭ قولىدىن قەغەزنى ئالدى:

— رەھمەت، ھەدە، ئەمىسە مەن ماڭاي، — دېدى.

ئارزۇگۈل شاراپەتنى ئۇزىتىپ قويدى. «دەردى يوق كىم باركىنتاڭ بۇ جاھاندا!» دېدى ئۇ ئىچىدە. ئارزۇگۈل كارىۋاتقا كېلىپ ئولتۇردى، ئۇ پۈتۈن دىققىتى بىلەن تېلېۋىزور كۆرۈشكە كىرىشىپ كەتتى.

تالادا قاراڭغۇ دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ بولغانىدى. ئارزۇگۈل ئورنىدىن تۇرۇپ توكنى ياندۇردى، ئاندىن دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، پەردىنى يېپىۋەتتى. ئۇ كەينىگە بۇرۇلۇشىغا بىرى ئىشىكنى ئۇردى، ئارزۇگۈل ئىشىكنىڭ قېشىغا بېرىپ، ئىشىكنى ئاچتى، ئەسقەر ئارزۇگۈلنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى...

— كېلىڭ، ئەسقەر، مېنى بەك ساقلىتىۋەتتىڭىز.

ئۇ ئەسقەرنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— بۈگۈن ئىشىم بەك ئالدىراش بولۇپ كەتتى. قولۇم ئىشتا، كۆڭلۈم سىزدىلا بولدى، — دېدى ئەسقەر.

ئارزۇگۈل ئۇنى بىر سۆيۈپ قويدى.

— رەھمەت، ئارزۇگۈل، بۇ كەچ قالغانىڭ مۇكاپىتى ئىكەن - دە! — دېدى ئەسقەر كۈلۈپ.

— ئالدىرىماڭ، ئۇنىڭدىنمۇ ياخشى مۇكاپات بار تېخى، — دېدى ئارزۇگۇل.

— قانداق مۇكاپات ئىكەن ئۇ؟

— دېگىلى بولمايدىغان مۇكاپات، — دېدى ئارزۇگۇل كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

ئەسقەر كۈلۈپ كەتتى. ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمانچىلا جىق نەرسە بۇ، بۈگۈن زىياپەت ئىكەن-دە! — دېدى ئەسقەر قولىغا بىر بوتۇلكا قىزىل هاراقنى ئېلىپ.

— ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسىزكەن. شۇڭا بۈگۈن سىزنى مېهمان قىلغۇم كېلىپ قالدى، — دېدى ئارزۇگۇل كۈلۈپ.

— مۇنداق دەڭ، ئاخشام چۈشىڭىزگە كىرىپ قاپتىمەن-دە!

—... مەن يېرىم كېچىدە تانسىخانىدا تانسا ئويناۋاتقۇدەكمەن، سىز مېنى ئىزدەپ كەپسىز، مەن سىزنى كۆرۈپ داڭ قېتىپ قاپتىمەن. سىز ئايالچە ياسىنىۋاپسىز، كۆكسىڭىزگە بىرنېمىلەرنى تىقىپ ئېگىز قىلىۋاپسىز. مەن: «ئەسقەر، كۆكسىڭىز نېمانداق يوغان؟» دېسەم، سىز: «مەن دېگەن بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى تۇرسام كۆكسۈممۇ شۇنداق يوغان بولمىسا قانداق بولىدۇ؟» دەپسىز.

ئەسقەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— سىز بەك قىزىق چۈش كۆرىدىكەنسىز، ئارزۇگۇل.

— ئەسقەر، راستىنى دېسەم سىزگە ئۆگىنىپ قاپتىمەن، سىزنى بىر كۆرمىسەم چىدىمايدىغان بولۇپ قالدىم، بەك كۆرگۈم كېلىپ كېتىدۇ! — دېدى ئارزۇگۇل غىلجىڭلاپ.

— مەنمۇ سىزگە كۆنۈپ قاپتىمەن، ئارزۇگۇل، — دېدى ئەسقەر.

— ئەمسە ئىچتۇق! — دېدى ئەسقەر. ئۇ بىر ئىستاكان ھاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى. ئارزۇگۈل يېرىمىنى ئىچىپ قويۇپ قويدى.

— مېنىمۇ پات - پات ئىزدەپ تۇرۇڭ، ئەسقەر، سىزنى مەنلا ئىزدەپ كېلەلىۋاتىمەن، ئادەم ئىزا تارتىپ قالىدىكەن، — دېدى ئارزۇگۈل ئەسقەرگە قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— بۇ گېپىڭىز ياخشى بولدى، ئارزۇگۈل. ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مەن سىزنى ئىزدەيمەن، كېلەر ھەپتە مۇمكىنچىلىك بولسا سىزنى تاغقا ئاچىقىپ ئوينىتىمەن، — دېدى ئەسقەر.

— مەن تاغنى بەك ياخشى كۆرىمەن، ئەسقەر، ماڭا دائىم تېلېفون بېرىپ تۇرۇڭ، ماڭا ئىشىنىڭ، ماڭا ئۆزىڭىزگە ئىشەنگەندەك ئىشىنىڭ، مەن ھەرگىز سىزگە ئوشۇقچە ئىش تېپىپ بەرمەيمەن، مەندىن خاتىرجەم بولۇڭ، قاچان چاقىرسىڭىز، شۇ ۋاقىتتا قېشىڭىزدا پەيدا بولىمەن، مەن ھەر دائىم سىزنى خۇشال قىلىشقا تەييار، — دېدى ئارزۇگۈل.

## توققۇزىنچى باب

# كەلگۈلۈك ئەسقەرگە كەلدى

بىرنەچچە ئايدىن بېرى، ئەسقەر بىلەن ئارزۇگۈلنىڭ ئۆيۈن - تاماشىلىرى بەك قىزىپ كەتتى. ئەسقەر ئارزۇگۈلنى بىر قېتىم توغرىلاپ بولغۇچە، ئارزۇگۈل ئەسقەرنى ئىككى قېتىم توغرىلاپ بولاتتى. ئەمەلىيەتتە، ئارزۇگۈلنىڭ بارلىق ھەرىكىتى ئوسمانىنىڭ بۇيرۇقى بويىچە بولۇۋاتاتتى. شۇنىڭدىمۇ، سامانىنىڭ تېگىدىن سۇ قويۇۋاتقان ئادەم تاي ئىدى. تاي پەردىنىڭ ئارقىسىدا تۇرۇپ شاھمات ئويناپتتى. ئارزۇگۈل ئەلۋەتتە بۇ ئويۇنلارنى ياخشى چۈشىنەتتى.

بىر كۈنى ئارزۇگۈل ئەسقەرگە تېلېفون بېرىپ: «ماڭا ئاز دېگەندە يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بەرمىسىڭىز بولمىدى، بويۇمدا قالدى، بىرەر دوختۇرخانىغا بېرىپ يېتىپ بالىنى ئالدۇرۇۋەتمىسەم بولمايدۇ» دېدى. بۇ گەپ ئەسقەرگە قاتتىق تەسىر قىلدى. ئاشۇ سىرلىق، تاتلىق كۈنلەرنىڭ ھەممىسى شۇ تاپتىلا ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قارا بورانغا ئايلاندى. ئەسقەرنىڭ كاللىسىغا نۇرغۇنلىغان ئويلار كەلدى، ئۇ مۇشۇ ۋاقىتتا ئارزۇگۈلنى ھەقىقىي چۈشەندى، ئۇنىڭ ھە دېسە ئۆزىنى ئويىنىتىپ مېھمان قىلىپ يۈرۈشىدىكى سىرىنى ھەقىقىي چۈشەندى. ئەسقەر ئۆزىنىڭ نادانلىقىنى تۇنجى قېتىم ھېس قىلدى. ئۇ شەھەردىن يىراق بىر ساياھەت ئورنىغا بېرىپ، ئارزۇگۈل بىلەن شۇ يەردە پاراڭلاشتى.

— مەن ھەقىقەتەن ئۇچۇشنى بىلىپ چۇشۇشنى بىلمەيدىغان نادان ئىكەنمەن، ئارزۇگۈل،— دېدى ئەسقەر.

—... بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، ئەسقەر، ئويۇننى تەڭ ئوينىدۇق، ئەمدى دەردىنى تەڭ تارتمىساق بولمايدۇ! — دېدى ئارزۇگۈل.

— مەن ھە دېگەندە سىزگە يىگىرمە مىڭ سوم پۇل بېرەلمەيمەن...

— قانچىلىك بېرەلەيسىز؟

— بەش مىڭ سوم بېرەي. دوختۇرخانىغا بۇنچىلىك پۇل كەتمەيدۇ.

— بەش مىڭ سوم دېدىڭىزما؟ سىز نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، بەش مىڭ سومغا مايماق تەخەيمۇ ئوسۇرۇپ بەرمەيدۇ مۇشۇ كۈندە. مەن دېگەن ئادەم، ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلمامسىز! سىز دېگەن بىر زاۋۇتنى پىرقىرىتىۋاتقان ئەركەك تۇرسىڭىز، بەش مىڭ سوم دېگەن نېمە ئۇ، ئوسمان جېنىدا ئېغىر ئاياغ قىلىپ قويغان قىزلىرىغا ئون مىڭ سوم بېرىدۇ! — دېدى ئارزۇگۈل. ئارزۇگۈل يۈزىنى بىرلا ئۆرۈپ باشقا بىر ئادەم بولۇۋالدى.

ئەسقەر ئۇنىڭغا غەزەپ بىلەن قارىدى:

— بولىدۇ ئەمىسە، مەنمۇ ئون مىڭ سوم بېرەي، — دېدى.

— يىگىرمە مىڭ سومدىن بىر تىيىن كەم ئالمايمەن، — دېدى ئارزۇگۈل.

— ئەمىسە ئىككىمىز دوختۇرخانىغا بىللە بارايلى، ئەگەر قورسىقىڭىزدا ھەقىقەتەن بالا بولسا، مەن سىز دېگەن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى بېرەي، ئەگەر قورسىقىڭىزدا بالا بولمىسا، بىر تىيىنمۇ بەرمەيمەن، — دېدى ئەسقەر بىردىنلا جانلىنىپ.

— قىلىغلىقنى قىلىپ بولۇپ ماڭا ئىشەنمەيۋاتامسىز؟ ماقۇل ئەمىسە، سىزمۇ ئوغۇل بالىدەك گەپ قىلدىڭىز،

دوختۇرخانىغا بارساق بارايلى، ئەگەر قورسىقىمدا بالا بولسا، مەن سىزدىن بىر تىيىنمۇ ئالمايمەن ھەم بالىنى چۈشۈرمەيمەن، بالىنى ساق - سالامەت تۇغۇپ، زاۋۇتقا ئاپىرىپ، قولىڭىزغا بېرىمەن. ئەگەر سىز مېنىڭ مۇشۇ گېپىمگە ئىشەنمىسىڭىز، مەن يەنە باشقا ئۇسۇل ئارقىلىق سىزنى ئىشەندۈرەلەيمەن، — دېدى ئارزۇگۇل.

ئەسقەر بوشىشىپ كەتتى.

— مەن سىزنى ماڭا بۇنداق ئەسكىلىك قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئارزۇگۇل...

— بۇ قانداق ئەسكىلىك قىلغانلىق بولسۇن، ئەسقەر، سىز بىر زاۋۇتنى پىرقىرىتىۋاتقىنىڭىز بىلەن ھېچ ئىشنى بىلمەيسىزكىنە؟! بىلسىڭىز، ئەمەلىيەتتە مەن سىزنى قۇتۇلدۇرۇۋاتىمەن، مەن سىزگە ئىش تېپىپ بەرمەي پۇل بىلەن ئۆزۈمنى ساقايتىۋالسام بولىدىغۇ! دوختۇرخانىدا يېتىشىم كېرەك. مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە پۇل كەتمەمدۇ؟ ئەمىسە مەن قورسىقىمنى كۆتۈرۈپ يۈرسەم سىز ئۈچۈن ياخشىمۇ؟

— مەندە يىگىرمە مىڭ سوم پۇل نېمە قىلسۇن، ئارزۇگۇل؟

— خوتۇنىڭىزدىن ئوغرىلىقچە ساقلىغان پۇلىڭىز يوقمۇ؟— دېدى ئارزۇگۇل.

— مەن تاپقان پۇلۇمنى ئەمەس، يولدا تېپىۋالغان بىر تال يوپۇرماقنىمۇ خوتۇنۇمغا بېرىدىغان تۇرسام...

— سىزنىمۇ ئوغۇل بالا دېگىلى بولسۇنمۇ ئەمدى، ئەسقەر. بۇنداق ئويۇن باشتىن - ئاخىرغىچە پۇل بىلەن پۈتىدۇ ئەمەسمۇ!— دېدى ئارزۇگۇل.

— مەن مۇشۇنداق ئىشلاردا ھەقىقەتەن ساۋاتسىز ئىكەنمەن، سىز ئالدىرىماڭ، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ كۆرەي،— دېدى ئەسقەر غەزەپ بىلەن ئارزۇگۇلگە قاراپ.

— ماۋۇ گېپىڭىز بولىدۇ. بىراق ماڭا سەت ئالايماڭ، كۆزىڭىز ئالىغاي بولۇپ قالىدۇ. ئالىغاي بولۇپ قالسىڭىز

قېشىڭىزغا يېقىن كەلمەيمەن!

— خۇدايىم ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا كۆرۈشتۇرمەس، — دېدى ئەسقەر.

— ئۇنداق دېمەڭ. «بارمايمەن دېگەن تۇگمەنگە يەتتە قېتىم بېرىپتۇ» دېگەن گەپ بار، يەنە تۇتۇشۇپ قالىمىز تېخى، بۇ بازاردا ھېچكىم ھېچكىمدىن ئايرىلالمايدۇ، — دېدى ئارزۇگۇل كۈلۈپ.

— خۇدايىم ئۆز پاناھىدا ساقلىغاي، — دېدى ئەسقەر.

ئەتىسى كەچتە، ئەسقەر تاي بىلەن كۆرۈشتى.

— نېمە؟ ئاشۇ ئارزۇگۇل دېگەن شاپاقچى شۇنداق دەمدۇ؟ — دېدى تاي يالغاندىن جىددىيلىشىپ.

— مەن بۇ ئىشنى بۇنداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىماپتىمەن! — دېدى ئەسقەر تايغا قاراپ.

«ئەمدى جايلايمەنكەن ـ دە بۇ كالۋا بۇلاقنىڭ سۈيىنى ئىچكەن گىرىينى» دېدى تاي ئىچىدە خۇشال بولۇپ.

— گەپ پۇلدا ئەمەس، باشلىق، مەن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ھازىرلا تەييار قىلالايمەن، بىر لوبەنگە تېلېفون بەرسەم، دېگەن پۇلنى ئېلىپ ھازىرلا ئالدىمدا پەيدا بولىدۇ. گەپ بۇنداق ئويۇننى مۇشۇنداق ئوينىمايمىز ئەمەسمۇ! مەن ئارزۇگۇلنى ياخشى بىلىمەن، بەدىنىنىڭ ئىسسىقى قالمىغان نەرسە ئۇ. بۇنداق نەرسىلەر بىلەن بۇگۈن ئىشنى پۈتتۈرۈپ ئەتىسلا قارىمايتتۇق، بولمىسا ئۇلار مۇشۇنداق ئۆلۈكىنى ئارتىدۇ ئەمەسمۇ! — دېدى تاي قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— مەن ئۇ پاسكىنىنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشۈپ كېتىپتىمەن، ئۇ مايماق ماڭا بىكاردىن ـ بىكار ئاشۇنداق يېقىنچىلىق قىلماپتىكەن ـ دە! ئەسلىدە نىيىتى يامان نەرسە ئىكەن ئەمەسمۇ ئۇنىڭ!

— خاتىرجەم بولۇڭ، باشلىق. ھېچقانچە ئىش ئەمەس بۇ،

پۇل بىلەن تۆگەيدىغان ئىش ئىكەنغۇ، بىراق بۇنىڭدىن كېيىن دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى تاي ئەسقەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق نەرسىلەرگە ھەرگىز يېقىن كەلمەيمەن، — دېدى ئەسقەر.

— بۇنداق دەپ كەتسىڭىز بولمايدۇ، باشلىق، كىچىككىنە ئىشنى كۆرۈپلا قامچىڭىزغا تۇتۇۋالسىڭىز بولمايدۇ، بىز دېگەن ئەر، ئەردەك ياشايمىز، ئەر دېگەن كۈندە بىر خىل ئالمىنى تۇتۇۋەرسە قولىنىڭ سېزىمى قالمايدۇ. شۇڭا يېڭى - يېڭى ئالمىلارنى ئۈزۈپ تۇرۇش كېرەك. بۇ تۆت كۈنلۈك ئالەمدە، ھەممە ئىشنى ياپسا كەلتۈرۈپ تاراق - تۇرۇق، شاراق - شۇرۇق قىلىپ ياشايمىز ئەمەسمۇ، باشلىق.

— مەن بۇنداق ئويۇننى ئەپلەشتۈرەلمەيدىغان ئوخشايمەن…

— ئۇنداق دېمەڭ، پۇتلاشمىغۇچە يول تاپقىلى بولمايدۇ، — دېدى تاي، — پۇلدىن خاتىرجەم بولۇڭ، مەن پۇلنى ئەتە چۈشكىچە تەييار قىلىمەن.

— رەھمەت، سىزنى ئاۋارە قىلىدىغان بولدۇم، — دېدى ئەسقەر.

— ئۇنداق دېمەڭ، باشلىق. سىزنىڭ ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىم! — دېدى تاي كۈلۈپ تۇرۇپ.

ئەسقەر تاينىڭ گېپىنى ئاڭلاپ، خېلى خاتىرجەم بولۇپ قالدى.

ئەتىسى ئەتىگەندە، تاي زاۋۇتقا كېلىپ، ئادىتى بويىچە زاۋۇت ئىشخانىسىغا كىرىپ بىردەم ئولتۇرىدىغان ئىشنى تاشلاپ، ئۇدۇللا ئۆز ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ تېلېفون تۇرۇپكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئازات لوبەنگە تېلېفون بەردى. ئازات لوبەن يېرىم سائەت ئىچىدىلا ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

— ۋەئەلەيكۇم ئەسسالام، كەل، ئازات لوبەن، ئولتۇر، ئاداش، — دېدى تاي ئازات لوبەننىڭ سالىمىنى قوبۇل قىلىپ.

— ئەتىگەندىلا تېلېفون بېرىپ قاپسەنغۇ، ئاداش، — دېدى ئازات ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ.

— ئاخشام چۈشۈمگە كىرىپ قاپسەنكەن، ئاداش، — دېدى تاي.

— يالغان گەپ قىلما، ئاداش، مەن ھەرگىز سېنىڭ چۈشۈڭگە كىرمەيمەن.

— ئۇنداقتا، سېنى نېمىگە چاقىرغاندىمەن، تېپىپ باقە؟

— بىلىمەن، مۈشۈكنىڭ ئالدىغا كىرگەن چاشقاننىڭ زىيان تارتقىنى تارتقان! — دېدى ئازات.

— ئەمدى مەن سېنىڭ ئالدىڭدا مۈشۈك بولۇپ قاپتىمەن - دە!

— سەن بۇرۇن مۈشۈك ئەمەستىڭ، ئاداش، مېنى لوبەن قىلىپ باي قىلىپ قويغاندىن كېيىن مۈشۈك بولۇپ قالدىڭ...

— سەن تاز دېگۈچە مەن تاز دەۋېلىپ بارىسەن - ھە! — دېدى تاي كۈلۈپ، — يىگىرمە مىڭ سوم بېرىپ تۇرمىساڭ بولمىدى، ئاداش!

— يەنە بىرىنىڭ قورسىقىنى يوغىنىتىپ قويۇپسەن - دە! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— سەت گەپ قىلما، باشقا بىر ئىش چىقىپ قالدى...

— بېرەي، مەندە پۇل بار، سەندە ئۈستەلدە قەلەم بىلەن قەغەز بار، ھۆججەت يازە!

تاي ئازاتقا ئالىيىپ قارىدى.

— قەلىمىم يوق.

— مەندە بار.

— قەغەز يوق.

— مەندە بار.

— قولۇمنىڭ مىجەزى يوق...

— مېنىڭ قولۇمنىڭ مىجەزى بار، ئالامەت يېزىۋېتىمەن!

— پۇلنى قاچان ئەكېلىپ بېرىسەن؟

— نېسىگە ئىككى يۈز تونىنا سېمونتقا تەستىق سېلىپ بەر، پۇلنى بىر يىلدىن كېيىن ئالىسەن...

— بۇ ئىشتا سودىلاشمايلى، ئاداش...

— ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن ئوغۇل بالىچىلىقتا پايدا قالمايدۇ، ئاداش، ئويۇننى مۇشۇنداق ئوينىمىساق بولمايدۇ! — ئازات.

— ئەمىسە سەن بېرىپ پۇلنى ئەكەل، قالغان ئىشلارنى مەن پۈتتۈرۈپ قويىمەن، — دېدى تاي.

— سېنىڭ مۇشۇنداق يېرىڭنى دەيمىز - دە، ئاداش، — دېدى ئازات لوبەن ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئازات تاينىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى. تاي ئوسمانغا تېلېفون بېرىپ، ئازاتنىڭ ئىشىنى ئۇنىڭغا ئورۇنلاشتۇردى، ئاندىن ئۇنى چۈشتىن كېيىن ئىشخانىسىغا چاقىرىپ قويدى.

ئارىدىن يېرىم سائەت ئۆتكەندىن كېيىن، ئازات يەنە تاينىڭ ئىشخانىسىدا پەيدا بولدى. ئۇ سومكىسىدىن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ، تاينىڭ ئالدىغا قويدى.

— چاققان بېرىپ ئىشىكنى ئېتىۋەت، ئاداش، — دېدى تاي ئۈستەلنىڭ ئۈستىدە پارقىراپ تۇرغان پۇلغا قاراپ.

— بەك قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسەنغۇ، ئاداش، — دېدى ئازات ئىشىك تەرەپكە مېڭىپ.

— هازىر بۇرۇنقىدەك ئىش قالمىدى، ئاداش، كوچىلايدىغانلار كۆپىيىپ قالدى... سانۇالمىدىم - يە؟

— ساناشقا هۇرۇنلۇق قىلساڭ مەن ساناپ بېرەي بولمىسا!

— ئەمىسە ساڭا ئىشەندىم، ئاداش، سانىمايمەن... ئىشىڭنى ئوسمانغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدۇم، ئەتە ئوسمان بىلەن

كۆرۈش! — دېدى تاي.

— ساڭىمۇ رەھمەت، ئاداش. ھازىر تاغنىڭ تازا ياخشى ۋاقتى، يەنە بىر قېتىم تاغقا چىقىپ كەلگەن بولساق بوپتىكەن، — دېدى ئازات.

— ئولۇڭدا يېڭى مال بارمىتى؟

— مال دېگەن جىققۇ، ئاداش.

— بىزگە ماللا بولسا بولۇۋەرمەيدۇ، ئۇنىڭ دەرىجىسىمۇ بولۇشى كېرەك...

— پاھ، ھېلىقى باشلىق نايناق بىلەن تونۇشقاندىن بېرى تەرەققىي قىلىپ كېتىپسەن - دە، ھە...

— ئاكاڭ ھازىر چۆپنىڭ ئۈچىنى يەپ، سۈنىڭ سۆزۈكىنى ئىچىپ ياشاۋاتقان گەپ، — دېدى تاي ئورۇندۇقىغا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ.

— چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا دېگەن گەپ بار، ئاداش، ئوينىۋال، كۈلۈۋال، ئەتە - ئۆگۈن چۈشۈپ كەتسەڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلاردىكى قاۋاقلاردا ئىچىپ - سېسىپ يۈرىدىغان بولۇپ قالىسەن! — دېدى ئازات كۈلۈپ.

— ئاغزىڭغا تاش، شۇملۇقنى تىلىمە...

— چاقچاق ئەمەس، ئاداش، مەن بىر كۈنى ئۆزۈم ئورۇنلاشتۇراي، ئۆتكەنكىگە ئوخشاش تاغقا چىقىپ يەنە بىر ياشاپ كېلەيلى، سەن مېنى ئۇنتۇپ قالغىنىڭ بىلەن مەن سېنى ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئازات.

— ئەمدى مەن ئويۇندىن سەل ئۆزۈمنى تارتمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ. خوتۇن كەينىمگە چۈشۈۋالدى.

— چاندۇرۇپ قويۇپسەن - دە! سەھرالىق دېگەن مىلىك دېگەن بىلەن سەھرالىق - دە! يالغۇز ئوينىغۇچە مېنى باشلىۋالغان بولساڭ چانمايتتى ئەمەسمۇ!

— بىرى چېقىپ قويغان ئوخشايدۇ!

— هازىر نۇرغۇن ئادەملەر ئىش ئورنىدىن قالدى، ئاداش، قىلىدىغان ئىشى يوق، چېقىمچىلىق قىلمىسا نېمە قىلىدۇ دەيسەن! — دېدى ئازات.

— ئەتە ئوسمان بىلەن كۆرۈش، ئاندىن ماڭا تېلېفون بېرىۋەت، — دېدى تاي.

— بولىدۇ، ئاداش، — دېدى ئازات. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ، تاي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

تاي ئازاتنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئۇستەل ئۈستىدىكى پۇللارنى بىر گېزىتكە ئوراپ، يانچۇقىغا سېلىپ، ئەسقەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى، ئەسقەرنىڭ ئىشخانىسىدا باشقا ئادەم يوق ئىدى. تاي ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، ئەسقەرنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى، ئاندىن يانچۇقىدىكى پۇلنى ئېلىپ، ئەسقەرنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى.

— بۇ نېمە؟ — دېدى ئەسقەر.

— ھېلىقى سىز دېگەن پۇل، باشلىق، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سىزنى بەك ئاۋارە قىلدىم، تايكا، بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئەسقەر.

— بۇ ھېچقانداق چوڭ ئىش ئەمەس، باشلىق. بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقانداق ئىشىڭىز بولسا ماڭا دەڭ، مەن بۇ زاۋۇتتا خېلى ئۇزۇن ئىشلىدىم، قۇرۇلۇش ساھەسىدىكى لوبەنلەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىم يامان ئەمەس، بۇ مەن ئۈچۈن ئاددىي بىر ئىش، — دېدى تاي.

— رەھمەت، تايكا، مەن سىزنىڭ بۇ ياخشىلىقىڭىزنى ھەرگىزمۇ ئۇنتۇمايمەن، — دېدى ئەسقەر. ئۇ ئۇستەلنىڭ ئالدىدىكى پۇلنى تارتمىسىغا سالدى. ئۇلار بىردەم زاۋۇتنىڭ باشقا ئىشلىرى ئۈستىدە پاراڭلاشتى. گەپ تۈگىگەندىن كېيىن، تاي ئورنىدىن تۇرۇپ، ئەسقەر بىلەن خوشلاشتى.

تاي ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ، دېرىزىنىڭ ئالدىغا كېلىپ تۇردى. ئۇز ۋاقىتىدا بۇ زاۋۇتنىڭ ھەممە يېرىگە قارىياغاچ تىكىلگەندى، بۇ كۆچەتلەر چوڭ بولۇپ دەرەخ بولغاندىن كېيىن، قاياقلاردىندۇ ئۇچۇپ كەلگەن سان ـ ساناقسىز مۇشۇكياپىلاقلار قارىياغاچنىڭ شاخلىرىنى ئۇۋا قىلىۋالغانىدى. تاي دېرىزىنىڭ بىر قانىتىنى ئېچىۋېتىپ، شاخ ـ شاخلارغا قاتار قونغان مۇشۇكياپىلاقلارنى تاماشا قىلىشقا باشلىدى. دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، بىر ئادەم ئىشىكنى چېكىپ قويۇپلا ئىشخانىغا كىرىپ كەلدى. تاي كەينىگە قارىدى.

— ئۇكا ھوي، ھۇۋقۇشلارنى ماراۋاتامسەن! يامان بولىدۇ جۇما، — دېدى ئۇ ئادەم تاينىڭ قېشىغا كېلىپ.

— سەلەيكامغۇ بۇ، ھە، بۇ ياقلارغا قەدىمىڭ يېتىپ قاپتۇغۇ؟ — دېدى تاي.

— سەنمۇ بۇ ئىشخانىدا بىزدەك ئادەملەر كېلىدۇ دەپ ئولتۇرغان بولغىيتتىڭ، — دېدى سەلەي بۇرۇتىنى تولغاپ قويۇپ.

— ساڭا يۈز قېتىم دېگەندىمەن، سەلەيكا، ئىشخانىغا كىرگەندە ئالدى بىلەن ئىشىكنى چېكىسەن، رۇخسەت دېگەندىن كېيىن كىرىسەن ئەمەسمۇ!

— سەنمۇ دەۋېرىدىكەنسەن، ئۇكا، مەن چىشىم چىقىپ بىرەرىنىڭ ئىشىكىنى چېكىپ كىرگەن ئادەم ئەمەس، ئۆزۈڭ بىلىسەن، ھازىرمۇ قېيناتامنىڭ ئۆيىگە بارسام ئىشىكنى تېپىپ كىرىمەن…

— ھېلىمۇ ئۆز ۋاقتىدا ھەدىمىزنى ئەپقېچىپ ئالغىنىڭ، ئەگەر يۇرتقا توي قىلىپ بېرىپ ئالغان بولساڭ، ھەر بارغاندا تاملىرىنى بىر قېتىم تېپىپ ئۆرۈۋېتەتتىڭكەن ـ دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئۇنداق گەپ قىلما، ئۇكا، يامان بولىدۇ، ئاكاڭ سەلەينى

بىلىسەنغۇ. مەن نېسىگە خوتۇن ئالىدىغان ئادەم ئەمەس، ھەدەڭنى ئۆز ۋاقتىدا ئالتۇن خەجلەپ ئالغان گەپ، ئۇكا...

— پو دېگەننى زەي سالماي ئاتىسەن ـ دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— مېنىڭ ئىشىمنى قانداق قىلىسەن، ئۇكا؟ — دېدى سەلەي گەپنى باشقا تېمىغا يۆتكەپ.

— قايسى ئىشىڭنى؟

— قايسى ئىشىڭنى دەيسەنغۇ! مەن دەم ئېلىشقا چىقاي، ئورنۇمغا بالامنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بەر دەۋاتىمەنغۇ ساڭا! — دېدى سەلەي.

— نەنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسەنكىنتاڭ، سەلەيكا، ھازىر نەدە پېنسىيىگە چىققان ئىشچىلارنىڭ ئورنىغا بالىسىنى ئورۇنلاشتۇرىدىغان ئىش بار؟

— ۋاھ! ماڭا كەلگەندە دەريانىڭ سۈيى قۇرۇپ كېتىپتۇ ـ دە!

— ئەسقەر باشلىق بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىڭمۇ؟ — دېدى تاي.

— كۆرۈشتۈم، قويە ئۇ گۈيۈڭنى، قورسىقى تويمىغان نەرسە ئىكەنغۇ ئۇ! گېپىمنى ئاڭلىمايلا ۋارقىراپ كەتتى.

— مىجەزى يوق كۆڭلىرى كىرىپ قاپسەنكەن ـ دە.

— قوپال ئادەم ئىكەن ئۇ. ئۇنى بولدى قىلدىم، مەن ساڭىلا ئىشىنىمەن، ئۇكا، مۇشۇ ئىشىمنى ھەل قىلىپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ.

— بالاڭنى زاۋۇتتا ئىشلەتكۈچە بازاردا ئوقەتكە سالساڭ بولامدۇ، سەلەيكا!

— دەسمايە، دەسمايە مەسىلىسى بوش ئەمەسمۇ، ئۇكا...

— ھازىر ئىشتات دېگەن نەرسە يوق، سەلەيكا، بالاڭنى دائىملىققا ئورۇنلاشتۇرغىلى بولمايدۇ، مېنىڭ گېپىمگە ئىشەنمىسەڭ باشقىلاردىن سۈرۈشتە قىلىپ باق، ئىشلەيمەن دېسە

زاۋۇتتا توختام بىلەن ئىشلەپ تۇرسۇن...

— مەيلى، ئۇكا، ئەمىسە، ۋاقىتلىق ئىشلىسە ئىشلەپ تۇرسۇن، لېكىن كېيىنچە يولى بولۇپ قالسا بالامنى رەسمىي ئىشچى قىلىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ. بولمىسا دەم ئېلىشقا چىقمايمەن! — دېدى سەلەي.

تاي كۈلۈپ كەتتى.

— بۇرۇنقى تۇزۇملەر تۈگىدى، سەلەيكا، ئۇ تۈگمەنلەر تاقىلىپ كەتتى هازىر، ئۈستەڭدە سۇ قالمىغان گەپ. خۇدايىم بۇيرۇسا كېلەر يىلى ئاتمىش ياشقا كىرىسەن، يېشىڭ توشقان كۈنىڭ ئەتىسىلا هۆججەت چۈشۈرىمىز، شۇنىڭ بىلەن دەم ئېلىشقا چىقىسەن، بۇرۇنقىدەك سېنى چاقىرىپ كېلىپ، قانداق تەلىپىڭىز بار، تاراق - تۇرۇق دەيدىغان ئىشلار تۈگىدى...

— «مۇسۇلماندارچىلىق ئاستا - ئاستا» دەپتىكەن، بوپتۇ، بالام ۋاقىتلىق بولسىمۇ ئىشلىگەچ تۇرسۇنمىكىن، — دېدى سەلەي.

— بالاڭ ئىشلەپ تۇرسۇن. كېيىن بىر گەپ بولار، بۇ ئىشلار ئەگەر مېنىڭ ئىرادەم بويىچە بولىدىغان بولسا، سەلەيكا، بالاڭنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇرۇۋېتەتتىمغۇ! — دېدى تاي.

— ئەمىسە بالامنى ئەتە ئەكېلەيمۇ؟

— ئەتە ئوسمان بىلەن كۆرۈش، مەن ئوسمانغا دەپ قوياي، — دېدى تاي.

سەلەي تاي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

چۈشتىن كېيىن ئوسمان تاينىڭ ئىشخانىسىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى.

— هەممە ئىشلار جايىدا، ئاداش. ئازاتتىن پۇلنى ئالدىم، ئەتىگەن ئەسقەرگە ئەكىرىپ بەردىم، ئەمدى قالغان ئىشلارنى ئۆزۈڭ قىلىسەن! — دېدى تاي.

— خەتنى ئارزۇگۇل ئۆزى يازسۇنمۇ ياكى مەن يېزىپ بېرەمەنمۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— سەن يازما، كېيىن بىرەر ئىش بولۇپ قالسا خەتنى سېنى يېزىپ بەرگەن دەپ تۇرۇۋالىدۇ، پۇلنى ئالغاندىكىن ئۆزى يازسۇن، مەزمۇنىنى سەن دەپ بەر، قىسقا، مەزمۇنلۇق قىلىپ يازسۇن. قولىيازمىسىنى بەرمىسۇن، كومپيۇتېردا تىزدۇرۇپ ئاخىرىغا ئىسمىنى يېزىپ، شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئەكىرىپ بەرسۇن، — دېدى تاي.

— بولىدۇ، ئاداش، سەن دېگەندەك قىلايلى، — دېدى ئوسمان. ئۇ تاي بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

ئارىدىن بىر ھەپتە ئۆتتى. ئوسمان ئارزۇگۇل بىلەن كۆرۈشتى.

— ھە، چاقىرمىسام تېلېفون قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— سىغىنغان ئادەم ئۆزىڭىز تېلېفون قىلمامسىز! — دېدى ئارزۇگۇل غىلجىڭلاپ.

— پۇلۇڭنى ئالدىڭما؟

— قايسى پۇلنى؟

— ئەسقەردىن ئالىدىغان پۇلۇڭنىچۇ!؟

— ھە... ئالدىم. يېرىمىنى بېرەيمۇ؟

— كىرىدىغان يەرگە كىرىپ كەتكەندۇ ئۇ؟ — دېدى ئوسمان، — خوش، ئەمدى ئىشنى ھېلىقىدەك قىلىمىز، ئەمدى ئەسقەرنىڭ ئۇستىدىن ئاددي، لېكىن مەزمۇنلۇق قىلىپ بىر پارچە ئەرز ياز، مېنى ئالىمەن دەپ ئالدىدى، بويۇمدا قالغان، مېنى ئالداپ بالىنى ئالدۇرۇۋەتتى، دەپ ياز. خەتنى ئۆزۈڭ شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقىغا ئاپىرىپ بەر، باشلىقلار بىلەن كۆرۈشكەندە يىغلاپ تۇرۇپ ئۇلارنى ئىشەندۈر.

ئەسقەر مېنى ئۇنداق قىلدى، مۇنداق قىلدى دەپ ئاغزىڭغا كەلگىنىنى دەۋەر!

— كېيىن ئەسقەر مېنى بىرنېمە قىلىۋەتسە قانداق قىلىمەن؟

— قورقما، ئۇ سېنى ھېچ نەرسە قىلىۋەتمەيدۇ، مەن بار، بىز بار، — دېدى ئوسمان.

— مەن ئەرز يېزىپ باقمىغان، ئوسمان، — دېدى ئارزۇگۈل.

— يازالمىساڭ پوچتىخانىنىڭ ئالدىدىكى خەت يازىدىغان ئادەملەرگە يازدۇرمامسەن، ئاندىن خەت ئۇرىدىغان دۇكاندا چىرايلىق ئۇردۇرۇپ، ئاپىرىپ بەرمەمسەن! — دېدى ئوسمان.

ھەممە ئىشلار ئوسمان ئورۇنلاشتۇرغاندەك بولدى. ئارزۇگۈل شەھەرلىك سانائەت ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇ ئەرزنامىسىنى باشلىققا بېرىپ، يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا ئەسقەرنى تىللاپ بەردى، باشلىق بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل گاڭگىراپ قالدى، ئۇ ئاخىرى ئارزۇگۈلگە تەسەللى بېرىپ: «سىز قايتىپ تۇرۇڭ، بىزگە ئىشىنىڭ، تېلېفون نومۇرىڭىزنى بىزگە قويۇپ قويۇڭ، بىز بۇ ئىشنى ئېنىقلاپ بولغاندىن كېيىن سىزنى چاقىرتايلى» دېدى. ئارزۇگۈل قايتىپ كېتىپ ئەھۋالنى ئوسمانغا ئېيتتى. ئوسمان ئۇنى ماختاپ يەنە بىر قېتىم مېھمان قىلدى.

بىر ئايدىن كېيىن، ئىككى تەكشۈرگۈچى خادىم ئەسقەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئارزۇگۈلنىڭ خېتىنى ئەسقەرگە كۆرسەتتى.

— مۇشۇنداق ئىش بولغانمۇ، ئەسقەر؟ — دېدى تەكشۈرگۈچى خادىم تۇرغان. بۇ ئىشقا تۇرغان بىلەن ئەكبەر مەسئۇل بولغانىدى.

ئەسقەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ، جىددىيلىشىپ تىترەپ كەتتى.

ئۇ بىردىنلا سوغۇق تەرنىڭ ئىچىدە قالدى. ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەر دەرھال ئۇنىڭ چىرايىغا چىقتى. تۇرغان بىلەن ئەكبەر ئۇنىڭدىكى بۇ ئۆزگىرىشلەرنى بايقاپ تۇردى.

— ئەسقەر، بىز سىزدىن گەپ سوراۋاتىمىز، — دېدى تۇرغان.

ئەسقەر بېشىنى كۆتۈرۈپ تۇرغانغا قارىدى:

— كەچۈرىسىز، يېقىندىن بېرى سەل مىجەزىم ياخشى ئەمەس... مەن بۇ ئىشنى تازا ئېسىمگە ئالالمايۋاتىمەن! — دېدى ئەسقەر.

— ئەمىسە سىز بۇ ئىشنى ياخشىراق ئويلىشىپ ئېسىڭىزگە ئېلىپ بېقىڭ، بىز بىرنەچچە كۈندىن كېيىن كۆرۈشەيلى، بىز يەنە مۇشۇ ئەرزنى يازغان ئارزۇگۇل دېگەن قىزنى سىز بىلەن ئۇچراشتۇرماقچى، بۇ گەپنىمۇ سىزگە بالدۇرراق دەپ قويايلى! — دېدى تۇرغان.

ئەسقەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ تېخىمۇ جىددىيلىشىپ كەتتى. «ماۋۇ پاسكىنىنىڭ قىلغان ئىشنى قارا. پۇل دېدى بەردىم، بۇ نېمە قىلغىنى ئەمدى؟ مەندىن يەنە پۇل ئۇندۇرۇۋالماقچىمۇ؟» دېدى ئەسقەر ئىچىدە.

— ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ، قالغان گەپ - سۆزلەرنى كېيىن دېيىشىمىز، — دېدى تۇرغان ئورنىدىن تۇرۇپ.

ئەسقەر ئۇلارنى ئۇزىتىپ قويدى. ئۇ ئىشخانىسىغا قايتىپ كىرىپ، بېشىنى ئۇستەلگە قويۇپ، كۆزىنى يۇمدى، ئۇنىڭغا يەنە تىترەك ئولاشتى. ئۇ كۆپ ئويلاشتى. ئاخىر بۇ ئىشنى تايغا دېمەكچى بولدى. ئۇ قولىغا تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى ئالدى. لېكىن ئۇ تاينىڭ تېلېفون نومۇرىنى باسمىدى، ئۇ تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى قويۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

«بۇ ئىشنى تېلېفوندا چۈشەندۈرۈپ بولالمايمەن، تاينىڭ ئىشخانىسىغا چىقاي» دېدى ئىچىدە. ئۇ ئىشخانىدىن چىقتى.

ئەسقەر تاينىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى، تاي ئۈنىڭ چىرايىغا قاراپ ھەممە ئىشنى بىلىپ بولدى، ئۇ ئەسقەرنى دېرىزىنىڭ قېشىدىكى ئورۇندۇققا تەكلىپ قىلىپ، ئۆزىمۇ ئۈنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— بۇ ياققا كىرىپسىز، باشلىق. ماڭا تېلېفون قىلغان بولسىڭىز ئۆزۈم ئىشخانىڭىزغا چىقاتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى تاي چاندۇرماي.

— ئوخشاش...

— مىجەزىڭىز يوق ئوخشىمامدۇ؟ — دېدى تاي ئۈنىڭ چىرايىنى كۆزەتكەن بولۇپ.

— ھەي، مەن گۈيمۇ بىرنېمەمنى قىسىپ يۈرسەم بولمامدۇ دەيمەن دە! — دېدى ئەسقەر ئاھ ئۇرۇپ.

— بىر ئىش بولدىمۇ؟ — دېدى تاي يالغاندىن جىددىيلىشىپ.

— ھېلىقى ئارزۇگۈل دېگەن شالتاقنىڭ ئىشى بولمامدۇ، تايكا، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىپتۇ...

— نېمە؟... ئارزۇگۈل... ئاشۇما؟... توۋا، ھېلىقى پۇلنى بەرمىگەنما؟

— پۇلنى شۇ كۈنى كەچتىلا بېرىۋەتكەن!

— ئەمىسە قانداق بولۇپ كەتتى بۇ ئىش؟ ئىدارىدىكىلەر نېمە دەيدۇ؟ — دېدى تاي يالغاندىن جىددىيلىشىپ.

— يەنە كېلىمىز دەپ كەتتى. مەن بۇ ئىشنى ئېسىمگە ئالالمىدىم دېدىم، ئۇلار ياخشىراق ئويلىنىپ بېقىڭ، بولمىسا سىزنى ئارزۇگۈل بىلەن ئۇچراشتۇرىمىز دەيدۇ...

— سىزچە قانداق قىلىش كېرەك، باشلىق؟

— مەن گاڭگىراپ قالدىم، تايكا، سىزدىن مەسلىھەت سوراپ كەلدىم...

— ئەمىسە مۇنداق قىلايلى، بۇدا سورىسا، مۇشۇنداق بىر

ئىش بولغاندەك قىلغانتى دەڭ. لېكىن ئۇنىڭ قورسىقىدىكى بالا ھەرگىزمۇ مېنىڭ بالام ئەمەس دەڭ! — دېدى تاي مەقسەتلىك ھالدا.

— مەن بۇ قىزنى تونۇمايمەن دەپ تۇرۇۋالامچۇ؟

— بۇنداق دەپ قۇتۇلالمايسىز، ئۇ ۋاقىتتا ئىش تېخىمۇ چاتاق بولىدۇ. مېنىڭچە، سىز بۇ ئىشنى ئۈستىڭىزگە ئېلىڭ، لېكىن قورسىقىدىكى بالا مېنىڭ ئەمەس، مەن مۇداپىئە كۆرگەن دەپ تۇرۇۋېلىڭ! — دېدى تاي.

تاينىڭ بۇ گەپلىرى ئەسقەرگە ياقتى.

— رەھمەت، تايكا، بۇ ئىشتا سىز ماڭا ياردەم قىلمىسىڭىز بولمايدىغان ئوخشايدۇ، مەن سىزنىڭ ياخشىلىقىڭىزنى ئۇنتۇمايمەن! — دېدى ئەسقەر.

— ئۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، باشلىق، بۇمۇ مېنىڭ ئىشىمغۇ؟ ئەگەر سىزگە بىرەر ئىش چاپلىشىپ قالسا، ئۇلار مېنىمۇ بوش قويمايدۇ! شۇڭا ئىككىمىز بىرلىشىپ، بۇ ئىشنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىۋېتەيلى! — دېدى تاي.

ئاخىرقى ھېسابتا تەشكىل ئەسقەرنى ئۆگىنىپ سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈپ كەلسۇن دەپ ئوقۇشقا ئەۋەتتى، ئارقىدىن زاۋۇتنىڭ ئومۇم ئىشلىرىغا ۋاقىتلىق تاي مەسئۇل بولسۇن دەپ قارار چىقاردى.

تاي بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۈلدى. ئۇ ئوسماننى چاقىرىپ بىر رېستورانغا كىرىپ كەتتى...

## ئونىنچى باب

# تاي قەمەرنىڭ ئالدىدا

يەكشەنبە كۈنى چۈشتە، قەمەر تاينىڭ يانفونىغا تېلېفون قىلدى. تاي ئۆيدە ئىدى. ئۇ يانفونىنى يېنىدىن ئېلىپ كەلگەن نومۇرغا قارىدى. ئۇ تېلېفوننىڭ قەمەردىن كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، يانفونىنى چاققانلىق بىلەن ئېتىپ قويدى، ئاندىن يالغاندىن يانفونىنى قۇلىقىغا تۇتۇپ «ۋەي، ۋەي» دېدى.

— كىمدىن كەپتۇ؟ — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.

— كىمدىن كەلدىكىنتاڭ، ئۈزۈلۈپ كەتتىغۇ، — دېدى تاي.

— شۇ، مەن بار ۋاقىتتا تېلېفون كېلىپ قالسا ئاشۇنداق ئۈزۈلۈپ كېتىدىغان بولۇپ قالدى، — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

— ئىشەنمىسەڭ بۇنىڭدىن كېيىن تېلېفون كەلسە يانفونۇمنى ساڭا بېرەي، ئۆزۈڭ سۆزلەش، — دېدى تاي.

— ياق. مەن تېخى ئۇ ھالەتكە چۈشۈپ قالمىدىم، مەن ھەرگىز سىزگە ئېسىلىۋالمايمەن. شۇنىسى قىزلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن، ئەگەر ئىككى قىزىمدىن خاتىرجەم بولالىغان بولسام بۇۋاخقىچە ئاللىبۇرۇن ئۆزۈمنىڭ جېنىنى جان ئېتەتتىم. بازارغا چىقىپ باش بېكەتنىڭ ئالدىدا چايچىلىق قىلساممۇ كۈنۈم گۈلدەك ئۆتەتتى، — دېدى گۈلبوستان مىسكىن ھالدا.

— گۇمان ئىماننى قاچۇرار دېگەن گەپ بار، خوتۇن. گەپنى ئاز قىل. ھە، كەچتە نېمە تاماق ئېتەي دەيسەن؟

— نېمە يېگۇڭىز بولسا شۇنى ئېتەي!

— ئەمىسە مەن بازارغا چىقىپ يېڭى گۆش ئەكىرەي. ئۇستىخانلىرىنى ئالدىرىماي قايىنىتىپ پەيزىڭ بىلەن چۆچۇرە ئەتمەمسەن! — دېدى تاي.

— ئېتەي، لېكىن پەيزىم قالمىدى مىنىڭ، ئەللىك ياشقا كىرگەن خوتۇن پور كۆتەكتەك بولۇپ قالىدىكەن. بالا باقىمەن، ئىشلەيمەن، ئېرىمنى كۇتىمەن دەپ تۇگىشىپ كەتتىم، — دېدى گۇلبوستان.

— ەۋاتىقان گېپىنى. ئۇن گۇلۇڭنىڭ بىرى ئېچىلمىدى تېخى! — دېدى تاي كۇلۇپ.

— كۇلمەڭ، بەزى گەپلىرىڭىزنى ئاياپ قويۇڭ، تاي، بولمىسا سەتەڭلىرىڭىز بىلەن كۆرۇشكەندە دەيدىغان گەپ تاپالماي قالىسىز، — دېدى گۇلبوستان.

— ئۆزۇڭ بىلىسەن، خوتۇن. سەتەڭلەرگە قاش ئاتىدىغان يىللار ئۆتۇپ كەتتى. مەن سەن دېگەن ئاشۇنداق ئىشلارنى ياش ۋاقتىمدا سەن بىلەن قىلىشىپ بولغان، — دېدى تاي.

— مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن، تاي، — دېدى گۇلبوستان.

— ئاستا ـ ئاستا ئىشىنىپ قالىسەن، خوتۇن. ھە، ئەمىسە مەن بازارغا چىقىپ گۆش ئەكىرەي، — دېدى تاي.

— چامغۇرمۇ ئالغاچ كېلىڭ، — دېدى گۇلبوستان.

— ماقۇل، — دېدى تاي.

تاي قورۇدىن چىقىپ كەتتى. ئەسلىدە ئۇنىڭ كەچتە چۆچۇرە يېيىشى ئۇخلاپ چۇشىدىمۇ يوق ئىدى. ئۇنىڭ ھەقىقىي مەقسىتى تالاغا چىقىپ قەمەرگە تېلېفون قايتۇرۇش ئىدى. ئۇ بازارغا چىقتى، سودىسىنى قىلىپ بولۇپ، بىر تېلېفون بوتكىسىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، قەمەرگە تېلېفون بەردى.

— بايام تېلېفوننى ئالمىدىڭىزغۇ؟ ھە، مۇنداق دەڭ، مەن تېخى سىزنى تالادىمىكىن دەپتىمەن. بۇگۈن مېنىڭ تۇغۇلغان كۈنۈم، كەچتە كۆرۈشەيلى. مەن «ئارزۇ» مېھمانخانىسىنىڭ ئۈچىنچى قەۋىتىدىن ئۆي ئېلىپ قويدۇم. يەتتىنچى ئۆي. نېمە؟ ياق! ھېچ نەرسىنىڭ كېرىكى يوق، ھەممە نەرسىنى ئېلىپ بولدۇم،— دېدى قەمەر تېلېفوندا.

«ئەمدى ئۇنىڭ ئۆيىگە بارغىلى بولمايدۇ. مېھمانخانىلاردا كۆرۈشمەي ئامال يوق» دېدى تاي ئىچىدە.

تاي ئۆيىگە قايتىپ كەلدى، گۆشنى ئايالىغا بەردى.

— مانا گۆش، ياخشى خوتۇن، جېنىم خوتۇن، تولۇن ئاي خوتۇن، ساڭا شاپتۇلمۇ ئالغاچ كەلدىم، — دېدى تاي ئايالىنى كولدۇرلىتىپ.

— سۆزلەپلا كەتتىڭىزغۇ، تاي، بەك خۇشالغۇ سىز بۈگۈن،— دېدى گۈلبوستان ئۇنىڭ قولىدىن سومكىنى ئېلىپ.

— روزاخۇن دەيدىغان بىر لوبەن بولىدىغان، ئۇ ئاداش شەھەرلىك تاشيول ئىدارىسىدىن پارچە - پۇرات ئىشلارنى ئېلىپ ئىشلەپ جان باقىدىغان نەرسە ئىدى. مەن ئۇنىڭغا ئاز - تولا نېسىگە سېمونت تەستىقلاپ بېرەتتىم. ئۇ ئۆزۈندىن بېرى مېنى مېھمان قىلىمەن دەپ يۈرەتتى. بۈگۈن مەيدانغا چىقىپ لاتارىيە تارتىپتىكەن، ئىككى يۈز سوملۇق ئالغانتىم دەيدۇ، بازاردا يۈرىدىغان ھېلىقىدەك «شيالى» ماركىلىق قىزىل ماشىنا بارغۇ، ئۇنىڭغا شۇ ماشىنىدىن بىرى چىقىپتۇ، قارا. ماشىنىنى ئالىمەن دېسەڭ ماشىنىنى ئەكېتىسەنكەن، ئالمايمەن دېسەڭ نەق پۇل بېرىدىكەن. باج بىرنېمىلىرىنى چىقىرىۋېتىپ ئەللىك مىڭ سوم بېرىپتۇ، قارا...

— ۋىيىەي، ئاجايىپ تەلىيى بار ئادەمكىنا! مەنمۇ تارتىپ باققان بولسامچۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئەتە بازارغا بېرىپ سەنمۇ تارتىپ باق، خوتۇن، بەش

يۈز سوم بېرەي، بەش يۈز سوملۇق تارت، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— بەش يۈز سوملۇق تارتامدۇ، تەلىيىمنى سىناپ يۈز سوملۇق تارتىپ قويسام بولدى، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە خاپا بولمايسەن، خوتۇن، كەچتە يەنە چۆچۈرە يېيەلمەيدىغان بولدۇم. بايام بازاردا روزاخۇن كەچتە مېھمان قىلىمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ماقۇل ئەمىسە دەپ قويغانتىم...

— شۇڭا بايام ئىنچىكە تىللىرىڭىز چىقىپ كېتىپتىكەن - دە! — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنداق ئەمەس، خوتۇن. مېنىڭ قانداق ۋاقىتتا خۇشال بولىدىغانلىقىمنى بىلىسەنغۇ! روزاخۇننىڭ ئامىتى ئۇچۇن خۇشال بولۇۋاتىمەنغۇ! — دېدى تاي.

تاي ئايالىنى خۇشال قىلىپ قويۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى. گۈلبوستان يەنىلا تايغا ئىشەنمىدى. چۈنكى تاي مۇشۇنداق باھانىلەر بىلەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىپ، كۆپ ۋاقىتلاردا يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۆيگە ئەتىر پۇراپ كېلەتتى. گۈلبوستاننىڭ گېپى بويىچە ئېيتقاندا، يېرىم كېچىدىن ئاشقاندا ئۇۋۇسىغا قايتقان ئەر ياخشى ئەر ئەمەس ئىدى...

تاي بازارغا بېرىپ خۇرۇم كىيىملەر ماگىزىنىغا كىردى. تاينىڭ كۆزى گېرمانىيىدە ئىشلەنگەن بىر كالتە خۇرۇم چاپانغا چۈشتى، چاپاننىڭ رەڭگى كەرشىنۋاي بولۇپ، پاسونى زامانىۋى پاسون ئىدى. ئۇ چاپاننى باھاسىغا كېلىشىپ سېتىۋالدى. ئۇ ماگىزىندىن چىقىپ تاكسىغا چۈشۈپ «ئارزۇ» مېھمانخانىسىغا يېتىپ كەلدى. ئىشىك ئېچىلدى، تاي ئىككى يېنىغا بىر كۆز يۈگۈرتۈۋېتىپ چاققانلىق بىلەن ئۆيگە كىرىۋالدى.

— بەك قورقۇنچاق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېدى قەمەر كۆزلىرىنى ئۇينىتىپ.

— ئوغرى دېگەن مۇشۇنداق قورقۇنچاق بولىدىكەن، قەمەر، — دېدى تاي.

— سىز ئوغرى ئەمەس، قورقۇنچاقمۇ ئەمەس، تاي، — دېدى قەمەر قاشلىرىنى ئۈينىتىپ.
تاي قولىدىكى سومكىنى قەمەرگە بەردى.
— بۇ نېمە؟
— تۇغۇلغان كۈنىڭىزنى مۇبارەكلەپ ئالغان خۇرۇم چاپان، بەك چىرايلىقكەن. قىشتا كىيەرسىز! — دېدى تاي.
— رەھمەت، ئاۋارە بوپسىز، — دېدى قەمەر. ئۇ سومكىنى كارىۋاتنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.
— كىيىپ بېقىڭ! — دېدى تاي كارىۋاتتا ئولتۇرۇپ.
— ماقۇل، — دېدى قەمەر سومكىنى قولىغا ئېلىپ.
ئۇ سومكىنىڭ ئىچىدىن خۇرۇم چاپاننى چىقاردى، ئۇ چاپاننى كىيدى. چاپان ئۇنىڭغا بەكمۇ ياراشتى.
— ياخشى قىزغا ياخشى چاپان ئېلىش كېرەك - دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— سەل چوڭمۇ قانداق؟ — دېدى قەمەر چاپاننىڭ تۈگمىسىنى ئېتىپ بولۇپ.
— قىشتا پوپايكا بىلەن كىيسىز ئەمەسمۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— سىزگە رەھمەت، تاي، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
قەمەر تۇغۇلغان كۈننى تەبرىكلەش ئۈچۈن ئەكەلگەن نەرسىلەرنى ئۈستەلنىڭ ئۈستىگە تىزدى، ئاندىن تورتنى ئېلىپ ئۈستەلنىڭ ئوتتۇرىسىغا قويۇپ، ئۈستىگە رەڭلىك شاملارنى سانجىدى، ئاندىن ئۇ كەينىگە يېنىپ سومكىدىن سەرەڭگىنى ئالغاندا تاي ئۇنىڭ قولىدىن سەرەڭگىنى ئېلىۋالدى. تاي تورتتىكى شامنىڭ ھەممىسىنى تۇتاشتۇردى.
— ھە، ئەمىسە پۈۋلەڭ! — دېدى تاي قەمەرنىڭ يالقۇنلاپ تۇرغان كۆزىگە قاراپ.
قەمەر ئۇلۇغ بىر تىنىۋېتىپ، بىرلا پۈۋلەپ ھەممە شامنى

ئۆچۇرۇۋەتتى.

— ياخشى پۇۋلىدىڭىز. بىر پۇۋلەپلا ئۆچۇرۇۋەتتىڭىز! بەختلىك قىزلار مۇشۇنداق پۇۋلەيدۇ، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— رەھمەت، تاي، قېنى ئەمىسە تورتتىن ئېلىڭ، — دېدى قەمەر ئۇنىڭغا بىر كېسىم تورت كېسىپ بېرىپ.

تاي تورتنى قولىغا ئېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېيىشكە باشلىدى.

— ئوخشاپتۇ، — دېدى تاي.

— مەن بەزىدە دوستلىرىمنىڭ تۇغۇلغان كۈنىنى تەبرىكلەيدىغان سورۇنلارغا قاتنىشىپ قالىمەن. ھەر بىر قېتىم تورت يېگەندە مۇنداق بىر پىكىرگە كېلىپ قالىمەن: مۇشۇ ئالەمدە ئەرلەر تورت يېگەنگە ئوخشاش بىزنىمۇ ئالداپ - سىلاپ يەپ تۈگىتىدۇ. يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن بىز چىرايىمىزدىن كېتىمىز، يۈزلىرىمىزگە قورۇق چۈشىدۇ. ئەرلەر بىزنىڭ چىرايىمىزنى، سالامەتلىكىمىزنى پۈتۈنلەي ئوغرىلاپ بولغاندىن كېيىن، بىزنى يولغا سېلىپ قويىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا بىزگە ھېچكىم قارىمايدۇ. تېگى - تەكتىدىن ئېيتقاندا بىز ئەرلەرنىڭ قولىدا غازاڭ بولۇپ كېتىمىز. شامال بىزنى خالىغان يەرگە ئۇچۇرۇپ كېتىدۇ. بىزنىڭ تەقدىرىمىز مانا مۇشۇنداق...

— مېنى قورقۇتماڭ، ياخشى قىز، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— كەچۈرسىز، تاي، مەن ئوشۇقچە گەپ قىلىپ قويدۇم. بۈگۈن ئەسلىدە بۇنداق گەپ قىلمىسام بولاتتى. بۇ گەپلەرنى كېيىن دېيىشەيلى، خوش، بۈگۈن سىزمۇ قىزىل ھاراق ئىچىڭ، مەنمۇ قىزىل ئىچەي، ئىككىمىز ئازادە ئولتۇرۇشايلى، — دېدى قەمەر.

قەمەر تاينى خوش قىلىش ئۈچۈن قىزلار ئارىسىدا تارقىلىۋاتقان قىزىق يۇمۇرلارنى سۆزلەپ بەردى. ئۇنىڭ يۇمۇرلىرى تاينىڭ نېرۋىلىرىنى غىدىقلاپ تۇردى. تاي بەك خۇشخۇي ئىدى، بىھايا يۇمۇرلارنىڭ قىزىتىشى بىلەن ئۇلار تۆت

بوتۇلكا قىزىل هاراق ئىچىپ بولدى.

— ئەمدى مەن سىزگە دېمەكچى بولغان گېپىم، تاي، مەن هازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئاشۇ ئۆينى سېتىۋالاي دېگەن، ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى تاپشۇرۇپ بولدۇم، يەنە قىرىق مىڭ سوم كەملەۋاتىدۇ. سىز ماڭا قىرىق مىڭ سوم پۇل قەرز بېرىپ تۇرغان بولسىڭىز دەيمەن، — دېدى قەمەر، ئاندىن ئۇ شەهلا كۆزلىرى بىلەن تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

«ئالە شەرىڭنى! جايلىدى دېگەن مانا مۇشۇ!» دېدى تاي ئىچىدە. ئۇ چىرايىدا چاندۇرمىغىنى بىلەن ئىچىنى قۇزغۇن چوقۇماقتا ئىدى.

— هە... مۇنداق دەڭ، تېخى ئۆينى سېتىۋالمىغانىكەنسىز-دە! خاتىرجەم بولۇڭ، قەمەر. مەن ئەلۋەتتە سىزنىڭ تەلىپىڭىزنى ئورۇندايمەنغۇ! مەن ئۈچۈن هېچقانچە ئىش ئەمەس بۇ. سىزنىڭ ئۆيىڭىز مېنىڭ ئۆيۈم ئەمەسمۇ! — دېدى تاي چاندۇرماي.

— رەھمەت، تاي، سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياردىمىڭىزنى ھەرگىز ئۇنتۇمايمەن، — دېدى قەمەر چىرايلىق تىللىرىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ.

«ئويناشماڭ ناينىاق بىلەن، جايلايدۇ قىلتاق بىلەن، دېگەن مانا شۇ» دېدى تاي ئىچىدە.

ئارىدىن ئۈچ كۈن ئۆتكەندىن كېيىن، بىر كۈنى چۈشتە قەمەر بىر ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەپ ئولتۇردى. تالادىن ئاشخانىغا تاماق يېگىلى كىرگەن ئوسمان ئۇنى كۆرۈپ قالدى. ئوسمان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ، ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— ئۆزىڭىز يالغۇز كەپسىزغۇ؟ — دېدى ئوسمان ئۇنى گەپكە سېلىپ.

— ئۆزۈم يالغۇز بولغاندىكىن يالغۇز كىردىم،— دېدى قەمەر كۆز - قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئەڭ بولمىغاندا تاينىڭ كۆلەڭگىسىنى بولسىمۇ ئەگەشتۈرۈۋالغان بولسىڭىزچۇ! — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئېلىۋالاي دېگەن، بىراق كۆلەڭگىسى ئۆيدە خوتۇنىنىڭ تامبىلىنى يۇيۇۋېتىپتۇ ئەمەسمۇ!— دېدى قەمەر.

— شۇنىڭغا قارىغاندا ئۇلارغا تامبال يېتىشمەيۋېتىپتۇ - دە!— دېدى ئوسمان.

— ئاغىنىسى بولغاندىن كېيىن سىز ياخشى بىلىسىزغۇ!

— مەندىن سىز ئېنىقراق بىلەرسىزمىكىن!

ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئوسمان، سىزدىن بىر ئىشنى سورىغۇم كېلىۋاتىدۇ، قاراڭ، تاينىڭ ئاتا - ئانىسىنىڭ ئەھۋالىنى سۆزلەپ بەرگەن بولسىڭىز! — دېدى قەمەر.

— تايغا تېگىۋالاي دېگەنما؟ — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— سىز مېنى ياخشى چۈشىنىسىز، ئوسمان. مەن ئوقۇردىكى نانغا ئانچە قىزىقىپ كەتمەيمەن. چاقچاقنى كېيىن قىلىشىمىز، ماڭا تاينىڭ ئاتا - ئانىسى توغرىسىدا سۆزلەپ بېرىڭ،— دېدى قەمەر.

— سىز تاينىڭ ئائىلىسىگە قىزىقىپ قاپسىز - دە، بولىدۇ ئەمىسە، مەن ئالدى بىلەن ئۇنىڭ ئەھۋالىنى سىزگە قىسقىچە تونۇشتۇراي، تاي 70 - يىللىرى بىزنىڭ زاۋۇتقا ئىشچى بولۇپ كىرگەن. ئاتا - ئانىسىنىڭ ئۆيى مۇشۇ شەھەرگە ئاتمىش كىلومېتىر كېلىدىغان «بوستانلىق» دېگەن سەھرادا، ئاشۇ يىللاردا ئىشچىلار ئاساسەن سەھرالاردىن قوبۇل قىلىناتتى. ئۇ يىللاردا دېھقانلار بەك ئەتىۋار ئىدى. تاينىڭ دادىسى تۇرسۇنكام

ئۇنى تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپكىچە ئوقۇتۇپتىكەن. تاي ئوقۇغاننىڭ نېمىنى يەپ قالغان ئەزىمەت، ئەگەر ئوقۇمىغان بولسا شەھەرگە كىرەلمىگەن بولاتتى، بىزگىمۇ باشلىق بولالمايتتى. ئۇ ئۆز ۋاقتىدا ياخشى ئىشلىدى، تېخنىكىنىمۇ تېز ئىگىلىدى. ئىشچىلار بىلەنمۇ تېز چىقىشىپ كەتتى. كېيىن ئۇ قاچىلاش سېخىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى، مۇدىرى بولۇپ ئىشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن زاۋۇت ئىشچىلار ئۇيۇشمىسىغا رەئىس بولۇپ سايلاندى. ئىككى يىلدىن كېيىن، يول مېڭىپ يۈرۈپ زاۋۇتقا مۇئاۋىن باشلىق بولۇۋالدى. مانا ئۇ هازىر زاۋۇتنىڭ ئومۇم ئىشلىرىغا مەسئۇل بولۇپ ئىشلەۋاتىدۇ. ئىشقىلىپ ئادەم تىرىشسا، مىدىرلاپ تۇرسا، يۇقىرى- تۆۋەن يول مېڭىپ مۇناسىۋەت باغلاپ تۇرسا بىر ئىش بولۇپ قالىدىكەن. ئەمدى سىزگە راست گەپ قىلمىسام بولمايدۇ، قەمەر، مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسى پۇل بىلەن پۈتىدۇ. تاينىڭ دادىسى تۇرسۇنكام ئۇنىڭغا بەك زور ياردەم قىلدى. ئۆزى بەك ئىش بىلىدىغان ئادەم، ئەگەر ئۇ ئادەم شەھەردە بولۇپ قالغان بولسا جىق ئىش تەۋرىتىۋېتەتتى. ئۆز ۋاقتىدا زاۋۇتتىن ئۇلارنىڭ يېزىسىغا ئىشچى قوبۇل قىلغىلى بارغاندا، تۇرسۇنكام يول مېڭىپ يۈرۈپ ئۇنى يولغا سالغانىكەن. كېيىن ئاڭلىسام زاۋۇت ئەسلىدە تاينىڭ ئورنىغا توختى دېگەن بىر بالىنى ئالماقچى بولغانىكەن. توختىنىڭ ئارتۇقچىلىقى، ئۇ ناھىيىدە تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرگەنىكەن. تۇرسۇنكام بۇ ئۇچۇرنى ئىگىلىگەندىن كېيىن ئىشچى قوبۇل قىلغىلى كەلگەن كادىرلارنى ئۆيىگە چاقىرىپ مېھمان قىلىپ يېگۈزۈپ- ئىچكۈزۈپ توختىنىڭ ئورنىغا بالىسىنى ئۆتكۈزۈۋەتكەنىكەن. تاي زاۋۇتقا كېلىپ ئىشلىگەندىن كېيىن، تۇرسۇنكام يىلدا بىر قېتىم كېلىپ زاۋۇت باشلىقلىرىنى يوقلاپ تۇردى. ئۇلارغا ئۈن، ماي دېگەندەك تۇرمۇش بۇيۇملىرىنى ئەكىرىپ تۇردى. ئۇ يىللاردا بۇنداق نەرسىلەر بەك كەم ئىدى. ھەممە ئادەمنىڭ چىرايىغا قارىسىڭىز

غەم، قورساقنىڭ غېمى. دېمەك، ئۇن، ماي دېگەن نەرسىلەرنىڭ مۇشۇ كۈنلەردىكى دوللارغا ئوخشاش بەكمۇ يېقىملىق ئىدى. يىللار ئۆتۈپ ھۆكۈمەت بازارنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن تۇرسۇنكام پۈتۈن ھۈنىرىنى ئىشقا سېلىپ، ئىگىلىك تىكلەش بىلەن بولۇپ كەتتى. ئۇ ئادەم ئەسلىي ئۆزى تۇرغان ئاشۇ دادۇينىڭ شۇجىسى ئىدى. ئۇ بۇ ۋەزىپىسىنى باشقا بىرىگە ئۆتكۈزۈپ بېرىپ، مال بورداش بىلەن بولدى. ئارقىدىن تېرىچىلىك بىلەن يۇڭچىلىقنىمۇ قوشۇمچە قىلىپ ماڭدى. ئۇ مۇشۇ ئىشلىرىدىن خېلى ياخشى ئۈنۈمگە ئىگە بولغاندىن كېيىن، مەھەللىدە ئۇن زاۋۇتى بىلەن ماي زاۋۇتى قۇردى. ئۇ بۇ ئىشتىنمۇ ياخشى نەتىجىگە ئىگە بولدى. ئۇ خېلى پۇل تاپقاندىن كېيىن، يېزىنىڭ ئېچىۋاتقان خېڭنى كۆتۈرىگە ئالدى. خاڭغا ئادەم سېلىپ كۆمۈر چىقىرىپ، خاڭنىڭ پايدىسىنىمۇ ياخشى كۆردى. تۇرسۇنكامنىڭ بەك كاللىسى بار ئادەم، ئۇ تىرىشىپ يۈرۈپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ ھەممە بالىسىنى جاي - جايدا ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدى. ئاخىرى ئۇ نېمە ئىش قىلدى دېمەمسىز؟ ئۇ شەھەرگە كىرىپ، يولنىڭ ئۈستىدىن بىرىنىڭ قورۇ - جايىنى سېتىۋالدى. ئۇ قورۇنىڭ ئىچىدىكى ئۆيلەرنىڭ ھەممىسىنى چېقىپ، ئۇ يەرگە كېلىشتۈرۈپ ئاشخانا سالدى، ئاندىن بۇ ئاشخانىنى مىراس ئورنىدا ۋەسىيەتنامە پۈتۈپ، تايىغا بەردى. بۇنىڭدا بوۋاي مۇنداق ئىككى ئىشنى مەقسەت قىلغانىدى: بىرى، تايىنى ئىقتىسادىي جەھەتتە يۆلەش، ئۇنى پۇلغا تويۇندۇرۇش، ھەرقانداق ئادەمنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ داستىخىنىنى كەڭ، قولىنى ئۇزۇن قىلىش، ئەمەلىيەتتىمۇ تاي كېيىنكى ئىشلىرىنى خوتقا سېلىشتا مۇشۇ ئاشخانىسىغا تاياندى. ئاشخانا ئۇنىڭ باشقىلارغا يېگۈزىدىغان، ئىچكۈزىدىغان، توشۇيدىغان ھەممە ئىشلىرىغا ئارقا تۈۋرۈك بولۇپ بەردى. يەنە بىرى، بوۋاي ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ئويلىدى، سەھرادىن كەلگەن تۇغقانلارنىڭ ھەممىسىنى ئاشۇ ئاشخانىدا تاماق

يەيدىغان قىلىپ ئورۇنلاشتۇردى. ئۇ ئادەم تايغا نېمە دەپتۇ دېمەمسىز، بىزنىڭ جەمەتىمىزدە ئاتا - ئانىلىرى هايات تۇرۇپ بالىلىرىغا مىراس بېرىدىغان ئىش يوق، بالام. شۇنىڭدىمۇ مەن بۇ ئىشنى سەندىن باشلىدىم. ئەگەر مەن بۇ ئاشخانىنى ئۆمرۈمدە باشقا بىرىگە ئىجارىگە بەرسەم بۇنداق ئاشخانىنىڭ نەچچە پۇلىنى تېپىپ بولىمەن. دېمەك، مەن ساڭا بىر مىراس ئەمەس، نەچچە مىراس بەرگەن بولدۇم. شۇڭا سەن مۇشۇ پايدىنىڭ بەدىلىگە مەھەللىدىن كەلگەن ئۇرۇق - تۇغقانلارنى ھەقسىز كۈتىسەن. ئۇلارنىڭ شەھەردە تۇرغان ۋاقىتتىكى تامىقىنى كۆتۈرىسەن دەپ تاي بىلەن رەسمىي توختاملىشىپتۇ. توختامغا ئۆزى، ئايالى، تاي، تاينىڭ ئايالى تۆتى قول قويغاندىن سىرت، مەھەللىدىكى ئىمامغىمۇ قول قويدۇرۇۋاپتۇ. بەك چىڭ ئادەم بۇ! يىللار ئۆتۈپ بىر كۈنى تاينىڭ ئاشۇ ئاشخانىسىدا تۇرسۇنكام بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم. ئۇ ئادەم ئايالى ھاۋاخان ھەدىنىمۇ ئالغاچ كىرىپتىكەن. يەنە بىرنەچچە ئادەم بار، تاماقتىن كېيىن بىز پاراڭلىشىپ قالدۇق. مەن ئۇ ئادەمگە چاقچاق قىلىپ: «تۇرسۇنكا، مەن مۇشۇ كۈنگىچە بىرەر ئاتا - ئانىنىڭ ئۆز بالىسى بىلەن مۇشۇنداق ئىشلار ئۈستىدە توختاملاشقىنىنى كۆرمىگەن ياكى ئاڭلىمىغان. ئۆزىڭىزنىڭ بالىسى بىلەن توختاملاشقىنىڭىز بەك قىزىق ئىش بوپتۇ!» دېدىم. ئۇ ئادەم نېمە دەيدۇ دېمەمسىز؟ «ئادەم دېگەن ئۆزگىرىپ تۇرىدىغان نەرسە، سەھرا دېگەن بىر دۇنيا، شەھەر دېگەن بىر دۇنيا، سەھرا دېگەن بىرلا چاپىنى بار دۇنيا، شەھەر دېگەن مىڭ چاپىنى بار دۇنيا. شەھەرلىكلەر بۈگۈن بىر خىل چاپان كىيسە، ئەتە يەنە بىر خىل چاپان كىيىدۇ. تاي مېنىڭ پۇشتۇمدىن بولغان بالا. لېكىن ئۇ هازىر شەھەرلىك بولۇپ كەتتى. شەھەر دېگەن قورساق سوقۇشتۇرۇپ ياشايدىغان يەر، بىز سەھرالىقلار دەيدىغان گەپنى دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىمىز. شەھەرلىكلەر ئۇنداق قىلمايدۇ. ئۇلار پۇرسەت كۈتۈپ بىر -

بىرنى تۈيدۇرماي جايلايدۇ. شۇڭا تاي شەكىل جەھەتتە ۋاي دادا دەپ ماڭا ئېسىلغىنى بىلەن يەنە يىللارنىڭ ئۆتۈشى بىلەن ئۇ مەن بىلەن، يەنە بىزنىڭ جەمەتىمىز بىلەن، كەڭرەك قىلىپ ئېيتقاندا بىزنىڭ سەھرا بىلەن ياتلىشىدۇ. تاپقىنىنى مەندىن يوشۇرىدىغان، سەھرادىن كەلگەن تۇغقانلىرىدىن زېرىكىدىغان، پۇتلىرى پۇرايدىكەن دەپ ئۇلارنى قوندۇرمايدىغان بولۇپ قالىدۇ. مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ ئالدىنى ئېلىش ئۈچۈن ئۇنىڭ بىلەن ئاشۇنداق توختام تۈزگەن. ئەگەر ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلىمىسا، شەھەرگە كىرگەن ئۇرۇق- تۇغقانلىرىغا قارىمىسا مەن توختام بويىچە ئۇنى جازالايمەن. بۇگۈنكى جەمئىيەت پۇلنى ئاساس قىلىدۇ. شۇڭا پۇلنىڭ قانۇنىيىتى بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. مۇشۇ كۈنگىچە مەن مۇشۇ ئاشخانىنىڭ ئىشلىرىدا نېمە دېسەم شۇ بولۇپ كېلىۋاتىدۇ. نېمە ئۈچۈن؟ تاي مېنىڭ قولۇمدىكى توختامدىن قورقىدۇ. مەندىن قورقمىسىمۇ مەھەللىدىكى ئىمامدىن قورقىدۇ...» دەيدۇ قاراڭ. مانا دادىسى مۇشۇنداق ئادەم، سىز ئۇ ئادەمنى كۆرمىدىڭىز، كۈلۈپلا تۇرىدىغان ئادەم. تايمۇ شۇنداق، مىجەزى بەك ياخشى. ھەممە ئادەم بىلەن چىقىشىدۇ. كۈلگەك... بىراق ئۈچىيى باشقا ئادەملەرنىڭكىدىن ئۇزۇنراقمىكىن دەيمەن...

قەمەر ئوسماننىڭ گېپىنى ئاڭلاپ قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

## ئون بىرىنچى باب

# گۈلبوستاننىڭ يىغىسى

مۇشۇ كۈنلەردە گۈلبوستاننىڭ كېچىسى ئۇيقۇسى كەلمەيدىغان بولۇۋالدى. بۇنىڭ سەۋەبى يەنىلا تاينىڭ قەمەر بىلەن بولغان مۇناسىۋىتىنى داۋاملاشتۇرۇۋاتقانلىقىدىن بولدى. ئۇ تاي بىلەن بىرنەچچە قېتىم پاراڭلاشتى. لېكىن تاي ئۇنىڭغا تۇتۇق بەرمىدى. «ئەپقاچتى گەپلەرنى ئاز قىل، خوتۇن، گۇمان ئىمانىنى قاچۇرار دېگەن گەپ بار، مېنى زاۋۇتتا ئىشلىگىلى قوي» دېگەندەك گەپلەر بىلەن گۈلبوستانغا زادى تۇتۇق بەرمىدى. گۈلبوستان ھېچ ئامال تاپالماي، سەھراغا بېرىپ قېيىنانىسى ھاۋاخان بىلەن كۆرۈشۈپ يىغلاپ تۇرۇپ ھالىنى ئېيتتى.

— نېمە، ئۇ سارالڭ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرەمدۇ؟ — دېدى ھاۋاخان كېلىنىنىڭ يىغىسىنى ئاڭلاپ بولۇپ.

— مەن ئۆزۈمدىن ئەنسىرىمەيمەن. قىزلىرىمدىن ئەنسىرەيمەن، ئاپا، ئەر قىلسا بالىغا دېگەن گەپ بار، تاينىڭ يېشى ئەللىكتىن ئاشتى. ئەللىكتىن ئاشقاندىمۇ مۇشۇنداق ئىش قىلىپ يۈرسە مەن خەقنىڭ ئالدىدا قانداقمۇ يۈزۈمنى كۆتۈرۈپ يۈرىمەن؟ — دېدى گۈلبوستان يىغلاپ.

— ئۇ سارالڭ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلارمۇ، قىزىم؟ — دېدى ھاۋاخان كېلىنىنىڭ ئالدىدا چاندۇرماي.

— سىز ماڭا ئىشەنمىسىڭىز، ئاپا، مەھەللىدىكى ئاياللاردىن

سوراپ بېقىڭ، ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگەن سەتچىلىكى مەھەللىگە پۈر كەتتى. مەن بىر كۈنى ئۇنىڭ كەينىگە چۈشكەن، ئۇ ئاشۇ قەمەر دېگەن يامان قىزنىڭ ئۆيىنىڭ دېرىزىدىن سەكرەپ قېچىپ كەتتى. بۈرۈنقى تاي ئەمەس، ئاپا، ئۇ! — دېدى گۈلبوستان يىغلاپ تۇرۇپ.

— تـوۋا… قـارا مـۇنـۇ جۇۋاينىمەكنىڭ قىلىپ يۈرگەن قىلىقىنى! — دېدى ھاۋاخان ئورنىدىن تۇرۇپ.

— دادامغا دەڭ، ئاپا، ئۇ دادامدىن قورقىدۇ، ئەمدى بۇنداق ئىشلاردىن ئۆزىنى تارتمىسا مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، — دېدى گۈلبوستان.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، قىزىم. مەن بۇ ئىشنى دادىڭىزغا دەيمەن، نېمىدېگەن سەتچىلىك بۇ. ھۆكۈمەتنىڭ، زاۋۇتنىڭ بىر باشلىقى تۇرۇپ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە قانداق بولىدۇ؟ بـىـزگـىـمـۇ سـەت، ئـۆزىگـىـمـۇ سـەت، ھۆكۈمەتكىمۇ سەت ئەمەسمۇ! — دېدى ھاۋاخان.

كـەچتە ھاۋاخان تۇرسۇنغا كېلىنى دەپ كەلگەن ئىشلارنى ئېيتتى.

— ئـەمـــدى قـېـرىـغـانــدا بۇ گـالــۋاڭـنىڭ دەردىنـى تــارتىدىكەنمەن ـ دە! ھۆكۈمەتنىڭ بىكار نېنى گېلىغا تەپكەن ئوخشىمامدۇ بۇ گالۋاڭنىڭ! — دېدى تۇرسۇن.

— قورسىقى تويدى ـ دە ئۇ بالىڭىزنىڭ، — دېدى ھاۋاخان.

— شـۇنـىـمـۇ دەيمىز، تـاي ئاشـۇنداق ئىشـلارنى قـىلارمۇ، خوتۇن؟ — دېدى تۇرسۇن ھاۋاخاننىڭ كۆزىگە قاراپ تۇرۇپ.

— تايدا نېمە گۇناھ؟ قېنىدا بار ئۇنىڭ! — دېدى ھاۋاخان.

— شۇنداق، مەن ئۆگەتكەن ئۇنىڭغا…

— ئەمىسە ئۆزىڭىزنىڭ پوقىنى ئۆزىڭىز تازىلاڭ!

— گۈلبوستان تۆت ـ بەش كۈن تۇرىدىغاندەكمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن.

— ئەتە ئەتىگەندە كېتىمەن دەيدۇ. تاي ئۇنىڭ بۇ يەرگە كېلىدىغانلىقىنى بىلمەيدىكەن. ئۇنىڭ ئاپامنى يوقلاپ كېلىمەن دەپ قويۇپتىكەن. تاي مېنىڭ بۇ ئۆيگە كەلگىنىمنى بىلمىسۇن دەيدۇ، — دېدى ھاۋاخان.

— بىچارە قىز...

— ئەتە شەھەرگە كىرىڭ، ئۆزى بىلەن ياخشىراق پاراڭلىشىپ بېقىڭ، — دېدى ھاۋاخان.

— ساراڭمۇ سەن؟ مەن ئاشۇ گالۋاڭغا مۇشۇ ساقىلىم بىلەن ئاشۇنداق گەپ قىلامدىم؟ ئاز گەپ قىل، ئاكىسىنى كىرگۈزىمىز! — دېدى تۇرسۇن.

— كىمنى كىرگۈزىسىز؟

— غۇلام كىرسۇنمىكىن! — دېدى تۇرسۇن.

— ئەمىسە غۇلام بىلەن پاراڭلىشىڭ، ئەتە گۇلبوستان قايتسا، غۇلام ئۆگۈنلۈككە كىرسۇن، — دېدى ھاۋاخان.

— ئۇ ئاڭقاۋنىمۇ دەيمەن - دە، نەرىگە باشلىق ئۇ، چاندۇرمايراق بىر ئىش قىلسا بولمامدۇ! — دېدى تۇرسۇن ئايالىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— قېرى قاۋاندەك تەجرىبىلىك ئەمەس - دە ئۇ بالام!

— دادىسىنى دورىيالمايدىغۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىز پەرىدەك ئۇچۇپ يۈرىدىغان قىزلارنى بىر شەرەت بىلەن تورغىلايتتۇق، ھېچقانداق گەپ - سۆز چىقمايتتى... ، — دېدى تۇرسۇن ئايالىنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— شۇنداق، مەن ئاڭلىغان، خاڭلىقلاردىن ئاشقان دەمكۆتەرلەرنىڭ كەينىدە يۈرۈپسىزكەنغۇ! — دېدى ھاۋاخان.

— ئاھ، ھەسەلدەك يىللار ئىدى - دە ئۇ! كەينىمىزدە قىزلار كېپىنەكتەك يۈرەتتى - دە! — دېدى تۇرسۇن ھاۋاخاننىڭ چىشىغا تېگىپ.

— بۇ گەپلىرىڭىزنى شەھەرگە كىرىپ بالىڭىزغا دەپ

بىرىڭ. تاپىنى ئىلھاملاندۇرۇڭ، «بالام، مەن ئۆز ۋاقتىدا سەندەك چېغىمدا كۆنگە بەش — ئون قىزنى يولغا سالاتتىم. سەن تېخى خوتۇننى ئەمدىلا ئىككى قىپسەن. تىرىشقىن، بالام. چاققانراق ماڭا يېتىشىۋال» دەڭ! — دېدى ھاۋاخان تېرىكىپ.

— تاي دادام ئۆز ۋاقتىدا بۇقىدەك ياشاپتىكەن دەيدۇ ـ دە ئۇ ۋاقىتتا! — دېدى تۇرسۇن.

— پەخىرلىنىپ كەتكىنىنى قېرى تۈلكىنىڭ، — دېدى ھاۋاخان.

— ئەمىسە غۇلام بىلەن ئۆزۈڭ كۆرۈشەمسەن؟ — دېدى تۇرسۇن.

— سىز دادىسى بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز پاراڭلاشمام-سىز! — دېدى ھاۋاخان.

ئەتىسى ئەتىگەندە ھاۋاخان گۈلبوستاننى يولغا سېلىپ قويدى. كەچتە، تۇرسۇن چوڭ ئوغلى غۇلامنى ئۆيگە چاقىرىپ ئۇنىڭغا تاينىڭ ئىشىنى ئېيتتى.

— ئەپقاچتى گەپ، دادا، — دېدى غۇلام دادىسىغا قاراپ.

— گۈلبوستاننى بىلىسەن. ئۇ قالايمىقان گەپ قىلىدىغان قىز ئەمەس، مەن ئۇنىڭغا ئىشىنىمەن. سەن شەھەرگە كىرىپ تاي بىلەن پاراڭلاشمىساڭ بولمىدى، — دېدى تۇرسۇن.

غۇلام گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ؟ — دېدى تۇرسۇن بالىسىغا قاراپ.

— دادا، تاي دېگەن بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى تۇرسا، ئۇ ئاشۇنداق ئىشلارنى قىلارمۇ؟ — دېدى غۇلام.

— بۇ گالۋاڭ مېنىڭ نېرۋامنى قوزغاپ قويىدىغان بولدى. ئەللىك ياشقا كىرگەندىمۇ مۇشۇنداق ئىش قىلغۇلۇقمۇ! — دېدى تۇرسۇن.

— ئۇ دېگەن سېنىڭ ئەڭ ئارزۇلايدىغان ئوغلۇڭ تۇرسا،

دادام بار دەپ كاللىسىغا كەلگىنىنى قىلىۋەردى ـ دە! — دېدى غۇلام بىردىنلا ئۆزگىرىپ. ئۇ دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— دەۋال، قورسىقىڭدىكى گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى دەۋال! قانداق قىلىسەن؟ شەھەرگە كىرەمسەن ـ كىرمەمسەن؟ — دېدى تۇرسۇن بالىسىغا قاراپ تۇرۇپ.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، دادا، تاي مېنىڭ گېپىمنى يېمەيدۇ...

— سەن ئۇنىڭ ئاكىسى، گېپىڭنى يېگۈزۈشۈڭ كېرەكقۇ؟

— تاي مېنىڭ گېپىمگە ھە دەپلا قويىدۇ، دادا. ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ ئىش راستمۇ، يالغانمۇ كىم بىلىدۇ دەيسەن! كېلىنىڭ گېپىگە ئىشىنىپ كەتسەڭ بولمايدۇ. تاي ئۆزى بىر كۈنى كېلىدۇ. شۇ ۋاقىتتا پاراڭلىشىپ باقمامسەن ئۇ ئەزىز بالاڭ بىلەن، — دېدى غۇلام.

— سەن ماڭا ئىش ئۆگىتىۋاتامسەن؟

— ياق، دادا، دەۋاتقان گەپقۇ ئەمدى...

— ئەمىسە غوپۇر بارسۇن!

— مەنمۇ مۇشۇ گەپنى قىلاي دەپ تۇراتتىم. غوپۇر بولىدۇ، دادا. تاي غوپۇردىن چۆچۈيدۇ، — دېدى غۇلام.

— ئەمىسە غوپۇرنى چاقىرىپ كەل.

غوپۇر تۇرسۇننىڭ ئىككىنچى ئوغلى ئىدى. ئۇ تېتىك، جۇشقۇن يىگىت ئىدى. غۇلام ئۇكىسىنى چاقىرىپ كەلدى. تۇرسۇن دەيدىغان گېپىنى غوپۇرغا دېدى، ئاندىن ئەتە يولغا چىق دېدى.

— خاتىرجەم بول، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇكامنى ئۆزۈم ئۇچىشايمەن. شەھەردە ئۇنىڭغا ئىككى نەرسە سوغۇق كەلگەن گەپ. بىرىنچىدىن، ئۇنىڭغا ئەمەل سوغۇق كەلدى. ئىككىنچىدىن، ئۇنىڭغا پۇل سوغۇق كەلدى. شۇڭا ئۇ ئۆيدە ئولتۇرماي قالغان گەپ. مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئىشلىرىنى بىرنەچچە

يىلىنىڭ ئالدىدا شەھەردىكى ئاغىنىلىرىمدىن ئاڭلىغان، — دېدى غوپۇر.

— ئۇنىڭغا نەسىھەت قىل، ئۇنىڭ بىلەن چىرايلىق پاراڭلاش، — دېدى تۇرسۇن غوپۇرغا قاراپ.

— ئۇ ئەمدى چىرايلىق گەپ ئاڭلىمايدۇ، دادا. ئۇ ھازىر كۆزدە شاخنىڭ ئۇستىدە قالغان يالغۇز ئالمىدەك بولۇۋالدى. ئېغىنتقانغا چۈشمەيدۇ...

— قوپاللىق قىلىپ قويما، ئۇ ھازىر دېگەن باشلىق، سەت تۇرىدۇ! — دېدى تۇرسۇن.

— خاتىرجەم بول، دادا، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ھەممىڭلارنى خاتىرجەم قىلىۋېتىمەن! — دېدى غوپۇر.

«غوپۇر مۇشۇنداق ئىشلارنى ياخشى بىر تەرەپ قىلىدۇ!» دېدى تۇرسۇن ئىچىدە.

ئەتىسى ئەتىگەندە غوپۇر ياسىن دېگەن ئاغىنىسىنى ئېلىپ شەھەرگە كىردى. ئۇلار تايىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ گۈلبوستان بىلەن كۆرۈشتى. گۈلبوستان مېھمانلارنى قىزغىن قارشى ئالدى.

— تاي ئەتىگەندە چايمۇ ئىچمەي چىقىپ كەتكەن. بۈگۈن زاۋۇتتا يىغىن بار، چۈشتە كەلمەيمەن دەپ ماڭغانتى، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە تاي بىلەن ئەتە كۆرۈشەي. بازاردا ياسىن بىلەن پۈتتۈرىدىغان ئازراق ئىشىم بار ئىدى، — دېدى غوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— چۈشتە تاماق ئېتىپ بېرەي، غوپۇركا، ئولتۇرۇڭ، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەتە كېلەي، سىڭلىم، — دېدى غوپۇر. ياسىن دەرۋازا تەرەپكە ماڭدى. غوپۇر گۈلبوستانغا قارىدى، — دادام ئۇكاڭغا تۆت - بەش ئېغىز گەپ قىلىپ قوي دەپ ئەۋەتكەن، سىز ماڭا

ماسلاشمىسىڭىز بولمايدۇ. بىز شەھەردە بىر مەزگىل تۇرىمىز، ئەگەر تايىنىڭ يەنە قەمەرنىڭ ئۆيىگە بارغىنىنى بىلىپ قالسىڭىز ماڭا دەرھال تېلېفون بېرىۋېتىڭ. قالغان ئىشلارنى ئۆزۈم ئوڭشايمەن، — دېدى غوپۇر.

— ماقۇل، غوپۇركا، — دېدى گۈلبوستان.

ياسىن دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقىپ بولغانىدى. غوپۇر قورۇدىن چىقىپ ياسىننىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنى ئەگەشتۈرۈپ بازارغا قاراپ يول ئالدى. ئۇلار بازارغا كېلىپ، تايىنىڭ ئاشخانىسىغا چۈشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار بىر بوتۇلكا ھاراقنى تىكلەپ قويۇپ ئىچىشكە باشلىدى.

— بىزنىڭ مۇشۇ ئىشىمىز قاملاشماسمىكىن، ئاداش، — دېدى ياسىن قولىدىكى ھاراقنى ئىچىپ بولۇپ، — مۇشۇ كۈندە شەھەرلەردە بىر ئەرنىڭ يەنە بىر ئايالنى ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئانچە - مۇنچە ئىچ پۇشۇقى قىلىشىنىڭ ئۆزى ھېچقانداق بىر سەتچىلىك ئەمەس. بۇرۇنقى يىللاردا بولغان بولسا ئەلۋەتتە باش كۆتۈرگىلى بولمايتتى. ھازىر دېگەن بۇنداق ئىشلارغا كۆزىنىڭ قىرىنى سالىدىغان ئادەم قالمىدى. ئادەملەر بىر - بىرىدىن زېرىكتى. شەھەرلىكلەر ھازىر بۇنداق ئىشلارنى كەپتەر بىلەن كەپتەرنىڭ ئويۇنىغا ئايلاندۇرۇۋالدى. بىز تايىنىڭ كەينىگە چۈشۈپ يۈرسەك بولماسمىكىن دەيمەن!

— ئۇنى بۇ يولدىن توسمىساق بولمايدۇ، ئاداش، ئۇ دېگەن باشلىق، ئاڭلىسام ئۇنى يەنە ئۆستۈرىدىغان گەپ بار. ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى قىلىپ يۈرسە قانداق ئۆسىدۇ دەيسەن، ئاداش؟! — دېدى غوپۇر.

— ئۆسەمدۇ، ئۆسمەمدۇ، ئاداش، ئۆزىنىڭ ئىشى. ئايرىلىشىدىغان ئىش ئەمەس بۇ. سەندىن باشقا ئادەم بولغان بولسا مەن بۇ يەرگە كەلمەيتتىم، — دېدى ياسىن.

— بىز ئۇنى توسمىساق بولمايدۇ، — دېدى غوپۇر.

ئۇلار بىر بوتۇلكا هاراقنى ئىچىپ بولۇپ ئاشخانىنىڭ كەينىدىكى ياتاق ئۆيگە كىرىپ دەم ئالدى.

ئۈچ كۈن ئۆتتى. ئارىدا غوپۇر گۈلبوستانىنىڭ ئېيتىپ بېرىشى بويىچە قەمەر ئولتۇرغان بىناغا بېرىپ ئۇنىڭ ئۆيىنى كۆرۈۋالدى. تۆتىنچى كۈنى كەچتە ئۇ گۈلبوستانىنىڭ تېلېفونىنى ئالدى. گۈلبوستان ئۇنىڭغا تايىنىڭ يەنە قەمەرنىڭ ئۆيىگە كىرىپ كەتكەنلىكى توغرىسىدا ئۇچۇرغا ئىگە بولغانلىقىنى ئېيتتى. غوپۇر بۇ گەپنى ئاڭلاپ، ياسىن بىلەن قەمەرنىڭ ئۆيىگە باردى.

— ئاداش، سەن دېرىزىنىڭ قېشىدا تۇر. ئەگەر ئۇ دېرىزىدىن سەكرەپ قاچسا چاپۇتلاپلا بېسىۋال، مەن هازىر ئۆيگە ئىشكىنى تېپىپ ئېچىپ كىرىمەن. ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالساق قالغان ئىشلار ئاسانغا توختايدۇ، — دېدى غوپۇر.

— سەن ئۆيگە ئىشكنى تېپىپ كىرىمەن دەۋاتىسەن، ئاداش، ئەگەر ئۇلار كارىۋاتتا بولسا سەت بولامدىكىن...

— مۇشۇمۇ گەپ بولدى ـ دە، شۇ نەق مەيداندا تۇتىمىز دەۋاتىمىزغۇ. تايىدىن پارا يەپ كەتتىڭمۇ يە؟

— ئەمدى... ئەمدى دەيمىنا، ئۆتكەندە ماڭا يىگىرمە خالتا سېمونت بەرگەنتى، شۇنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇلار سۇغا چۈشۈۋالغاندىن كېيىن تۇتساق بولاتتى، ئاداش...

— ئەمىسە مەن دوقمۇشقا چىقىپ تۇرۇپ تۇراي، سەن دېرىزىنىڭ بىر كۆزىنى چېقىپ، بېشىڭنى ئىچىگە تىقىپ دىرلاغلاغ دەپ بەر...

— پاھىشۋاز تۇتىمەن دەپ سولامچى بولۇپ كېتىمەنكەن ـ دە! — دېدى ياسىن كۈلۈپ.

— چاقچاقنى ئاز قىلايلى، ئاداش، ئەمىسە ھەرىكىتىمىزنى باشلايمىز، — دېدى غوپۇر.

— ما گەپنىمۇ دەپ قوياي، ئاداش، ئەگەر دېرىزىدىن كالتە

ئىشتان بىلەن سەكرىسە تۈتمايمەن.
— چاپۈتلاۋەت، مېنى ۋارقىرا.
غـوپـۇر ئەتراپىغا قاراپ قويدى. ۋاقىت خېلى بىر يەرگە بـېـرىـپ قالغانىدى. ئەتراپتا ئىنسى ـ جىن كۆرۈنمەيتتى. ئۇ بىنانىڭ ئىچىگە كىرىپ قەمەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىردەم تـۇرۇۋالـدى. ئـانـدىـن قۇلىقىنى ئىشىككە كەلتۈرۈپ بىردەم تىڭشىدى، ئارقىدىن كەينىگە يېنىپ كۆچىنىڭ بارىچە ئىشىكنىڭ قـۇلـۇپـىـنى تەپتى، تەپكەندىمۇ ناھايىتى كۈچلۈك تەپتى. شۇ دەقىقىدە ئىشىكنىڭ يىمىرىلىپ ئېچىلغان ئاۋازى پۈتۈن بىناغا ئاڭلاندى. غوپۇر ئۆيگە بېسىپ كىردى. تاي دەرھال ئورنىدىن تـۇرۇپ ئىشتىنىنى كىيىشكە ئاران ئۈلگۈردى. قەمەر بېشىنى كـۆتـۈرۈپ ئـۆزىـنـى ئـوڭـشاپ بولغۇچە غوپۇر ئۆيگە كىرىپ بولغانىدى. ئۇ يوتقاننىڭ ئىچىگە كىرىۋالدى.
— تايما سەن؟ — دېدى غوپۇر ئىشتانىبېغىنى ئېتىۋاتقان تايغا قاراپ تۇرۇپ.
— مـەن! بـۇ نېـمـە قـىـلغىنىڭ؟ — دېدى تاي قىلچە ھودۇقماي.
— بۇ قـانـداق گـەپ بولۇپ كەتتى؟ مەن ياسىن بىلەن كـىـرگـەن. بىزگە بىرنەچچە كۈن بولدى. ياسىننىڭ ئىنىسى خـوتۇن ـ باللىرىـنـى تاشـلاپ شەھـەرگە كىرىـۋاپتىكەن. ئۇ ئىنىسىنى خەقلەردىن سۈرۈشتە قىلسا قەمەر دېگەن تاپتىن چىققان بىرنېمىنىڭ ئۆيىگە تولا بارىدۇ دەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن مۇشۇ ئۆيىنى ئىزدەپ كەلگەنتۇق. بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ سەن ئىكەنسەنغۇ؟ سەن نېمە ئىش قىلىسەن بۇ يەردە؟
تاي غوپۇرنىڭ يالغان سۆزلەۋاتقانلىقىنى بىلىپ تېرىكتى:
— كارىڭ نېمە؟ — دېدى ۋارقىراپ.
— ماڭا ۋارقىراۋاتىسەنغۇ، ئۇكام؟ سەن ئۆزۈڭچە مەن بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى دەۋاتىسەن ـ ھە! سېنىڭ باشلىقلىقىڭ مەن

ئۇچۇن قۇشقاچچىلىك نەرسە ئەمەس ئۇ، سېنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. سەن مېنىڭ كۆزۈمدە يەنىلا ئــوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدىكى پادا باقىدىغان تاي. ئۆيدە گۈلدەك خوتۇنۇڭ تۇرسا مۇشۇ ئىشلارنى قىلىپ يۈردۈڭمۇ؟ شەھەر سېنى شاپاق مىجەز قىلىپ قويۇپتۇ ـ دە....

— مــېنى بېقىپ چوڭ قىلىپ قويغانلىقىڭىزغا ئىشەنسىڭىزچۇ؟ كۆزۈمدىن يوقىلە گۇي! — دېدى تاي ۋارقىراپ.

غــوپــۇر غــەزەپــلــەنــدى. ئۇ تــايــنــى مــاڭــا يــانــدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. تاينىڭ گېپى ئۇنىڭغا بەك ئېغىر كەلدى. تاي كەينىگە بۇرۇلۇپ كارىۋاتقا ئېسىپ قويغان كۆڭلىكىنى قولىغا ئــېلىپ كىيىۋالدى. غوپۇر غەزەپ بىلەن ئۇنىڭ بېلىگە بىرنى تەپتى. تاي شۇ يەردىلا يىقىلىپ چۈشتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ غوپۇرغا دېۋەيلىدى. غوپۇر چاققانلىق قىلىپ ئۇنى بىرنەچچىنى ئۇرۇپ ياتقۇزۇپ قويدى. بۇ ئارىدا ياسىن يۈگۈرۈپ كىردى. ئۇ غوپۇرنى تۇتۇۋالدى.

— ئۇرما، قــول سالما. ساراڭــلىق قىلما، ئىنىڭ ئەمەس-مۇ! — دېدى.

— سەن ئۇنىڭ دېگەن گېپىنى ئاڭلىمىدىڭ، — دېدى غوپۇر ھاسىراپ.

— ئۇ كىچىك بولغاندىن كېيىن نېمە دېسە دەيدۇ. ئەمدى بولدى قىلايلى، ئاداش. قالغان گېپىڭنى كېيىن قىلمامسەن! — دېدى ياسىن.

ياسىن غوپۇرنى ئالدىغا سېلىپ ماڭدى.

ئــۇلار ئــىــككى قەدەم ئېلىپ بولغۇچە تاي ۋارقىرىغىنىچە ياسىنغا ئېسىلدى:

— ھەممىنى قىلغان سەن گۇي، — ئۇ ياسىننىڭ بوينىغا بىرنى ئۇردى. ياسىن چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تــەپتى. تاي «ۋايجان» دەپ بىر ۋارقىراپ يىقىلىپ چۈشتى.

ياسىن غوپۇرنى ئېلىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى. ئۇلار تالاغا چىققاندا قــــوشنىلار بىنــانىڭ ئــالدىــدا قارا قــاغىدەك قاتــار تىزىلىپ كەتكەندى.

— ئاللا خۇدايىم، قانداق گەپ بۇ. ئىككىسى چىقىۋاتىدىغۇ بۇ ئۆيدىن، — دېدى قەمەرنىڭ ئۇدۇل قوشنىسى، — ئەمدى ئەرز قىلىپ كۆچۈرۈۋەتمىسەم بولمىدى بۇ پاسكىنىنى!

— بۇگۈن ئىككىسى تالىشىپ قاپتۇ ـ دە....

— ئىككى ئەر چىقىۋاتىدىغۇ بۇ ئۆيدىن؟ بۇ گۈيلار ياۋروپاچە ئويۇن قىلغانمۇ نېمە؟

— مۇشۇنداق گەپ. شۇنىڭغا قارىغاندا قەمەرنىڭ قويىندا يەنە بىرى بار دەڭلار!

— قەمەر ناياقنى بىرنېمە قىلىپ قويغانمىدۇ ماۋۇ ئىككى كالتەكچىسى؟

— بىرنېمە قىلغانغا بىرنېمە بولۇپ كېتەمتى ئۇ نايناق...

— شۇنداق بولسىمۇ سەن كىرىپ باقامسەن ـ يە؟ ئۆلۈپ قالمىسۇن يەنە...

— يېمىگەن مانتىنىڭ پۇلىنى تۆلەپما؟

— ما گۈينىڭ دەپ كەتكەن گېپىنى قارا، نەچچە زاماندىن بېرى يېگەنسەن؟

— خــۇدايا توۋا دە، ھەممە يېرى كېسەل ئۇ نايناقنىڭ. سۆيۈپ قويساڭمۇ كېسەل بولۇپ قالىسەن...

مــەھــەلــلىدىكىلەر توختىماي سۆزلەۋاتاتتى. غوپۇر بىلەن يــاســىن چــوڭ يــولــغــا چــىقىپ بولغانىدى. غوپۇر قەدىمىنى ئاستىلاتتى. ئۇ ياسىنغا قاراپ:

— ئــادىــشەي، بايام تاي يىقىلغان يېرىدە يېتىپ قالدى. بىرنېمە بولۇپ قالمىسۇن يەنە؟ — دېدى غوپۇر.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاداش. تاي ئۇ يەردە يېتىپ قالمايدۇ. ئۇنىڭ نى ـ نى لەشكەرلىرى بار. قەمەر بىرلا تېلېفون

قىلسا يوگوروپ كېلىدۇ، — دېدى ياسىن.
— ئەمىسە كېتىۋېرىمىزما؟
— كېتىۋېرەيلى، ئاداش، ئۇنى نەق مەيداندا تۇتۇۋالدۇق. ئەمدى تېنىۋالالمايدۇ.
غوپۇرنىڭ تايدىن ئەنسىرىگىنى توغرا ئىدى. ياسىن ئۇنىڭ قورسىقىغا بىرنى تەپكەندىن كېيىن ئۇ ۋايجانلا دەپ يېتىپ قالغانىدى. قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ كىيىملىرىنى كىيىپ ئالدى بىلەن ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئىشىكنىڭ قۇلۇپى بۇزۇلۇپ كەتكەنىدى. ئۇ ئىشىككە بىرنېمىلەرنى قىستۇرۇپ يۇرۇپ يېپىۋالدى، ئاندىن كېلىپ تاينى يۆلىدى، لېكىن تايغا كۈچى يەتمىدى.
— بېلىم بەك ئاغرىپ كېتىۋاتىدۇ، قەمەر. ئوسمانغا تېلېفون قىلىڭ، كېلىپ مېنى دوختۇرخانىغا ئاپارسۇن، — دېدى تاي ئىنجىقلاپ.
— نەنىڭ نېمىلىرى ئۇ، بەك قوپال ئادەملەرغۇ!...
قەمەر ئوسمانغا تېلېفون بېرىپ بولغان ئەھۋالنى ئېيتتى. ئوسمان يېرىم سائەت ئىچىدە يېتىپ كەلدى. ئۇ تاي بىلەن كۆرۈشتى ھەم تاينىڭ گېپى بويىچە قەمەرنىڭ ئىشىكىنى ئوڭشاپ بەردى، باشقا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنىڭ ئىلغۇرىنى چىقىرىپ تالانىڭ ئىشىكىگە بېكىتىپ بەردى، ئاندىن تاينى يۆلەپ ماڭدى. تالادا ئوسمان ياللاپ كەلگەن تاكسى ئۇنى كۈتۈپ تۇراتتى. ئۇ تاينى تاكسىغا ئولتۇرغۇزۇپ دوختۇرخانىغا ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلگەندىن كېيىن، دوختۇرلار ئۇنى تەكشۈرۈپ بالنىتسىغا ئالدى.
— ئاغىنىلەرگە تېلېفون بېرىۋەت. يېقىلىپ چۈشتى، مەن قېشىدا ئىدىم دە. بۈگۈنكى ئىشنى ئىنسانغا چاندۇرما، ئاداش، — دېدى تاي ئىنجىقلاپ يېتىپ.
— خاتىرجەم بول.

— ئۆزۈمنىڭ ئاكىسى تۇرۇپ ئەسكىلىك قىلىۋاتقىنىنى قارىمامسەن، سەھرالىق دېگەن سەھرالىق - دە! — دېدى تاي.
— گۇلبوستانغا تېلېفون بېرىۋېتەيمۇ؟ — دېدى ئوسمان.
— ياق… ئەتە…
— ئەمىسە قەمەر كەلسۇن…
— نېمە دېگىنىڭ بۇ؟ — دېدى تاي ئوسمانغا قاراپ.
— ئويۇنىنىڭ چالىسى قالغان بولسا دەيمىنا! — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.
— ئۆلىمەن دېسە جايلايمەن دېگەن مۇشۇ - دە. چاقچاقنى ئاز قىل، ئاداش، دەردىمنى ئۆزۈم بىلىمەن. ۋاي بېلىم…
— سۇغا چۈشۈۋالغانمۇ - يا؟
— تولا جېنىمنى چىقارما، ئوسمان…
— ئەمدى دەيمىنا…

ئون ئىككىنچى باب

# تاي قەمەرنىڭ نىيىتىنى بىلىپ قالدى

تاينىڭ بېلى خېلى ئېغىر زەخىملەنگەنىدى. دوختۇرلار ئۇنىڭ بېلىنى دورىلاپ تېڭىپ قويدى. گۈلبوستان ھېچ ئىش بىلمەس ئادەم بولۇۋالدى. ئۇ تاينىڭ يىقىلىپ چۈشتۈم دېگەن گېپىگە ماسلىشىپ: «دائىم بىر يەرگە بارسىڭىز ئالدىراپ ماڭىسىز، يېشىڭىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، ئەمدى دىققەت قىلمىسىڭىز بولمايدۇ» دەپ قويدى. ئۇ بۇ ئىشنىڭ ئاقىۋىتى بۇنداق بولۇپ كېتەر دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ تايغا تاماق توشۇپ، تاي ئۈچۈن قايغۇرۇپ يۈردى.

گۈلبوستان بۈگۈن ئەتىگەندە يەنە دوختۇرخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ تايغا چاي بېرىپ بولۇپ، كۈندىكىدەك كارىۋاتنىڭ ئايىغىدا ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇشقا باشلىدى. گۈلبوستاننىڭ قولى ئۇنىڭ پۇتىغا تېگىشى بىلەن تاي ھۇزۇرلىنىپ كۆزلىرىنى يۇمۇۋالدى. ئۇ تەسىرلەندى ھەم ئۆزىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىغا پۇشايمان قىلدى. ئۇ تەسىرلىنىپ قولىنى سوزۇپ گۈلبوستاننىڭ چىرايلىق چاچلىرىنى تۇتتى.

— بۇ مېنىڭ چېچىم، تاي، — دېدى گۈلبوستان سۆزىنى مەنىلىك قىلىپ.

— بىلىمەن، سەندىن باشقا ئادەم ماڭا بۇنداق

قارىمايدۇ! — دېدى تاي تەسىرلىنىپ.

— ئۇنداق دېمەڭ، ئاغرىپ قالغاندا قارىمىغىنى بىلەن ساقايغاندا قارايدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— ئاغرىپ قالغاندا ماڭا قارىمىغان ئادەمگە مەنمۇ قارىمايمەن، — دېدى تاي گۈلبوستاننىڭ چاچلىرىنى ئويناپ ئولتۇرۇپ.

— ساقىيىۋالسىڭىز ئاغرىپ قالغان كۈنىڭىزنى ئۇنتۇپ قالىسىز! — دېدى گۈلبوستان.

— ۋاھ، قارا سېنى، شائىرلاردەك سۆزلەپ كەتتىڭا!

— راست گەپ قىلغان ئادەملەرنىڭ ھەممىسى شائىرلارغا ئوخشاپ قالىدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— سەن ماڭا ئىشەن، گۈلبوستان. مەن سەن ئويلىغاندەك ۋىجدانسىز ئادەم ئەمەس. مېنىڭ ئۇستۇمدىن گەپ تاپىدىغان ئادەم ئاز ئەمەس. مەن بىلىمەن، يامان نىيەتلىك ئادەملەر ئارىمىزغا زىددىيەت سېلىۋاتىدۇ. شۇڭا بىز ئىككىمىز ياخشى ئۆتۈشىمىز كېرەك، تېخىمۇ ياخشى ئۆتۈشىمىز كېرەك. مۇشۇنداق ياشىساق ئۇلارنىڭ غەرىزى ئىشقا ئاشمايدۇ، — دېدى تاي. ئۇ ئايالىنىڭ چاچلىرىنى قويۇۋېتىپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇۋالدى. گۈلبوستاننىڭ ئىسسىق قولى ئۇنىڭغا بەك خۇشياقتى.

— مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، تاي. شۇنىڭدىمۇ مەن يەنە بۇرۇنقى تايغا ئامراق، بۇرۇنقى ئىشچى تايغا ئامراق. ئۇ ۋاقىتتا كۆزىڭىزگە قارىسام قورسىقىڭىزدىكى ھەممە ئىشنى بىلەلەيتتىم. سىز مېنىڭ ئەڭ چىرايلىق ئەينىكىم ئىدىڭىز. ھازىر كۆزىڭىزگە قارىسام ھېچ نەرسىنى كۆرەلمەيمەن. كۆزىڭىزنىڭ ھەممە يېرى تېپىشماقتا ئايلىنىپ كېتىپتۇ.

— ئەگەر سەن ماڭا يەنىلا بۇرۇنقى كۆزۈڭ بىلەن قاراپ كەلگەن بولساڭ، ئىشلار بۇنداق بولۇپ كەتمەيتتى... بۇ گەپلەرنى ئۆيگە چىققاندا قىلىشىمىز، خوتۇن، ئۆزۈڭ بىلىسەن، سەن

مېنىڭ ئەڭ ياخشى خوتۇنۇم. مەن ساڭا ئىشىنىمەن. چۈنكى سېنى ماڭا دادام ئېلىپ بەرگەن، ئاتا ـ ئاناڭ ئېلىپ بەرگەن خوتۇن دېگەن ھەسەل خوتۇن ئەمەسمۇ... خوش، چۈشتە نېمە تاماق ئېتەي دەيسەن؟

— نېمە يېگۈڭىز بولسا شۇنى ئېتىپ ئەكېلەي، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە ئۈستىخانلارنى سېلىپ چۆچۈرە ئېتىپ ئەكەل...

— ماقۇل، يولدا يېڭى گۆش ئېلىۋالاي. توڭلاتقۇنىڭ ئىچىدىكى گۆش بىلەن چۆچۈرە ئوخشىمايدۇ. مۇشۇ باھانىدىن پايدىلىنىپ ئۆزىڭىزنى ياخشىراق كۈتۈۋېلىڭ...، — دېدى گۈلبوستان ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

تاينىڭ بىرنېمە دېگۈسى بار ئىدى، لېكىن ئۇ گۈلبوستاننىڭ كۆڭلىنى ئاياپ گەپ قىلمىدى. گۈلبوستان تاينىڭ پۇتلىرىنى تۇتۇپ بولۇپ ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تەرلەپ كەتكەنىدى. تاي كارىۋاتقا ئارتىپ قويغان لۆڭگىنى ئېلىپ گۈلبوستانغا بەردى.

— تەرلەپ كېتىپسەن، پېشانەڭنى ئېرتىۋەت، — دېدى تاي ئايالىغا مۇھەببەت بىلەن قاراپ.

— پېشانەمدىكى تەرنى ئېرتماق ئاسان، تاي، لېكىن پېشانەمگە يېزىلغان نەرسىنى ئېرتقىلى بولمايدۇ، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. ئۇنىڭ يىغىسى ياتاقتىكى باشقا كېسەللەرگە تەسىر قىلىپ قويدى.

— يىغلىما، سەت بولىدۇ.

— مەن سىزگە يىغلاۋاتمايمەن، تاي، مەن خۇدايىمغا يىغلاۋاتىمەن، خۇدايىم ئۆزىگە يىغلىغان بەندىسىنى تاشلىۋەتمەيدۇ...

— چۈش بولاي دەپ قالدى. ئەمىسە ئۆيگە بېرىپ كېلەمسەن؟ — دېدى تاي ئايالىنى يولغا سېلىشقا ئالدىراپ.

گۈلبوستاننىڭ چىرايلىق كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق

قىزىرىپ كەتكەنىدى. ئۇ سومكىسىنى ئېلىپ بالىنتىسىدىن چىقىپ كەتتى.

«ئەمدى جىم يۈرمىسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ» دېدى تاي ئىچىدە. ئۇ ئازادە يېتىپ قەمەرنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇ قەمەرنى قانداق ئۇسۇل - چارىلەر بىلەن يولغا سېلىش ئۈستىدە باش قاتۇرۇۋاتاتتى. ئۇنىڭ يانفونى جىرىڭلىدى. ئۇ تەكىيىنىڭ تېگىدىن يانفونىنى ئېلىپ، نومۇرىغا قارىدى. تېلېفون دەل قەمەردىن كەلگەنىدى. ئۇ تېلېفوننى ئېچىپ، قەمەر بىلەن سۆزلەشتى:

— هە، ياخشى، شۇنداق، ئۆزۈم يالغۇز. ياق، بولمايدۇ. كەلمەڭ. كەلسىڭىز بۇ يەرگە ئوت كېتىدىغاندەك. هە، شۇنداق··· بىر دەستە گۈل ئەۋەتتىم دەمسىز؟ ياخشى، قوبۇل قىلىمەن! خوش ئەمىسە···

تاي يانفونىنى ئېتىۋېتىپ ئىشىك تەرەپكە قارىدى. ئاندىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن چىرايلىق بىر قىز بىر دەستە گۈلنى كۆتۈرۈپ ئۆيگە كىردى. قىز كۈلۈپ تۇرۇپ:

— تاي ئاكا دېگەن ئادەم كىم بولىدۇ؟ — دېدى.

تاي ئۆزىنى ئوڭشاپ جاۋاب بەرگۈچە، ئىشىكنىڭ قېشىدىكى كارىۋاتتا يېتىۋاتقان قۇربان ئىسىملىك بىمار گۈلچى قىزغا تاينى كۆرسەتتى:

— مۇشۇ ئاكىڭىز بولىدۇ، قىزىم، — دېدى.

— بۇ گۈللەرنى سىزگە بىر خانىم ئەۋەتكەن. نامىشەرىپى گۈلنىڭ ئىچىدىكى كارتوچكىدا،— دېدى گۈلچى قىز تاينىڭ ئالدىغا بېرىپ تاتلىققىنە كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ گۈلنى كارىۋاتنىڭ بېشىدىكى كىچىك تومبۇچكىغا قويۇپ قويدى. تاي گۈل ئىچىدىكى كارتوچكىنى قولىغا ئېلىپ ئۈستىدىكى خەتلەرنى ئوقۇدى. ئۇ قەمەرنىڭ خېتىنى كۆرگەندىن كېيىن كارتوچكىنى گۈلچى قىزغا بەردى.

— بۇنى ئالغاچ كېتىڭ، قىزىم، ھەدىگىز كۆرۈپ قالسا جېدەل قىلىدۇ، — دېدى تاي ئاستا سۆزلەپ. لېكىن شۇنىڭدىمۇ ئۇنىڭ گېپىنى قۇربان ئاڭلاپ قالدى.

گۈلچى قىز تاينىڭ قولىدىن كارتۇشكىنى ئېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ چىقىپ كەتتى.

تاي تومپۇچكىدىكى گۈللەرگە قارىدى. گۈللەر ناھايىتى چىرايلىق ئىدى. لېكىن بۇ چىرايلىق گۈللەر ئۇنى خۇش قىلالمىدى. ئۇ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا نۇرغۇنلىغان گۈللەر پەيدا بولدى. بۇ گۈللەرنىڭ ئىچىدە گۈلبوستان ئۆتكەندە تاغدا ئۇنىڭغا تۇتقان رەڭگارەڭ گۈللەرمۇ باردەك قىلاتتى.

— تاي، ئۆزىڭىز گۈلگە بەك ئامراق ئىكەنسىز - ھە! — دېدى قۇربان تايغا قاراپ تۇرۇپ. بۇ ئادەم ئۆزى قىزىقچى بولغاچقا تاينىڭ مىجەزىنى ياقتۇرۇپ قالغانىدى.

— كىم گۈلگە ئۆچ دەيسىز، قۇربان، بىزنى ئويىنتىۋاتقان نەرسە مۇشۇ گۈلكەنغۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— توغرا ئېيتتىڭىز، تاي، ھەممە ئادەم گۈل دەپ ياشايدۇ. لېكىن ھەقىقىي گۈلگە ئىگە بولماق بەك تەس ئىكەن. بەزىلەر گۈل ئۆستىگە گۈل كەلتۈرمەن دەپ يۈرسە، يەنە بەزىلەر ئۆمرىدە بىرەر تال گۈلگىمۇ ئىگە بولالماي قايغۇرۇپ يۈرىدىكەن، ھەسرەت ئىچىدە ياشايدىكەن، يەنە بەزىلەر قولىدىكى گۈلنىڭ قەدرىگە يەتمەي ئالەمدىن ئۆتىدىكەن، مۇشۇنداق ئۇلۇغ - سولنى بىلىپ بولغىلى بولمايدىغان جاھانكەنغۇ بۇ...

«ئۆزى دېھقان بولغىنى بىلەن خېلى گەپ قىلىدىغان نەرسە ئىكەنا مۇنۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.

— توغرا ئېيتتىڭىز، قۇربان، — دېدى تاي ئۇنىڭغا قاراپ، — سىز دېھقانچىلىقتىن باشقىمۇ ئىش - ئوقەت قىلامسىز؟

— بۈرۈن بورىچىلىق قىلاتتىم. ھازىر بۇ ئىش ئاقمايدىغان بولدى. بۈرۈن دېگەن قاراڭ، يىلدا دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى چوڭ كۆلدىن قومۇش ئورۇپ يىغىپ، يازدا بىكار بولغاندىلا بورا توقۇپ ساتاتتىم. سىز ئاشۇ كۆلگە بېرىپ باققانمۇ؟ — دېدى قۇربان روھلىنىپ.

— بارغان، ئۇ بەك چوڭ كۆل. بىز بۈرۈن ئاشۇ كۆلگە بېرىپ بېلىق تۇتۇپ ئوينايتتۇق، — دېدى تاي.

— ھە، بىلىسىزكەن. ئاشۇ كۆل. مەن بىر قىش توختىماي قومۇش ئورۇپ توشۇيتتىم. بالىلىرىم ياردەم قىلاتتى. يىللار ئۆتتى، كېيىن ئۇ كۆلنىڭمۇ ئىگىسى چىقتى. يېزىلىق ھۆكۈمەت ئۇ كۆلنى بىر لوبەنگە بەردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇ لوبەن قومۇشلارنى بىزنىڭ ئورۇشىمىزغا قويمايدىغان بولدى. ئۇ ئاداش شەھەرلىك قەغەز زاۋۇتى بىلەن توختاملىشىپ قومۇشنىڭ ھەممىسىنى ئۇلارغا سېتىۋەتتى. شۇنىڭ بىلەن مەنمۇ بورىچىلىقىمنى قاتلاپ قويدۇم...

— قومۇشنى سىزمۇ سېتىۋېلىپ توقۇسىڭىز بولماسمىدى؟ — دېدى تاي.

— كۆتۈرمىدۇ، تەننەرخى ئۆرلەپ كېتىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر بورا ئالىدىغان ئادەملەر ئازىيىپ كەتتى.

— ماللىرىڭىز بارمۇ؟

— بىر سىيىر بار، باللارنىڭ ئاپىسى ساغىدۇ.

— ھە، ئىشلار مۇنداق ئىكەن - دە، قانچە بالىڭىز بار؟

— ئىككى ئوغلۇم بار. ئىككىلىسى ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. ئۈچ يىل بولدى، يەنە ئىككى يىل ئوقۇيدىكەن. يازدا ئۈرۈمچىدە ئىشلەيدۇ، ئوقۇشقا كېتىدىغان پۇلنى ئۆزى ئىشلەپ تاپىدۇ. خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا باللىرىمنىڭ ئوقۇشى يامان ئەمەس. ئۆينىڭ قىيىنچىلىقىنىمۇ بىلىدۇ، ئامال بار بىزگە ئېغىرچىلىقىنى سالمايدۇ. باللار ئوتتۇرا مەكتەپنى

پۈتتۈرگەندىن كېيىن ئاپىسى ئۇلارنى ئوقەتكە سالايلى دېگەن. مەن ئۇنىمىدىم، ئوقەتكە سالساقمىغۇ تۇرمۇشىمىز ياخشى بولۇپ كېتەتتى. بىراق باللار ئۆرلەپ ئوقۇيالماي قالىدىكەن. ئوقۇيمەن دېگەن باللىنى ئوقۇمايسەن دېيىشكە ئادەمنىڭ ئاغزى بارمايدىكەن. جاپا تارتساقمۇ ئوقۇتايلى، خوتۇن دەپ ئىككىلىسىنى ئوقۇتتۇق. ئۇلار قوشكېزەك قاراڭ، بىرىنىڭ ئېتى ھەسەن، يەنە بىرىنىڭ ئېتى ھۈسەن، خۇدايىم بۇيرۇسا باللىرىمدا ئۈمىد بار. بىزنىڭ جەمەتىمىز ئىچىدە ئۆرلەپ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغانلار يوق. شۇڭا بىلىمنى چىڭ باغلاپ باللامنى ئوقۇتتۇم. مەكتەپكە ماڭغان يىلى ئۆيدىكى پۇلغا يارىغۇدەك بولغان نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى سېتىپ ئۇلارنى يولغا سالغانىدىم. شۇنىڭدىن كېيىن ئۇلار ماڭا پۇل دەپ باقمىدى. تەتىلدە ئىشلەپ ئۆز خىراجىتىنى غەملەيدۇ. قىشتا شەنبە - يەكشەنبە كۈنلىرى مەكتەپتە ئىشلەپ تۆت - بەش تەڭگە تېپىپ خەجلەيدۇ. كۈنىمىز مۇشۇنداق كېتىۋاتىدۇ قاراڭ، تاي. ئەسلىدە مەندە بىر ئېشەك ھارۋا، بىر ئات، ئون بەش قوي بار ئىدى. ھەسەن بىلەن ھۈسەننى ئالىي مەكتەپكە يولغا سالىمەن دەپ ھەممىسىنى سېتىۋەتكەنىدىم. بۇ قېتىم پۈتۈم سۇنۇپ كەتكەندە دوختۇرغا پۇل يوق، ئىنىم بىر كالىسىنى سېتىپ پۇل بېرىپ تۇردى. ئەسلىدە پۈتۈمنى تېڭىپ قويغاندىن كېيىن ئۆيگە چىقىپ ياتسام بولاتتى، لېكىن بۇلار مېنى قويۇۋەتمەيۋاتىدۇ. ئوشۇقچە بىر ئىش - دە بۇ. دورا دېگەننى ئۆيگە چىقىپ ئىچسەممۇ بولاتتى! بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتەر. باللىرىم ئوقۇشىنى پۈتتۈرسە، خىزمەتكە چىقسا قولىغا تۆت - بەش تەڭگە كىرسە، شۇنىڭ بىلەن بىزمۇ ئارام ئېلىپ قالىمىز. بىزنىڭمۇ ھاردۇقىمىز چىقىپ قالىدۇ. مۇشۇ كۈنگىمۇ خۇداغا شۈكرى…

تاي قۇربانىنىڭ گەپلىرىنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى. ئۇنىڭ گەپلىرى تايغا خېلى تەسىر قىلدى. تاي ئويلىنىپ قالدى.

ئۇ قۇربانىنىڭ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان ئىككى ئەقىللىق

بالىسىنىڭ جامالىنى كۆرگەندەك بولدى. ئۇنىڭ خىيالى يىراق بىر يەرلەرگە كەتتى.

— تونۇشۇپ قالدۇق، قۇربان، خۇدايىم بۇيرۇسا دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مەن سىزنى ئىزدەيمەن. ئۆيىڭىزگە بارىمەن. قالغان گەپلەرنى شۇ ۋاقىتتا قىلىشىمىز. مەن سىزگە ئازراق مال ئېلىپ بېرەي، بىر مەزگىل مالچىلىق قىلىپ ئۆزىڭىزنى ئوڭشىۋېلىڭ. مەن سىزگە دەسمايە سېلىپ بېرەي، ئىككى بالىڭىزنى خاتىرجەم ئوقۇتۇۋېلىڭ، — دېدى تاي قۇربانغا.

— رەھمەت، تاي، رەھمەت، تۇۋا، ماۋۇ ئىشنى كۆرۈڭ، سىزنى ماڭا خۇدا ئۇچراشتۇردى جۇمۇڭ، — دېدى قۇربان تەسىرلىنىپ، — بىرى ئۇزۇن سەپەردە، يەنە بىرى دوختۇرخانىدا تونۇشقان تونۇش ھەقىقىي قىممەتلىك تونۇشلاردىن بولارمىش. سىزنى ماڭا خۇدا ئۇچراشتۇردى، تاي…

تاي جىمىپ كەتتى، نۇرغۇنلىغان ئىشلار، ئادەملەر ئۇنىڭ كاللىسىدا قاتار - قاتار تىزىلدى. يېقىنقى يىللاردىن بېرىقى يەپ - ئىچىدىغان، كۈلۈپ ئوينايدىغان كۆرۈنۈشلەرنىڭ ھەممىسى ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا قاتار - قاتار تىزىلدى. ئاشۇ ھەربىر ئويۇننىڭ كۆرۈنۈشلىرى، قىزىقارلىق گەپ - سۆزلەر، ئادەمنى ھاياجانغا سالىدىغان چاقچاقلار، ئادەمنىڭ قېنىنى قالايمىقانلاشتۇرىدىغان بىھايا يۇمۇرلار تاينى ئويغا سالدى. ئۇ ئاشۇ يىللاردا، ئاشۇ ئايلاردا ھەم ئاشۇ كۈنلەردە ۋە ئاشۇ بەكمۇ تاتلىق كېچىلەردىكى بارلىق خۇشاللىقلىرى ئۇستىدە قايتا ئويلاشتى. كاللىسىدا ئۇلارغا قايتا باھا بېرىشكە باشلىدى. ئۇ زاۋۇتقا مۇئاۋىن باشلىق بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ تۇرمۇشىدا، ئىدىيىسىدە تېخىمۇ زور ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغانىدى. يىلدا ئۆيىدە ئاران بىر ئايدەك تاماق يەيتتى. ئۇنىڭغا تۆت كۈندە بىر ئويۇن - تاماشا چىقىپ تۇراتتى، ھاراقنىڭ ئۇستىگە ھاراق، تاماقنىڭ ئۇستىگە تاماق

دېگەندەك ئىشلار بولۇپ كېتەتتى. ئۇ تېخىمۇ سەمرىپ قورساق سېلىپ كەتتى. ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق تۇرمۇشىنى قۇربانىنىڭ تۇرمۇشىغا سېلىشتۇردى. ئەگەر مەن شەھەردىكى سېمونت زاۋۇتىغا ئىشچىلىققا قوبۇل قىلىنمىغان بولسام مەنمۇ قۇربانغا ئوخشاش يېزىدا بالىلىرىمنى ئوقۇتىمەن دەپ ماللىرىمنى سېتىپ يۈرگەن بولاتتىم دەپ ئويلىدى ئۇ. ئاندىن ئۇ ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقان گۈلدەك ئىككى قىزىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئۇلارنىڭ ھەممە نەرسىسى تولۇق ئىدى. ئۇلاردا غەم يوق ئىدى. ئۇ ئايدا قىزلىرىغا بەش يۈز سومدىن خىراجەت پۇلى ئەۋەتىپ بېرەتتى. مۇشۇ ئىشلار ئۇنىڭ كاللىسىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكەندىن كېيىن، ئۇ تۇرمۇشتا ئۆزىنىڭ تۇتقان يولىدىن گۇمان قىلىشقا باشلىدى. ئۆزىگە تۈرلۈك سوئال قويۇشقا باشلىدى: مەن كىم؟ مەن نېمە ئىش قىلىۋاتىمەن؟ مەن قانداق ياشاۋاتىمەن؟ خەقلەر قانداق ياشاۋېتىپتۇ؟ مېنىڭ يولۇم نەدە؟ دېگەندەك مەسىلىلەر ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى تۇنجى قېتىم ئۇنى ئازابلاشقا باشلىدى... «مەن ئەمدى ئۆزۈمنى تۇتۇۋالمىسام بولمايدىكەن، توۋا قىلمىسام بولمايدىكەن، مەن ئەسلىي دېھقاننىڭ بالىسى، ئەمەلىيەتتە مەن ئەسلىمنى ئۇنتۇپ بوپتىمەن. قىسقىسى، تۇرمۇشتا قالايمىقانلىشىپ قاپتىمەن. مېنى ئاتا- ئانام بېقىپ چوڭ قىلغان، شۇنداقلا مېنى مەھەللىدىكى دېھقانلار بېقىپ چوڭ قىلغان، مەن ئەمدى ئۆزۈمنى بىلىشىم كېرەك، ئايالىم ئالدىدا خىجىل بولۇشۇم كېرەك، جامائەت ئالدىدا ئۇيىلىشىم كېرەك، ئەمدى كەپتەرگە ئوخشاش كىم دان بەرسە شۇنىڭ كەينىدە يۈرسەم بولمايدىغان ئوخشايدۇ. ئەمدى تىنىچ ياشاي. ئۆزۈم ئۈچۈنلا ئەمەس، ئاتا - ئانام ئۈچۈن، ئائىلەم ئۈچۈن، ۋىجدانىم ئۈچۈن...» دېدى تاي ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ. ئۇ ھاياجانلىنىپ كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.

چۈشتە گۈلبوستان تاماق ئەكەلدى. ئۇ كورىدىكى چۆچۈرىنى

ئىككى چىنىگە ئېلىپ، بىر چىنىنى ئېرىنىڭ ئالدىغا، يەنە بىر چىنىنى قۇربانىنىڭ ئالدىغا قويدى.

— تاماق ئېتىپ ئەكەلگەنتىم، ئېغىز تېگىپ بېقىڭ! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— رەھمەت، كۆڭلىڭىزدە سىزنى ئاۋارە قىلىۋاتىمەن! — دېدى قۇربان.

تاي ھوزۇرلىنىپ تاماق يېيىشكە كىرىشتى. گۈلبوستان تومپۇچكىدىكى قالايمىقان نەرسىلەرنى يىغىشتۇرۇپ سومكىغا سالدى. تاي تاماق يەپ بولغاندىن كېيىن گۈلبوستان چىنىلەرنى يىغىپ سۇخانىغا ئاچىقىپ يۇيۇپ كىردى.

— بۇ گۈللەرنى كىم ئەكەپتۇ؟ — دېدى گۈلبوستان گۈلگە قاراپ تۇرۇپ.

— زاۋۇتتىكى باللار ئەكېلىپتۇ. ئوسمان بىرنەچچە باللارنى باشلاپ كەپتىكەن! — دېدى تاي ئايالىغا يالغان سۆزلەپ.

— ئوسمان سىزگە گۈل ئەكەلمەيدۇ. سىز بىلىدىغان ئوسماننى مەنمۇ ياخشى بىلىمەن، مەن ئۆيگە كەتسەملا گۈل پەيدا بولۇپ قالىدۇ بۇ يەردە.

— گۈلگىمۇ شۇنداق قىلامسەن ئەمدى؟ گۈلدە نېمە گۇناھ بار؟

— گۈلدە گۇناھ يوق، گۈلنى ئەكەلگەن ئادەمدە گۇناھ بار. گۇناھ پۇراپ تۇرىدىغان گۈلغۇ بۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە سەن ئەتىدىن باشلاپ ھېچ يەرگە بارما، گۈل كۆتۈرۈپ كەلگەنلەر بىلەن ئۆزۈڭ كۆرۈش! — دېدى تاي.

— خاتىرجەم بولۇڭ، مەن ئۇنداق ئادەملەردىن ئەمەس. مەن ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلىۋېرىمەن. سىز كەلگەن گۈللىرىڭىزنى يىغىۋېرىڭ. كەچتە تاماق ئەكېلەمدىم؟ — دېدى گۈلبوستان.

— كەچتە چاي ئىچەي، خوتۇن. بۇنداق يېتىۋېرسەم

دوختۇرخاندىن چىققاندا ماڭالماي قالماي يەنە، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— ئۆزىڭىزنى ياخشىراق كۈتمىسىڭىز بولمايدۇ، تاي، دوختۇرخاندىن چىقىۋالسىڭىز ھەرقاچان بۇرۇنقىدەك يېرىم كېچىدىن كېيىن ئۆيگە كىرىشنى باشلىۋالسىز، پائالىيىتىڭىز تۈگىمەيدۇ، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە سالامەتلىك كېرەك، — دېدى گۈلبوستان كىنايە قىلىپ.
— ئەمدى خۇدايىم بۇيرۇسا ئۇنداق ئىشلار بولمايدۇ، خوتۇن. ئەمدى سەن ماڭا ئۆزۈڭگە ئىشەنگەندەك ئىشەنسەڭ بولىدۇ، — دېدى تاي كۈلۈپ تۇرۇپ.
— كۈن قىبلىدىنمۇ چىقارمۇ؟
— چىقىپ قالار، خوتۇن!
— مەن ئىشەنمەيمەن، — دېدى گۈلبوستان.
— مەن سېنى ئىشەندۇرىمەن، —دېدى تاي گۈلبوستاننىڭ قولىنى تۇتۇپ. گۈلبوستان ئىتتىككلا قولىنى تارتىۋالدى.
— مەن ئۆيگە باراي، تاي، كىرلار يىغىلىپ قالغان، — دېدى گۈلبوستان.
— كەچتە كەلمىسەڭمۇ بولىدۇ. ئۆزۈم چاي ئىچىۋېرىمەن، — دېدى تاي.
— ئەمسە چاقىرىپ قويايمۇ؟
— نېمە دەۋاتىسەن، گېپىڭنى چۈشەنمىدىم؟
— بۇ ئالەمدە سىز چۈشەنمەيدىغان گەپ يوق، تاي! — دېدى گۈلبوستان.
تاي گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. ئۇ ئىچىدە ئازابلىنىۋاتاتتى.
گۈلبوستان سومكىسىنى كۆتۈرۈپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.
تاي ئورنىدىن تۇرۇپ كارىۋاتتا ئولتۇردى، ئاندىن قۇربانغا قارىدى:
— يېتىپ يەۋەرسەك سەمرىپ كېتىدىغان ئوخشايمىز،

قۇربان، — دېدى ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ.
— شۇنى دەيمەن، بىز بۇ دوختۇرخانىغا تۇغۇم تۇغۇم بەرمىگەندىن كېيىن چىقىرىۋەتسە بولىدۇ بىزنى، — دېدى قۇربان.
— بۇ دوختۇرلار كۆندە بىزنى بىر كۆرۈپ تۇرمىسا زېرىكىپ قالىدىغان ئوخشايدۇ، — دېدى تاي.
قۇربان بىرنېمە دەي دەپ تۇراتتى، ئىشىك ئېچىلدى. مالىك تالادىن ئۆيگە كىرىپ كەلدى. ئۇ قولىدىكى سومكىنى سول قولىغا يۆتكەپ تاي بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى، ئاندىن قولىدىكى سومكىنى تومپۇچكىنىڭ ئۈستىگە قويۇپ قويدى.
— شۇنداق قىلىپ بالنىتسىغا كىرىپ يېتىۋالدىم دە، ئۇكا. ئويۇننى بوش ئوينا دېسەم ئۇنىمايسەن، — دېدى مالىك كۈلۈپ.
— يىقىلىپ چۈشتۈم، مالىككا. كېلىشمەسلىك بولۇپ قالدى، — دېدى تاي كۈلۈپ،— ھە، ئۆزۈڭنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟!
— خۇداغا شۈكرى، ئۇكا، مۇشۇنچىلىك ياشاپ تۇردۇق. كۈز بولۇپ قالدى. ئەمدى بىزمۇ قايتىپ كىرمىسەك بولمايدۇ! ھە، قەيەردىن يىقىلىپ چۈشتۈڭ؟
— بىنادىن چۈشۈۋېتىپ پەلەمپەيدىن يىقىلىپ چۈشتۈم! — دېدى تاي.
— ئەمىسە مەن باشقىچە ئاڭلايمەنغۇ! بىر چوكان بىلەن مەيدىۋازلىق قىلىۋاتقاندا مەيدىسىدىن يىقىلىپ چۈشۈپ كېتىپتۇ دەيدىغۇ! — دېدى مالىك كۈلۈپ تۇرۇپ.
— خوش، مالىككا، ئىش - ئوقىتىڭ قانداقراق؟ — دېدى تاي.
— يامان ئەمەس، ئۇكا. تاغدىن يېنىپ كېلىپ مال بورداپمىكىن دەيمەن، — دېدى مالىك.
— مۇشۇ ئىشىڭ بولىدۇ، مالىككا، بورداقچىلىق دېگەن

تىنچ ئوقەت، — دېدى تاي.
— ھە، قەيەرلىك ئاغرىۋاتىدۇ؟
— بىلمىم، ئۇستىخان ئازراق زەخىملىنىپتۇ! — دېدى تاي.
— يامان بوپتۇ ـ دە، ئۇكا، بەل دېگەن مۇھىم يەر ئىدى.
— خۇدايىم بۇيرۇسا يەنە ئون كۈندىن كېيىن ئۆيگە چىقىپ كېتىدىغان ئوخشايمەن.
— ئەمدى ئويۇننى يىغىشتۇرۇپ قويمىساڭ بولمايدۇ، ئۇكا. مەن بولغان ئىشنىڭ ھەممىنى ئاڭلىدىم. ئەمدى بولدى، مەن دېدىمغۇ، ئۇكا، يېشىڭ بىر يەرگە بېرىپ قالدى. ئەمدى تورمۇزۇڭنى تۇتۇۋالمىساڭ بولمايدۇ. مۇشۇنداق كېتىۋەرسەڭ جامائەتتىن قېپقالىسەن، ئۇكا! — دېدى مالىك.
— مەندە سىز ئاڭلىغاندەك قالايمىقان ئىش يوق، ئاكا. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ پەلەمپەي!
— دېرىزىدىن سەكرىگەن بولساڭ ئۇنداق ئىش بولمايتتى، ئۇكا! — دېدى مالىك كۈلۈپ.
تاي قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

## ئون ئۈچىنچى باب

# تاي پۇل بېرىپ قۇتۇلدى

تاي دوختۇرخانىدىن چىقىپ ئۆيىدە بىر ھەپتە دەم ئالغاندىن كېيىن زاۋۇتقا كەلدى. ئۇ زاۋۇتنىڭ ئىشلىرىنى بىر قۇر سۈرۈشتە قىلىپ بولۇپ ئازات لوبەنگە تېلېفون بېرىپ ئۇنى ئىشخانىسىغا چاقىرتتى.

— بەك تېز ئىشقا چىقىۋاپسەنغۇ؟ ئورنۇمغا بىرى كېلىپ ئولتۇرۇۋالمىسۇن دەپ ئەنسىرەپسەن - دە! — دېدى ئازات چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق، سېنى كېلىپ ئولتۇرۇۋالامدىكىن دەپ ئەنسىرىدىم، — دېدى تاي.

— ماڭا بىر خالتا ئالتۇن بەرسەڭمۇ ئولتۇرمايمەن بۇ ئورنۇڭدا، — دېدى ئازات تايغا قاراپ.

— قورسىقىڭ تويدى - دە سېنىڭ. ھە، گەپ قىلە، نېمە ئىش قىلىپ يۈرىسەن؟

— جاھاندارچىلىق، بېسىلىپ قالغان سېمونتلىرىڭنى پۇل قىلىپ بېرىۋاتىمەن شۇ! — دېدى ئازات.

— يەنە شۇ نېسىچىلىك قىلىۋاتىمەن دېگىنە! — دېدى تاي.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ، ئاداش، بۇنىڭدىن كېيىن بىرى نېمە ئىش قىلىۋاتىسەن دېسە، ئۇزۇن بىر قۇچاق گەپ قىلىپ ئولتۇرغىچە «نېسىچىلىق قىلىۋاتىمەن» دېسەم بولىدىكەن، — دېدى ئازات.

— ھەممە ئىشنىڭ يولى بولىدۇ. زاۋۇتقا تاپشۇرىدىغان پۇلنى ۋاقتىدا تاپشۇرغىن، ئاداش. كېيىن بىر ئىش چىقىپ قالمىسۇن، مەنمۇ بۇ ئورۇندا خاتىرجەم ئىشلەي، — دېدى تاي.

— خاتىرجەم بول، سېنى يەرگە قارىتىدىغان ئىشنى قىلمايمەن.

— ئوغۇل بالا، بىزگە مۇشۇنداق گەپ كېرەك. خوش، مەن سەندىن بىر ئىشنى سوراي، ئاداش. سەن قىمار ئويناپ باققانمۇ؟

— ئەتىگەندە نېمە دەيدىغانسەنوي! مېنىڭ قىمار ئوينايدىغان - ئوينىمايدىغانلىقىمنى سەن ياخشى بىلىسەنغۇ!

— شۇنداق بولسىمۇ ئۆزۈڭنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلاي دەيمەنغۇ! — دېدى تاي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— توۋا، قىمار دېگەننى شاما قىلىۋەتكەن ئادەمغۇ مەن...

— مانا مۇنداق دېمەمسەن، ئۆزۈڭنىڭ ئاغزىدىن ئاڭلىشىم كېرەكقۇ! ئەمدى يەنە سوئالىمغا دىققەت قىل. تۆت ئادەم قىمار ئويناندا بىرى ئوينىماي قېشىدا قاراپ ئولتۇرىدۇ، ئاشۇ ئادەم نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم؟

— گەپنى ئۇدۇللا قىلساڭ بولمامدۇ، چوتارچىنى دەمسەن - يە؟

— توغرا، ئەقلىڭدىن ئازماپسەن، خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا بىر نېنىڭ ئىككى بولىدىغان ئوخشايدۇ سېنىڭ...

— سەن نېمە دېمەكچى؟

— بىرنەچچە يىل بولدى. قىمارنى سەنلا ئويناۋاتىسەن، ئوشۇقۇڭمۇ ئالچۇ چۈشۈۋاتىدۇ، بىراق مەن قېشىڭدا بەك ئۇزۇن تۇرۇپ كەتتىم. بىرەر قېتىم بولسىمۇ سەن نېمە ئىش قىلىدىغان ئادەم دەپ زۇۋان سۈرۈپ قويمىدىڭ. مۇشۇمۇ ئاغىنىدارچىلىقما ئەمدى؟ — دېدى تاي ئازاتنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— گەپ ساتمىساڭ بولمامدۇ، قويە سېنى! نېمە بولدىكىن دەپ كېتىپتىمەن، گەپنىڭ پوسكاللىسىنى دېمەمسەن! ماڭا پۇل

كېرەك بولۇپ قالدى دېسەڭ بولمامدۇ! — دېدى ئازات.
— مەن ساڭا پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىدىم، ئاداش، چوتارنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىمەن.
— ھە، چوتار دېگەن شۇ پۇل دېگەن گەپتۇ. ساڭا قانچىلىك چوتار كېرەك بولۇپ قالدى، ئاداش؟ — دېدى ئازات تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.
— يىگىرمە مىڭ سوم چوتار جىددىي كېرەك بولۇۋاتىدۇ، ئاداش…
— يىگىرمە مىڭ؟
— بەك جىقما؟
— سەنچە ئازدەكما؟ خوتۇنغا مەسلىھەت سالمىسام بولمايدۇ، ئاداش، — دېدى ئازات ئۇنىڭ چىشىغا تېگىپ.
— قايسى خوتۇنۇڭغا مەسلىھەت سالىسەن؟ خۇدايىم بەرگەن خوتۇنۇڭغىمۇ يا شەيتان بەرگەن خوتۇنۇڭغىمۇ؟ — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.
— ئەلۋەتتە خۇدايىم بەرگەن خوتۇنغا مەسلىھەت سالىمەنغۇ، شەيتان بەرگەن خوتۇن مەسلىھەتكە يارامدۇ دەيسەن! — دېدى ئازات كۈلۈپ.
— گەپنى ئاز قىل، ئاداش، بۇ ئىشتىن ئوسمانىنىڭمۇ خەۋىرى بار. تەلەپ - مەلەپلىرىڭ بولسا ئوسمانغا دە، ماڭا چۈشتىن كېيىن پۇل كېرەك! — دېدى تاي.
— سەن بىزگە مۇشۇنداق بۇيرۇق چۈشۈرۈپ كۆنۈپ كەتتىڭ - ھە! — دېدى ئازات تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.
— ئاكاڭ دېگەن باشلىق تۇرسا، بۇيرۇق چۈشۈرمەي نىمە چۈشۈرىدۇ! — دېدى تاي قىزىقچىلىق قىلىپ.
— بۇمۇ كەلگەن يېرى، ئاداش، چىشىڭنىڭ بارىدا ياغ چاينا دېگەن گەپ بار. سەنمۇ ھوقۇقۇڭنىڭ بارىدا بۇيرۇق چۈشۈرۈۋال، كېيىن چۈشۈپ كېتىپ قالساڭ ساقال چۈشۈرىدىغان بىرىنىۋاغىمۇ

ئىگە بولالمايسەن! — دېدى ئازات.

— مېنى چۈشۈپ كەتسىكەن دەيسەنكەن ـ دە، ھە! — دېدى تاي.

— ئۇنداق ئەمەس، ئاداش، ئەمەل دېگەن ھەرقانداق ئادەم ئۈچۈن باقىمەندە ئەمەس، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى چۈشۈپ كېتىسەن. شۇ ۋاقىتتا ئەڭ بولمىغاندا ساتىراشچىلىق قىلساڭمۇ جان بېقىپ كېتەلەيسەن، — دېدى ئازات كۈلكىسىنى بېسىپ.

تاي كۈلۈپ كەتتى.

ئەتىسى ئەتىگەندە ئازات يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى ئەكېلىپ بەردى. تاي پۇلنى تارتمىسىغا سېلىپ قويۇپ، قەمەرگە تېلېفون بەردى. ئۇلار چۈشتىن كېيىن سائەت ئىككىدە بىر مېھمانخانىدا كۆرۈشىدىغان بولدى.

تاي سائەت بىردىلا مېھمانخانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ ئالغان ئۆينىڭ نومۇرىنى قەمەرگە تېلېفوندا دەپ بەردى. سائەت ئىككى بولغاندا قەمەر مېھمانخانىغا كېلىپ تاي بىلەن كۆرۈشتى. ئەتىگەن ئۇ تاينىڭ تېلېفونىنى ئالغاندا، تاي نېمە ئۈچۈن كۈندۈزى مېنى مېھمانخانىغا چاقىرىدۇ دېگەن ئويدا بولغانىدى. ئۇ تاينىڭ قورسىقىدىكى ئىشنى بىلىپ بولغانىدى.

— بۈگۈن كۈندۈزى كۆرگىڭىز كېلىپ قاپتۇ ـ دە، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

«كاساپەتنىڭ قىلىقىغا چىدىمايمەن جۇمۇ، كۈلۈپ تۇرۇپ زەھەر چاچىدىغان يىلان ـ دە بۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟ نېمە ئويلاۋاتىسىز؟ — دېدى قەمەر.

— يېشىمنى ئويلاۋاتىمەن، قەمەر، قېرىپتىمەن، — دېدى تاي.

— ئۇنداق دېمەڭ، سىز ھەرگىز قېرىمايسىز، سىزدەك گۆھەر ئەرنى ۋاقىت قېرىتالمايدۇ، — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.

— ئۆتكەندە بەك سەت ئىش بولدى، قەمەر. مەنغۇ مەيلى،

بىراق سىزنى ئايىمىسام بولمايدۇ. مەن كۆپ ئويلاندىم. ئەمدى بولدى قىلايلى، — دېدى تاي.

— بىر ئىش بولدىمۇ؟

— ئۆتكەندە بولغان ئىشنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ دادام ماڭا بەك قاتتىق گەپ قىلىپ كەتتى. تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى مېنى ئەيىبلەپ كېتىۋاتىدۇ.

— بىز شۇنچە چوڭ گۇناھ قىلىپتىمىزمۇ؟ يە بىرىنىڭ ئۆيىگە ئوت قويۇۋەتمىدۇق.

— مېنى چۈشىنىڭ، قەمەر. كۆپنىڭ تىلىدا بىز ھامان ئاجىزلىق قىلىمىز. مەن ئەمدى جىم يۈرمىسەم بولمايدۇ.

— ئايالىڭىزدىن قورقۇپ كېتىپسىز - دە، تاي. سىزدەك بىر ئادەمنىڭ ئايالىدىن قورقۇشى ئۇيغۇر ئەرلىرى ئۈچۈن ئىشەنگىلى بولمايدىغان ئىش! — دېدى قەمەر قاش - كۆزلىرىنى ئوينىتىپ.

— بەزىدە ئادەم نومۇس ئىچىدە ياشاپ قالىدىكەن. قورقىدىغان ۋاقىتتا قورقمىسىمۇ بولمايدىكەن. بۇقا مىڭ ھۆركىرىگىنى بىلەنمۇ ئاخىرقى ھېسابتا يەنىلا موزاي ۋاقتىدىكى ئوقۇرىغا قۇل بولۇپ ياشايدىكەن. ئەڭ مۇھىمى مەن ئۆزۈمدىن قورقۇپ قالدىم، جەمەتىمدىن قورقۇپ قالدىم، مېنى ئاشۇلار ئادەم قىلغان، مېنىڭ يىلتىزىمنى كۆكەرتىدىغان ئادەملەر ئاشۇلار. كېيىن جامائەت ئالدىدا يەرگە قاراپ قالسام بولمايدۇ.

— سىز بۇ گەپكە ئالدىراپ كەتمەڭ، تاي، بىز يەنە بىر ھەپتىدىن كېيىن كۆرۈشەيلى، — دېدى قەمەر. ئۇنىڭ تايىنى قويۇۋەتكۈسى يوق ئىدى.

— مەن كۆپ ئويلاشتىم، قەمەر. دوختۇرخانىدا ياتقاندىن باشلاپ ئويلاشتىم، ئەمدى ئۆزۈمنى، ئويۇننى يىغىشتۇرمىسام بولمايدۇ.

— باشقا بىرىنى تېپىۋالدىڭىزمۇ - يە؟

— ئۇنداق دېمەڭ، مەن ئۇچۇن سىزدىن ئارتۇق قىز يوق.

— ئەمىسە مېنى مۇشۇنداق تاشلىۋېتەمسىز؟ مەن قانداق قىلىمەن؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

تاي ئۇنىڭ كۆڭلىدىكىنى چۈشەندى. تاي سومكىسىنى قولىغا ئېلىپ، ئىچىدىن يىگىرمە مىڭ سوم پۇلنى چىقىرىپ قەمەرنىڭ ئالدىغا قويدى:

— ئۆتكەندە ھازىر ئولتۇرۇۋاتقان ئۆيىڭىزنى تېخى سېتىۋالمىغان تۇغرىسىدا بىر گەپ قىلغانىدىڭىز، مانا بۇ يىگىرمە مىڭ سوم پۇل مېنىڭ سىزگە بولغان ياردىمىم بولۇپ قالسۇن، — دېدى تاي.

— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟

— بۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، قەمەر.

— بۇنداق قىلسىڭىز مېنى خىجالەت قىلىپ قويىسىز، — دېدى قەمەر ئوڭايسىزلانغان قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ گۈلقەقەلىرى ئېچىلىپ كەتكەنىدى.

— مېنى توغرا چۈشىنىڭ، قەمەر، — دېدى تاي. ئۇ قەمەرنىڭ سومكىسىنى ئېلىپ پۇلنى ئۇنىڭ سومكىسىغا سېلىپ قويدى.

— بەك سەت ئىش قىلدىڭىز، تاي، — دېدى قەمەر. ئۇ ئاغزىدا بۇنداق دېگىنى بىلەن ئىچىدە يايراپ كەتتى.

— بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز پۇل بىلەن باشلانمىغانىتى، تاي. لېكىن سىز بۇ ئىشنى پۇل بىلەن ئاياغلاشتۇرۇپ قويدىڭىز، — دېدى قەمەر گەپ سېتىپ.

— بۈگۈنكى ئالەمدە ھەممە ئىشلار پۇل بىلەن ئوخشاۋاتىدىغۇ، قەمەر، پۇلنىڭ زۇۋانى يوق، لېكىن ئۇ زۇۋانى بار ئادەملەردىنمۇ يامان. كىمنىڭ پۇلى بولسا شۇنىڭ ئىشى ئوڭغا تارتىدۇ. پۇل ھەرگىزمۇ يامان نەرسە ئەمەس. ئەسلىي پۇل دېگەن ئاددىي بىر قەغەز، گەپ ئادەملەر ئۇنىڭغا مەنە بەرگەن. ئۇنىڭغا

جان كىرگۈزگەن. شۇنىڭ بىلەن ئۇ پۈتۈن دۇنيانىڭ مۇھىم ئەلچىسىگە ئايلىنىپ قالغان. مېنىڭچە پۇل يامان نەرسە ئەمەس! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، تاي. بىز بۇ ئىشنى باشقا يول بىلەن ھەل قىلالايتتۇق. مەسىلەن، سىز ئۆيدىكى مومايىنى يولغا سېلىپ ئۇنى دەم ئېلىشقا چىقىرىۋەتكەن بولسىڭىز، ئىككىمىز يەنىلا بىر قازاندا قايناۋېرەتتىققۇ! — دېدى قەمەر.

تاي قەمەرنىڭ ئويناۋاتقان ئويۇنىنى بىلەتتى. شۇنىڭدىمۇ ئۇ چاندۇرماي:

— سىز ئەركىن ياشاپ ئۆگىنىپ قالدىڭىز، قەمەر، ئەمدى قازان بېشىغا كۆنەلمەيسىز، — دېدى تاي.

— سىزنىڭ قولىڭىزدا تۇرسام كۆنىمەن، تاي، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— مۇشۇنداق دېگىنىڭىزگە رەھمەت. ئەمدى ئويۇنىمىزنى ئاخىرلاشتۇرايلى، — دېدى تاي ئورنىدىن تۇرۇپ.

— ئەمىسە خوشلىشىمىزما؟ — دېدى قەمەر.

— شۇنداق بولسۇن، قەمەر، ئەگەر مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا قوپاللىق قىلىپ قويغان بولسام مەندىن رەنجىمىگەيسىز، مېنى كەچۈرگەيسىز!...

— بىزنىڭ ئارىمىزدا ئۇنداق ئىشلار بولمىدى، تاي. مەن سىزدىن رازى، — دېدى قەمەر. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاينى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

«ماۋۇ ساختىپەزنىڭ ئويۇنىنى قارا!» دېدى تاي ئىچىدە.

قەمەر تاينى قويۇۋېتىپ تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى. تاي ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىنىڭ ئىچىگە يوشۇرۇنغان بىر خىل مۇتتەھەملىكنى بايقىدى. ئۇ ئىلگىرى ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن بۇنداق ئالامەتلەرنى كۆرمىگەنىدى. بۇ يېڭى بايقاش تاينى قەمەر توغرىسىدا يېڭى قاراشقا ئىگە قىلدى.

— ئەمىسە خوش، تاي، مەن سىز بىلەن تونۇشقىنىم ئۈچۈن خۇشالمەن. بولۇپمۇ ئاخىرىدا مۇشۇنداق چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇپ كەتكىنىمىزگە رازى مەن. سىزدىن باشقا ئادەم بولغان بولسا ماڭا بۇنداق ياخشى مۇئامىلە قىلمايتتى. سىزمۇ جىق ئىش كۆرگەن ئادەم ئىكەنسىز، مەنمۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئىش بىلىمەن. بۇ جاھاندا نۇرغۇن ئادەملەر ئۆزى ئەتكەن ئاشنى ئۆزى يېيەلمەيدۇ. سىزگىمۇ رەھمەت، قانداق بولسۇن مەندە ياخشى بىر تەسىر قالدۇردىڭىز. ئەمدى مەن سىزگە بىرلا ئېغىز گەپ قىلىپ قوياي، بۇ جاھاندا مەڭگۈلۈك دوستلۇق يوق. ھازىر نۇرغۇن نەرسىلەر بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى. مەسىلەن، سىز بۇ مېنىڭ ئالمام دەپ بىر ئالمىنى قولىڭىزغا ئالىسىز، ئەمەلىيەتتە ئۇ ئالما بولماستىن باشقا بىرنەرسە، شۇنىڭدىمۇ سىز يەنە ئۇنى ئالما دېيىشكە مەجبۇر بولىسىز. دېمەكچى بولغىنىم، ئەگەر كېيىنكى يىللاردا بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى بىز بىرەر ئىش ئۈستىدە خاپىلىشىپ قالساق سىز مەندىن رەنجىمەڭ، ئاشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى توغرا چۈشىنىڭ. شۇنداق، بىز جىق ئارىلاشتۇق. مەن سىزگە بەدىنىمنى بەردىم، لېكىن جېنىمنى بەرمىدىم. سىز مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى ئۇنتۇماڭ. ئەڭ مۇھىم ئىش جان بېقىش، قالغان ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئويۇن - ئويۇن بولىدىكەن. ئۇنىڭ ئاخىرلىشىدىغان ۋاقتى بولىدۇ. لېكىن جان بېقىشنىڭ چېكى يوق، جان چىققۇچە جان باقىمىز. مەن نۇرغۇن ئادەملەرنىڭ نەزىرىدە بىر بۇزۇق ئايال. مەھەللىدىكىلەر مېنى قەمەر سۇيۇق دەيدۇ. مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىمەن. لېكىن مېنىڭ پەرۋايىم پەلەك. بىرىنچىدىن، مەندە ئەقىل بار، ئىككىنچىدىن، مەندە گۈزەللىك بار، مۇشۇ ئىككى نەرسە ماڭا چەكسىز ياردەم قىلىدۇ. ئەرلەر قولىدا پاكىز بىر ئالمىنى تۇتۇپ تۇرغان بولسىمۇ، كۆزى يەنە بىر ئالمىدا بولىدۇ. شۇڭا مەن ئەرلەرنىڭ مۇشۇ تەرىپىدىن پايدىلىنىمەن. ماڭا

ئوخشاش قىزلار جىق ئەمەس، لېكىن ئازمۇ ئەمەس. ئەرلەر ئەرلەر مەدەنىيىتىنى ياراتتى. ئۇلار مۇشۇ مەدەنىيىتىگە تايىنىپ شان - شەرەپكە ئېرىشىۋاتىدۇ. چۆللەرنى بوستان قىلدى. بۇ جاھاندا ئاجايىپ ياخشى ئىزلارنى قالدۇردى. ئۇلار مۇھەببەت دېگەن نەرسىنى پەيدا قىلدى، شۇنداقلا يەنە ئۆچمەنلىك پەيدا قىلدى. مەن نۇرغۇنلىغان ياخشى ئەرلەر بىلەن ئارىلاشقان. مەن ئۇلار بىلەن خوشلاشقاندىن كېيىنلا ئۇلارغا ئۆچ بولۇپ قالىمەن. چۈنكى ئەرلەر دەسلەپكى قەدەمدە بىزنىڭ تىنچ تۇرغان تۇرمۇشىمىزغا، يەنى بەدىنىمىزگە تاجاۋۇز قىلغان. مۇشۇ نۇقتىدىن ئېيتقاندا مەن ئەرلەر بىلەن چىقىشالمايمەن. خۇدايىم ساقلىسۇن ئىككىمىز بۇنىڭدىن كېيىن بىرنېمە دېيىشىپ قالمايلى، — دېدى قەمەر.

تاي ئۇنىڭغا ئۇزۇندىن ئۇزۇن قاراپ ئولتۇردى. ئۇنىڭ گەپلىرى تايغا قاتتىق تەسىر قىلدى.

— ئەمىسە خوش، تاي. مەن ماڭاي، — دېدى قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئۆزگەردى.

— خوش ئەمىسە! — دېدى تاي.

قەمەر مېھمانخانىدىن چىقىپ قۇرۇلۇش بانكىسىغا كىرىپ سومكىسىدىكى پۇلنى ئۆزىنىڭ ھېسابىغا قويۇۋەتتى، ئاندىن بانكىدىن چىقىپ ئۆيگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ناھايىتى خۇشال ئىدى. يولدىكى ئادەملەر ئۇنىڭغا بىر - بىردىن چىرايلىق، يېقىملىق كۆرۈنەتتى. ئۇ بىردىن قەدىمىنى توختاتتى، كەينىگە يېنىپ ئىدارىسىگە قاراپ ماڭدى. ئۇ ئىدارىسىگە يېتىپ كېلىپ، ئىشخانىسىغا كىردى. ئۇ قولىغا تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى ئېلىپ بىرنەچچە ئورۇنغا تېلېفون بەردى، ئاندىن ئولتۇرۇپ چاي دەملەپ ئىچتى. ئارىدىن بەش مىنۇت ئۆتكەندىن كېيىن، ئىدارە ئىشخانىسىدا خەت - چەك تارقىتىدىغان قىز ئۇنىڭ قېشىغا كىرىپ ئۇنىڭغا بىر پارچە خەت بەردى. قەمەر خەتنى قولىغا ئېلىپ خەتنى

ئاچتى. خەت ئۇنىڭ ساۋاقدىشى قۇربانقىزدىن كەلگەنىدى. قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئىشىكنى ئېتىۋەتتى، ئاندىن ئورنىغا يېنىپ بېرىپ ئولتۇردى. ئۇ قولىدىكى خەتنى ئېچىپ ئوقۇشقا باشلىدى:

«... مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇ يەرگىچە، ئاداش، قىسقىسى كۈنۈم يامان ئەمەس. ئەمدى سەن توغرۇلۇق تۆت ئېغىز گەپ قىلغۇم كېلىۋاتىدۇ، ئاداش. ھەممىمىز ئايال، ئايال ئايالنىڭ قۇياشى دېگەن گەپ بار. شۇڭا مەن ساڭا قورسىقىمدىكى گەپنى دەۋالمىسام بولمايدۇ، مەيلى سەن توغرا چۈشەن ياكى خاتا چۈشەن، مەن ساڭا يۈرەك سۆزلىرىمنى قىلىشىم كېرەك. ئۇزۇندىن بېرى سېنىڭ ئەھۋالىڭدىن تولۇق خەۋەر تېپىپ تۇردۇم، ئاداش. مەن بۇ يەردە سېنىڭ شەخسىي تۇرمۇشۇڭدىكى بەزى ئىشلارنى دېمەكچى. باشلىق بولۇپسەن، بۇ نېمىدېگەن ياخشى ئىش. بىراق ئەمدى سەن ئۆزۈڭنى تۇرمۇشنى ئويلاشمىساڭ بولمايدۇ. ئائىلە بەك مۇھىم، ئاداش. گۈل ھامان بىر كۈنى توزۇيدۇ. بىزنىڭ ئەڭ ئاخىرقى تۈۋرۈكىمىز ئائىلە، ئاداش. چۈنكى بىز ئاجىز، بىز قېرىيمىز، چىرايىمىزدىن كېتىمىز. شۇ ۋاقىتتا بىزگە ئادەم ئەمەس، جىنمۇ قارىمايدۇ. ئاخىرقى ھېسابتا بىزگە ئائىلە ئەسقاتىدۇ. ئەمدى ئۇچۇپ يۈرىدىغان ئىشلىرىڭنى توختاتمىساڭ بولمايدۇ. مەسىلەن، كەپتەرنى دەيلى، بەزىدە ئىگىسىنىڭ بەرگەن دېنىدىن زېرىكىپ ئۇيەر- بۇيەرلەرگە ئۇچۇپ دانلاپ يۈرۈپ باقىدۇ. لېكىن ئۇ ئىگىسىنىڭ ئۆيىگە قايتىپ كېلىشنى ئۇنتۇمايدۇ. ئۇ ھامان ئىگىسىگە سادىق، خەقنىڭ ۋاقىتلىق بەرگەن قوناق- بۇغدايلىرىغا قول بولۇپ كەتمەيدۇ. شۇڭا ئېسىڭنى يىغ، ئاداش. ساڭا ھەقىقىي ئىگە

بولىدىغان ئادەمدىن بىرنى تاپ. بۇ جاھاندا خىلمۇخىل ئادەملەر ياشايدۇ. بىرى قۇشقاچنى ياخشى كۆرسە، بىرى كەپتەرنى ياخشى كۆرىدۇ. يەنە بىرى توخۇنى ياخشى كۆرىدۇ، يەنە بىرى پاختەكنى ياخشى كۆرىدۇ. شۇڭا سەن ھازىرقى ئويۇنۇڭنى توختىتىپ ئۆي تۇتۇشقا كىرىش. سەن چوقۇم سېنىڭ ھازىرقى ئەمەلىيىتىڭنى ياخشى كۆرىدىغان بىر ئادەمگە ئىگە بولالايسەن. مەن ساڭا ئىشىنىمەن، ئاداش. ئەمدى ئۆزۈڭنى ئۆزگەرتمىسەڭ بولمايدۇ.»

قەمەر خەتنى ئوقۇپ بولۇپ ئۆزۈنىچە دېرىزىگە قاراپ ئويلاندى. ئۇ خەت يېزىش ياكى يازماسلىق توغرىسىدا ئىككىلىنىۋاتاتتى. ئاخىرى قولىغا قەلەم ئېلىپ ئاپئاق قەغەزنى بوياشقا باشلىدى:

«مېنى ئۇنتۇماي خەت يازغىنىڭغا رەھمەت، ئاداش. لېكىن مەن ھە دېگەندىلا بايرىقىم روشەن ھالدا ساڭا دەيدىغان گېپىمنى دەۋېتەي. بىرلا ئېغىز گەپ، سەن مېنى ئۆزگەرتەلمەيسەن، ئاداش. مەن ھەم ئۆزگەرمەيمەن. سېنىڭ كاللاڭ بىلەن مېنىڭ كاللام جۇپلىشەلمەيدۇ، ئاداش. ئۆزۈمنىڭ ھازىرقى مۇشۇ تۇرمۇشۇمنى ياخشى كۆرىمەن. دېسەم گەپ تولا، كەپتەرنى مىسال قىلىپسەن، كەپتەر ئادەمنىڭ تىلىنى بىلمەيدۇ. شۇڭا ئۇ بەختلىك. ئادەم ئادەمنىڭ تىلىنى بىلگەچكە ئادەملەر مەڭگۈ ئازاب، گۇمان، يىغا ئىچىدە ياشايدۇ! سەن ئائىلە ئۈستىدە توختىلىپسەن، مەن ئائىلىنىڭ ئۇلۇغلۇقىنى چۈشىنىمەن. بىز ھەممىمىز ئائىلە ئىچىدە چوڭ بولغان، ئائىلە جەمئىيەت تەرەققىياتىغا تۆھپە قوشقان. بۇ يەردىكى گەپ، ئاداش، ئۇ قانداق ئائىلە، ساختا ئائىلىمۇ ياكى ھەقىقىي مەنىدىكى

مەدەنيەتنىڭ بىر تامچىسىدىن بولغان ئائىلىمۇ! بىز ئالدى بىلەن مۇشۇ مەسىلىگە جاۋاب بېرىشىمىز كېرەك. ئېسىڭدە باردۇ، ئاداش، بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتقاندا، بىر يىلى ساۋاقداشلار ئارىسىدا رومان ئوقۇش قىزغىنلىقى كۆتۈرۈلدى. مەن روسىيە يازغۇچىسى لېف تولستوينىڭ «ئاننا كارېنىنا» ناملىق رومانىنى ئوقۇدۇم. رومانىنىڭ بىرىنچى جۈملە سۆزى ھازىرغىچە ئېسىمدىن چىقمىدى. ئاپتور رومانىنى «بەختلىك ئائىلىلەرنىڭ ئەھۋالى بىر - بىرىگە ئوخشايدۇ، بەختسىز ئائىلىلەرنىڭ غەم - قايغۇسى ئۆزگىچە» دەپ باشلىغان. مېنىڭ يازغىنىم رومانىدىكى ئەينەن سۆز بولمىسىمۇ، ئىشقىلىپ ئاپتور رومانىنى مۇشۇ مەزمۇندا باشلىغان. بۇ يەردىكى بەختلىك ئائىلە دېگەن قانداق ئۇقۇم، ئاداش؟ ئۇ ماددىي كۆرسەتكۈچمۇ ياكى مەنىۋى كۆرسەتكۈچمۇ؟ ياكى ماددىي كۆرسەتكۈچ بىلەن مەنىۋى كۆرسەتكۈچنىڭ بىرىكمىسىمۇ؟ مېنىڭ چۈشىنىشىمچە، بەخت دېگەن سۆزنىڭ مەنىسى زېرىكىشلىك دېگەن گەپ. شۇڭا بەختلىك ئادەملەر تۇرمۇشتا قىزغىن بولالمايدۇ. ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا جانلىق نەرسە بولمايدۇ. ئەگەر بىر ئادەم غەم - قايغۇسىز ياشىسا ئۇ ۋاقىتتا ئۇ ئادەمنىڭ تۇرمۇشىدا نېمە لەززەت بولسۇن؟ بىز ئېچىلىپ بولغان گۈلنى ئەمەس، ئېچىلىۋاتقان گۈلنى دەپ ياشايمىز! بىز مەنپەئەت توقۇنۇشى ئىچىدە ياشايدىكەنمىز، بىز ھەرگىزمۇ بەختكە ئىگە بولالمايمىز. چۈنكى نامرات، مۇرەككەپ مۇھىتتا ھەممە ئادەم ئۆز قازىنىنىڭ غېمىنى قىلىدۇ. مۇشۇنداق مۇھىتتا بەختتىن سۆز ئېچىش مۇمكىن ئەمەس. مەن بەزىدە ئويلاپ قالىمەن، ئاداش، ئەگەر بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇمىغان بولساق، ئادەتتىكى بىر ئايال بولۇپ ياشىغان بولساق ئۆز ۋاقتىدا بىز بەختلىك

بولالايتتۇق. ئۇ ۋاقىتتا بىز باش قاتۇرمايتتۇق، تالىشىشنىمۇ بىلمەيتتۇق، ئاددىي ـ ساددا ياشايتتۇق، بىر مۈرەككەپ ئادەم ساپلىقنى تەرغىب قىلىدىغان ئادەم، ئۇ مەڭگۇ بەختلىك بولالمايدۇ. ئەڭ بەختلىك ئادەم بۇغدايچى، سامانچى، ئۇ ئېتىزدىن باشقا نەرسىنى بىلمەيدۇ. ئۇنىڭ دەسلەپكى ھەم ئاخىرقى ئارزۇسى ئاق يەرنى يېشىللاشتۇرۇش. ئۇلاردا مۇشۇ ئىشتىن باشقا ئىستەك يوق. ھەرقانداق بىر ئىنساندا ئارزۇ ـ ئىستەك كۆپەيگەنسېرى ئۇ مەڭگۇ بەختلىك بولالمايدۇ. ئۇ دەرۋازىسى يوق بىر قورۇغا كىرىپ قالىدۇ. بۇ قورۇنىڭ ئىچىدە ھەممە نەرسە بار، لېكىن ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى سەرسان روھلاردىن ئۇچۇپ چىققان تويمىغورلۇق ئىچىدە باش كۆتۈرەلمەيدۇ. مۇشۇنداق ئادەمنى بەختلىك دېگىلى بولسۇنمۇ؟ سەن مېنى باشلىق بولۇپسەن دەپ خۇشال بولۇپسەن، ئالدىرىما، سەن مېنىڭ بۇ مەنسەپكە قانداق ئېرىشكەنلىكىمنى بىلىپ قالىسەن. مەن ساڭا ئۆزۈمنىڭ تۇرمۇشۇمنى سۆزلەپ بېرەي. مەن مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ يۇرتقا قايتىپ كەلگەندىن كېيىن شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتىم. ئەلۋەتتە مېنىڭ ئورۇنلىشىشىم ئاسانغا توختىمىدى. مۇشۇ كۈنلەردە ھەممە ئىش پۇل بىلەن پۈتىدىكەن، ئاداش. مەيلى سەن مەكتەپتە ئەلاچى بولۇپ ئوقۇغىن ياكى سېسىپ ـ پۇراپ ئوقۇغىن، جەمئىيەتكە چىققاندا ئاتا ـ ئاناڭنىڭ پۇلى بولسا بۇلبۇلنىمۇ كۆسەيگە قوندۇرۇپ سايرىتالايسەنكەن. بىلىسەن، ئاكام بازاردا رەختچىلىك قىلاتتى. ئۇ يول مېڭىپ يۈرۈپ پۇل خەجلەپ مېنى شەھەرلىك مەدەنىيەت ئىدارىسىگە ئورۇنلاشتۇرۇپ قويىدى. بىر يىلدىن كېيىن مەن توي قىلدىم. سەن ئۇ يىگىتنى كۆرمىگەن، ئۇنىڭ ئېتى غوجالىم ئىدى. ئۆزى ئېگىز، كېلىشكەن بالا ئىدى، ئۆينىڭ

ئىشلىرىنى قىز بالىدەك قىلاتتى. ئۇنىڭ ئاپىسى ئاشۇنداق ئۆگەتكەنىكەن. مەن يازلاردا كۆپ ھاللاردا ئىدارىنىڭ بەزى پائالىيەتلىرى بىلەن ئاخشاملىرى كەچ قايتاتتىم. ئۇ مېنىڭ مۇشۇنداق ئىشىمغا قوشۇلمايتتى. كېيىنچە مېنى تىللاپ، ئۇرىدىغان بولۇۋالدى. كېچىدە نەلەردە يۈردۈڭ دەپ ئارامىمنى قويمايتتى. مەن ئۇنىڭ مۇشۇ مىجەزىنى ئۆزگەرتەلمىدىم. قارىسام ئۇنىڭ قولىدا تۈگىشىپ كېتىدىغاندەك تۇرىمەن، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاداش بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. ئۇ ئاداش ئاجراشمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. ئاپامۇ قوشۇلمىدى، لېكىن مەن نىيىتىمدىن يانمىدىم. چۈنكى ئاشۇ كۈنلەردە ئىدارىگە كەلگەن مېھمانلارنى كۈتۈپ ھېرىپ- چارچاپ ئۆيگە كەلگەندە ئۇنىڭ تاياقلىرى جېنىمغا ئۆتۈپ كېتەتتى. مەن قەتئىي نىيەتكە كېلىپ ئۇنىڭ بىلەن ئاجراشماقچى بولدۇم. ئۇ مېنىڭ يانمايدىغانلىقىمنى كۆرۈپ ماڭا يالۋۇرغىلى تۇردى. ئۇنداق قىلمايمەن، بۇنداق قىلمايمەن، دېگىنىڭىزنى قىلىمەن، خىزمىتىڭىزنى قىلىمەن دەپ مېنى ھۆل كېسەككە دەسسەتكىلى تۇردى. مەن ئىرادەمدىن يانمىدىم، مەن شۇنداق ئويلايمەن، ئاداش، مۇشۇ جاھاندا كىشىلەر ئاياللار توغرىسىدا بەكمۇ كۆپ سۆز- چۆچەك قىلىشىدۇ، خۇددى مۇشۇ جاھاندا ئەسكىلىكنىڭ ھەممىسىنى بىز ياراتقاندەك. لېكىن ئەرلەر ئۆزلىرىنىڭ ئاجىزلىقىنى كۆرمەيدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىگە ھەددىدىن ئارتۇق ئىشىنىدۇ. ئۇلار ئەڭ شەخسىيەتچى، ھاجىتى چۈشكەندە ۋاي خېنىم دەپ ھەممە يېرىمىزنى سۆيگۈدەك، يالىغۇدەك بولۇپ كېتىدۇ. مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بىزگە تەتۈر قاراپ تۇرۇۋالىدۇ. مەن ئېرىمنىڭ ماڭا بولغان ئۈمىدىنى ئۈزۈل- كېسىل يوقىتىش ئۈچۈن، ئۆيدىكى بارلىق

نەرسىلەرنى چېقىپ بوزۇۋەتتىم، كۆرپىلەرنى يىرتىۋەتتىم. بىز توي قىلغاندا ئىككىمىزنىڭ سۈرىتىنى چوڭايتىپ تامنىڭ ئوتتۇرىسىغا ئېسىپ قويغانىدۇق، سۈرەت بەكمۇ چىرايلىق تارتىلغانىدى. سۈرەتنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى رەڭگارەڭ گۈللەر ئىدى. بىز مۇشۇ مەزگىلدە ھە دېگەندە بىر خىل خىيال بىلەن تۇرمۇشقا كىرىپ كېتىپتىكەنمىز. كېيىن كاللىمىزدىكى نەرسە ئەمەلىيەت بىلەن بىرلىشەلمىدى. ئادەم ھەر دائىم رىيالىق ئىچىدە ياشايدىغان گەپ ئىكەن. رېئاللىق ئىچىدە يېتىلىدىكەن، مەن سۈرەتنى يىرتىۋەتتىم. ھېسسىيات، ۋاقىتنىڭ ھەممىسى يالغان بولۇپ چىقتى. دەسلەپكى ھېسسىياتلار خۇددى دەسلەپتە ئېچىلغان گۈللەرگە ئوخشاش ئاسانلا توزۇپ كېتىدىكەن، ئاداش. شۇنىڭ بىلەن بىز ئاجرىشىپ كەتتۇق. ئاجرىشىش مەن ئۈچۈن بىر ئازابتىن قۇتۇلۇش، ھۆرلۈككە چىقىش. بىزنىڭ ئەرلىرىمىز كۆپ ھاللاردا بىزنىڭ ئەركىنلىكىمىزنى، غۇرۇرىمىزنى ئۆزلىرىگە قۇل قىلىۋېلىشقا ئامراق. ئۇلار مۇشۇنداق قالاق خوتۇن باشقۇرۇش ئادىتىنى شەرەپ بىلىدۇ. مەن ئۇنىڭ بىلەن ئاجرىشىپ بولغاندىن كېيىن، پۈتۈن زېھنىمنى خىزمەتكە قاراتتىم. ئىدارىنىڭ خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدىم، كېيىن ئىدارىدە مەخسۇس كۈتۈش خىزمىتىگە مەسئۇل بولدۇم. كەلگەن - كەتكەنلەرنى ناھايىتى ياخشى كۈتتۈم. رەھبەرلەر مېنىڭ خىزمىتىمدىن بەكمۇ رازى بولدى. كېيىنكى يىللاردا مەن ھاراق ئىچىشنى ئۆگىنىپ قالدىم. رەھبەرلەر يۇقىرىغا پۇل ھەل قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقماقچى بولغاندا ئالدى بىلەن مېنى ئېلىۋالىدىغان بولدى. مەن ھەرقايسى جەھەتتە ھەقىقىي بىر كوزىرغا ئايلاندىم. مەن ئىدارىنىڭ نۇرغۇن ئىشلىرىنى پۈتتۈردۈم. يىللار ئۆتتى، قارىسام مېنىڭ ئەمگىكىمدە باشقىلار تەرلەۋاتىدۇ. شۇنىڭ

بىلەن مەنمۇ رەھبەرلەرنىڭ بېشىنى ئاغرىتىپ، مەنسەپ تەلەپ قىلدىم. ھە دېگەندە ئىشخانىغا مۇئاۋىن مۇدىر بولدۇم. خىزمەتنى تېخىمۇ ياخشى ئىشلىدىم. ھەر يىلى يۇقىرىغا ئۇنداق قىلماقچى، بۇنداق قىلماقچى دەپ بېرىپ يۇقىرىدىن پۇل ئالدىغان ئىشتا ئاساسىي رول ئوينىدىم. ئىدارىنىڭ ئىشلىرى ناھايىتى ياخشى يۈرۈشتى. مەن پۈرسەتنى قولدىن بەرمەي رەھبەرلىكنىڭ ياقىسىغا چىڭ ئېسىلىۋالدىم. چۈنكى مۇشۇنداق ھۈنەرنى دەسلەپتە ئۇلار ماڭا ئۆگەتكەن. مەن رەھبەرلەرگە گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلدىم: «سىلەر تەشكىلات بۆلۈمىگە يول مېڭىپ مېنى ئىدارىگە مۇئاۋىن باشلىق قىلمىساڭلار بولمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ مۇشۇ ئىشىم ھەل بولمىسا، مەن ھېچ ئىشقا ئارىلاشماي يېتىۋالىمەن. مەن سىلەردىن ھوقۇق سوراۋاتقىنىم يوق. مەن يەنىلا ئىدارىنىڭ، ئېنىقراق قىلىپ ئېيتقاندا شەھەرنىڭ مەدەنىيەت ئىشلىرى ئۈچۈن باش قاتۇرۇۋاتىمەن» دېدىم. رەھبەرلەر مېنىڭ بۇ گەپلىرىمنى ئاڭلاپ ماڭا ئوچۇق بىرنېمە دېمىدى. كېيىن تۆۋەنگە خىزمەت تەكشۈرۈپ بارغاندا مەن ئۇلارنى بىر - بىرلەپ ئازدۇرۇپ رازى قىلىپ كۆندۈردۈم. مۇشۇنداق قىلىپ يۈرۈپ، ئاداش، مەقسىتىمگە يېتىۋالدىم... ماڭا خەت يازغىنىڭ ئۈچۈن ساڭا رەھمەت. كەپتەر مەسىلىسىگە كەلسەك، ئاداش، سەن مېنى ئۆزگەرتەلمەيسەن...»

## ئون تۆتىنچى باب

# گۈلبوستان تاي بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى

تاي دوختۇرخانىدىن چىققاندىن بېرى گۈلبوستاننىڭ ئۆيىدە ئۇنى چىقمايدىغان بولدى. ئۇ ئەتە ـ ئاخشاملىرى تاي بىلەن چاقچاق قىلىشىپ ئولتۇرىدىغان ئىشلىرىنىمۇ توختاتتى. ئۇنى غەم باستى، تايغا بولغان نارازىلىقى كۈندىن ـ كۈنگە كۈچەيدى. تاي ئايالىدىكى ئۆزگىرىشنى كۆرۈپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا تىرىشتى.

كەچتە تاي گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى:

— سېنىڭ قولۇڭنى تۇتسام بەك ھۇزۇرلىنىپ كېتىمەن، خوتۇن، — دېدى تاي ئايالىنى كولدۇرلىتىپ.

— ھە، مۇنداقمۇ ئىش بار ئىكەن ـ دە تېخى! — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

— مەن ھەر قېتىم قولۇڭنى تۇتقاندا كىچىك ۋاقتىمدىكى سەھرا ئېسىمگە كېلىدۇ، — دېدى تاي.

— ھە… قەۋەتلا ـ ھە، — دېدى گۈلبوستان باشقا يەرگە قاراپ تۇرۇپ.

تاي ئۇنى ئۆزىگە قارىتىش ئۈچۈن چاندۇرماي گېپىنى داۋام قىلىۋەردى:

— بىزنىڭ سەھرانى بىلسەن، خوتۇن. دەريا بويى تەرەپتە

بىر چوڭ باغ بولىدىغان، مەن ئاشۇ باغنىڭ ئىچىدە دېگۈدەك چوڭ بولغان. ھازىر ئۇ باغنى بۇزۇۋېتىپتۇ. ئۇ باغنى بىرلىرىگە باشقا ئىش قىلىدىغانغا كۆتۈرۈپ بېرىپتۇمىش! بىز ئەتە - ئاخشاملىرى ئاشۇ باغدىن چىقمايتتۇق. بىز باغقا ئالمىنى دەپ ئەمەس، باغدىكى كۆلدە ئوينايمىز دەپ كىرەتتۇق. كۆلدە چۆمۈلەتتۇق. كۆلدە ياۋا ئۆردەكلەر بار ئىدى. ئۇ كۆل بىزنىڭ جەننىتىمىز ئىدى...

— سىز شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ياۋا ئۆردەككە ئامراق ئىكەنسىز - دە! — دېدى گۈلبوستان تايغا بىر قاراپ قويۇپ.

«خوتۇننى كولدۇرلىتىمەن دەپ ئۆزۈم كولدۇرلاپ قالامدىم نېمە؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— بىراق بىز ياۋا ئۆردەكلەرنى تۇتالمايتتۇق! — دېدى تاي.

— شۇڭا بالا ۋاقىتىدا قىلالمىغان ئىشلىرىڭىزنى ھازىر قىلىۋېتىپسىز - دە! — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

— رەمچىلەردەك سۆزلەۋاتىسەنغۇ؟

— شۇ، ھەممە ئىشنى سىز بىلىسىز، سىز دېگەن قانداق ئادەم؟ بىر زاۋۇتنىڭ باشلىقى دەڭە! سىز ھەرگىز بۇرۇنقى تاي ئەمەس. مەن بۇرۇن سىز بىلەن تەڭ ئىدىم. سىزمۇ ئىشچى ئىدىڭىز، مەنمۇ ئىشچى ئىدىم. كېيىن سىز ئۆسۈپ باشلىق بولۇپ كەتتىڭىز. مەن ئىش ئورنۇمدىن قالدىم. ئىككىمىز تەڭ بولالمىدۇق. بۇ مەن ئۈچۈن بەكمۇ چوڭ پاجىئە بولدى، تاي. مەن سىزنىڭ ئالدىڭىزدا مۇشۇ كۈنگە قالارمەن دەپ ئويلىماپتىكەنمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەنمۇ زاۋۇتتا تۆتىنىڭ ئالدى، تۆتىنىڭ كەينى بولۇپ ئىشلىگەن. بىزنىڭ مەھسۇلاتلىرىمىزنىڭ بازىرى بار ئىدى. مانا ئەمدى ھەممە نېمىدىن قۇرۇق قالدۇق. راست، سىز مېنى بېقىۋاتىسىز، تاي. لېكىن سىز مېنىڭ كۆڭلۈمنى باقالمىدىڭىز. مېنىڭ يەيدىغان، ئىچىدىغان، كىيىدىغان نەرسىلەردىن غېمىم يوق، پەقەت شۇ سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئالالمىغانلىقىم ئۈچۈن قايغۇرىمەن. راست گەپ

قىلسام سىز ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋالالمىدىڭىز، مېنىڭ دىلىمنى رەنجىتتىڭىز. مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىسام بۇرۇن ئۇيقۇم كەلمەيتتى. مانا ئەمدى كۆپ ئويلاندىم. سىز دوختۇرخانىدىن چىققاندىن كېيىن مەن نۇرغۇنلىغان ئىشلارنىڭ تېگىگە يەتكەندەك بولدۇم. ئەمدى مېنى ھېچقانداق نەرسە قورقۇتالمايدۇ، مەن ئەمدى ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن، تاي. ھازىر دېگەن ئۆزۈڭدىن باشقا ھېچقانداق نەرسىگە ئىشەنمىسەڭ بولىدىكەن، ئۆزۈڭگە چىڭ بولغۇلۇق ئىكەن. ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئىشىنىشنىڭ ئۆزى خەتەرلىك بىر ئىش ئىكەن. بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن: سىز قىلغان ئىشلىرىڭىزغا پۇشايمان قىلىۋاتىسىز، بىراق يىرتىلىپ كەتكەن نەرسە ئورنىغا كەلمەيدۇ، تاي. داغنى مىڭ يۇسىڭىزمۇ ئىزى قالىدۇ، بولۇپمۇ يۈرەكتىكى داغ قانغا ئارىلىشىپ كېتىدۇ. شۇنىڭدىمۇ مەن ئازابلانمايمەن. بېكەتكە چىقىپ چاي ساتسامۇ جېنىمنى بېقىپ كېتىمەن. بىز ئەمدى تاراق - تۇرۇق قىلىشمايلى، تاي. كىنو تۈگىدى. چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى.

تاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ تۇرۇپلا قالدى. ئۇ ئايالىنى بۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى.

— نېمە؟ قالايمىقان گەپ قىلما، يامان بولىدۇ.

— ئەمدى مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئەمەس، يامان بولىدۇ دېگەن گېپىڭىزنى ئۆزىڭىزگە ئىشلىتىۋېلىڭ، مۇشۇ گەپ سىزگە بەك توغرا كېلىدۇ.

— خەقلەرنىڭ ئەپقاچتى گەپلىرىگە ئىشەنمە، قالايمىقان سۆزلىمە، خوتۇن، — دېدى تاي چاندۇرماي كۈلۈپ تۇرۇپ. ئۇ يەنە ئايالىنىڭ قولىنى تۇتتى.

— ئەمدى بۇ قىلغانلىرىڭىز بىكار، تاي. سىز بىلەن ئاجراشقىنىم ئاجراشقان. سىز ئەۋلىيا ئەمەس، مەنمۇ جېنىمنى باقالماي سىزنىڭ قولىڭىزغا قاراپ قالغان مەزلۇم ئەمەس. مەن

سىزگە ھەقىقىي پۇرسەت يارىتىپ بېرەي.
تاي نېمە دېيىشىنى بىلەلمەي قالدى. ئۇ ئايالىنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتۇپ قالدى.
— ئەگەر بۇرۇن ماڭا ئىشەنمىگەن بولساڭ ئەمدى ماڭا ئىشەن. ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا سەندىن ئايرىلمايمەن! — دېدى تاي ئايالىنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— ئادەم ئادەمدىن ئايرىلالمايدىغان ئىش يوق جاھاندا. ئۆز ۋاقتىدا بىزنىڭ پوپايكا زاۋۇتىدا دىلبەر دەيدىغان بىر ئايال بولىدىغان، ئۇ بىزنىڭ سىڭىلىمىزغا ئايالۇلار ۋەكىلى ئىدى. بىز ئىشلىرىمىز بولسا دىلبەر ئارقىلىق زاۋۇت رەھبەرلىرىگە دەيتتۇق. ئۇ بىزنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىمىز ئۈچۈن بەك باش قاتۇراتتى. بىز بىلمەيدىغان ئىشلارنى ئېسىمىزگە سېلىپ، سېختىن بىزگە مۇكاپات ئېلىپ بېرەتتى. بىز ھەممىمىز دىلبەرنى ياخشى كۆرەتتۇق. خۇدايىم بىزنى دىلبەردىن ئايرىمىسۇن دەپ دۇئا قىلاتتۇق. مانا ھازىرچۇ؟ دىلبەر ئەمەس، ئىش ئورنىمىزدىنمۇ ئايرىلىپ قالدۇق. يەنە ئوخشاش ياشاۋاتىمىز. مەن ئەتە ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن. قىزلىرىڭىزنىڭ خىراجىتىنى ۋاقتىدا ئەۋەتىپ بېرەرسىز. ياق ئەۋەتىپ بەرمەيمەن دېسىڭىز دادام ياردەم قىلىدۇ. ئىشقىلىپ، بۇ جاھاندا ھەرقانداق قىيىنچىلىق بىر كۈنى تۈگەيدىكەن. مەن ئەمدىن ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن. بەش كۈنگىچە ئويلىشىڭ، ئەگەر بەش كۈندىن كېيىن خېتىمنى بەرمىسىڭىز مەن سوتقا ئەرز سۇنىمەن، — دېدى گۈلبوستان.
— سەن! ... سەن... زادى نېمە قىلماقچى؟ قانداق مەقسەتكە يەتمەكچى؟ — دېدى تاي ۋارقىراپ.
— بۇ زاۋۇت ئەمەس، تاي. ماڭا ۋارقىرىسىڭىز بولمايدۇ،— دېدى گۈلبوستان ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ.
— ئەمىسە قورسىقىڭدىكى گەپنى قىلە!

— ئاجرىشمەن دېدىمغۇ!
— مەن نېمە قىلدىم ساڭا؟
— بۇ سوئالنى ئۆزىڭىزدىن سوراڭ.
— ساراڭ بوپسەن سەن، — دېدى تاي ۋارقىراپ.
— ھېلىمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىدىم، تاي. ئەمدى چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى...
تاي گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى. گۈلبوستاننىڭ ئاجرىشىمەن دېگەن گېپى ئۇنى خېلى چۆچۈتتى. ئۇ ئايالىنىڭ مىجەزىنى بىلەتتى. گۈلبوستان قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلاتتى.
— سەن خاتىرجەم بول، خوتۇن. بۇنىڭدىن كېيىن مەن سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايمەن. ئاجرىشىمەن دېگەن گەپنى قىلما، سەت بولىدۇ! — دېدى تاي ئايالىغا قاراپ.
— ئاجراشقىنىم ئاجراشقان. ئەتە ئاپامنىڭ قېشىغا كېتىمەن. سەت بولسا بولمامدۇ. نېمە ئامالىم بار. بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىمامدىم! — دېدى گۈلبوستان.
تاي ئايالىنى گەپكە كىرگۈزەلمىدى. كەچتە گۈلبوستان باشقا بىر ئۆيگە كىرىپ يېتىۋالدى. تاي ئايالىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىۋالدى. ئۇ ئايالىغا چاپلىشىپ يېتىپ بارلىق ھۈنەرلىرى بىلەن ئۇنى يۇمشاتماقچى بولدى. لېكىن گۈلبوستان ئۇنىڭغا گەپ قىلماي تۇرۇۋالدى، نىيىتىدىن يانمىدى. ئامالسىز قالغان تاي ئاخىرقى ھۈنىرىنى چىقىرىپ گۈلبوستاننىڭ رۇباشكىسىنى قايرىشقا باشلىدى. ئۇ بەدەن سۆزى ئارقىلىق گۈلبوستاننى ئېرىتمەكچى بولدى. لېكىن ئۇنىڭ بۇ ھۈنىرىمۇ ئاقمىدى. گۈلبوستان ئۇنىڭ قولىنى سىلكىۋەتتى.
— ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىڭىزغا چىقىپ يېتىڭ، تاي. ئەمدى مېنى دەپسەندە قىلماڭ. گۈللۈك ئىشتان كۆرگىڭىز كەلگەن بولسا، بازارغا چىقىپ بىر ئايلىنىپ كېلىڭ. مۇشۇ كۈنلەردە سىزگە ھېچ نەرسە كەم ئەمەس، — دېدى گۈلبوستان.

— مېنى بىرى ساڭا چېقىپتۇ - دە! — دېدى تاي.
— بىرى ئەمەس مىڭى! — دېدى گۈلبوستان.
— ئۇنداق قىلما، گۈلبوستان، قىزلىرىڭنىڭ يۈزىنى قىل، كەلگۈلۈك بالىلارغا كېلىدۇ! — دېدى تاي.
— سىزنىڭ قىزلىرىڭىز بارمۇ!
— تەتۈرلۈك قىلما، ماڭا ئىشەن!
— ئورنىڭىزغا چىقىپ يېتىڭ، تاي. بولمىسا ھازىرلا ئورنۇمدىن تۇرۇپ ئاپامنىڭ ئۆيىگە كېتىمەن، — دېدى گۈلبوستان.
تاي گەپ قىلماي جىم يېتىۋالدى. گۈلبوستان ئورنىدىن تۇرۇپ كۆڭلىكىنى قولىغا ئالدى. تاي چاققانلىق قىلىپ ئۇنىڭ قولىدىن كۆڭلىكىنى ئېلىۋالدى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆڭلىكىنى كارىۋاتقا ئارتىپ قويۇپ ئامالسىز ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چىقىپ كەتتى.
تاينىڭ بىر كېچە ئۇيقۇسى كەلمىدى. ئۇ ئايالىنىڭ مۇشۇنداق قىلىدىغانلىقىنى ھەرگىزمۇ ئويلىمىغانىدى. چۈنكى ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى. ئۇ ئايالىغا ئالداش ھىيلىسىنى قوللانغاچقا، گۈلبوستان ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپ كەلگەنىدى، بولۇپمۇ ئۇ ئىش ئورنىدىن قالغاندىن كېيىن ئىقتىسادىي جەھەتتە پۈتۈنلەي تاينىڭ قولىغا قاراپ قالغانىدى. مۇشۇنداق ئاچچىق ئەمەلىيەت ئۇنىڭ ئەركىنلىكىنى يەپ بولاي دەپ قالغانىدى. يىللار ئۆتتى، ئاخىرقى ھېسابتا گۈلبوستاننىڭ ئىچىدىكى دەردلەر ئېغىز ئېلىشقا باشلىدى.
ئەتىسى ئەتىگەندە تاي كۆزىنى ئېچىپ بولغۇچە گۈلبوستان كىيىملىرىنى ئېلىپ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ بولغانىدى.
تاي چايخانىغا كىرىپ ئولتۇرۇپ غەمگە چۈشتى. «ئويۇندىن قويۇن چىقتى دېگەن مۇشۇ مانا» دېدى ئۇ ئۆز - ئۆزىگە سۆزلەپ.
تاي ناشتىمۇ قىلماي ئۆيدىن چىقتى. ئۇ زاۋۇتقا كېلىپ،

ئىشخانىسىغا كىرىپ قولىغا تېلېفوننىڭ تۇرۇپكىسىنى ئالدى. ئۇ ئوسمانغا تېلېفون بەردى. ئوسمانغا بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئېيتتى. ئوسمان ئۇنىڭ ئىشخانىسىغا يېتىپ كەلدى.

— سەت بوپتۇ، ئاداش. دۈشمەنلىرىمىز ئويۇنىمىزنى كۆرىدىغان بولدى ـ دە، پەيلى بەك يامانما؟

— شۇنى دېمەمسەن. قېرىغاندا نايناقشىپ كېتىۋاتقىنىنى دەيمەن ـ دە.

«توختا، مۇشۇ گۈينىڭمۇ تومۇرىنى تۇتۇپ باقاي جۇمۇ» دېدى ئوسمان ئىچىدە. ئۇ تايغا جىددىي قارىدى:

— قويۇۋەتسەڭ قويۇۋېتە، ئاداش، بولمىسا ئالىي مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ كەلگەن ياش قىزلاردىن بىرنى ئالمامسەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە ھازىر كىچىك قىزلار بىزدەك قېرىلارغا ئامراق بولۇپ قالدى. خەقلەرمۇ ئۈچ ـ تۆت خوتۇن ئالىدىكەنغۇ، سەنمۇ شۇ قاتاردا كۆڭۈلنى خۇش ئېتىپ يۈرمەمسەن! — دېدى.

تاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئوسمانغا قارىدى.

ئوسمان چاندۇرماي جىم تۇرۇۋالدى.

— ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ، ئاداش. ئەمدى نايناقشىيدىغان پۇل يوق، — دېدى تاي.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش. پۇل مەندە بار. تۆت لوبەننى يىغىۋېلىپ ياقىسىدىن تۇتۇپ تۆت قېتىم سىلكىسەم بىر خوتۇن ئەمەس، تۆت خوتۇننىڭ تويىغا يېتىدىغان پۇل چۈشىدۇ. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن بىرەر قېتىم ئۆزۈڭنىڭ پۇلىغا ئۆيلىنىپ باقمامسەن. تەس ئىش ئەمەس بۇ. خوتۇن دېگەندىن ئۈچ ـ تۆتنى ئېلىپ بېقىش كېرەك، ئاداش. شۇنىڭ ئىچىدە بىرەرى شەرەت بىلىدىغان چىقىپ قالىدۇ.

— ماۋۇ گېپىڭ بولىدۇ، ئاداش.

— ئويلىنىپ باق.

— ئۆتكەندە بىرىدىن ئەللىك ياشقىچە دادىسى ئېلىپ بەرگەن

خوتۇن بىلەن ئۆي تۇتۇۋاتقانلارنى تۇتىدىكەن دەپ ئاڭلىغانتىم. ئاشۇ گەپ راستمىدۇ، ئاداش!

— ئاشۇنداق گەپ بار، ساقچىدا ئىشلەيدىغان ھېلىقى قۇدرەت كالتەكنى بىلىسەن، ئۇ ئاداش بىلەن تۆت كۈننىڭ ئالدىدا چوكان بازىرىدا بىر ئاشخانىدا ئولتۇرۇپ قالغانىدۇق، شۇ ئاداشمۇ مۇشۇنداق دەيدۇ قارا، — دېدى ئوسمان.

تاي كۈلۈپ كەتتى.

— چاقچاقنى ئاز قىلايلى، ئاداش، ئەتە ئايالىڭنى ئەۋەتىپ باقمامسەن، — دېدى تاي.

— ئەمىسە مۇنىرە ئەتە كەچتە بارسۇن، — دېدى ئوسمان.

ئوسماننىڭ ئايالى مۇنىرە ئەتىسى كەچتە گۈلبوستان بىلەن كۆرۈشتى. گۈلبوستان ناھايىتى روھلۇق ئىدى. ئۇ مۇنىرەنى كۆرۈپ، ئۇنىڭ نېمە ئىش ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

— ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، ئاداش، مۇشۇ كۈندە ئەرلەرنىڭ ھەممىسىنى دېسەم بولمايدۇ، ئەمما قورسىقى تويۇپ بولغان ساراڭلارنىڭ ھەممىسى مۇشۇنداق بولۇپ كەتتى. نېمە دەيمىز، ئاداش، ئەمدى، مەن بىلىمەن، ئوسمانمۇ جىم يۈرمەيدۇ. ئۇ تۈلكىنىڭ ئويۇننى مەن ياخشى بىلىمەن. بەزىدە پايپىقى يوق كېلىدۇ ئۇ تۈلكە، بەزىدە يېرىم كېچىدە كالتە ئىشتىنىنى يوقىتىپ قويۇپ كېلىدۇ، كېسەل يۇقتۇرۇۋالامدىكىن دەپ بەك ئەنسىرەيمەن. ھازىر بۇزۇقلاردا كېسەل بەك جىق دەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن بىرنەچچە قېتىم سوقۇشتۇم، لېكىن گېپىمنى يېگۈزەلمىدىم. قانداق قىلىمىز. ئاداش، خۇدايىمدىن تىلەۋاتىمەن قارا، — دېدى مۇنىرە.

— مېنىڭ چىدىغۇچىلىكىم قالمىدى، ئاداش، مەن بىر كۈنمۇ چىدىيالمايمەن ئەمدى، ئاجراشقىنىم ئاجراشقان. ئىككى قىزىغا ئۆزى ئىگە بولسۇن. باش بېكەتكە چىقىپ چاي ساتىمەن،

ئۆزۈمنىڭ جېنىنى ئۆزۈم باقىمەن، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، تاي كىچىك ئادەم ئەمەس، يەنىلا سىرتقا چاندۇرمىغان ياخشى. ئوقۇشلىپ قالار. ئاجراشساڭ زىيان ساڭا بولىدۇ شۇ! — دېدى مۇنىرە.

— گەپ پايدا - زىياندا ئەمەس، ئاداش. مەن بەك خارلىنىپ كەتتىم.

— ئوسمانغا دەۋاتىمەن، ئاداش، بىر ۋاخ بولسىمۇ نامازنى باشلىۋېلىڭ دەۋاتىمەن، ئەگەر ئۇلار بىرەر ۋاخ نامازنى باشلىۋالسا، ئۆزىنى تارتىپ قالاتتى، — دېدى مۇنىرە.

— ھەيتاڭ، ئېشەك دېگەن مىڭنى قىلساڭ ئۇ يەنە ئېشەك.

— گەپ دېگەن گەپ، تۇرمۇش دېگەن تۇرمۇش، مۇشۇنچىلىك پۇپوزا قىلىپ قويساڭ بولدى. بىر مەزگىل ئۆيۈڭنى تۇتۇپ باقمامسەن، توۋا قىلىپ قالار، — دېدى مۇنىرە گۈلبوستانغا قاراپ.

— تاي يانمايدۇ، ئاداش، مەن ئاجراشقىنىم ئاجراشقان، — دېدى گۈلبوستان.

مۇنىرە شۇنچە سۆزلەپمۇ ئۇنى قايىل قىلالمىدى. ئوسمان تايغا ھېچقانداق مەسلىھەت بېرەلمىدى. ئاخىرقى ھېسابتا تاي قېيىنانىسىغا قەلبىنى چۈشەندۈرۈشكە مەجبۇر بولدى. گۈلبوستاننىڭ ئاپىسى قىزىغا سۆزلەپ، مەھەللىدىكى ئاياللار بىلەن ئۇنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويماقچى بولدى. لېكىن گۈلبوستان يەنىلا جاھىللىق قىلىپ تۇرۇۋالدى. ۋاقىت ئۆتىۋەردى. گۈلبوستاننى ھېچكىم قايىل قىلالمىدى. تاي ئۇنىڭ بىلەن كۆپ قېتىم ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. لېكىن گۈلبوستان نىيىتىدىن يانمىدى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ تاينى قورقۇتتى، «ئەگەر چىرايلىقچە خېتىمنى بېرىۋەتمىسىڭىز سوتقا ئەرز سۇنىمەن» دېدى. نەتىجىدە ئۇنى ئاجرىشىشقا مەجبۇر قىلدى.

ئاخىرقى ھېسابتا ئۇلار ئاجرىشىپ كەتتى. تاي قورۇ - جايىنى گۈلبوستانغا قالدۇرۇپ، ئۆزى بىنادىن بىر يۇرۇش ئۆي ئېلىپ چىقىپ كەتتى.

ئۇلارنىڭ ئاجراشقان خەۋىرى تونۇش - بىلىشلەر ئىچىدە تېز تارقالدى. بەزىلەر ئۇلارنىڭ ئاجراشقانلىقىدىن شادلاندى، بەزىلەر ئۇلار ئۈچۈن قايغۇرۇپ ئېچىندى. تاي ھەر ئايدا قېيناتىسى ئارقىلىق گۈلبوستاننىڭ خىراجىتىنى يەتكۈزۈپ بېرىپ تۇردى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ ئۆتۈشى بىلەن تاي گۈلبوستاننى ھەقىقىي چۈشەندى.

— ئەمدى يولۇڭ ئېچىلدى، ئاداش، بېلى بىر غېرىچ كېلىدىغان قىزدىن بىرنى تاپاي، بويىنىنى قايرىپ توي قىلدۇرال، — دېدى ئوسمان تاينىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ئەمدى نەچچە زاماندىن بېرى ئوينىغان ئويۇننى كۆشەيدىغان بولدۇق، ئاداش، — دېدى تاي.

— خاتىرجەم بول، ئاداش. بىر يىلغا قالماي يارىشىۋالىسەن. ئۆزۈڭنىڭ خوتۇنى قارا، ئۇنىڭ شارىكىنىڭ قاياقا پىرقىرايدىغانلىقىنى بىلىسەن ئەمەسمۇ! — دېدى ئوسمان.

— ھەيتاڭ...

# ئون بەشىنچى باب

# تۇرسۇن كېلىنىگە دۇكان ئېچىپ بەردى

تۇرسۇن ئوغلى تايىنىڭ ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن خەۋىرىنى بىر ھەپتىدىن كېيىن ئاڭلىدى. ئۇ، مەن بۇ ئىشتىن ۋاقتىدا خەۋەر تاپماپتىمەن دەپ ئايالىغا خاپا بولدى.

— بۇ ئىشنى ماڭا نېمە ئۈچۈن ۋاقتىدا خەۋەر قىلمىدىڭلار؟ — دېدى ئۇ تېرىكىپ.

— بالىلىرىڭىزدىن سورىمامسىز! — دېدى ھاۋاخان.

— ئۇ دۆيۈزلەر ھازىر مەندىن قېچىپ قالدى.

— مۇشۇمۇ گەپمۇ، بالا دېگەن دادىدىنمۇ قاچامدۇ! ھەممىسى ئۆزلىرىنىڭ ئىشلىرى بىلەن ئالدىراش يۈرۈۋاتىدىغۇ.

— مىڭ ئالدىراش بولسىمۇ مۇشۇنداق بىر چوڭ ئىشنى ماڭا ۋاقتىدا خەۋەر قىلىشقا بولمامدۇ؟! ھەممىسى خوتۇنلىرىغا سېتىلىپ كەتتى ئۇ بىغەرەزلەر! — دېدى تۇرسۇن.

— خوتۇنلىرىغا سېتىلغىنى ياخشى. تايغا ئوخشاش تالادىكى بۇزۇقلارغا سېتىلسا بولاتتىمۇ ئەمسە! — دېدى ھاۋاخان.

— ھەي، يەنىلا گۆدەك ـ دە، خوتۇننى تۇتۇپ تۇرۇشنى بىلمەيدۇ ـ دە! ھە، شۇنىڭ بىلەن كېلىنىڭ ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە كېتىپتۇما؟ — دېدى تۇرسۇن.

— بالىڭىز قورۇ ـ جاينى بېرىپتۇ. ئۆزى بىنادىن ئۆي ئېلىپ ئولتۇرۇپتۇدەك.

— ئۇنىڭ مۇشۇ ئىشى بوپتۇ. مۇنداق ئەمەسمۇ، يەنىلا مېنىڭ بالام - دە! ئاستا - ئاستا يارىشىۋالىدۇ. مەن شەھەرگە بىر كىرىپ چىقمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ! — دېدى تۇرسۇن.

— كىرىپ چىقىڭ، ئۇ ئوغلىڭىز ھەرقاچان دادام قاچان كېلىپ خوتۇن ئېلىپ بېرەركىن دەپ ئولتۇرىدىغاندۇ! — دېدى ھاۋاخان كىنايە قىلىپ.

— ئېغىر بويۇمنى يېنىك قىلىپ شەھەرگە كىرىپ چىقمىسام بولماپتۇ، گۈلبوستان ئۆيدە بىكار ئولتۇرسا بولمايدۇ، سالامەتلىكى ياخشى بولغاندىن كېيىن بازاردا ئوقەت قىلغىنى ياخشى. ئەمدى ئۇنىڭغا بىر دۇكان ئېچىپ بېرەي، — دېدى تۇرسۇن.

— دۇكاننىڭ ھۆددىسىدىن چىقالارمۇ؟ — دېدى ھاۋاخان.

— بەك جېنى بار قىز ئۇ، قىلىپ كېتىدۇ، ياخشى يەردىن بىر دۇكان ئېلىپ مال سېلىپ بېرەي ئۇ بىچارىگە!

— شۇنداق قىلىڭ، پەپىلىگەندىن كېيىن ئىككىسىنى تەڭ پەپىلەڭ!

ئەتىسى ئەتىگەندە، تۇرسۇن ئاپتوبۇسقا چۈشۈپ شەھەرگە كىردى. ئۇ تايغا ئېچىپ بەرگەن ئاشخانىغا كىرىپ، ئالدىرىماي ئولتۇرۇپ چاي ئىچتى. يېرىم سائەتكە بارمىغان ۋاقىت ئىچىدە تاي دادىسىنىڭ ئالدىدا پەيدا بولدى.

— خۇداغا شۈكرى، بالام. ھە، ئولتۇر، ئۆزۈڭ ياخشىمۇ، بالام؟ — دېدى تۇرسۇن بالىسىنىڭ چىرايىغا قاراپ.

— ياخشى، دادا، ئاپام ياخشىمۇ؟

— ياخشى، بالام، ئاپاڭمۇ كىرىمەن دېگەن، پۇتى ئاغرىپ كىرەلمىدى. خوش مۇشۇ يەردە پاراڭلىشىۋېرەيلى، بالام، گەپنى نەدىن باشلايمىز؟ ھە، گەپ قىلە!

— ئىشلار ياخشى، دادا، ئازراق تاماق يەۋالامسەن؟ — دېدى

تاي گەپنى باشقا يەرگە ئېلىپ قېچىپ.

— بالام، تېخى ئالدىڭدا چاي ئىچىۋالدىم، يۇمشاق نان بار ئىكەن. قېرىنداندا يېنىكرەك تاماق بولمىسا بولمايدىكەن، — دېدى تۇرسۇن.

— شورپىغا ئۇگرە قىلىپ بەرسۇنمۇ ئەمىسە؟

— ئالدىرىما، هازىر ئەمەس، هە، ئاپاڭ گۇلبوستان ئاشخانىدا ئىشلەۋېتىپتۇ دەۋاتاتتى. ئۆزى كۆرۈنمەيدىغۇ؟ — دېدى تۇرسۇن مەقسەتلىك هالدا گۇلبوستاننىڭ ئىسمىنى چىقىرىپ.

«دادامغا نېمە دېسەم بولار؟ ئۇ هەممە ئىشنى بىلىپ بولغان گەپ، — دېدى تاي ئىچىدە، — راست گەپ قىلمىسام بولمايدىغان ئوخشايدۇ.»

— گۇلبوستان ئاپىسىنىڭ ئۆيىگە يامانلاپ كەتتى، دادا.

— نېمە؟ يامانلاپ كەتتى؟ سوقۇشۇپ قالدىڭلارمۇ؟

— ياق.

— ئەمىسە قانداق گەپ بۇ؟

— ئاڭلىغانسەن.

— مەن گەپ ئاڭلىمىدىم، نېمە بولدى؟ دەره!

تاي بولغان ئىشلارنى قىسقىچە دادىسىغا چۈشەندۈردى.

— هە، مۇنداق دە. مۇنداق ئىشلارمۇ بولۇپ كېتىپتۇ ـ دە، بالام، — دېدى تۇرسۇن، — سەن بىر ئەركەك تۇرساڭ، بىر خوتۇنىمۇ تۇتۇپ تۇرالماي ئاجرىشىمەن دېسە قويۇۋەتتىڭما؟

— سەن بىلمەيسەن، دادا، گۇلبوستاننىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى، — دېدى تاي دادىسىغا قاراپ.

— ئوغۇل بالا، ناۋاتتەك گەپ قىلدىڭ، بالام. بارچە ئويۇننى سەن ئوينىساڭ، خوتۇنۇڭنىڭ مىجەزى ئۆزگەرمەمدۇ؟ مۇشۇمۇ گەپ بولدىمۇ؟! — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ.

— ساڭا قانداق چۈشەندۈرسەم بولار، دادا، سەن بىلمەيسەن، دادا، گۈلبوستان چىرايلىق ئاجراشسىڭىز ئاجراشتىڭىز، بولمىسا سوتقا ئەرز بېرىمەن دەپ تۇرۇۋالدى ئەمەسمۇ! ئەگەر ئۇ سوتقا ئەرز سۇنسا يۈزۈم تۆكۈلمەمدۇ مېنىڭ، — دېدى تاي.

— ھە، ئەسلىدە سەن يۈزۈڭنى ئايايسەن ـ دە! ھە، مۇنداقمۇ گەپ بار دە تېخى. شەھەر دېگەن ئالامەت يەر ئىكەن ـ دە، — دېدى تۇرسۇن كىنايە قىلىپ.

— گۈلبوستاننىڭ مىجەزى ئۆزگىرىپ كەتتى دېسەم مەندىن خاپا بولۇۋاتامسەن، دادا. كۈندە ئۆيدىن تالاغا چىقمايدۇ. ئۈنى ئويلايدۇ، ئوي ئويلايدۇ، ئۆزى ئۆزىگە سۆزلەپ كېتىدۇ، باغدا بۇلبۇللار سايرىسىمۇ تېرىكىدۇ! — دېدى تاي سەل جانلىنىپ.

— ئۇ بىچارە كېچە ـ كۈندۈز خىزمىتىڭنى قىلىپ ھېلىمۇ ساراڭ بولۇپ قالمىدى، بالام. دۇكان ئاچىمەن دېسە ئۇنىمىساڭ، ئۇنى ئۆيدىن تالاغا چىقارمىساڭ، ئۇ ئۆيدە ئوي ئويلىماي تالاغا چىقىپ يۈگۈرۈپ ئوينامدۇ؟ ھەممە ئىشنى ئۆزۈڭ قىلىپ ئەمدى ئۇنىڭغا ئارتىپ قويساڭ بولامدۇ؟ ئەمدى نېمە دەيسەن؟ سەندىن باشقىمۇ نوچى ئادەم بارمىكەن؟ سەن ئۆزۈڭچە ھەممە ئىشنى ئۆزۈم بىلىمەن دەۋاتامسەن؟ مانا ئەمدى ئۇنىڭغا سەن ئېچىپ بەرمىگەن دۇكاننى ئۆزۈم ئېچىپ بېرىمەن، كىيىم ـ كېچەك ساتىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ بېرىمەن. گۈلبوستاننىڭ ھەقىقەتەن غۇرۇرى بار ئىكەن. يېشىڭ ئەللىككە كىرگەندىمۇ بىر خوتۇننى تۇتۇپ تۇرالمىساڭ قانداق ئوغۇل بالا سەن؟ «ئوينىساڭ تۇزۇك ئوينا، ھەر ئىشنىڭ يولى بىلەن» دېگەن گەپ بار. ھەممە ئىشنى رامىكىنىڭ ئىچىدە قىلمامسەن! سەن ئوينىغان ئويۇننى مەنمۇ ئوينىغان، لېكىن مەن ئاپاڭنى قاچۇرۇپ قويمىغان. خوتۇن خەق دېگەننىڭ ئىككى يۈرىكى بولىدۇ. بىرى يىغلىسا، بىرى كۈلىدۇ.

شۇڭا سەن ئۇنىڭ يىغلايدىغان يۈرىكىنى سىلاشنى بىلىشىڭ كېرەك. بولمىسا ئۆزۈڭگە ئىش تېپىۋالىسەن. بۈگۈن مېنى سۆزلىتىپ قويىدىغان بولدۇڭ، بالام، ئەسلىدە مەن ساڭا بۇنداق گەپلەرنى قىلمىسام بولاتتى. سەن كىم؟ سەن ئۆزۈڭنى بىلمەمسەن، بالام؟ سەن بىر داڭگال، داڭگالنى بىلەمسەن؟ داڭگال دېگەن توپا. توپا دېگەن ئەڭ ئۇلۇغ نەرسە. تېرىساڭ ئاشلىق چىقىدۇ، لاي ئەتسەڭ ئۆي سالغىلى بولىدۇ. سەن مۇشۇنداق ئۇلۇغ ئادەمنىڭ بالىسى، سەن شەھەرگە كىردىڭ، شەھەردە ئىشلىدىڭ، شەھەردە يول تاپتىڭ. بىلسەڭ، خۇدايىم سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ سىناۋاتىدۇ. سېنى ئەسلىنى ئۇنتۇمدۇ، ئۇنتۇمامدۇ دەپ سىناۋاتىدۇ. مەن سەندىن پەخىرلىنەتتىم، بالام. ھەر ھالدا بۇ بالام پىشىپ يېتىلدى دەپ خۇشال بولاتتىم. ئەمەلىيەتتە مانا ئىش ئۇنداق بولمىدى. سەن تېخى ئەر ـ ئاياللار ئۇنتۇرىسىدىكى ئىشلارنى تازا بىلىپ كەتمەيدىكەنسەن. خەقلەر ئاياللارنىڭ كۆڭلى تەس دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئەرلەرنىڭ كۆڭلى تەس. چۈنكى ئۇلارنىڭ ئاغزى تويسا قورسىقى تويمايدۇ. تالانىڭ ئاياللىرى دېگەن بىر ئىللىق شامال. شامالنى كۆرگەن ئادەمنىڭ ھەممىسى لەگلەك ئۇچۇرتقۇسى كېلىدۇ. لېكىن بۇنداق شامالنىڭ ھاياتى ئۇزۇن بولمايدۇ. ئۇلار ھامان يەنە بىر ماكانىنىڭ ئادەملىرىنى ئازدۇرۇش ئۈچۈن ئالدىرايدۇ. ئۇلار ئاسماندىن چۈشىدىغان يامغۇر بىلەن قاردىن قورقىدۇ. بىر ئەرنىڭمۇ قورقىدىغان نەرسىسى بولۇشى كېرەك. ئەگەر ئۇ ھېچ نەرسىدىن قورقمىسا، ئۇ ئائىلىسىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ. ماكانىغا ئىگە بولالمايدۇ. سەن يەنە شۇنى بىلىشىڭ كېرەك، بالام، ئەر يىغلىغاندا ئاخىرى ئۇنىڭ يېشىنى ئائىلە ئېرتىدۇ. مانا بۇ ئوغۇل بالا ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم. سەن مېنىڭ بۇ گېپىمنى مەڭگۇ ئۇنتۇما، بالام.

تاي دادىسىنىڭ بۇ گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ھەقىقىي تەسىرلەندى، بىردىنلا ئۇنىڭ بېشى ساڭگىلاپ كەتتى.

ئەتىسى سەھەردە تۇرسۇن قۇدىسىنىڭ ئۆيىگە بېرىپ گۇلبوستان بىلەن كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇ قۇدىسى لېتىپ بىلەن سۆزلەشتى.

— بالا ئەمەسمۇ، تۇرسۇنكا، تۆت كۇندە ئەپلىشىپ قالىدۇ. ئاپىسى جىق گەپ قىلدى، جاھىللىق قىلىپ كېتىۋاتىدۇ. ئايدەك ئىككى قىزى تۇرسا، نەگە بارىدۇ. مەن تۇنۇگۇن تېخى ئاپىسىغا دەۋاتاتتىم. قىزىڭغا گەپ قىل، بەك ھەددىدىن ئېشىپ كەتمىسۇن، تايىنىڭ نەرى يامان...

— قىزىمىزدا گۇناھ يوق، قۇدام. ھەممە گۇناھ تايدا. ئەگەر تاي ئۇنى خاپا قىلمىغان بولسا، گۇلبوستان ھەرگىز قايتىپ كەلمەيتتى. مەن بۇ ئىشتىن كېچىكىپ خەۋەر تېپىپتىمەن. ئادەم قېرىغاندا قۇلىقىمۇ ئېغىرلىشىپ قالىدىكەن. ئەگەر مەن بۇ ئىشنى ۋاقتىدا بىلگەن بولسام تايىنىڭ پۇتىنى چېقىۋېتەتتىم.

— بىزنىڭ قىزىمىزدىمۇ بار، تۇرسۇنكا. قىزىمىزنىڭ مىجەزىنى بىز ياخشى بىلىمىز. خۇدايىم بۇيرۇسا سىز دېگەندەك يارىشىپ قالار، — دېدى لېتىپ.

— ئۇلارنى پاراڭلاشتۇرۇپ قويمىساق بولمايدۇ، خاتىرجەم بولۇڭ، قۇدام. بۇ ئىشقا ئۆزۈم ئىگە بولىمەن... ئەمدى مەقسەتكە كەلسەك، مەن مۇنداق بىر ئىشنى سىزگە مەسلىھەت سالماقچى. گۇلبوستانغا كىيىم - كېچەك ساتىدىغان بىر دۇكان ئېچىپ بەرسەم دەيدىغان ئويۇم بار.

— بۇ تولىمۇ ياخشى گەپ ئىكەن، تۇرسۇنكا. ئۆيدە ئولتۇرۇۋەرسە زېرىكىپ كېتىدۇ، بازاردا ئوقەت قىلسا ھەرقايسى

جەھەتتىن ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى لېتىپ.

— سىز بۇ ئىشنى قىزىمىزغا بىر مەسلىھەت سېلىپ بېقىڭ. ئەگەر ئۇ توغرا تاپسا مەن بازاردىن دۇكان ئۇقۇشۇپ ئۇنىڭغا مال سېلىپ بېرەي! — دېدى تۇرسۇن.

— ماقۇل، تۇرسۇنكا، — دېدى لېتىپ.

تۇرسۇننىڭ بۇ ئويى قۇدىسى بىلەن كېلىنىگە بەكمۇ خۇشياقتى. تۇرسۇن تايىنى ئىشقا سېلىپ يىگىرمە كۈن ئىچىدە گۈلبوستانغا بىر دۇكان ئېچىپ بەردى. تۇرسۇن مۇشۇ ئۇسۇلى ئارقىلىق گۈلبوستاننى تايغا يېقىنلاشتۇرماقچى بولدى.

## ئون ئالتىنچى باب

# غوپۇر ئۆكىسدىن رەنجىدى

غوپۇر سەھرادا يەرلىرىگە قوناق تېرىپ، قوناق بىلەن مال بورداپتتى. ئۇنى دادىسى مۇشۇ يولغا باشلىغانىدى. غوپۇر ئون يىل ئىچىدە تىرىشىپ يۇرۇپ مال بورداپ تۆت - بەش تەڭگىلىك بولۇپ قالغانىدى. لېكىن ئۇ بۇ يىل ئاغىنىسى قۇتلۇقنىڭ گۇاڭجۇدىن قايتىپ كېلىپ ئۇنىڭغا دەپ بەرگەن ئىشلىرىنى ئاڭلاپ ئولتۇرالماي قالدى. چۈنكى ئۇنىڭ مال بېقىپ ئون يىل ئىچىدە تاپقان پۇلى قۇتلۇقنىڭ گۇاڭجۇدىن سودا قىلىپ ئون كۈن ئىچىدە تاپقان پۇلىنىڭ يېرىمىغىمۇ تەڭ كەلمەيتتى. ئۇ بېلىنى باغلاپ قۇتلۇق بىلەن گۇاڭجۇغا ئاتلانماقچى بولدى. دادىسى ئۇنى قوللىدى: «ئوغۇل بالا دېگەن ئۇرۇنۇپ بېقىش كېرەك، ھەرقانداق بازارغا كىرىپ بېقىش كېرەك» دېدى. قۇتلۇق ئۇنىڭ تەييارلىقىنى ئاڭلاپ بولغاندىن كېيىن ئۇنىڭغا دەسمايەڭنى كۆپەيتمىسەڭ بولمايدۇ، دەپ مەسلىھەت بەردى.

— بۇ دەسمايە بىلەن گۇاڭجۇغا كىرسەڭ ئاۋارە بولۇپ قالىسەن، ئاداش. ئۇ دېگەن چوڭ بازار، پۇلنى پۇل تاپىدۇ دېگەن گەپ بار. ئەڭ بولمىغاندا يەنە يۈز مىڭ سوم تاپمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى قۇتلۇق.

قۇتلۇقنىڭ بۇ مەسلىھەتى غوپۇرنىڭ بېشىنى قاتۇردى. ئۇ دادىسىدىن ئالىدىغان پۇلنى ئېلىپ بولغانىدى، ئەمدى يەنە دادىسىغا چىش يېرىپ بىرنېمە دېمەك تەس ئىدى.

— يۈز مىڭ سوم پۇلنى نەدىن تاپىمەن، ئاداش، ئەمدى، — دېدى غوپۇر ئاغىنىسىغا قاراپ.

— شەھەرگە كىرىپ باق، ئىنىڭ تايغا بىرنېمە دەپ باقامسەن؟ — دېدى قۇتلۇق.

— تاي مېنىڭ گېپىمنى يەرما؟

— ئۆزۈڭنىڭ ئىنىسى. گېپىڭنى يېگۈزمەمسەن، بولمىسا مۇنداق دە، سەندىمۇ پۇل يوق، ئۇكام، بىرىدىن يۈز مىڭ سوم ئېلىپ بېرىپ تۇر. مەن ئۆسۈمى بىلەن قوشۇپ بېرىمەن دە. شۇنداق دېسەڭ قىزىقىدۇ. شەھەرلىكلەر پۇلغا ئامراق بولىدۇ قارا، ئۆسۈمنىڭ گېپىنى قىلساڭ ماقۇل دەيدۇ، — دېدى قۇتلۇق.

غوپۇر قۇتلۇقنىڭ بۇ گېپىگە قايىل بولۇپ قالدى. ئۇ ئەتىسى سەھەر تۇرۇپ ناشتا قىلىپ شەھەرگە قاراپ يولغا چىقتى. ئۇ تايىنىڭ ئاشخانىسىغا كىرىپ، تايغا تېلېفون بەردى. بۇ تېلېفون تايغا خۇشياقمىدى. ئۇ تېلېفوندا: «مىڭ جىددىي ئىشىڭ بولسىمۇ چۈشتە كۆرۈشەيلى، مەن چۈشتە ئاشخانىغا بارىمەن» دېدى. ئۇنىڭ تەلەپپۇزى بەكمۇ قوپال ئىدى. غوپۇر ئۈمىد يوق ئوخشايدۇ دېگەن ئويغا كېلىپ قالدى. «كېتەيمۇيا؟ ياق، كەلگەن بولغاندىن كېيىن ئېغىز ئېچىپ باقاي» دېدى غوپۇر ئىچىدە.

ئۇ چۈشكىچە بازار ئايلاندى. چۈشتە بازاردىن ئاشخانىغا قايتىپ كەلدى. تاي ئۇنىڭ ئالدىدا ئاشخانىغا كىرىپ تۇراتتى. ئۇ غوپۇرغا خاپا بولدى.

— مۇھىم گېپىم بار دەۋاتاتتىڭ، مېنى بۇ يەرگە چاقىرىپ قويۇپ ئۆزۈڭ بازاردا يۈرۈپسەنغۇ! بىر سائەت بولدى مەن كەلگىلى، — دېدى تاي چىرايىنى ئاچماي.

— قۇتلۇق گۇاڭجۇدىن قايتىپ كەپتىكەن، تىنىپ كېتىپتۇ. بىللە كىرىپ ئوقەت قىلاي دېگەن، ئازراق پۇلۇم كەملەپ قالغان.

— ھە، نېمە قىلىپ بېرىمەن!؟

— بىرەرىدىن يۈز مىڭ سوم قەرز ئېلىپ بېرىپ تۇرغان بولساڭ.

— يۈز مىڭ سوم؟ ئازراق پۇلۇم كەملەپ قالدى دەۋاتاتتىڭ، يۈز مىڭ سوم دەيسەنغۇ؟ سېنىڭ ئازراق دېگەن پۇلۇڭ يۈز مىڭ سوم بولىدىكىنا؟ مەن كىمدىن تېپىپ بېرىمەن ساڭا؟ مېنىڭ يۈز مىڭ سوم پۇلى بار ئاغىنەم يوق!

— ئۆزۈڭ باشلىق بولغاندىن كېيىن بىر ئامال قىلمامسەن ئەمدى، ئۇكام! — دېدى غوپۇر قىزىرىپ.

— مەن نەدىن ئامال قىلىمەن. مەن باشلىق بولغان زاۋۇت داداڭنىڭ زاۋۇتى ئەمەس يا ئۆگەي ئاپامنىڭ ئاكىسى بانكىدا ئىشلىمەيدۇ مېنىڭ. سەن ئۆزۈڭچە ئۇكامنىڭ پۇلى بار دەپ يۈرسەن ـ هە! ئاكا، شەھەر ماۋۇ، ئېرىقتا بىكارغا ئاقىدىغان سۇنى ئىچكىلى بولمايدىغان يەر بۇ. تۇرۇۋېدىن بىر چىنە سۇ ئالساقمۇ سائىتى پىرقىراپ تۇرىدۇ، ئاشۇنىڭ ھەممىسى پۇل. مۇشۇنداق گەپ. مېنى ئاۋارە قىلما، كىچىك بارغۇ سېنىڭ، بانكىنىڭ ئالدىدا تۇرساڭ يوغان سومكىلىرىنى كۆتۈرۈپ مايماق دەسسەپ بانكىدىن چىقىدىغان خوتۇنلارنى كۆرسەن. بىلگە ئىككىنى تەپسەڭ قولىدىكى سومكىسىنى بوينۇڭغا ئېسىپ قويىدۇ. پۇل دېگەن شۇ...

«باياملا كەتسەم بوپتىكەن ـ دە!» دېدى غوپۇر ئىچىدە.

— ماقۇل ئەمىسە، ئۇكام، مەن قايتاي، — دېدى غوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

— زوۋانىڭغا بىرنېمە يېدىڭمۇ؟ — دېدى تاي ۋارقىراپ.

ئۇنىڭ بۇ گېپى غوپۇرغا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقىپ كەتتى.

«بۆرنى بولمىسا پوق يەيدىغان گۆي، ‹يامانلىغان ئابدالنىڭ خورجۇنىغا زىيان›، دېگەن گەپ بار، نەگە بارساڭ بارمامسەن.

ئۆز ۋاقتىدا ماۋۇ مېنىڭ ئۇكام، ئاپاي دېمىدىڭغۇ» دېدى تاي ئىچىدە.

غوپۇر تاينىڭ ئاشخانىسىدىن چىقىپ تۆت كوچىغا كەلدى. ئۇنىڭ قورسىقى ئاچقانىدى. دوقمۇشتىكى سامسىپەز ھە دەپ خېرىدار چاقىرىۋاتاتتى. ئۇ سامسىخانىغا كىردى. ئۇ دېرىزىنىڭ قېشىدىكى جوزىغا كېلىپ ئولتۇردى. كۇتكۇچى بالا ئۇنىڭغا چاي قۇيۇپ بېرىپ، «قانچە سامسا يەيسىز، ئاكا؟» دېدى. غوپۇر بەش سامسا بۇيرۇتتى. ئۇ كۇتكۇچى بالا ئەكېلىپ بەرگەن سامسىدىن بىرنى ئاغزىغا سېلىپ تۇرۇشىغا ئۇنىڭ ئالدىغا بىر چوكان كېلىپ ئولتۇردى. چوكان بېشىنى كۆتۈرۈپ دېرىزىگە قارىدى. سامسا يەۋاتقان غوپۇر بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ ئالدىدا ئولتۇرغان چوكاننى كۆرۈپ لاپ قىلىپ ئېچىلىپ كەتتى.

— گۈلبوستان! — دېدى غوپۇر كۈلۈپ.

— ھە، غوپۇركامغۇ بۇ، توۋا دىققەت قىلماپتىمىنا! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ، — ھە، قاچان كىرگەنتىڭىز؟

— ئەتىگەن كىرگەن.

— ھە، دادام، ئاپاملارنىڭ ئەھۋالى ياخشىمۇ؟ ئاشخانىغا بارماپسىزغۇ؟

— ياخشى. چۈشكىچە كىرىپ چىقىمەن دەپ ئالدىراپلا كىرگەنتىم، — دېدى غوپۇر.

— بىر ئىشقا كىرگەنمىتىڭىز؟

— تاي بىلەن كۆرۈشەي دەپ كىرگەن.

— ھە راست، ئاڭلىشىمچە سىزنى گۇاڭجۇغا ماڭماقچى دەيدىغۇ؟ قاچان ماڭىسىز؟ — دېدى گۈلبوستان.

— قېنى ماۋۇ سامسىدىن ئالغاچ تۇرۇڭ، گۈلبوستان، — دېدى غوپۇر گۈلبوستاننى سامسىغا زورلاپ.

گۈلبوستان قولىغا بىر سامسا ئېلىپ ئاغزىغا سالدى. «تاي بىلەن كۆرۈشكەن ئىشنى دەيمۇ، دېمەيمۇ؟ دېسەم

دەي ـ ھە، مەن مۇشۇ قىزنى دەپ تايغا يامان بولغاندىن كېيىن، تاينىڭ بايامقى گەپلىرىنى دەۋېرەي» دېدى غوپۇر ئىچىدە.

— مەھەللىدە قۇتلۇق دەيدىغان بىر ئاغىنەم بار ئىدى. ئۇ ئۆتكەندە شەھەردىكى تۇغقانلىرىغا ھەمراھ بولۇپ گۇاڭجۇغا كەتكەن، يېقىندا قايتىپ كەپتۇ، ئۇياقتا ئۇقەت بەك ياخشى بولۇۋېتىپتۇ، ياخشى پۇل تېپىپ كەپتۇ، قارىسام مېنى قىزىقتۇرۇپ قويىدى. بارسام بارايچۇ دېگەن يەرگە كەلگەنىدىم. دادامنۇ قوشۇلدى. ئۆزۈمدە يۈز مىڭ سوم بار ئىدى. دادامدىن يۈز مىڭ سوم ئالدىم. يەنە يۈز مىڭ سوم كەملەپ تاينىڭ قېشىغا كىرگەن، ئۇمۇ ئامال قىلالمىدى.

گۈلبوستاننىڭ خىيالىغا ھېلىقى يىلى تىقىپ قويغان پۇل كەلدى. تاي بۇ پۇلنى بىرنەچچە قېتىم سورۇشتە قىلىپ زېرىككەنىدى. ئۇ پۇل تىقىپ قويغان يەردە شۇ پېتى بار ئىدى. «ئاشۇ پۇلنى بېرىپ تۇرايمۇ يا؟ كېيىن غوپۇر زىيان تارتىپ قالسا قانداق قىلىمەن؟ ئۇنداق يېرى بولسىمۇ مەيلى، بەربىر تاينىڭ بىر قورساق ئاكىسى ئەمەسمۇ» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— بانكىدىن قەرز ئالسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.

— شۇنداق قىلاي دېگەن. بىراق يېزىنىڭ بانكىسى بىزگە ئون مىڭ سومدىن جىق قەرز بەرمەيدىكەن، — دېدى غوپۇر.

— ھە، ئەمىسە بەك ئالدىراپ كەتمەڭ، غوپۇركا، مەن بىر ئامالىنى قىلىپ باقاي. مېنىڭ قېشىمدىكى دۇكاننى ئاچىدىغان قىزدىن سوراپ باقاي، بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، بۇرۇن بىزنىڭ تۇغقانلارنىڭ ياخشىلىقىنى كۆرگەنىكەن، — دېدى گۈلبوستان.

— سىزنى ئاۋارە قىلماي، گۈلبوستان. مەن باشقا بىر ئامال قىلىپ باقاي، — دېدى غوپۇر.

— مەن نېمىدەپ ئاۋارە بولىدىكەنمەن، غوپۇركا، سىزنىڭ

ئىشىڭىز مېنىڭ ئىشىم ئەمەسمۇ! سىز خاتىرجەم بولۇڭ، مەن سىزگە تېلېفون قىلىمەن! — دېدى گۈلبوستان.

گۈلبوستاننىڭ بۇ گېپى غوپۇرغا تازا خۇشياقتى. تاماقتىن كېيىن ئۇ گۈلبوستان بىلەن خوشلىشىپ مەھەللىگە چىقىپ كەتتى.

گۈلبوستان ئەتىسى غوپۇرنى تېپىپ يۈز مىڭ سوم بەردى. غوپۇر يۈز مىڭ سومغا گۈلبوستانغا ھۆججەت يېزىپ بېرىپ ئاغىنىسى قۇتلۇق بىلەن گۇاڭجۇغا قاراپ ئاتلاندى.

# ئون يەتتىنچى باب

# بىر دەستە گۈل

گۈلبوستاننىڭ دۇكىنىنىڭ سودىسى ھە دېگەندىلا يۈرۈشۈپ كەتتى. ئارىدىن ئۈچ ئاي ئۆتتى. ئۈچ ئاي ئىچىدە گۈلبوستان كىيىم - كېچەك سودىسىدىن ئون مىڭ يۈەن ئەتراپىدا ساپ پايدا ئالدى. ئۇ بازارغا چىققاندىن بېرى روھىي كەيپىياتى ناھايىتى يۇقىرى ئىدى. ئۇ بەكمۇ جانلىنىپ كەتكەنىدى.

شەنبە كۈنى چۈشكە يېقىن دۇكانغا بىر ئادەم كىرىپ كەلدى. بۇ ئادەم ناھايىتى چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى، بولۇپمۇ ئۇنىڭ بېغىررەڭ گالىستۇكى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. ئۇنىڭ قولىدىكى رەڭگارەڭ بىر دەستە گۈل توختىماي كۈلۈپ تۇراتتى. گۈللەر چىرايلىق بېزەلگەن دۇكاننىڭ ئىچىگە يىراق يىللاردىكى گۈزەل ئەسلىمىلەرنى باشلاپ كەلگەنىدى. گۈلبوستان بۇ ئادەمنى كۆرۈپ بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى. ئۇ بۇ ئادەم بىلەن بىللە كەلگەن ساپ ھېسسىيات بىلەن كۆرۈشتى، ئارقىدىنلا قىز دەۋرىدىكى كۆرۈنۈشلەر بىلەن بىر - بىرلەپ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۆستەڭ بويلىرىدا، باغلاردا، سىرلىق كېچىلەردە بىر - بىرىگە شېرىن ھېسلارنى بەخش ئەتكەن ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ھەممىسى قۇلۇپنى بۇزۇپ قەپىسىنىڭ ئىچىدىن چىقىپ كەتتى. ئاشۇ ئەڭ قىممەتلىك، ئەڭ تاتلىق يىللاردا ئۇنىڭغا ھەمراھ بولغان بارلىق گۈزەل نەرسىلەر يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ يورۇق يۈزلىرىنى، تاتلىق لەۋلىرىنى، ساپ يۈرىكىنى سۆيۈشكە باشلىدى. بۇ كۆرۈنۈشلەر

ئۇنى يەنە بىر قېتىم تىنچ، غەمسىز، بۇلبۇلدەك ئەركىن سايرايدىغان گۈزەل بىر دۇنياغا باشلاپ كىردى. ئۇنىڭغا گۈل تۇتقان بۇ ئادەمنىڭ ئېتى خالمۇرات بولۇپ، ئۇ گۈلبوستاننىڭ بالا ۋاقىتلىرىدىكى ساۋاقدىشى ئىدى.

خالمۇرات كۈلۈپ تۇرۇپ قولىدىكى گۈلنى گۈلبوستانغا بەردى. گۈلبوستان ئىچ - ئىچىدىن خۇشال بولۇپ ئۇنىڭ قولىدىن گۈلنى ئالدى.

— دۇكىنىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن، گۈلبوستان. مەن بۇ ئىشلارنى بەكمۇ كېچىكىپ ئاڭلاپتىمەن، كەچۈرىسىز! — دېدى خالمۇرات.

— ياق، ئۇنداق دېمەڭ... قېرىغاندا بەك سەتلەشتىم، — دېدى گۈلبوستان ئاناردەك قىزىرىپ.

— بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ، گۈلبوستان. ئادەم ھېچقاچاندا ئۆزى ئۆزىنى سەتلەشتۇرۇۋالمايدۇ. بۇ تەقدىر.

— تەقدىر دېدىڭىزما؟ بەلكىم بۇ تەقدىردۇ.

— شۇنداق، گۈلبوستان، بۇ تەقدىر. يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى مەن سىزگە مۇشۇنداق بىر دەستە گۈلنى تۇتالماي كەلگەنىدىم. مانا تەقدىر بۈگۈن ماڭا بۇ پۇرسەتنى بەردى، — دېدى خالمۇرات ھاياجانلىنىپ.

گۈلبوستان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى. ئۇ ئىتتىكلا دېرىزە تەرەپكە قارىۋالدى.

— بىر ئىلتىماسىم بار ئىدى، گۈلبوستان.

گۈلبوستان بۇرۇلۇپ خالمۇراتقا قارىدى. ئۇنىڭ چىرايلىق قاراشلىرى خالمۇراتنى تېخىمۇ روھلاندۇردى.

— كەچتە بىللە تاماق يېسەك دېمەكچىدىم، — دېدى خالمۇرات.

گۈلبوستان ماقۇل دەپ جاۋاب بېرىشنىڭ ئورنىغا بېشىنى لىڭشىتىپ تاتلىققىنە كۈلدى.

— ئەمىسە مەن كەچتە سىزنى «ناۋا» رېستورانىدا كۈتىمەن. ئۇ رېستوراننىڭ ئايرىم خانىلىرى بەك تىنچ. بىزگە بەكمۇ ئۇزۇن يىل بولدى. سىز بىلەن پەقەت كۆرۈشەلمىدىم، يانفونىڭىزنىڭ نومۇرىنى ماڭا بېرىڭ. مەن سىزگە تېلېفون قىلاي، — دېدى خالمۇرات.

گۈلبوستان كۈلدى.

— مەندە يانفون يوق.

— لوبەندىمۇ يانفون بولمامدۇ، ئەمىسە يانفونۇمنى سىزگە بېرەي، — دېدى خالمۇرات. ئۇ يېنىدىن يانفوننى ئېلىپ گۈلبوستانغا تەڭلىدى.

— چاقچاق قىلىپ قويدۇم. مەن سىزگە يانفونۇمنىڭ نومۇرىنى دەپ بېرەي، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

خالمۇرات ئۇنىڭ نومۇرىنى بىلىۋالدى.

— كەچتە شۇنداق بولسۇن، گۈلبوستان، — دېدى خالمۇرات گۈلبوستاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

«بۇ كۆزلەر ئەسلىدە مېنىڭ كۆزلىرىم ئىدى» دېدى ئۇ ئىچىدە.

— ماقۇل.

خالمۇرات چۈشتىن كېيىن بالدۇرلا «ناۋا» رېستورانىغا يېتىپ كەلدى. ئۇ چەت تەرەپتىكى يەتتىنچى نومۇرلۇق ئايرىم خانىنى ئېلىپ ئىچىگە كىرىپ تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. كەچ سائەت ئالتە بولغاندا گۈلبوستانغا تېلېفون بېرىپ ئۆزىنىڭ يەتتىنچى نومۇرلۇق ئۆيدە ئىكەنلىكىنى ئېيتتى. يېرىم سائەتتىن كېيىن گۈلبوستان رېستورانغا يېتىپ كەلدى.

— سىزنى ساقلىتىپ قويدۇم، خالمۇرات، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ، — بۈگۈن خېرىدار بەك جىق.

— مەن مۇشۇنداق بىر كۈنگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن يىگىرمە

نەچچە يىل ساقلىدىم. ئەمدى بىرنەچچە سائەت ساقلىسام نېمە بوپتۇ؟

گۈلبوستان بۇ گەپنى ئاڭلاپ يەرگە قارىۋالدى.

ئۇلار تاماق بۇيرۇتتى، تاماقتىن كېيىن پىۋا ئىچىپ ئولتۇرۇپ ئۆزلىرىنىڭ پاراڭلىرىغا چۈشۈپ كەتتى.

— مېنىڭ ئەھۋالىم مۇشۇنداق، گۈلبوستان، تۇرمۇشۇم يامان ئەمەس، لېكىن مېنىڭ مەنىۋى تۇرمۇشۇم بەك گاداي. يىللار ئۆتتى. مەن سىزنى ئۇنتۇپ كېتەي دەپ غەيرەت قىلدىم، لېكىن ئۇنتۇپ كېتەلمىدىم. يىللار ئۆتكىنى بىلەن سىزنىڭ جامالىڭىز مېنىڭ كۆز ئالدىمدىن كەتمىدى. يۈرىكىمدە سىزنى بىر كۈنمۇ تاشلىمىدىم...

گۈلبوستان كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ خالمۇرات بىلەن ئۆتكەن بالىلىق، ئۆسمۈرلۈك، ياشلىق دەۋرلىرىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى. ئىسسىق ياش ئۇنىڭ چىرايلىق كۆزلىرىدىن تۆكۈلۈشكە باشلىدى.

— مەن ئەسلىدە بۇ يەرگە كەلمەي دېگەنىدىم، خەقلەر مېنىڭ رېستوراندا يۈرگىنىمنى كۆرۈپ قالسا گەپ ئېتىدۇ. لېكىن سىزگە ماقۇل دەپ قويۇپتىمەن، سەت بولمىسۇن دەپ كەلدىم. ئۇنىڭ ئۈستىگە بىز بىر ـ بىرىمىزنىڭ قولىدىكى ناننى يەپ چوڭ بولغان. مەنمۇ ئاشۇ يىللارنى، ئاشۇ كۈنلەرنى، ئاشۇ گۈزەل كۆرۈنۈشلەرنى ئۇنتۇمىدىم. بىز ئۆستەڭ بويىدا چوڭ بولغان، مەھەللىدىكى باغنىڭ ئىچىدە خۇش پۇراق گۈللەر بىلەن دوست بولغان. ئاپئاق كېپىنەكلەر بىلەن بىللە ئۇچقان. بىزگە ئۇشۇق گەپ كەتمەيدۇ، خالمۇرات.

— مەن سىزنىڭ ئىشىڭىزنى زەينۇرەدىن ئاڭلىدىم. ئۇ ھازىر ئۆز ئالدىغا ساتىراشخانا ئېچىۋاپتۇ.

— بەك جېنى بار ئۇ قىزنىڭ، — دېدى گۈلبوستان.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، گۈلبوستان، ئۆزۈمگىمۇ

ئىشىنىمەن. مەن چوقۇم سىزنى بەختكە ئېرىشتۈرەلەيمەن! — دېدى خالمۇرات.

— ئۇنداق دېمەڭ، خالمۇرات، ئۇ يىللار ئۆتۈپ كەتتى. سىز دېگەن بەختمۇ ئاشۇ يىللار بىلەن كەتتى. ئەمدى ھەممىمىز قېرىدۇق. يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى گۈللەر ئەمدى ئېچىلمايدۇ. ئەمدى ماڭا بەخت ياراشمايدۇ. چۈنكى مەن قايتا ياشلىق باھارىمغا قايتالمايمەن. ماڭا ھازىر خاتىرجەملىك كېرەك. خاتىرجەم بولسام، بالىلىرىم ماڭا ئوخشاش بولۇپ قالمىسا، مەن ئۈچۈن بۇ ئەڭ چوڭ ئىش. ئەگەر ئىككى بالامنى دېمىگەن بولسام مەن ھەرگىزمۇ بازاردا ئوقەت قىلمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرمەيتتىم. سىزگىمۇ تىنچلىق كېرەك، ماڭىمۇ تىنچلىق كېرەك.

— مەن سىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىڭىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، گۈلبوستان. ئەگەر بىر ئادەم ئۆز ھېسسىياتىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشىسا، مېنىڭچە بۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. مەن مۇشۇ جاھاندا ئەللىك يىل ياشاپتىمەن. مەن چوڭ بولدۇم، خىزمەتكە قاتناشتىم، توي قىلدىم، بالىلىق بولدۇم. لېكىن مەندە ھەقىقىي خۇشاللىق يوق. مېنىڭ يىگىرمە نەچچە يىللىق تۇرمۇشۇم مېنى بىر كۈنمۇ ھەقىقىي كۈلدۈرەلمىدى. ئەر دېگەن بەك ئاجىز، بەك ئەخمەق كېلىدىكەن. قىلمايمەن دېگەن ئىشنى قايتا - قايتا قىلىپ قويىدىكەن. مانا مەن بۈگۈن ئەڭ بەختلىك، يۈرىكىمدىكى گەپلەرنى سىزگە ئېيتالايمەن. يىللار نېمە ئۈچۈن مېنى نابۇت قىلىۋەتمىدى؟ چۈنكى ئاشۇ يىللاردىن بېرى سىزنىڭ ئەڭگۈشتىرىڭىز مېنى قوغداپ كېلىۋاتىدۇ.

— بىز ئون سەككىز ياشقا كىرگەندە بىللە بولالمىدۇق. ئەمدى ئەللىك ياشقا كىرگەندە بىللە بولساق نېمىدېگەن ياخشى، گۈلبوستان؟ — دېدى خالمۇرات ئۇنىڭ گۈلدەك چىرايلىق كۆزلىرىگە قاراپ. خالمۇرات ئۇنىڭ ئوتتەك قولىنى تۇتۇۋالدى...

## ئون سەككىزىنچى باب

# تاي دەككىسىنى يېدى

بىر كۈنى تاي گۈلبوستاننى ئىزدەپ كەلدى. دۇكاندا گۈلبوستان بىر خېرىدارغا پۇل قايتۇرۇۋاتاتتى. ئۇ گۈلبوستاندىن تىنچلىق سورىدى.

— ياخشى، باشلىق، بۇياققا قەدىمىڭىز يېتىپ قاپتىغۇ؟ كۆڭلەك لازىممىتى؟ — دېدى گۈلبوستان خۇشخۇي هالدا.

«كاساپەتنى قارا، بازار دېگەن بازار - دە. يېرىم يىلنىڭ ئىچىدىلا قاقۋاش بولۇپ كېتىپتۇيا!» دېدى تاي.

— ياق، كۆڭلەكنىڭ ئىگىسى لازىمتى.

— كۆڭلەكنىڭ ئىگىسىگە تويىمىغانمۇ تېخى؟ — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ تۇرۇپ.

— «تويغان يەرگە توققۇز تەزىم» دېگەن گەپ بار، مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن، خوتۇن. مەن ئاش بەرگەن قازاننى ئاسانلىقچە ئۇنتۇمايمەن، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئەمەس، خوتۇنىڭىزنىڭ قېشىغا بېرىپ خوتۇن دەۋېلىڭ!

— بۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، خوتۇن. «ئالەمدە مىڭ خوتۇن، كۆڭۈلدە بىر خوتۇن» دېگەن گەپنى ئاڭلىمىغانمۇ؟ قانداق بولمىسۇن سەن مېنىڭ سابىق خوتۇنۇم، مەن سېنى يوقلاپ تۇرمىسام قانداق بولىدۇ؟ بۇ يەردە ئادەمگەرچىلىك مەسىلىسى بار - دە! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— دۇكاندا قالايمىقان گەپ قىلسىڭىز بولمايدۇ، تاي.
— ئەمىسە دۇكاننى تاقىۋەتمەيمىزمۇ، — دېدى تاي. ئۇ مال كۆرۈۋاتقان بىرقانچە خېرىدارنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئىچىدىن ئېتىۋالدى.
— بۇ نېمە قىلغىنىڭىز؟ بۇ سىزنىڭ دۇكىنىڭىز ئەمەس. دادىڭىز ماڭا ئېچىپ بەرگەن دۇكان. ئۇنىڭ ئۈستىگە مەن دادىڭىز بىلەن توختاملاشقان، دۇكاننى ئېچىش، تاقاش ھوقۇقى مەندە! — دېدى گۈلبوستان.
— دادام ئىككىمىز بىر، سەن بۇنى ياخشى بىلىسەن!
— سىزنىڭ مۇشۇ مىجەزىڭىز بولمايدۇ، تاي. سىزنىڭمۇ سىزنىڭ، خەقنىڭمۇ سىزنىڭ!
— دادامنى خەق دېگىلى بولماس!
— مەن سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن، ئەتە سەھراغا چىقىپ دادىڭىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمىدى، — دېدى گۈلبوستان.
— يائاللا، دادامغا ئەرز قىلغۇدەك ئىش بولمىدىغۇ تېخى، باشقا ئىش يوق، خوتۇن. كەچتە بىللە ئاشخانىغا بېرىپ تاماق يەيلى دېمەكچى! — دېدى تاي. ئۇ گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئۇزۇن، توم چېچىنى تۇتتى. گۈلبوستان ئۆزىنى قاچۇردى.
— بۇگۇن پەرى خوتۇنىڭىزنىڭ ۋاقتى چىقماپتۇ - دە، — دېدى گۈلبوستان دېرىزىنىڭ قېشىغا بېرىۋېلىپ.
— سەن بىر گۇماننىڭ ئىچىگە كىرىپ قالدىڭ، خوتۇن، سەن مۇشۇ ئىشلارنى گۇمان بىلەن قىلىۋاتىسەن، مېنىڭ گېپىم يەنە شۇ، زاۋۇتتا، دوست - دۇشمەننىڭ ئالدىدا مېنى ئاقلاپ بەرمىسەڭ بولمايدۇ. بۇگۇندىن باشلاپ ئۆيگە يېنىپ كېلىمەن، — دېدى تاي.
— ئۆيىڭىزگە قايتىپ كەلسىڭىز مەن دادامنىڭ ئۆيىگە

كېتىمەن، مەن مىڭ تەسلىكتە ئەركىنلىككە چىقتىم. ئەمدى تۈرمىگە كىرمەيمەن!

— مەن سېنىڭ تۈرمەڭ بولۇپ قاپتىمەن ـ دە؟

— ئۇ تەرەپلىرىنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، تاي. بىر ئەر دېگەن ھېلىدى تېگىدە، ھېلى تۆپىدە ياشىسا بولمايدۇ. مېنىمۇ تىنچ ياشىغىلى قويۇڭ. بەك بولالماي قالسىڭىز قەمەرنىڭ قېشىغا بارسىڭىز بولىدىغۇ!

— گېپىڭىنى چۈشەنمىدىم، خوتۇن.

— سىز بۇنداق گەپلەرنى كۆندۈزى چۈشەنمەيسىز، قاراڭغۇ چۈشكەندە بەك چۈشىنىسىز، — دېدى گۈلبوستان كۆلۈپ تۇرۇپ، — مەن سىزگە پۇرسەت يارىتىپ بەردىم. سىز ماڭا رەھمەت ئېيتىشتا يوق، ئەكسىچە كەينىمگە كىرىۋالسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مۇشۇ كۆنلەردە قاتتىقراق شامال چىقسا مېنىڭ ھەممە يېرىم شاراقشىيدىغان بولۇپ قالدى. نېمە قىلىسىز مېنى ئاۋارە قىلىپ، سىزگە قىز كەممۇ!

— سەت گەپ قىلما، خوتۇن، سەن مېنى چۈشەنمىدىڭ ھەم چۈشەنمەيۋاتىسەن. لېكىن مەن ساڭا ئەڭ پاك، بولمىسا مۇشۇنداق كەينىڭدە يۈرەمدىم؟ سەن ماڭا ئىشەن، مەندە ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا ئۇنداق ئىش يوق. توغرا، ئۆينىڭ ئىقتىسادىي ئىشلىرىغا سېنى ئارىلاشتۇرمىدىم. ئاشخانىدىن كىرگەن كىرىملەرنى سەندىن سىر ساقلىدىم. بۈگۈن بۇ ئىشلارنى ساڭا ئىقرار قىلىمەن...

— ھە، توختاپ قالدىڭىزغۇ؟ ئويلىشىپ قالدىڭىز ـ ھە، باشلىق.

«ئەخمەقلىق قىلىپ ھەممە ئىشنى دەۋېتىپ ئولتۇرماي يەنە، پۇلنىڭ گېپىنى دېسەم ھەرگىز بولمايدۇ» دېدى تاي ئىچىدە.

— ئەمدى سەندىن سىر ساقلىمايمەن، خوتۇن. بۇرۇن ماڭا ئىشەنمىگەن بولساڭ ئەمدى ئىشەن. مەن ساڭا بۈگۈن ھەممە

ئىشنى دەيمەن. نەچچە زاماندىن بېرى تاپقان پۇللارغا تۆتدۇكان مەھەللىسىدىن بىر قورۇ - جاي ئېلىپ قويغان. ئونىنچى رايوندىن بىر يۇرۇش بىنا ئۆي ئېلىپ قويغان. ئۇلارنى ئىجارىگە بېرىپ قويغانىدىم. ئەمدى بۇ ئۆيلەرنىڭ رەسمىيەتلىرىنى ساڭا ئۆتكۈزىمەن...

— قالغانلىرىنى قايسى خوتۇنىڭىزغا بېرىسىز؟

— ئۆلەي، بۇنىڭدىن باشقا يېنىمدا ئون تىيىن پۇل يوق، خوتۇن! — دېدى تاي، — ئەگەر يالغان سۆزلىگەن بولسام خوتۇن بولۇپ كېتەي.

— ئۆزىڭىز خوتۇنغا ئامراق ئادەم، ئاخىر خوتۇن بولۇپ كېتىسىزكەن - دە! — دېدى گۈلبوستان چاقچاق قىلىپ.

— خۇدايىم تىلىگەننى بېرىدۇ، خوتۇن.

— ئەگەر سىزمۇ خوتۇن بولۇپ كەتسىڭىز، مەنمۇ خوتۇن، ئۇ ۋاقىتتا ئىككى خوتۇن بىر ئۆيدە قانداق ياشايمىز؟ — دېدى گۈلبوستان چاقچاق قىلىپ.

— مەيدىۋازلىق قىلمامدۇق. تېلېۋىزوردا قويۇۋاتىدىغۇ...

گۈلبوستان كۈلۈپ كەتتى:

— سىز ئادەم بولمايسىز، تاي!

— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، ھەرقانداق بىر ئىشقا ئۇمىد بىلەن قاراش كېرەك. ئەمدى ئادەم بولىمەن، — دېدى تاي.

— سىز ماڭا مال - دۇنيانىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، تاي، سىز بىلىسىز، مېنىڭ بۇ نەرسىلەر بىلەن خۇشۇم يوق، ئۆلگەندە ھەممە نەرسە يەرنىڭ ئۈستىدە قالىدۇ. مەنمۇ سىزگە يۈرىكىمدىكى گەپنى قىلسام سىز مېنىڭ يۈرىكىمگە تۈز چېچىۋەتتىڭىز، مېنىڭ غۇرۇرۇمنى دەپسەندە قىلدىڭىز.

— سەنزە، نەدە ئاشۇنداق تۇتقىلى بولمايدىغان، كۆرگىلى بولمايدىغان گەپلەرنى قىلىدىكەنسەن، خوتۇن.

— توغرا، سىز بايام ماڭا قورۇ - جايىم بار، بىنادا ئۆيۈم

بار دەپ راست گەپ قىلدىڭىز. مۇشۇنىڭ ئۆزى سىز ئۈچۈن بىر چوڭ ئىلگىرىلەش. بۇرۇن بىز بىر ئۆيدە تۇرغاندا سىز ماڭا بۇنداق راست گەپ قىلىپ باقمىغان. لېكىن مەن سىزنىڭ ماڭا سوۋغا قىلغان بۇ «خۇش خەۋەر»ىڭىزنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، سىزدىن تېخىمۇ قورقۇپ كېتىۋاتىمەن، بولۇپمۇ سىزنىڭ ئاشۇ كۈلۈشلىرىڭىزدىن بەك قورقىمەن. سىز كۈلسىڭىز بىرى بەدەنلىرىمگە يىڭنە سانجىغاندەك بولۇپ كېتىدۇ، بىز يىگىرمە نەچچە يىل ئۆي تۇتتۇق. سىز مەن بىلەن پەقەت تەن جەھەتتىلا يېقىنلاشتىڭىز. ئىقتىسادىي جەھەتتە، بولۇپمۇ مەنىۋى جەھەتتە مەن بىلەن ئارىلاشمىدىڭىز. مەندىن سىر ساقلاپ ياشىدىڭىز. مەن بۇلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىپ تۇرۇۋاتىمەن. لېكىن بۇ ئىشلارنى يۈزىڭىزگە سالمىدىم. قىزلىرىڭىزنىڭ، مېنىڭ يۈزۈمنى قىلماي بۇزۇق قىزلارنىڭ كەينىگە كىرىپ رەسۋا بولدىڭىز. ئاكىڭىزنىڭ قولىدا تۇتۇلدىڭىز. دېمەكچى بولغىنىم سىز ماڭا قارا سانىدىڭىز. راستمۇ؟ يالغانمۇ؟ سىز گەپكە ئۇستا، ئىشقىمۇ ئۇستا. كەينىڭىزدە لەشكەرلىرىڭىز بار، پۇلىڭىز بار، ھوقۇقىڭىز بار، زاۋۇتنىڭ ماشىنىسىنى كىچىك خوتۇنىڭىزدەك مىنىسىز. ھەممە ئادەم سىزنىڭ گېپىڭىزنى راست قىلىدۇ، لېكىن ئۇ دۇنياغا بارغاندا سىزنىمۇ سورايدىغان ئادەم چىقىدۇ. ئۇ ۋاقىتتا سىز نايناقشىيالمايسىز، لەشكەرلىرىڭىزمۇ يوقىلىدۇ، ھوقۇقىڭىزمۇ يوق بولىدۇ، ماشىنىڭىزمۇ بولمايدۇ. ئۇ يىلدىن بۇ يىلغىچە سوغا چۈشمەي سېسىپ يۈرىدىغان پەرىلىرىڭىزمۇ بولمايدۇ. شۇ ۋاقىتتا سىزدىن ھېساب ئالىدىغان ئادەم چىقىدۇ. مەن مۇشۇنىڭغا ئىشىنىمەن. سىز ئىشەنمەمسىز؟ مەن بەك ئىشىنىمەن! تاي، سىز بۈگۈن مېنى سۆزلىتىپ قويدىڭىز. مەن سىزدىن مۇنداق بىر ئىشنى سورىماقچى، بىز توي قىلغان يىللىرى تۇرمۇشىمىز بەك جاپالىق ئۆتكەن. بىز نۇرغۇنلىغان قىيىنچىلىقلارنى يەڭدۇق. دائىم نورمىمىز يەتمەيتتى. بىر كۈنى دادىڭىز

سەھرادىن بىر خالتا ئاق قوناق ئۇننى ئېلىپ بىزنى يوقلاپ كەپتىكەن. دادىڭىزنىڭ دۇمبىسىدە خالتا ئۆيگە كىرىپ كەلگەن ئاشۇ ھالىتىنى مەڭگۈ ئۇنتۇمايمەن. ئۇ سەرخىل ئادەم، سىز دادىڭىزنىڭ بىر ئىشىنىمۇ دورىيالمىدىڭىز. مەن سىز ئۇچۇن ئېچىنىمەن، تاي. سىز ئەسلىدە تۇرمۇشتا دادىڭىزنىڭ سىزىقى بويىچە مېڭىشىڭىز كېرەك ئىدى. مېنىڭ دەيدىغىنىم، بىز ئاشۇ بەكمۇ ئېغىر كۈنلەرنى يولغا سېلىپ بولدۇق. كېيىن ياخشى تۇرمۇشقا ئىگە بولدۇق. قورسىقىمىز تويدى، بىر نېنىمىز ئىككى بولدى. بالىلىرىمىز ئالىي مەكتەپكە ئۆتتى. كۈنىمىز مۇشۇنداق ياخشى بولۇپ كەتكەندە، سىز نېمە ئۈچۈن مەن بىلەن ياتلىشىسىز؟ سىزمۇ شۇ ئىشلىرىڭىزنى ماڭا چۈشەندۈرەلەمسىز؟ مەن ھازىر سىزنىڭ كۆزلىرىڭىزدىن نېمە ئۈچۈن ئاشۇ يىللاردىكى پاكلىق بىلەن سەمىمىيلىكنى كۆرەلمەيمەن؟ مۇشۇلارغا جاۋاب بېرەلەمسىز؟ — دېدى گۈلبوستان.

گۈلبوستاننىڭ سۆزلىرى تايغا تەسىر قىلدى. ئۇ ئايالىنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇ ئىلگىرى ئايالىنى مۇشۇنداق گەپ قىلالايدۇ دەپ ئويلاپ باقمىغانىدى.

— ياخشى گەپ قىلدىڭ، خوتۇن. سەن جىق ئىشلارنى ئويلاپسەنكەن. مەن سېنىڭ بۇ تەرەپلىرىڭنى ھەرگىز چۈشەنمەپتىمەن. مېنى كەچۈر، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن مېنىڭ ھەقىقىي بىر ئەر بولۇپ قالغىنىمنى كۆرۈپ قالىسەن. مەن چوقۇم سەن دېگەندەك ئادەم بولۇپ يېتىلىمەن. راست گەپ قىلسام، مەن بۇرۇن ھوقۇق بىلەن، پۇل بىلەن، مۇناسىۋەت بىلەن بولۇپ كەتتىم. مەنسىپىم بىر بالداق بولسىمۇ ئۆسسە، پۇلۇم بىر تەڭگە بولسىمۇ كۆپەيسە دەپ باش قاتۇرۇپ قاتراپ يۈردۈم. مۇشۇ ئىشلار بىلەن بولۇپ ساڭا قارىيالمىدىم. سەن بىلەن دائىم سىردىشىپ تۇرمىدىم. ئاخىرقى ھېسابتا تۇرمۇشىمىزدا ئۇقۇشماسلىق يۈز بەردى. مەيلى قانداق بولسۇن

گۇناھ مەندە، ئەمدى ماڭا بىر قېتىم پۇرسەت بەرگىن. مەن سېنىڭ ئالدىڭدا ناماقۇل...

«تۇلكە، قىلغۇلۇقىنىڭ ھەممىسىنى قىلىپ بولۇپ ئارمىزدا ئۇقۇشماسلىق بولدى دەۋاتقىنىنى!» دېدى گۇلبوستان ئىچىدە.

— سىز يەنىلا ئۆزىڭىزنىڭ گېپىنى قىلىۋاتىسىز، تاي.

— ماڭا ئىشەن، مەن ئەمدى ھەرگىزمۇ دىلىڭنى رەنجىتمەيمەن! — دېدى تاي.

— مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن!

— مەن ساڭا ئىشىنىمەن، خوتۇن. بىز ئۆيىمىزنى تۇتمىساق بولمايدۇ!

— نېمە ئۇچۇن؟

— بالىلىرىمىز ئۇچۇن!

— بالىلىرىمىزدىن باشقىچۇ؟

— ئىككىمىزنىڭ مۇھەببەتلىك تارىخى بار!

— بۇلار قۇرۇق گەپ، تاي. قىزلىرىمىز بار، بۇ توغرا، قالغىنى يالغان. ئەمەلىيەتتە بىز بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەيمىز.

— بۇ گېپىڭ توغرا بولمىدى، خوتۇن. بىز ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئۆي تۇتتۇق. قانداقلارچە بىر - بىرىمىزنى چۈشەنمەيمىز كەن؟ — دېدى تاي.

— ۋاقىت دېگەن ئۆتۈۋېرىدۇ، تاي. ۋاقىت بەزىدە ئۇ ھېچ نەرسە ئەمەس، بۇنى سىز مەندىن ياخشى بىلىسىز، — دېدى گۇلبوستان.

— سەن ماڭا ئىشەن، گۇلبوستان. ئەڭ بولمىغاندا ماڭا يەنە بىر قېتىم ئىشىنىپ باق. ئەگەر مەن سېنىڭ دېگەن يېرىڭدىن چىقالمىسام ئۇ ۋاقىتتا سېنىڭ دېگىنىڭدەك بولسۇن! — دېدى تاي.

— مېنىڭ يۈرىكىم ئىگىسى يوق باغنىڭ ئالمىسى ئەمەس، خالىغانچە ئۈزۈپ ئويناي دېغان، ئەمدى مەندە تاقەت قالمىدى. نېمە

دېسڭىز دەڭ، مەن سىزگە ئىشەنمەيمەن، تاي. مەن سىزنىڭ ھۆنەرىڭىزنى بىلىمەن، سىز باشقىلارنى دەسسىتىش ئۈچۈن ئۇلارنى ئايلاندۇرۇپ ئۆزىڭىزگە قارىتىسىز، بۇ سىزنىڭ ئەڭ چوڭ ھۆنىرىڭىز. بىرى بىر قولۇڭغا تۇرامسەن ياكى ھۆنىرىڭگە تۇرامسەن دېسە، سىز ئۇنىڭغا بىر قولىڭىزنى چاناپ بېرىشكە رازىكەنسىزكى، ھەرگىزمۇ بۇ ھۆنىرىڭىزدىن ۋاز كەچمەيسىز. سىزنىڭ تىلىڭىز باشقا، دىلىڭىز باشقا. سىز ھەرقانداق بىر ئىشتا ئۆزىڭىزنىڭ مەقسىتىگە يېتىش ئۈچۈن قىسماق قۇرىسىز. مانا بۇ سىزنىڭ ھەقىقىتىڭىز. سىز بۇ ھەقىقەتتىن ئايرىلالمايسىز. سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزدا ئادەم ئاتام بىلەن ھاۋا ئانامنى ئازدۇرغان ئاشۇ شەيتاننىڭ قېنى بار. سىزنى ئاۋارە قىلىۋاتقان نەرسە ئاشۇ قان. ئەگەر سىز ئاشۇ قاننى بەدىنىڭىزدىن چىقىرىۋەتمىسىڭىز ئۇ ۋاقىتتا سىز ھەقىقىي ئەر بولالمايسىز. بولمىسا سىزدە ئۈمىد يوق. بىرلا گەپ، تاي، مېنى ئاۋارە قىلماڭ، مېنىڭ ئوقىتىم يامان ئەمەس. ئىككى قىزىمىزنىمۇ ئوقۇتۇپ كېتىدىغان ئوخشايمەن. مەن ئىش ئورنۇمدىن قالغاندىن بېرى سىز مېنى ياخشى باقتىڭىز، دېگىنىمنى قىلىپ بەردىڭىز، مەن بۇلارنى ئۇنتۇمايمەن. مۇشۇ قىلغان ياخشىلىقلىرىڭىزنىڭ بەدىلىگە ئامال قىلىپ مىجەزىڭىزگە توغرا كېلىدىغان بىر قىز تېپىپ، تويىڭىزنى قىلىپ قويايمىكىن دېگەن ئويغا كېلىۋاتىمەن. لېكىن شۇنى ئېسىڭىزدە تۇتۇڭ. مەن ھەرگىزمۇ سىزگە قەمەرگە ئوخشاش قىزلاردىن ئېلىپ بەرمەيمەن. ئۇلارنىڭ تىلى گۈل، دىلى كۆل. ئۇنىڭدىن باشقا قەمەرنىڭ يېشى سەل چوڭ. سىزگە يىگىرمە ياش ئەتراپىدا بىر قىز تېپىش كېرەك. مەن بۇ ئىشتا چوقۇم سىزگە ياردەملىشىمەن...

# ئون توققۇزىنچى باب

# سەنەۋۋەرنىڭ بېشى قاتتى

خالمۇراتنىڭ ئايالى سەنەۋۋەر ئېرىنىڭ گۈلبوستان بىلەن پات - پات ئۇچرىشىپ تۇرىدىغان ئىشىنى بىلىپ قالدى. ئۇ ئېرىگە ۋارقىراپ - جارقىراپ جېدەل قىلمىدى. ئۇ بازارغا بېرىپ گۈلبوستاننىڭ دۇكىنىغا كىرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. گۈلبوستان سەنەۋۋەرنى تونۇيتتى. ئۇ ئۇنى كۆرۈپ، نېمە ئىش ئۈچۈن ئىكەنلىكىنى بىلىپ بولدى.

— مەن سىز بىلەن بىر ئىش توغرىسىدا كۆرۈشەي دېگەن، گۈلبوستان. دۇكىنىڭىزنى تاقىغان بولسىڭىز. ئەتراپتىكى بىر چايخانىغا كىرىپ چاي ئىچكەچ پاراڭلاشقان بولساق، — دېدى سەنەۋۋەر.

— نېمە ئىشتى؟ — دېدى گۈلبوستان جىددىيلەشكەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— مۇھىم بىر ئىش ئىدى. ماڭا ئازراق ۋاقتىڭىزنى بېرىڭ! — دېدى سەنەۋۋەر.

— ھە، ئەمىسە دوقمۇشتىكى چايخانىغا كىرەمدۇق؟ — دېدى گۈلبوستان. ئۇ دۇكاننى تاقاپ سەنەۋۋەرنى باشلاپ دوقمۇشتىكى چايخانىغا كىردى. خوجايىن ئۇلارغا چاي كەلتۈردى.

— چايغا بېقىڭ، سەنەۋۋەر، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ. سەنەۋۋەر چاي ئىچمىدى. ئۇ پىيالىنى ئېلىپ ئالدىغا قويۇپ

قويدى، ئاندىن گۈلبوستاننىڭ چىرايىغا قارىدى. گۈلبوستاننىڭ چىرايىدا ھېچقانداق ئۆزگىرىش يوق ئىدى.

— سىزنىڭ ۋاقتىڭىزنى ئالماي، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، گۈلبوستان، ئاڭلىسام بىزنىڭ خالمۇرات پات - پات سىزنىڭ دۇكىنىڭىزدىن كەلمەيدىغان بولۇپ قاپتۇ، مەن مۇشۇ ئىشتىن ئەنسىرەپ سىزنىڭ قېشىڭىزغا كەلگەنىدىم.

— ھە، مۇنداق ئىشكەن - دە. مەن نېمە ئىش بولدىكىن دەپتىمەن تېخى. خالمۇرات پات - پات دۇكانغا كېلىپ تۇرىدۇ. پات يېقىندا ساۋاقداشلار ئۇچرىشىشى ئۆتكۈزمەكچى بولۇۋاتىمىز دەپ يۈرەتتى، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— ئەگەر ئۇ سىزنى مۇشۇ ئىش بىلەنلا ئىزدىگەن بولسا ھېچقانداق پىكرىم يوق. لېكىن ئاڭلىسام ئۇ سىزگە گۈل تۇتۇپ يۈرەرمىش. شۇڭا مەن ئەنسىرەپ قالدىم. مېنىڭ ئىككى بالام بار، مەن ئۇنىڭ بۇنداق ئويۇنغا يول قويمايمەن.

— ھە، ئەمسە مەنمۇ گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلاي، سىزمۇ ئۇنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە ئىگە بولالماپسىزكەن - دە! مەن خالمۇرات بىلەن بىر مەھەللىدە چوڭ بولغان. بىر تونۇرنىڭ نېنىنى يەپ چوڭ بولغان. مەن كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپ ئۇنىڭ مېڭىشىدىن ئۇنى تونۇيالايمەن. بىز مۇشۇنداق چوڭ بولغان. بىز ئاشۇ يىللاردا بىر - بىرىمىزنى ياخشى چۈشىنەتتۇق. ئۇ تۇنۇگۈنكى ياكى بۈگۈنكى ئىش ئەمەس، — دېدى گۈلبوستان.

— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزنى چۈشەندىم، — دېدى سەنەۋۋەر. ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا ئوساللىشىپ كەتتى.

— ئەمسە خالمۇراتقا بېرىپ مۇشۇنداق دېدى دەڭ، قالغان گەپلەرنى ئۇ سىزگە ياخشى چۈشەندۈرىدۇ.

— سىزگە نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، گۈلبوستان. مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن. تاي سىزگە ئەسكىلىك قىلدى. ئەمدى سىز مېنىڭ ئۆيۈمنى بۇزسىڭىز بولمايدۇ! — دېدى

سەنەۋۋەر.

— مەنمۇ سىزنىڭ مەقسىتىڭىزنى چۈشەندىم، سەنەۋۋەر. سىزچە بىر ئادەمنىڭ ئۆيىنى بۇزۇش شۇنچە ئاسان ئىشمۇ؟ ئەسلىدە سىز ماڭا بۇنداق گەپلەرنى دەپ كەلمىسىڭىز بولاتتى. ئەگەر مەن سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلارنى بۇزۇش نىيىتىدە بولغان بولسام، سىز ئۇن يىلنىڭ ئالدىدا خالمۇراتتىن ئايرىلىپ قالغان بولاتتىڭىز. سىز تاي سىزگە ئەسكىلىك قىلدى دەۋاتامسىز؟ ياق، مەن بۇ ئىشقا سىز دېگەندەك قارىمايمەن. مەن ئۆزۈمگە ئۆزۈم ئەسكىلىك قىلدىم. مۇشۇ ئىشلار يۈز بەرگەندىن كېيىن ئۆتكەن كۈنلىرىمنى ئەسلەپ قېلىۋاتىمەن. مەن بەزى ئىشلاردا تايغا ئاچچىق قىلىپ، ئۆزۈمنى ئۇنىڭدىن قاچۇرغان. بىر كارىۋاتنى ئىككى قىلىۋالغان كۈنلىرىممۇ بولغان… ھازىر ئويلىسام مەندىكى ئەڭ چوڭ خاتالىق مۇشۇ ئىكەن. شۇڭا مەن ھەممە ئىشنى ئۆزۈمدىن كۆرىمەن.

— بۇ گەپلىرىڭىز مېنى خېلى خاتىرجەم قىلىپ قويدى، گۈلبوستان. بىزنىڭ تۇرمۇشىمىز ناھايىتى ياخشى كېتىۋاتىدۇ. ئۇ بەزىدە مۇھەببەت توغرىسىدا گەپ ئېچىپ قالىدۇ. سىزنىڭ گېپىڭىزنى چىقىرىدۇ. مېنىڭ ئۇنىڭ ئاشۇنداق گەپلىرى بىلەن خۇشۇم يوق. قېرىغاندا ئادەمدە مۇھەببەت نېمە قىلسۇن؟ بىر-بىرىمىزگە كۆيۈنۈشسەك، ئۆينىڭ ئىشلىرىنى تەڭ قىلىشساق، مۇھەببەت دېگەن شۇ ئەمەسمۇ! قېرىغاندا قېلىنلىق قىلىپ نېمە مۇھەببەت ئۇ! خالمۇرات ئۆيدە نېمە دېسە شۇنى قىلىپ بېرىمەن، كىيىم-كېچەكلىرىنى يۇيۇپ تەق قىلىپ قويىمەن، پايپاقلىرىنى كۈندە بىر قېتىم ئالماشتۇرۇپ تۇرىدۇ. مەن ئۇنىڭغا چەكسىز سادىق، شۇڭا مەن ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قالسام بولمايدۇ.

— سىز مۇشۇ گەپلىرىڭىزنى خالمۇراتقا دەپ قويسىڭىز بولىدىكەن. ئۇ سىزنى داۋاملىق چۈشىنىپ تۇرغىنى ياخشى، — دېدى گۈلبوستان.

— ھازىر ئەرلەر بەك يامان بولۇپ كېتىۋاتىدۇ، گۈلبوستان. مەن سىز ئۇچۇن ئېچىنىمەن. بايام تاي سىزگە ئەسكىلىك قىلدى دېسەم، گۇناھ ئۆزۈمدە، دېگەندەك گەپلەرنى قىلدىڭىز، لېكىن تايىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىنى ياخشى بىلمىز، — دېدى سەنەۋۋەر.

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى. تايىنى مەن ياخشى چۈشىنىمەن. ئەگەر ئۇنى بۇزۇلدى دېسەك ئۇنى پۇل بىلەن ئەمەل بۇزدى. ئۇ پۇل بىلەن ئەمەلگە توغرا مۇئامىلە قىلالمىدى. مېنىڭ ئۇنى تۇتۇۋالغان يېرىم يوق، شۇنداق بولسىمۇ مەن بۇ ئىشقا شۇنداق قارايمەن. ئادەمنىڭ قىممىتى ئالدى بىلەن ئۇنىڭ غورۇرىدا. غورۇرى يوق ئادەم پۇل بىلەن ھوقۇققا توغرا مۇئامىلە قىلالمايدىكەن. تايىنىڭ قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرى ماڭا بىر مەكتەپ بولدى. مەن بۇ مەكتەپتە ئۆگەنگەن تەجرىبە - ساۋاقلارغا ئىگە بولدۇم. مەن ھازىر تەقدىرنىڭ قامچىسى ئاستىدا بازاردا سودىگەرچىلىك قىلىۋاتىمەن. ئۆز ۋاقتىدا مەن مۇشۇ شەھەردە ھەممە ئادەم ئارزۇلايدىغان ئەڭ كاتتا پوپايكا زاۋۇتىدا ئىشلەيتتىم. مېنىڭمۇ گۈللەنگەن دەۋرىم بولغان، بازاردا ئەركىن، روھلۇق مېڭىپ ياشىغان كۈنلىرىممۇ بولغان. ناھايىتى جىق دوستلىرىم بار ئىدى. كېيىن مانا ئىش ئورنۇمدىن چۈشۈپ قالدىم. لېكىن بۇ مېنىڭ بۈگۈنكى كۈندە ئېرىمگە بوزەك بولۇپ قېلىشىمدىكى سەۋەب بولۇپ قالسا بولمايدۇ. مەن ئالدى بىلەن بىر ئادەم، ئاندىن بىر ئايال. ئەگەر مېنىڭ ئادەملىكىم ئاساسى ئورنىدا تۇرمىسا ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ ھېچقانداق قىممىتىم بولمايدۇ. مۇشۇ ئاساستا مەن تاي بىلەن ئاجرىشىپ كەتتىم. مەن ئۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ غورۇرىنى، قىممىتىنى ئىسپاتلىماقچى. ماڭا ئوخشاش ئاياللارنىڭ چىقىش يولى زادى قەيەردە دېگەن ئىش ئۈستىدە باش قاتۇرماقچى، مەن ئۇنىڭ بىلەن نىكاھتىن ئاجرىشىش ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ

قىممىتىگە قايتا ئىگە بولىمەن. مەن تايىنىڭ ئالدىدا بولسىمۇ بولىدىغان، بولمىسىمۇ بولىدىغان ئايال ئەمەس! مەن ئۇنىڭغا مەن مۇستەقىل، ئەركىن بىر بەندە، خۇدا سېنى قانداق ياراتقان بولسا مېنىمۇ شۇنداق ياراتقان، خۇشۇڭ تۇتسا سۆيىدىغان، خۇشۇڭ كەتسە چىشلەپ ئوينايدىغان قۇلۇڭ ئەمەسمەن دېگەن گېپىمنى چۈشەندۈرمەكچى، سەنەۋۋەر!...

— ئەسلىدە بۇ جاھان مۇنداق مۇرەككەپ ئەمەس ئىدى، گۈلبوستان! — دېدى سەنەۋۋەر ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئاددىي ئادەم ئۇچۇن ئاددىي، مۇرەككەپ ئادەم ئۇچۇن مۇرەككەپ جاھان بۇ، — دېدى گۈلبوستان.

سەنەۋۋەرنىڭ بېشى قاتتى.

## يىگىرمىنچى باب

# تاي پۇشايمان قىلدى

يېقىندىن بېرى تايغا ھېچقانداق ئىش خۇشياقماي قالدى. ئۇنىڭ زاۋۇتقا بىرىنچى قول بولماقچى بولغان ئىشى تېخى جىم ئىدى. ئۇ يۇقىرىغا خېلى چېپىپ باقتى، لېكىن ئۇ ئېنىق بىر جاۋابقا ئىگە بولالمىدى. ئۆزىنىڭ تۇرمۇش مەسىلىسىگە كەلگەندە دادىسى ئۇنى پات ـ پات سەھراغا چاقىرتىپ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتكىلى تۇردى. ئاپىسىمۇ ئۇنىڭدىن نارازى ئىدى. ئۇلارنىڭ دەيدىغان گېپى گۇلبوستان بىلەن يارىشىش ئىدى. دادىسى ھەتتا ئۇنىڭغا كىنايە قىلىپ: «ئەگەر گۇلبوستان بىلەن ياراشمىساڭ، مەن ساڭا يەنە بىر قىز ئېلىپ بېرەي، بىراق بۇ قېتىم سەھرادىن ئېلىپ بېرىمەن، سەھرانىڭ قىزلىرى ياۋاش كېلىدۇ. ئۇ سەن بىلەن ئاجرىشىمەن دەپ سېنى ئۆيۈڭدىن قوغلاپ چىقارمايدۇ» دېگەنىدى. تاي بۇ گەپلەرنىڭ ئىچىدىكى گەپلەرنى ياخشى چۈشەنگەنىدى. ئەمەلىيەتتە بۇ دادىسىنىڭ ئۇنىڭغا سەن بىر زاۋۇتنى باشقۇرغىنىڭ بىلەن، بالام، خوتۇنۇڭنى تۇتۇپ تۇرالمىدىڭ دېگىنى ئىدى. تاي مۇشۇنداق كەيپىيات ئىچىدە ئىچى پۇشۇپ يۈرگەندە گۇلبوستان خالمۇرات بىلەن ئارىلىشىۋېتىپتۇ دېگەن گەپنى ئاڭلاپ قالدى. بۇ ئۇچۇر ئۇنىڭ ھەسەت قۇرتلىرىنى بىر ـ بىرىگە چىشلەشتۇرۇشكە باشلىدى.

چارشەنبە كۈنى ئىدى. ئۇ گۇلبوستاننىڭ دۇكىنىغا كېلىپ يەنە بۇرۇنقىدەك خېرىدارلارنى چىقىرىۋېتىپ ئىشىكنى ئىچىدىن

ئىلىۋالدى.

— دادام ئېلىپ بەرگەن دۇكان دەپ قورقماي قىلىۋاتىسىز - ھە مۇشۇ ئىشلارنى، — دېدى گۈلبوستان تايغا سوغۇق قاراپ.

— سەن گەپنى ئاز قىل. مەن بۈگۈن سەن بىلەن رەسمىي پاراڭلاشماقچى. سەن مېنى ئاقچى - كۆكچى دەپ يۈرەتتىڭ، ئەسلىدە ئۆزۈڭ تەتۈر دەسسەيدىكەنسەن ئەمەسمۇ! — دېدى تاي چىرايىنى سەتلەشتۈرۈپ.

— مەن بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، تاي، — دېدى گۈلبوستان ھېچ ئىشنى بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ.

— قىلغۇلۇقنى قىلىپ بولغاندىن كېيىن چۈشەنمەيسەن - دە! — دېدى تاي چىرايىنى ئاچماي.

— نېمە بولدىڭىز، چىرايىڭىز ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازنىڭ چىرايىدەك سەتلىشىپ كېتىپتىغۇ! — دېدى گۈلبوستان ئۇنىڭ كۆزىگە تىكىلىپ.

— ھېلىقى خالمۇرات دېگەن ساۋاقدىشىڭ دائىم مۇشۇ دۇكانغا كېلىپ سېنى ئىزدەيدىكەنغۇ؟

— ئىزدىسە نېمە بوپتۇ؟

— ئۇ نېمە ئۈچۈن سېنى ئىزدەيدۇ؟

— بىر ئەر بىر تۇل خوتۇننى نېمىگە ئىزدەيتتى، ئالداپ - سىلاپ ئەپلەيمەن دەپ ئىزدىمەمدۇ! — دېدى گۈلبوستان.

تاي گەپ قىلالماي تۇرۇپلا قالدى.

— سەن... سەن... سەن نېمانداق يامان بولۇپ كەتتىڭ؟ — دېدى تاي ئۆكۈپ.

— مەن يامان بولۇپ كەتمىدىم، تاي، گېپىڭىزگە يارىشا جاۋاب بېرىۋاتىمەن! — دېدى گۈلبوستان.

— سەن خام خىيال قىلىپ يۈرمە. سەن ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا

مېنىڭ قولۇمدىن چىقىپ كېتەلمەيسەن. بۇ پەقەت ۋاقىت مەسىلىسى، ھەرقانداق بىر ئادەم ساڭا قول تەگكۈزەلمەيدۇ. خالمۇراتقا گېپىڭنىڭ ئوچۇقىنى قىل، ئەمدى ئۇ سېنى ئىزدىمىسۇن. بولمىسا بىر پۇتىدىن ئايرىلىپ قالىدۇ...

— بۇ گەپلىرىڭىزنى بېرىپ خالمۇراتقا دەڭ. سىز مېنى قورقۇتقىنىڭىز بىلەن خالمۇراتنى قورقۇتالمايسىز، — دېدى گۇلبوستان، — سىز مېنى سودا قىلغىلى قويسىڭىز بولاتتى، تاي!

— پۇلۇڭنى مەن بېرىمەن، گەپ ئېنىق بولۇپ كەتسۇن. بىرلا گەپ، خالمۇراتتىن ئۆزۈڭنى تارت، مەن بۇگۈندىن باشلاپ ئۆيگە كېتىمەن، ئەمدى ئۆيۈنۈڭنى ئاخىرلاشتۇر. باللارغا ئويۇن قويۇپ بەرمەيلى...

— باللارغا ئويۇن قويۇپ بېرىۋاتقان ئادەم زادى كىم؟ قىلغۇلۇقنى ئۆزىڭىز قىلىپ، مېنى ئوغرى تۇتۇۋاتىسىزغۇ؟ مەن سىزنىڭ ھۈنىرىڭىزنى ياخشى بىلىمەن، تاي. سىز قان چىقارماي تۇرۇپ جاننى ئالىدىغان ئادەم...

— سەن يەنىلا مېنى چۈشەنمەيۋاتىسەن، مەن ساڭا ئاز گەپ قىلدىممۇ؟ ئەمدى بولدى قىل، بەك ئەركىلەپ كەتسەڭ بولمايدۇ، — دېدى تاي.

— مەن بۇرۇن سىزگە بەك ئىشىنەتتىم، ئەمدى سىزنىڭ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن. سىز گەپتە بىر خىل ئادەم، ئەمەلىيەتتە يەنە بىر خىل ئادەم. كۈندۈزى بىر ئادەم، كېچىسى يەنە باشقا بىر ئادەم. سىزنىڭ تۆت يۈزىڭىز بار، يەنە يۈزىڭىزنىڭ ئىچىدە يۈزىڭىز بار، ئەگەر مەن سىز بىلەن ئاجراشمىغان بولسام مەن سىزنىڭ بۇ تەرەپلىرىڭىزنى مەڭگۈ چۈشەنمەيدىكەنمەن.

— نېمە... ھەي... ھېلى... مۇشۇ گەپنى سەن دەۋاتىسەن! ... ياخشى، ئەمدى مۇشۇ گېپىڭگە ئىگە بول، ئەمدى سېنى ئۆزۈم ئادەم قىلىمەن...

گۇلبوستاننىڭ ئاخىرقى گېپى تايغا ئېغىر كەلدى. تاي گۇلبوستاننى بۇنداق گەپ قىلىدۇ دەپ ئويلىمىغانىدى. ئۇ ئۇنىڭغا

قاتتىق گەپ قىلغۇسى بار ئىدى، ئۇ كېيىنكى ئىشلارنى ئويلاپ، ئۆزىنى بېسىۋالدى.

— مەن راست گەپ قىلساملا سىز ئاچچىقلاپ قالىسىز ـ ھە، تاي، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— مەن بۈگۈن ساڭا ئوشۇق گەپ قىلمايمەن، بىرنېمە دېيىشىپ قالساق سەت بولىدۇ، خوتۇن. مەن بىر كۈنى سەن بىلەن تەپسىلىي پاراڭلىشىمەن!

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئەمەس، خوتۇنىڭىزنى تېپىپ خوتۇن دەۋېلىڭ، گەپ قىلمىسام، خوتۇن، خوتۇن دەۋېرىسىزغۇ! — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

— بىرلا ئېغىز گەپ، خوتۇن. خالمۇرات دېگەن ئوغرى بىلەن گەپلەشمە. ئۇنى بۇ يەرگە يولۇقتۇرما. سەن ئۇنىڭغا دە، ئۇ سېنى ئىزدىمىسۇن. مەن بىلەن ئاجراشقىنىڭ بىلەن سەن يەنىلا مېنىڭ خوتۇنۇم. ئىككى قىزىمنىڭ ئاپىسى سەن. بۇنى ھېچكىم ئۆزگەرتەلمەيدۇ. ئۇ سولتەككە مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى دە، ھوشىنى يىغىپ يۈرسۇن دەيدۇ دە! بولمىسا مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسەن، كەينىگە قۇرۇلۇشتا ئىشلەيدىغان تەتۈر ئۇستىخانلاردىن ئىككىنى سېلىپ قويسام قورسىقىنى يېرىپ ئۈچەيلىرىنى ماڭا مېتىرلاپ ئۆتكۈزىدۇ، — دېدى تاي.

— بۇ گەپلىرىڭىزنى يەنىلا ئۆزىڭىز دېگىنىڭىز ياخشى. مەن سىزنىڭ ئەلچىڭىز ئەمەس، — دېدى گۈلبوستان.

دۇكانغا بىر ئەر، بىر ئايال خېرىدار كىردى. گۈلبوستان ئۇلارنىڭ ئالدىغا باردى. تاي ئورنىدىن تۇرۇپ ئىشىكنىڭ ئالدىغا كەلدى.

— ئەمىسە كەچتە گۆش ئالغاچ بارىمەن. چۆچۈرىگە تەييارلىق قىلىپ قوي، — دېدى تاي.

— كەچتە مەن ئاپامنىڭ ئۆيىگە بارىمەن، — دېدى گۈلبوستان.

«خەپ!» دېدى تاي ئىچىدە.

يىگىرمە بىرىنچى باب

# سەنەۋۋەرنىڭ پەلسەپىسى

خالمۇراتنىڭ ئايالى سەنەۋۋەر ئۇستىخانلىق ئايال بولۇپ، كۆزلىرى يوغان، كالپۇكلىرى قېلىن، ئادەتتە ئاغزى سەل ئېچىلىپ تۇرىدىغان ئايال ئىدى. ئۇنىڭ دادىسى سالاھىدىن ئۆز ۋاقتىدا شەھەرلىك سودا ئىدارىسىنىڭ باشلىقى بولۇپ ئىشلىگەن ئادەم ئىدى. ئۇ يىللاردا شەھەرلىك سودا ئىدارىسىگە باشلىق بولۇشنىڭ ئۆزى ھەقىقەتەن كىچىك ئىش ئەمەس ئىدى. بۇنداق ئورۇندا سىز ئۇن - ماي، گۈرۈچ، ھاراق - تاماكا دېگەندەك نەرسىلەرنىڭ خىجالىتىنى كۆرمەيتتىڭىز. خالمۇراتنىڭ دادىسى قۇناخۇن سەنەۋۋەرنىڭ دادىسى سالاھىدىن بىلەن ئاغىنە ئىدى. قۇناخۇن ھېيت - بايراملاردا سالاھىدىننىڭ پايدىسىنى كۆرۈپ تۇراتتى.

يىللار ئۆتتى. سالاھىدىننىڭ قىزى چوڭ بولدى. قۇناخۇن ئاغىنىسى سالاھىدىن بىلەن سۆزلىشىپ ئۇنىڭ قىزىنى ئوغلى خالمۇراتقا ئېلىپ بەردى. قۇناخۇندىكى يېتەكچى ئىدىيە مۇنداق ئىدى: ئوغۇل بالىغا ھوقۇقى بار، پۇلى بار، ئاش - ناندىن خىجالەت بولمايدىغان ئادەملەرنىڭ قىزىنى ئېلىپ بېرىش كېرەك. مۇشۇنداق بولغاندا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى بەختلىك بولىدۇ. يېگەن نېنى چىرايىغا چىقىدۇ، ھەرقايسى جەھەتتىن ئىلگىرىلەيدۇ، ئىستىقبالىمۇ ئىگە بولالايدۇ، دەيتتى. دەسلەپكى يىللاردا ئۇلارنىڭ تۇرمۇشى ھەقىقەتەن قۇناخۇن ئويلىغاندەك بولدى،

تۇرمۇشى ياخشى ئۆتتى، باللىق بولدى. لېكىن ئۇلارنىڭ باللىرى چوڭ بولغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى بارغانسېرى يىراقلاشقىلى تۇردى. خالمۇرات سەنەۋۋەرنىڭ مەنىۋىيىتىدىن ئۆزىگە كېرەكلىك نەرسىنى تاپالمىدى. ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭغا بىردىنبىر كېرەك بولۇۋاتقان نەرسە گۈلبوستان ئىدى. گۈلبوستان بىلەن خالمۇراتنىڭ بۇنداق ھېسسىياتىغا ئۇلارنىڭ چوڭ بولغان مەھەللىدىكى بۇلۇڭ - پۇچقاقلار، باغۇ بوستانلىقلار، ئېرىق - ئۆستەڭلەر گۇۋاھ ئىدى. ئۇزۇن يىللارنىڭ ئالدىدىكى بارلىق ھېسسىياتلار، كۆرۈنۈشلەر، بەكمۇ گۈزەل ئەسلىمىلەرگە ئايلىنىپ، خالمۇراتنىڭ مەنىۋىيىتىنى ئولجا قىلىۋالغانىدى.

كەچلىك تاماقتىن كېيىن سەنەۋۋەر يەنە خالمۇرات بىلەن پاراڭلاشتى. ئۇ ئېرىنىڭ پات - پات گۈلبوستان بىلەن پاراڭلىشىپ، كۆرۈشۈپ تۇرىدىغان ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن، ئېرىگە تېخىمۇ يېقىنلىشىپ ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئېلىشقا كىرىشكەنىدى.

— ئەمدى سىز بىلەن بىزگە بۇنداق ئىشلار ياراشمايدۇ، خالمۇرات. ئۆيىمىزنى تۇتايلى، باللىرىمىزنى باقايلى. بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم! — دېدى سەنەۋۋەر ئېرىنىڭ كۆزىگە قاراپ، — ئائىلىمىزنى قوغدايلى.

— ئائىلىمىزنى قوغدايلى دەمسەن؟ مېنىڭچە مۇشۇ ئائىلىنىڭ قوغدىغۇچىلىكى بارمۇ؟ راست گەپ قىلسام، بىز ھەقىقىي ئەر - خوتۇنلاردىن ئەمەس، سەنەۋۋەر، — دېدى خالمۇرات سەنەۋۋەرگە سوغۇق قاراپ.

— ئەمىسە مۇشۇ گەپلىرىڭىزنى يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدا دېسىڭىز بولماسمىدى؟ شۇ ۋاقىتتا نېمە ئۈچۈن دېمەيسىز؟

— سەن سورىمساڭ قانداق دەيمەن؟ مېنىڭ بېشىمنى

ئاغرىتما، سەنەۋۋەر. مەن سېنى بېقىۋاتقىنىم يوق، سەنمۇ مېنى بېقىۋاتمايسەن. ھەممىمىز ئۆزىمىزنىڭ جېنىنى ئۆزىمىز بېقىۋاتىمىز. مەندىن سوراق سورىساڭ بولمايدۇ.

— مەن سىزگە سىزنى مەن بېقىۋاتىمەن دېگەن گەپ قىلمىدىمغۇ؟ مېنىڭ ئادەتتە مۇشۇنداق گەپ قىلمىدىغانلىقىمنى بىلىسىزغۇ؟ ئەمدى سىزگە بىرەر ئېغىز گېپىممۇ ئېغىر كېلىۋاتامدا؟ ئۇنداق قىلسىڭىز بولمايدۇ، خالمۇرات. مەن ياشلىق ھاياتىمنى پۈتۈنلەي سىزگە بېغىشلىغان، سىز ئۈچۈن خازان بولدۇم، ئاناردەك چىرايىم سىز ئۈچۈن سارغايدى. ئەمدى مېنى تاشلىۋەتسىڭىز مەن قانداق قىلىمەن؟ سىز ئۆزىڭىزنىلا ئويلىسىڭىز بولامدۇ؟ بالىلىرىمىز قانداق قىلىدۇ؟ ئۇلاردا نېمە گۇناھ؟ ئۇلارغا زەربە بەرسىڭىز قانداق بولىدۇ؟ مېنىڭ يا سىزنىڭ ئالدىڭىزدا توغرا ئۆتكەن يېرىم بارمۇ؟ سىزگە قارا سانىغان يېرىم بارمۇ؟ مەن سىزگە ئىككى ئالەم سادىق. مۇشۇنداق پاكلىقىنىڭ بەدىلىگە سىز مېنى تاشلىۋەتسىڭىز بولامدۇ؟ مەن بىر ئۆمۈر پاك ئۆتكەنلىكىم ئۈچۈن مۇشۇنداق بەدەل تۆلىسەم بولامدۇ؟ مەنمۇ ئويۇن ئويناشنى ياخشى بىلىمەن. ماڭىمۇ نۇرغۇن پۇرسەت چىققان. لېكىن مېنىڭ غۇرۇرۇم، ۋىجدانىم كۆتۈرمەيدۇ. مەن ئۇنداق ئىش قىلسام بولمايدۇ. مەن سىزنىڭ يۈزىڭىزنى تۆكسەم بولمايدۇ. چۈنكى سىز مېنىڭ بىردىنبىر تۇۋرۇكۇم. مەن سىزنى دەپ ياشايمەن، كۈلىمەن، سىزگە ئىشىنىمەن. سىز بىلىسىز، ئۆز ۋاقتىدا بىز توي قىلغاندا بىزنىڭ ئائىلىنىڭ ئەھۋالى سىلەرنىڭ ئائىلەڭلارنىڭ ئەھۋالىدىن ياخشى ئىدى. تويلۇقنى ئاساسەن دادام ئۆزى تەييارلىغان. دادام بىزنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىمىزغىمۇ بەك ياخشى ياردەم قىلىدىغان ئاشۇنداق ۋاقىتلاردىمۇ مەن ھەممە ئىشتا سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قاراپ كەلدىم. مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى مېنىڭ سىزگە بولغان

سادىقلىقىمنى، پاكلىقىمنى ئىسپاتلىمامدۇ؟ مانا ئەمدى باللار چوڭ بولدى. ئالىي مەكتەپتە ئوقۇۋاتىدۇ. مۇشۇنداق ۋاقىتتا سىز ھېسسىيات، مۇھەببەت دەپ يۈرسىڭىز سەت ئەمەسمۇ؟

— سەت بولمايدۇ، سەنەۋۋەر. تېخى بەك چىرايلىق بولىدۇ! قىسقىغىنە جاھان بۇ، ھەممىمىز ئۆلۈپ كېتىمىز. شۇڭا راست گەپ قىلىش كېرەك. ھېسسىياتقا، مۇھەببەتكە ئاسىيلىق قىلىشقا بولمايدىكەن. مېنىڭ ھاياتىمنى مەنىسىز ھايات دېسە بولىدۇ. مەن ھېسسىياتىمنى دادام ئۈچۈن قۇربان قىلىۋەتكەن. ئەگەر دادام مېنىڭ تويۇمغا ئارىلاشمىغان بولسا، ئەركىنلىكىمنى قولۇمغا بەرگەن بولسا ئىككىمىز بىر ئۆيدە بولۇپ قالمايتتۇق. بىز ئۈچ بالا ئانىمىزدىن بەك كىچىك قالغان. ئاپام ئۆلۈپ كەتكەندىن كېيىن بىزنى دادام بېقىپ چوڭ قىلغان. باللىرىم ئۆگەي ئانىنىڭ ئالدىدا بوينى قىسىلىپ قالمىسۇن دەپ دادام بىر ئۆمۈر ئايال ئالماي ئالەمدىن ئۆتتى. بۇ ئىشلارنى مەن ساڭا ساناقسىز قېتىم سۆزلەپ بەرگەن. شۇڭا مەن تويۇمدا دادامنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالغان. بۇ تەرىپىنى ئىلگىرى مەن ساڭا دېمىگەن. ئەمدى مەن بۇ ئىشلارنى ئاياغلاشتۇرىمەن، دادامنىڭ ھېسسىياتى ئۈچۈن ياشاپ بولدۇم، ئەمدى ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتى بويىچە ياشايمەن…

— ئالدىراپ كەتمەڭ، خالمۇرات. ياخشى ئويلىشىڭ، ئۆزىڭىزگە قىلىپ قويىسىز. مەن سىز ياخشى كۆرىدىغان، چوقۇنىدىغان ئاشۇ گۈلبوستاننى كۆردۈم. ئۇمۇ ماڭا ئوخشاش قېرىپ چىشى قالمىغان خوتۇن ئىكەن. ئۆزىڭىزنى تۇتۇۋېلىڭ.

— گەپ چىشتا ئەمەس، سەنەۋۋەر، گەپ كۆڭۈلدە…

— مېنىڭ كۆڭلۈمنىڭ نەرى يارىمدى سىزگە، خالمۇرات؟ قېرىغاندا نېمە سەتچىلىك بۇ؟ — دېدى سەنەۋۋەر.

— مۇمكىن ئەمەس، سەنەۋۋەر. بىز ئەمدى بىر ئۆيدە بولالمايمىز. مەن كىچىكىمدىن جاپا - مۇشەققەت ئىچىدە چوڭ

بولغان. تويدىن كېيىن تۇرمۇشۇم ياخشى ئۆتتى، لېكىن ھېسسىياتىم جاڭگال ئىچىدە قالدى. مەن ھەقىقىي مۇھەببەتكە ئىگە بولالمىدىم. بىز چىرايلىق ئاجرىشىپ كېتەيلى. ۋارقىراشمايلى، خۇددى بىز ئۆز ۋاقتىدا خۇشال ـ خۇرام توي قىلغانغا ئوخشاش خۇشال ـ خۇرام ئاجرىشىپ كېتەيلى...

— نېمە دەۋاتىسىز، خالمۇرات؟ سىز مۇشۇ ئالەمدە بىرەرسىنىڭ كۈلۈپ تۇرۇپ ئاجراشقان ئىشىنى كۆرگەنمۇ؟ ئاڭلىغانمۇ؟ بىرى كۈلسە، بىرى يىغلايدىغان جاھان ماۋۇ! — دېدى سەنەۋۋەر.

— ئەگەر سەن يىغلاپ تۇرۇپ ئاجرىشىمەن دېسەڭ ئۇ ئۆزۈڭنىڭ ئىشى. مەن ئەمدى كۈلۈپ ياشاشنى باشلايمەن. ئاجرىشىش يامان ئىش ئەمەس.

— ئەگەر مېنى قويۇۋېتىپ ئايدەك بىر قىز تاپقان بولسىڭىز مەن قايىل بولاتتىم. چۈنكى مەن قېرىپ قالدىم. لېكىن سىز كۆيگەن ئاشۇ موماينى مەن بىلىمەن، كۆزىنىڭ نۇرى قالمىغان مومايكەن ئۇ...

— بۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى. سەن ئۇنى چۈشەنمەيسەن. گەپ كۆزدە، قاشتا، چاچتا ئەمەس، گەپ يۈرەكتە. تاز بولسىمۇ كۆڭلۈڭ تارتسا ئۇ مەڭگۈلۈك ئالەمدە بىر پەرى! — دېدى خالمۇرات.

— مەن ئاجراشمايمەن.

— ئەمىسە مەن ئۆيدىن چىقىپ كېتىمەن...

سەنەۋۋەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ سەل جىددىيلەشتى. ئۇ ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى. ئۇ خالمۇرات بىلەن توي قىلغان يىلدىن باشلاپ ئائىلىدە ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلەپ كەلگەنىدى. مانا خالمۇراتنىڭ بۇ تۇيۇقسىز ئۆزگىرىش ئۇنى ھەقىقىي گاڭگىرىتىپ قويدى. ئۇ ئاجراشمايمەن دەپ چىڭ تۇرۇۋالدى ھەم خالمۇراتنىڭ

ئاغىنىلىرىنى ئىزدەپ ئۇلاردىن ياردەم سورىدى. ئاخىرقى ھېسابتا خالمۇرات ئاغىنىلىرىنىڭ گېپىنى يېمىدى. خالمۇرات: «دۇنيادا ئارىلاشقىلى بولمايدىغان بىرلا ئىش بار، ئاغىنىلەر، بۇ بولسىمۇ ئەر - خوتۇن ئوتتۇرىسىدىكى مۇشۇنداق ماجىرا. سىلەر ئەڭ ياخشىسى مېنىڭ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلار» دېدى. ئۇ ئۆينى سەنەۋۋەرگە تاشلاپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.

## يىگىرمە ئىككىنچى باب

# خالمۇراتنىڭ غەيرىتى

خالمۇرات قايتا ـ قايتا ئويلىنىپ سەنەۋۋەر بىلەن چىرايلىق ئاجرىشىپ كەتتى. ئۇلار رايونغا كىرىپ نىكاھتىن ئاجرىشىش رەسمىيىتىنى ئۆتىدى. خالمۇرات سەنەۋۋەر بىلەن دەرۋازىنىڭ ئالدىدا خوشلاشتى.

— بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، سەنەۋۋەر. بىز دۈشمەنلەردىن ئەمەس. بىز بىر ـ بىرىمىز بىلەن دۈشمەنلەشسەك بولمايدۇ. بىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالالايمىز. نىكاھ بىزنى بىر ئۆمۈر قۇچاقلاشتۇرالمىدى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن دوستلۇق بىزنى قۇچاقلاشتۇرالىسۇن. بىر ـ بىرىمىزنىڭ يامان گېپىنى قىلىشمايلى، مەيلى قانداق بولمىسۇن بىز ئوتتۇز يىلغا يېقىن ئۆي تۇتتۇق.

— سىز بىر ئادەمنىڭ يۈرىكىگە پىچاق تىقىۋېتىپ ھېچ ئىش كۆرمىگەندەك ئۇنىڭ تىترەپ تۇرغان لەۋلىرىگە سۆيۈپ ئوينايسىزكەن، مەن بۇرۇن سىزنى پەقەت چۈشەنمەپتىكەنمەن! — دېدى سەنەۋۋەر قايغۇرۇپ.

— ئىككى ئادەم ئۇزۇن يىل بىر كارىۋاتتا ياتسا بىر ـ بىرىنى چۈشىنەلمەي قالىدىكەن، ئۇلار بىر ـ بىرىدىن ئايرىلغاندا ئاندىن قەدرىگە يېتىدىغان ئوخشايدۇ...

— بۇ جاھان تېخى ئۇزۇن، خالمۇرات. سىزنىڭ ياشاپ كەتكىنىڭىزنىمۇ كۆرەرمەن تېخى! — دېدى سەنەۋۋەر خالمۇراتقا

ئالىيسپ.

— ھەرقانداق ئىشىڭ بولسا مېنى ئىزدە، مەن چوقۇم ياردەم قىلىمەن، — دېدى خالمۇرات.

سەنەۋۋەر ئۈزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى. خالمۇرات سەنەۋۋەر بىلەن خوشلىشىپ يولىغا راۋان بولدى.

چۈشتە خالمۇرات گۈلبوستانىنىڭ دۇكىنىغا بېرىپ ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار كەچتە بىر مېھمانخانىدا ئۇچرىشىدىغان بولدى.

— ئەمىسە كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە تېلېفون قىلىمەن، — دېدى خالمۇرات گۈلبوستانىنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ تۇرۇپ.

— ماقۇل، — دېدى گۈلبوستان چىرايلىق كۈلۈپ.

كەچتە قاراڭغۇ چۈشكەندە ئۇلار شەھەرنىڭ سىرتىدىكى «قاتناش مېھمانخانىسى» غا كىرىپ جايلاشتى. گۈلبوستان خالمۇراتنىڭ تەلىپى بويىچە تاكسىغا چۈشۈپ كەلگەنىدى. ئۇلار بەكمۇ خۇشال ئىدى. ئۇلار قايتىدىن ياشلىق باھارىغا قايتقاندەك خۇشال ئىدى. خالمۇرات گۈلبوستانىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ، ئۇنى كارىۋاتقا ئەكېلىپ ئولتۇرغۇزدى.

— دۇكانىنىڭ سودىسى قانداقراق؟ — دېدى خالمۇرات گۈلبوستانىنىڭ چاچلىرىنى ئويناپ تۇرۇپ.

— يامان ئەمەس، قىزلارنىڭ پوپايكىسى بەك ئۆتۈۋاتىدۇ. ھازىر قىزلارنىڭ مودا كىيىملىرى بەك ئىتتىك مېڭىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— بۇ ياخشى ئىش. ياش ۋاقتىدا كىيگۈسى كەلگەن كىيىملەرنى ئېلىپ كىيىۋېلىش كېرەك. بولمىسا چوڭ بولغاندا ماڭا ئوخشاش پۇشايمان قىلىدۇ. ئەگەر يىگىت ۋاقتىمدا ھازىرقىدەك كاللام بولغان بولسا، مەن سىزگە ئۆز قولۇم بىلەن

بىرنەچچە چىرايلىق پوپايكا ئېلىپ بەرگەن بولاتتىم، — دېدى خالمۇرات.

— بۇ گەپنى ياخشى قىلدىڭىز، خالمۇرات. ئەگەر ئاشۇ يىللاردا ئىش بىز ئارزۇ قىلغاندەك بولغان بولسا ئۆز ۋاقتىدا قورسىقىمىز تويمىسىمۇ جەننەتتە ياشىغاندەك ياشىغان بولاتتۇق. لېكىن تەقدىرنىڭ ئارغامچىسى بەك رەھىمسىز كەلدى. مېنى خالىمايدىغان بىر ئادەمنىڭ پۇتىغا باغلاپ قويدى. مەن يېقىندىن بېرى تەقدىر ئۈستىدە ئويلىنىۋاتىمەن. ئادەم تەقدىرنىڭ ئالدىدا ھامان ئاجىزلىق قىلىدىكەن، بىز ھامان تەقدىرنىڭ سىرلىق ئارغامچىسى ئاستىدا ياشايدىكەنمىز!

— مەن بۇ گېپىڭىزگە تامامەن قوشۇلۇپ كەتمەيمەن، گۈلبوستان. ئادەم ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى يارىتىشنى بىلىشى كېرەك، تەقدىر بىزنى يەرگە قارىتىۋالسا بولمايدۇ. مەنمۇ بۇرۇن تەقدىر توغرىسىدا سىز دېگەندەك ئويلايتتىم، كېيىن بۇ قارىشىمنىڭ خاتالىقىنى ھېس قىلدىم. مەسىلەن، يېقىندا مەن بىرنەچچە ساۋاقداشلار بىلەن پاراڭلىشىپ قالدىم. سىز سەدىردىننى بىلىسىز، ھازىر ئۇ كاتتا باي بولۇپ كەتتى، لېكىن مەكتەپتە ئۇنىڭ ئوقۇشى ئەڭ ناچار ئىدى. ئۇ ئۆزىنى تاشلىۋېتىپ يۈرەتتى. لېكىن جەمئىيەتتە چىققاندا قانداقلارچە پۇل تېپىپ كەتتى؟ ئەمەلىيەتتە ئۇ ئۆزىنى تونۇپ يەتتى. ئۆزۈمنى بۇنداق تاشلىۋەتسەم بولمايدىكەن دەپ ئۆزىنىڭ تەقدىرىنى ياخشىلاش يولىدا تىرىشتى. مانا بۇ ئەڭ ياخشى مىسال. شۇنداق ئەمەسمۇ؟

— ئۇغۇ شۇنداق. لېكىن شۇنىڭدىمۇ ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشاشمايدۇ. بەزىلەر شۇ ۋاقىتتا، شۇ شارائىتتا تەقدىرىنى ئۆزگەرتەلەيدىغان پۇرسەت بىلەن شارائىتقا ئىگە بولالايدۇ. بەزىلەر ئۇنداق شارائىتقا ئىگە بولالمايدۇ. شۇڭا ئوخشاشمىغان ئادەملەرنىڭ تەقدىرى ئوخشاش بولمايدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— مەن سىزنىڭ گېپىڭىزگە قوشۇلىمەن، گۈلبوستان،

پۇرسەتنى تۇتالمىغان ئادەم ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدىكەن.
مۇنداق بىر ئىشقا ئەقلىم ھەيران: مەكتەپتە كەپسىز، ناچار ئوقۇغان باللار كېيىن جەمئىيەتكە چىققاندا ئاسانلا يول تېپىپ كېتىدىكەن، مۇشۇ بىر سىر ئىكەن! — دېدى خالمۇرات.
— مەسىلەن، سەدىردىن سىز دېگەن ئاشۇنداق باللارنىڭ تىپى. مەكتەپ ئۇلارنىڭ تېتىك، شوخ مىجەزىنى كۆتۈرمىگىنى بىلەن، جەمئىيەت ئۇلارنىڭ مىجەزىگە يېشىل چىراغ يېقىپ بېرىدىكەن. ئۇلار بازاردا تېز يول تېپىپ كېتەلەيدىكەن! — دېدى گۈلبوستان.
— شۇنداق، — دېدى خالمۇرات. ئۇ كارىۋاتتا يانپاشلاپ ياتتى، ئاندىن گۈلبوستاننى قېشىغا تارتتى، — ئادەم قىزىق نەرسىكەن، گۈلبوستان. بالا ۋاقتىمىزدا چاققانراق چوڭ بولساق دەيدىكەنمىز. چوڭ بولغاندا ياشلىق باھارىمىزنىڭ قەدىرسىز ئۆتۈپ كەتكەنلىكى ئۈچۈن قايغۇرىدىكەنمىز. ئادەم مۇرادىغا يېتەلمەيدىكەن، گۈلبوستان، ياشىماق ھەقىقەتەن بەك تەس ئىكەن، بولۇپمۇ ھەقىقىي ھېسسىياتنىڭ نۇرىدا ياشىماق بەك تەس ئىكەن. كۆلۈپ يۈرگىنىمىز بىلەن دەردىمىز ئىچىمىزدە قالىدىكەن! مەن كۆپ ئويلاشتىم، مۇھەببەتسىز تۇرمۇشنىڭ ئەھمىيىتى بولمايدىكەن. ئادەمنى پۇلغا سېتىۋالغىنى بىلەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىنى، ئۇنىڭ مۇھەببىتىنى پۇلغا سېتىۋالغىلى بولمايدىكەن...
گۈلبوستان خالمۇراتنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.
خالمۇرات تۇكىنى ئۆچۈرۈۋەتتى. قاراڭغۇ دۇنيا ئۇنىڭ ئۈچۈن يورۇق دۇنياغا ئايلاندى. ئۇ ئۆزىنى ئەڭ بەختلىك ھېس قىلدى. گۈلبوستان ئۇنىڭ ئالىقىنىدا كېپىنەككە ئايلاندى، ئۇ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىدە ئۇچۇۋاتاتتى. قاراڭغۇ ئىچىدە گۈلبوستان خالمۇراتنىڭ چىرايىدىن تارقىلىۋاتقان ئىللىق نۇرنى كۆردى. ئۇنىڭ كۆزلىرى تېخىمۇ روشەنلەشتى. ئۇ قاراڭغۇ ئىچىدە

مەنسۇيىتى يورۇق ئادەمنىڭ قەلبى بىلەن سۆزلىشىۋاتاتتى. گەپلەرنىڭ ھەممىسى ھەرىكەتكە ئايلىنىپ كەتتى. ئۇلار ھەرىكەت ئارقىلىق يۈرەكلىرىنى تۇنجى قېتىم ئۇچراشتۇردى... «مەن ئەسلىي ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا بېرىۋېتىدىغان نەرسىنى كېچىكىپ ئوتتۇز يىلدىن كېيىن بەردىم. مانا بۇ تەقدىر. ئەگەر مەن تاي بىلەن ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولسام مۇشۇ ئالەمدە بىر قېتىم بولسىمۇ خالمۇراتنىڭ بېغىدا مەست بولاتتىم...» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— ئاھ، گۈزەل قاراڭغۇ! — دېدى خالمۇرات ئۇلۇغ تىنىپ.

# يىگىرمە ئۈچىنچى باب

# ئاجىز بەندىلەر

تاي سەل ئالدىراپ قالدى. ئۇنىڭ ئىچىدە ئوت كۆيۈۋاتاتتى. ئۇ قايتا ـ قايتا ئويلاشقاندىن كېيىن خالمۇرات بىلەن كۆرۈشتى. تاي ئۆزىنى تۇتۇۋېلىپ ئۇنىڭ بىلەن پاراڭلاشتى.

— تـوۋا دەيمەن، خالمۇرات. مۇشۇ ئالىقاندەك شەھەردە مېنىڭ خوتۇنۇمنى يوگەن سالىدىغان ئادەم چىقىدىكەن! — دېدى تاي خالمۇراتقا ئالىيىپ.

— گۈلبوستاننىڭ گېپىنى قىلىۋاتامسەن دەيمەن، ئاداش؟ — دېدى خالمۇرات.

— بىلىدىكەنسەن ـ دە!

— بىلگۈچىلىكىم بار، سەن بىلەن ئاجرىشىپ كېتىپتۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم! ؟

— ئاجرىشىپ كەتسىمۇ مېنىڭ خوتۇنۇم ـ دە! — دېدى تاي.

خالمۇرات كۈلۈپ كەتتى.

— كۈلمەسەنغۇ؟

— ئادەم ئـاڭـلـىـمـىـغـان گـەپـنى ئاڭلىغاندا كۈلگىسى كېلىدىكەن!

— تېخى سېنىڭ ئاڭلىمىغان گېپىڭ جىق، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن ساڭا خېلى جىق نەرسىلەرنى ئۆگىتىپ قويىمەن! — دېدى تاي.

— گۈلبوستاننىڭ سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتكۈچىلىكى بار

ئىكەن، تاي!

— قانداق دەيسەن؟

— سەن بەك زومىگەر ئىكەنسەن. ئەگەر سەن ئۇنى ياخشى كۆرگەن بولساڭ بۇنداق زومىگەرلىك قىلمىغان بولاتتىڭ. ماڭا ئوخشاش ئۇنى چىن دىلىڭدا سۆيۈپ ئاسرىغان، ھۆرمەت قىلغان بولاتتىڭ. مەسىلەن، مەن گۈلبوستاننى ناھايىتى ياخشى كۆرىمەن. مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن باشلاپ ئۇنى ياخشى كۆرىمەن. كۆزۈمنى يۇمۇپ تۇرۇپمۇ ئۇنىڭ جامالىنى كۆرەلەيمەن. ئۇ ھەقىقىي بىر ئايال. ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ئۇنىڭ نۇرلۇق جامالى مېنىڭ قاراڭغۇ قەلبىمنى يورۇتۇپ كەلدى. مەن ئۇنى چۈشىنىمەن، سەندىن ياخشى چۈشىنىمەن. ئىككىنچىدىن، گۈلبوستاننىڭ غۇرۇرى بار، غۇرۇرى بولغاچقا سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. مېنىڭچە، سەن ئۇنىڭ بۇ تەرەپلىرىنى چۈشەنمەيسەن، تاي. ئەگەر چۈشەنگەن بولساڭ، سەن ئۇنى قولۇڭدىن چىقىرىپ قويمىغان بولاتتىڭ. ئۈچىنچىدىن، ئۇ دوستلۇقنى، مۇھەببەتنى قەدىرلەيدۇ. قەلبىنىڭ چوڭقۇر يېرىدە ئۆزىنىڭ ھەقىقىي مۇھەببىتىگە سادىق بولۇپ ياشايدۇ. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى قەلبىدىكى ئەڭ گۈزەل ئارزۇسىنى ئۇنتۇماي كەلدى. ئەكسىچە سەندە بۇنداق نەرسە يوق. سەن بۇ جاھاننىڭ مۇھەببەتلىرىگە كۆرسەم خۇمار، قولۇڭغا چىققان نەرسىگىلا ئىشىنىسەن، بۇ نەرسە مېنىڭ ئەمەس، ئۇنداق قىلسام بولمايدۇ دېيىشنى بىلمەيسەن. شۇڭا ئاخىر مۇشۇ كۈنگە چۈشۈپ قالدىڭ. ئەگەر گۈلبوستان سەن ئۈچۈن شۇنداق مۇھىم بولغان بولسا، سەن نېمە ئۈچۈن ئۇنى ئۆزۈڭگە قارىتالمايسەن؟ تۆتىنچىدىن، ئۇنىڭدا مۇستەقىل ياشاش غەيرىتى بار. بۇنداق باتۇرلۇق ھەممە ئادەمدە بولۇۋەرمەيدۇ. بولۇپمۇ ئاياللاردا ئاز بولىدۇ. ئۇ روھىي جەھەتتىكى ئالدامچىلىقتىن قۇتۇلۇش ئۈچۈن سەن بىلەن ئاجرىشىپ كەتتى. نۇرغۇنلىغان ئاياللار بار، ئۇلار

مۇشۇنداق غەيرەتكە كەلمىگەنلىكى ئۈچۈن مۇشۇ كۈنلەردىمۇ يەنە ئۆلگەن كۆڭۈلنىڭ كۆلىدە مىلىنىپ ياتىدۇ. بۇ بىر ئايال ئۈچۈن ھاقارەت ئەمەسمۇ! نومۇس ئەمەسمۇ! ئۆلۈم ئەمەسمۇ! گۈلبوستان مۇشۇنداق ھاقارەتتىن، نومۇستىن ھەقىقىي قۇتۇلۇپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ ياشاشنى باشلىۋالغان ھەقىقىي بىر ئايال. مەن ئوتتۇز يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭغا مۇشۇنداق ئىشىنەتتىم، ھازىرمۇ مۇشۇنداق ئىشىنىمەن. مەن ئۇنىڭ ساپ بوشلۇقىدا لاچىندەك پەرۋاز قىلالىغان، ئۇ ھەم مېنىڭ قانات ئاستىمدا جەننەتنىڭ بارلىق گۈللىرى بىلەن سۆيۈشۈپ پاك خىسلىتىنى يېتىلدۈرگەن. ئاشۇ كۆرۈنۈشلەر ماڭا بىر ئۆمۈر ئەڭگۈشتەر بولۇپ كەلدى. مەن ئەمەلىي تۇرمۇشتا ئۇنىڭ قولىنى تۇتۇپ نان يېرىپ ياشىيالمىغىنىم بىلەن مەنىۋىيىتىمدە ئۇنىڭ روھىي دۇنياسىدا ياشاپ كەلدىم. چۈنكى ئۇ مېنىڭ بارلىق يىللىرىمنىڭ ھەم بارلىق كۈنلىرىمنىڭ كۆلەڭگىسى. مەنمۇ شۇنداق، ئۇمۇ مېنىڭ قەدەملىرىمدىكى بارلىق گۈللەرنى ئەسلىيەلەيدۇ. مەن كۈلسەم ئۇمۇ كۈلىدۇ، ئۇ ناخشا ئېيتسا مەن ياشلىق باھارىمنىڭ دەرۋازىسى يوق باغچىلىرىمنىڭ ھەربىر تۈپ ئالمىسىنى ئەسلىيەلەيمەن. بىر ئەر ئۈچۈن مۇشۇنىڭدىنمۇ ئارتۇق بەخت بولسۇنمۇ؟...

تاي ئۇنىڭ ئاغزىغا قاراپلا قالدى.

— مەدداھەدەكلا سۆزلەپ كەتتىڭغۇ، خالمۇرات، ئاجايىپ بىر گەپلەرنى قىلىپ كەتتىڭغۇ؟ ئېلىشىپ قالمىغانسەن؟

— مەن ساق، تاي، خاتىرجەم بول، ئەمدى سەن ئېلىشىپ قالساڭ ئېلىشىپ قالسەنكى، ھەرگىز مەن ئېلىشىپ قالمايمەن. ئەمدى يىللار مۇشۇنداق ئۆتىدۇ. سەن يىغلايسەن، مەن كۈلىمەن!

— ئۇ خام خىيالىڭ، خالمۇرات، گۈلبوستانىنىڭ تىرىكىمۇ مېنىڭ، ئۆلۈكىمۇ مېنىڭ. پىچاق دەسلەپتە مېنىڭ قولۇمدا

ئــــدى، هـــازىرمۇ مېنىڭ قولۇمدا. گۇلبوستان مېنى ياخشى چۈشىنىدۇ. مەندىن ئۆتمىدى ئەمەس ئۆتتى. ئۇ زاۋۇتتىن قايتىپ ئۆيدە بولۇپ قالغاندىن كېيىن مەن ئىلگىرىكىگە ئوخشاش ئۇنىڭ كۆڭلىنى ئالالمىدىم. هازىر ئويلىسام مەن ئاشۇ ۋاقىتتىن باشلاپ ئۇنىڭ بىلەن ياتلىشىپ قاپتىمەن. مانا ئەمدى مەن ئۇنى قايتىدىن ئالىقىنىمغا ئالىمەن. ئۇنى ئەڭ سۈزۈك سۇدا باقىمەن...

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، تاي. سېنىڭ ئۆستىڭىدە ئەمدى سۈزۈك سۇ يوق. بۇرۇن پىچاق سېنىڭ قولۇڭدا بولغان بولسا مانا ئەمدى پىچاق گۇلبوستاننىڭ قولىدا...

— بۇ سېنىڭ خام خىيالىڭ، خالمۇرات، ئاياللاردا ھەرگىز تـــاللاش ھوقۇقى بولمايدۇ، شۇڭا ئۇلار ئاجىز، شۇڭا ئۇلارغا ئۆزۈن چـــاچ ياراشقان. ئاللاتائالا ئۇلارنى جورىسىنىڭ قولىغا قارىتىپ يارانقان...

ئۇلار ئۆزۈنغىچە مۇشۇنداق سۆزلەشتى. ھېچكىم ھېچكىمنى قايىل قىلالمىدى. تاي ئۆزىگە بەك ئىشىنەتتى. خالمۇراتمۇ ئۆزىگە ئىشىنەتتى. ئۇلار بىر - بىرىگە ئالىيىپ خوشلاشتى...

## يىگىرمە تۆتىنچى باب

# قەمەر بىلەن گۈلبوستاننىڭ سۆھبىتى

گۈلبوستاننىڭ سودىسى ناھايىتى ياخشى ئىدى. تايىنىڭ دادىسى تۇرسۇن ئۇنى پات ـ پات يوقلاپ تۇردى ھەم ئۇنىڭغا مەدەت بېرىپ، ئۇنى ئىقتىسادىي جەھەتتىن قوللاپ كەلدى. تۇرسۇننىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشى بىلەن ھاۋاخان گۈلبوستان بىلەن پاراڭلىشىپ ئۇنى ئوغلىنىڭ ئەمرىگە قايتۇرۇش ئۈچۈن تىرىشتى، لېكىن بۇ ئىشنىڭ نەتىجىسى بولمىدى. گۈلبوستان مەن ھازىر بۇ ئىشنى ئويلاشمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى. لېكىن ئۇ يوشۇرۇن ھالدا خالمۇراتنىڭ كۈچلۈك قوللىرى بىلەن پات ـ پات كۆرۈشۈپ تۇردى. بىر كۆڭۈل بىر كۆڭۈلنى ئىزدىگەندە ئادەملەر كۆپ ھاللاردا ئوڭ قولى بىلەن سول قولىنى ئالماشتۇرۇپ قوياتتى. دېمەك، ئاسماندىن چۈشكەن سۇ بىلەن يەردە ئېقىۋاتقان سۇ ئارىلىشىپ كەتكەن قۇياش ئاستىدا ھەرقانداق بىر ئادەم غايەت زور ئەقىل ـ پاراسەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.

قەمەر بىرنەچچە قېتىم گۈلبوستاننىڭ دۇكىنىغا كەلگەنىدى. بىر قېتىم ئۇ بىر پوپايكا ئالدى. شۇ قېتىم ئۇ گۈلبوستانغا تونۇشلۇق بەرمەكچى بولۇپ ئۇنىڭ ئالدىغا كەلگەنىدى. گۈلبوستاننىڭ مىجەزىنى بىلمىگەنلىكى ئۈچۈن نىيىتىدىن يانغانىدى. مانا بۈگۈن ئۇ گۈلبوستان بىلەن بىر رېستوراندا كۆرۈشتى. ئۇ گۈلبوستاننى قايىل قىلىپ مۇشۇ رېستورانغا باشلاپ كىرگەنىدى. ئۇلار تاماقتىن كېيىن چاي

ئىچكەچ ئولتۇرۇپ پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى. دەسلەپتە گۈلبوستان قەمەرنىڭ تەكلىپىگە كۆنمىگەنىدى، ئۇنىڭ گېپىگە جاۋاب بەرمەي تۇرۇۋالدى. «‹بىر ياخشىنىڭ، بىر يامانىنىڭ گېپىنى ئاڭلا›، دېگەن گەپ بار، گۈلبوستان، مېنىڭ بىر ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ» دېدى قەمەر. گۈلبوستان قەمەرنىڭ بۇ گېپىگە قايىل بولۇپ ئۇنىڭغا ئەگىشىپ مۇشۇ رېستورانغا كەلگەنىدى.

— توۋا دەيمەن، قەمەر، زامان ئاخىر بولغان ئوخشايدۇ. مەن زامان ئاخىر بولغاندا دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ھەممىسى بىر داستىخاندا ئولتۇرۇپ تاماق يەرمىش دەپ ئاڭلىغان. بۈگۈن ئۆزۈم مۇشۇ كۈننى كۆرۈۋاتىمەن، — دېدى گۈلبوستان قەمەرنىڭ شەھلا كۆزلىرىگە قاراپ.

— بۇ دېگىنىڭىزنىڭ يېرىمى توغرا، يېرىمى توغرا ئەمەس، گۈلبوستان ھەدە، سىز دېگەندەك بولغاندىمۇ ئاياللار ھەرگىز ئاياللارغا دۈشمەنلىك قىلمايدۇ. «ئايال ئايالنىڭ قاياشى» دېگەن گەپ بار ئەمەسمۇ! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— مەن بىرنەچچە قېتىم تايىنىڭ كەينىگە چۈشكەن، ئەگەر شۇ كۈنلەردە سىزنى تۇتۇۋالغان بولسام جېنىڭىزنى ئالاتتىم! — دېدى گۈلبوستان.

— پىچىقىڭىز بارمىتى؟

— ئەلۋەتتە بولىدۇ ـ دە!

— قاراڭ، ئەمەلىيەتتە سىز مەندىن ئورۇنسىز گۇمانلانغان، مېنىڭ ئاتىقىم يامان ئايال، خەقلەر مۇشۇنداق يامان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ماڭا چاپلايدۇ. مەن سىزنى «ماڭا ئىشىنىڭ، گۈلبوستان ھەدە» دەپ ئاۋارە بولمايمەن. مەيلى ئىشىنىڭ، مەيلى ئىشەنمەڭ، مېنىڭ بارىم مۇشۇ. مېنىڭ تاي بىلەن ھېچقانداق غەيرىي مۇناسىۋىتىم يوق، سىز ئويلاپ بېقىڭ، مەن مۇشۇ يېشىم بىلەن تايىنىڭ كەينىدە نېمە قىلىمەن؟ ئۇنىڭ خورەك تارتقىنىنى ئاڭلامدىم؟ ھەممىسى ئىغۋا، بەزىلەر مۇشۇنداق ئىغۋا تارقىتىپ

خەقنىڭ قولىقى سونۇپ كەتكەن قازىنىنى قايىتىپ جىنىنى باقىدۇ. سىز ھازىر ماڭا ئىشەنمەيسىز. لېكىن ۋاقىت، يىللار سىزنى ماڭا ئىشەندۇرىدۇ، — دېدى قەمەر گۈلبوستاننى ئاپلاندۇرۇپ.

گۈلبوستان قەمەرنىڭ گېپىگە ئىشەنگەن قىياپەتكە كىرىۋېلىپ، بېشىنى كۆتۈرۈپ قەمەرگە قارىدى. قەمەر ياسالما ھېسسىياتى بىلەن ئۇنىڭغا قاراپ تۇراتتى. «سېنىڭ راست دەپ قويۇپ گېپىنى ئاڭلاپ باقمامدىم بۇ رەسۋانىڭ» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— خوش، مۇشۇ گەپلەردىن باشقا ئەمدى مېنىڭ سىزگە قول قويىدىغان بىر يېرىم، سىز تاي بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن ئۆز ئالدىڭىزغا ئىگىلىك تىكلەپ ياشىدىڭىز. بۇ ئىشىڭىز نۇرغۇنلىغان ئاياللارنى قايىل قىلدى. ئۆزىمىزنىڭ قازىنى چويۈن بولغىنى بىلەن خەقنىڭ ئالتۇن قازىنىدىنمۇ ياخشى ئەسقاتىدۇ ئەمەسمۇ بۇ ئالەمدە. ئۆزىمىزنىڭ قازىنىدىن باشقا ياخشى قازان يوق، مەن مۇشۇ ھەقىقەتكە ئىشىنىمەن!

— سىز بەك مۇرەككەپ گەپلەرنى قىلىدىكەنسىز، قەمەر.

— ئەمىسە، مەن ئەمدى سىزگە ئۆزىڭىزنىڭ قىلىۋاتقان ئىشلىرىدىن گەپ قىلىپ بېرەي. سودىگەرلىك دېگەن ئەڭ ياخشى كەسىپ. ئۇ ئېلىپ - سېتىپ جان باققىنى بىلەن، ئۇ ئۆزىنىڭ مۇشۇنداق ھەرىكىتى بىلەن ئادەملەرنىڭ مۇناسىۋىتىنى يېقىنلاشتۇرىدۇ. ئادەملەرنى بىر - بىرىگە سۆيدۈرىدۇ. ئۆلۈك، جانسىز ماللارنى جانلاندۇرىدۇ. بۇ بەكمۇ ساۋاب بولىدىغان ئوقەت. سودىگەرلىكنىڭ مۇشۇ تەرەپلىرىنى مەنمەن دېگەن ئادەملەر چۈشىنىپ يېتەلمەيدۇ. ئەرزان بىر خالتا تۇزنى ئالتۇندىنمۇ قىممەتكە ئىگە قىلغان ئادەم ئەنە شۇ سودىگەر. مەسىلەن، سىز مۇشۇ كۈنلەردە كۈزگە تەييارلىق قىلىپ ئاياللارنىڭ ئەڭ مودا خۇرۇم چاپان، خۇرۇم يوپكىلىرىنى

كىرگۈزسىڭىز بولىدۇ. بۇ ھازىرقى بىر بوشلۇق. ھە دېگەندە سىز مۇشۇ بوشلۇقنى ئىگىلىيەلىسىڭىز سودىدا تېز كۆتۈرۈلۈپ كېتىسىز! ئەرلەرنىڭ كىيىم- كېچەكلىرىنى كىرگۈزمەڭ، خاس ئاياللارنىڭ كىيىملىرىنىلا كىرگۈزۈڭ. مۇشۇ كۈنلەردە پۇلنىڭ ھەممىسى ئاياللاردا. پۇلنى ئەرلەر تاپقىنى بىلەن ئۇنى ئاياللار خەجلەيدۇ. سىز مۇشۇ قانۇنىيەت بويىچە ئىش كۆرسىڭىز ھەرگىزمۇ زىيان تارتمايسىز...

گۈلبوستان يالغاندىن ئۇنىڭ گەپلىرىگە قىزىققان بولۇپ خۇشخۇي ھالدا ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇردى. قەمەر تېخىمۇ قىزىپ كەتتى:

— ئەمدى مەن ئۆزۈمنىڭ گېپىگە كەلسەم، گۈلبوستان ھەدە، مەن سىزدىن كىچىك بولساممۇ ئۆزۈمگە تۇشلۇق ئەقلىم بار. گەپنى ئوچۇقلا دەي، خالمۇرات ئىككىڭلار مۇشۇ كۈنلەردە بەك قىزىپ كېتىۋاتىسىلەر، مېنىڭچە، بۇ ئانچە ياخشى ئىش ئەمەس. مەيلى سىز بولۇڭ، مەيلى مەن بولاي، ئەمدى بىزگە ئەر ئەسقاتمايدۇ. بېشىمىز ئون بولسىمۇ ئەمدى بىز ئاشۇ ئالتۇن دەۋرلىرىمىزدە چۆمۈلۈپ ئوينىغان ئۆستەڭلەرنى تاپالمايمىز. تاپقان ھالەتتىمۇ بىز ھۇزۇرلانغان ئاشۇ يىللارنىڭ سۇلىرىغا مەڭگۈ ئىگە بولالمايمىز. شۇڭا كەتكەن نەرسىلەرنىڭ ئارمىنىنى قىلىپ كەينىمىزگە يانساق ھەرگىز بولمايدۇ. ئۆلگۈچە ئالدىمىزغا قاراپ مېڭىشىمىز كېرەك. ماقۇل، سىز خالمۇرات بىلەن ئۆي تۇتۇشمۇ دەيلى، سىز ئۆزىڭىزنىڭ بەدىنىنى يەنە شەكلى ئۆزگەرگەن بىر يىلانغا تۇتۇپ بېرىپ قانچىلىك بەختكە ئېرىشەلەيسىز؟ مەيلى ئايال بولسۇن، مەيلى ئەر بولسۇن ئۇلار يالغۇز ياشىسا ئۇلارئەڭ ياخشى ئادەم. بىر ئەر بىلەن بىر ئايال مۇھەببەت، ئۆي - ماكان دېگەندەك ئىشلارنى باھانە قىلىپ بىر يەرگە كەلدىما، ئۇلار شۇ كۈندىن باشلاپ قالايمىقانلىشىدۇ، ساراڭ بولىدۇ. چۈنكى ئۇلارنىڭ يەيدىغان نېنى ئوخشاش بولغىنى

بىلەن چىشلەيدىغان ئوخشاشمىغانلىقتىن ئۇلارنىڭ تۇرمۇشىدا خاتىرجەملىك بولمايدۇ. مۇشۇنداق بىر ئەمەلىيەت ئىچىدە خالمۇرات سىزگە نېمە ئىش قىلىپ بېرەلىسۇن؟ خالمۇرات نېمە ئۇچۇن ئايالى بىلەن ئاجرىشىپ كېتىدۇ؟ ئۇنى ئازدۇرغان نەرسە ئاشۇ كۆرگىلى بولمايدىغان، تۇتقىلى بولمايدىغان نۇرغۇنلىغان ساپ يۇرەكلەرنى ئازدۇرغان مۇھەببەت! ئەگەر ئۇ سىز بىلەن توي قىلسا ئۇمۇ ئازغان بولىدۇ. سىزمۇ ئازغان بولىسىز! مۇشۇنداق گەپ. سىزچە، ئۆستەڭدە ئاققان سۇنىڭ ھەممىسىنى ئىچكىلى بولامدۇ؟ بولمايدۇ، گۇلبوستان ھەدە. مەن سىزگە ھەقىقىي كۆيۈنۈۋاتىمەن. ئادەم تۇغۇلىدۇ، چوڭ بولىدۇ، ئۆزۈمنىڭ ھېسسىياتىغا، مۇھەببىتىگە سادىق بولىمەن دەيدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۇ بۇ ئىشلارنىڭ بىرىنىمۇ ئىشقا ئاشۇرالمايدۇ. مۇھەببەت دېگەن ئۇ ئەمەلىيەتتە بىر قىلتاق. ئۇ ھەتتا بىر خىيال. مۇشۇ ئىش مۇشۇنداق بولىسىكەن دەيمىز. لېكىن ئۇ ئىش بىز ئويلىغاندەك بولغاندىن كېيىن بىز دەرھال يەنە ئاشۇ ئىشتىن زېرىكىمىز. بۇ جاھاندا مەڭگۈلۈك ئىش يوق. تەبىئەت، يەنى پەسىل بىزگە مۇشۇ ھەقىقەتنى ئۆگىتىش ئۈچۈن بىر - بىرىگە پۇرسەت بېرىدۇ. ئەگەر گۈل بىز دەسسەۋاتقان مۇشۇ زېمىندا ئۈچ يۈز ئاتمىش كۈن ئېچىلىۋەرسە ئۇ ۋاقىتتا ھەممە ئادەم گۈلدىن زېرىكىدۇ، گۈلنىڭمۇ قىممىتى بولمايدۇ. گۈلنى بىزنىڭ كۆزىمىزگە گۈزەل قىلىپ كۆرسىتىۋاتقان نەرسە ئاشۇ ئاپئاق قار. دېمەكچى بولغىنىم، مەيلى خالمۇرات، مەيلى تاي بولسۇن، ئۇلار ئەمدى سىزگە ئاش - نان بولالمايدۇ. سىز تاي بىلەن ياتلىشىپ بولغان، ئەمدى خالمۇرات بىلەن ياتلاشمايمەن دېسىڭىز، ئۇنىڭ بىلەن بولغان گۈزەل كۈنلەرنى ساقلاپ قالاي دېسىڭىز، سىز ئۇنىڭ بىلەن توي قىلماڭ. بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا سىز بىر ماشىنا ئادەمگە ئايلىنىپ قالىسىز. توي ئەمەلىيەتتە بىزنىڭ مەدەنىيىتىمىزدىكى ئەڭ گۈزەل بىر كۆرۈنۈش. بۇ كۆرۈنۈش

بەكمۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بىزنىڭ مەنىۋىيىتىمىزنى ئاسراپ، بېيىتىپ كەلگەن. يىللار ئۆتتى، لېكىن تويغا بايلىق ئارىلاشتى. پۇل ئارىلاشقان ئىشتا گۈزەللىك نېمە ئىش قىلسۇن؟ ئەرلەر قولىدىكى پۇلى ئارقىلىق بىزنى ئۆزىگە قارىتىدۇ ئەمەسمۇ! شۇڭا مەن ئەرلەرگە ئىشەنمەيمەن. ئەر بولمىسا بولمايدۇ، لېكىن ئەرلەرگە بەك ئىشىنىپ كەتسىمۇ بولمايدۇ. دەسلەپتە مۇشۇ جاھانغا بىر - بىرىنى قۇچاقلىغىلى كەلگەن ئادەملەر ئەسىرلەر ئۆتۈپ قورسىقى تويۇپ ئەمدى بىر - بىرى بىلەن چىشلىشىۋاتىدۇ. خاتىرجەم بولۇڭ، گۈلبوستان ھەدە، بۇ جاھاندا توي قىلىدىغانلار ئازلاپ كەتمەيدۇ. مۇھەببەت ئەڭ قەدىرلىك دەپ بىر - بىرىنى پۇراپ يۈرگەن ياش ساراڭلار داۋاملىق توي قىلىشىۋېرىدۇ. ئۇلار بىز بىلگەننى بىلگۈچە جىق بەدەل تۆلەيدۇ. بىزچۇ؟ بىز ھەممە ئىشنى بىلىپ تۇرۇپ تۇيۇق يولغا كىرىۋالساق قانداق بولىدۇ؟ ئەلۋەتتە بىزمۇ ئەرلەرگە يېنىكلىك بىلەن باھا بەرسەك بولمايدۇ. ئۇلارنىڭ ئىچىدە سەرخىللىرىمۇ جىق، لېكىن بىز ئۇنداق سەرخىللىرىگە ئىگە بولالمايمىز. ئەرلەردىكى ئومۇمىي بىر خۇسۇسىيەت ئۇلار كارىۋاتتا بىزنى سىلاپ، يالاپ مۇرادىغا يېتىپ بولغاندىن كېيىن كۆزىنىڭ ئاچچىقىنى چىقىرىۋالغاندىن كېيىن بىزنى قىزىتىپ قويۇپ، ئۆزلىرى بىزدىن زېرىكىدۇ. ئۇلار ئولتۇرۇۋېلىپ بىزگە بۇيرۇق سوقىدۇ. بىزنى كېچە - كۈندۈز ئىشلىتىپ جىسمىمىزنى ئالىدۇ. بىز ھامان ئۇلارنىڭ قولى. بىز مەيلى قانداق ۋاقىتتا بولسۇن تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئۇلارنى مەجبۇرلىيالمايمىز، لېكىن ئۇلار بىزنى مەجبۇرلىيالايدۇ. بىز ئەرلەر جەمئىيىتى بىلەن ئەرلەر كەيپىياتىنىڭ ئىس - تۈتەكلىرى ئىچىدە ياشايمىز. بىز ئۈچۈن ئەرگە تېگىشنىڭ ئۆزى نېمە؟ ئۇ ۋاقىتتا بىز ئائىلە ھېسسىياتى بىلەن تالا ھېسسىياتىنىڭ قوش زەنجىرى ئىچىدە ياشايمىز. زەنجىرنىڭ ئىككىلا ئۇچى خەقلەرنىڭ قولىدا. شائىرلار ئاھ مۇھەببەت، ئۇھ مۇھەببەت، سەن بىزنى

ئاچ قويساڭمۇ بىر ئۆمۈر ئەركىن شېكەر كۆلگە چىلاپ ئويناتتىڭ دەپ ئاتالمىش سەرخىل ئەسەرلەرنى يازىدۇ. ئۇلار بىر تۇركۇم گـۆدەكـلـەرنىڭ ئاجىز ھېسسىياتىنى ئۇسسۇلغا سېلىپ ئۇلارنى كولدۇرلىتىدۇ. ئەمەلىيەتتە ئۆزلىرى يازغان نەرسىگە ئۆزلىرىمۇ ئىشەنمەيدۇ. مەن نىكاھنىڭ ئۆزىگە قارشى ئەمەس، گۇلبوستان ھەدە، لېكىن بىز مۇشۇ كۇنگىچە نىكاھنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلەلمىدۇق. بىز بىلمىگەن نەرسىنىڭ قۇلى بولۇپ ياشاۋاتىمىز. بىزنىڭ قوينىمىزدىكى ئەرلەر ھەقىقىي ئۆزىمىزنىڭ ئەمەس. ئۇ ئېرىمىزنىڭ كۆلەڭگىسى، نەق سۇن ۋۇكۇڭنىڭ ئۆزى، ئەمىسە بـىـز نـېـمـە؟ بىز ئاجىزلارنىڭ ئاجىزى. بىز ئۆمۈچۈكلەرنىڭ ئۆيىدىنمۇ ئاجىز. يۈرىكىمىز بەك ئـاجـىـز، ئـۆيىمىزمۇ بەك ئاجىز...

گۇلبوستانغا تىترەك ئولاشتى. ئۇنىڭ بەدەنلىرىدىن قارا تەر ئاقتى. ئۇنىڭ بېشى قېيىپ كۆزلىرى قاراڭغۇلىشىپ كەتتى، قەمەرنىڭ شاللاق تۇرمۇشىنى پەردازلاپ، دوست تارتىپ قىلغان ۋەزىدىن تولىمۇ يىرگىنىچ ھېس قىلدى. «ئادەمىي جىن ـ شەيتان دېگەن مۇشۇمۇ نېمە!» دېدى گۇلبوستان ئىچىدە.

## يىگىرمە بەشىنچى باب

# ساياھەت كېچىسى

قەمەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى گۈلبوستاننىڭ نېرۋىسىنى قالايمىقانلاشتۇرۇپ قويدى. ئۇ كۆپ ئويلاندى. ئۇ خالمۇراتنىڭ كارىۋىتىدا يېتىپ تاينى كۆز ئالدىغا كەلتۈردى، يەنە تاينىڭ كۆلەڭگىسىدە تۇرۇپ خالمۇراتنىڭ جامالىغا سۆيدى. ئۇ بۇ ئىككى ئەرنىڭ ئوتتۇرىسىدا قالدى. مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ بىرىدە ئۇنىڭ ساۋاقدىشى ئايگۈل ئۇنى ئىزدەپ كەلدى.

— مۇشۇنداق گەپ، ئاداش، ئۇلار سېنى ماڭا مەسئۇل قىلدى. ساۋاقداشلارنىڭ يىغىلىشىنى ئۆتكۈزىمىز دەيدۇ. دېمىسىمۇ بىز يىغىلمىغىلى توپتوغرا ئون يىل بوپتۇ، ئاداش. ھە، قانداق قىلىسەن؟ قاتنىشالامسەن ياكى بىر كۆڭلەك بولسىمۇ سېتىپ پۇل قىلامسەن؟ — دېدى ئايگۈل كۈلۈپ تۇرۇپ.

گۈلبوستان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولدى.

— ياخشى خەۋەر ئەكېلىپسەن، ئاداش، باراي، بىر كۈن بولسىمۇ ساۋاقداشلار بىلەن كۆرۈشۈۋالغانغا يېتەمدۇ! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— خالمۇراتمۇ بارىدىكەن!

— قايسى خالمۇراتنى دەيسەن، ئاداش؟

— قايسى خالمۇرات دەپ كەتكىنىنى، قايسى خالمۇرات بولاتتى، مۇشۇ كۈنلەردە قوينۇڭدا موللاق ئېتىپ، دېسەڭدا ئۇزۇپ ئويناۋاتقان خالمۇرات بولمامدۇ! — دېدى ئايگۈل.

— بۇ گەپنى قىلما، ئاداش.

— سەنمۇ قوش يۈرەك بولۇۋاپسەن - ھە! تاق كۆنلىرى تاي بىلەن، جۈپ كۆنلىرى خالمۇرات بىلەن قوغلاشماق ئويناپ يۈرىدۇ دەيدۇغۇ! — دېدى ئايگۈل كۈلۈپ.

— ئىىغۋا، ئاداش. تۇل خوتۇننىڭ كەينىدىن كىم گەپ تاپمايدۇ دەيسەن.

— سانىيەلەرمۇ بىرنى تېپىۋاپتۇ، مەنمۇ زېرىكىپ كەتتىم. ماڭىمۇ جېنى بارراق ئاداشتىن بىرنى تېپىپ بەرسەڭ بولاتتى، — دېدى ئايگۈل چاقچاق قىلىپ.

— ساۋاب بولاتتى دېمەمسەن!

— راست، ئاداش، چاقچاق ئەمەس!

— بولمىسا تايغا تەگ!

— سەندىن ئاشقانغىما؟

— ئۇنداق دېگىنىڭ بىلەن بەك پەيزى بار ئۇنىڭ.

— يا بولمىسا ئىككىمىز ئالماشتۇرايلى!

— ساراڭ.

شەنبە كۈنى ساۋاقداشلار ئاپتوبۇسقا چىقىپ ساياھەت ئورنىغا قاراپ يولغا چىقتى. ھاۋا ناھايىتى ياخشى ئىدى. ھە دېگەندىلا ئايگۈل ناخشا ئېيتىپ ئاپتوبۇسنىڭ ئىچىنى جانلاندۇرۇۋەتتى. ساۋاقداشلارنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى جۇشقۇن ئىدى. خالمۇرات گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. گۈلبوستان بىردىنلا روھلىنىپ كەتتى.

چۈشكە يېقىن ئۇلار ساياھەت ئورنىغا يېتىپ كەلدى. ئۇلار دەريانىڭ ئۇ تەرىپىدىكى توقايلىققا كىرىپ جايلاشتى. يېقىملىق دەريا سۈيى كۆنپېتىشقا قاراپ ئېقىۋاتاتتى. توقايلىقنىڭ ئايغىنى كۆرگىلى بولمايتتى. پەسىل قۇشلىرى دەريا بويىغا سىپلىنغان ياغاچ ئۆيلەرنىڭ ئۈستىدە ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئادەم خۇمار قۇشلار

ئاپتوبۇسنىڭ ئۈستىگە قونۇۋېلىپ مېھمانلارنىڭ ھەرىكەتلىرىنى تاماشا قىلاتتى.

چۈشلۈك تاماقتىن كېيىن گۈلبوستان ساۋاقداشلىرى بىلەن بىللە دەم ئالدى. ئۇلار خېلى ئۇزۇن ئۇخلىغانىدى. ئويغانغاندىن كېيىن ئۇ باش - كۆزلىرىنى يۇيۇپ ساۋاقداشلىرى بىلەن دەريا بويىغا كەلدى. خالمۇرات ئۇنى دەريا بويىدا كۈتۈۋاتاتتى.

— بەك كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ؟ — دېدى خالمۇرات گۈلبوستانغا قاراپ.

— ئۇخلاپ قاپتۇق...

— ساياھەت ئورنىغا چىقىپمۇ ئۇخلامدۇ؟

— يول بەك يامان ئىكەن. ھېرىپ كېتىپتىمەن.

ئۇلار دەريانى بويلاپ تۆۋەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى. خېلى ئۇزۇن ماڭغاندىن كېيىن ئۇلارنىڭ ئالدىدا يۆلەنچۈكلۈك چوڭ بىر ئورۇندۇق كۆرۈندى. ئۇلار ئورۇندۇقتا ئولتۇردى.

— تەبىئەت نېمىدېگەن گۈزەل - ھە، خالمۇرات، — دېدى گۈلبوستان.

— شۇنداق، گۈلبوستان، مەن دائىم ياشلىق دەۋرىمىزنى مۇشۇنداق گۈزەل تەبىئەتكە ئوخشىتىمەن، — دېدى خالمۇرات.

ئورۇندۇقنىڭ ئەتراپى يۇلغۇنلۇق ئىدى. يۇلغۇنلار بەكمۇ چىرايلىق ئېچىلغانىدى. گۈلبوستان قېشىدىكى يوغان بىر يۇلغۇننىڭ شېخىنى قايرىپ، چېچەكلىرىنى خالمۇراتنىڭ ئالدىغا كەلتۈردى.

— بۇ يۇلغۇن چېچەكلىرى بىزگە ئوخشامدۇ؟ — دېدى.

— ئەلۋەتتە ئوخشايدۇ، — دېدى خالمۇرات.

— مەن دەيمەن، خالمۇرات، ئادەم بىر ئۆمۈر مۇشۇ سۇغا ئوخشاش پاك، مۇشۇ يۇلغۇن چېچىكىگە ئوخشاش گۈزەل ياشىيالىسا نېمىدېگەن ياخشى بولاتتى - ھە! — دېدى گۈلبوستان.

— خاتىرجەم بولۇڭ، گۈلبوستان. مەن سىزنى مۇرادىڭىزغا

يەتكۈزىمەن، — دېدى خالمۇرات.

— مەن يېقىندىن بېرى جىق ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، خالمۇرات. بۇ جاھاندا ھېچقانداق ئادەم مۇرادىغا يېتەلمەيدىكەن، سۈنى ئۆزىمىز لاي قىلىۋېتىپ، ئۆزىمىز سۇزۇلدۇرەلمەي قالىدىكەنمىز...

— مەن بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم، گۈلبوستان...

— چۈشىنىپ قالىسىز، خالمۇرات. سىز بەك ئەقىللىق ئادەم. مەسىلەن، مەن بۇرۇنقى مەن، يەنە بۇرۇنقى مەن ئەمەس، بۇرۇن مەن ئون ياش، ئون بەش ياش، ئون سەككىز ياش، يىگىرمە ياش ئىدىم، ھازىر مەن ئەللىك ياش...

— بۇگۈن بەك مەنىلىك گەپ قىلىۋاتىسىزغۇ، گۈلبوستان؟

— مەن بەزى ئىشلارنى ئويلاپ قېلىۋاتىمەن، خالمۇرات. بىز يىغلاپ تۇغۇلغان، لېكىن كۈلۈپ ياشايمىز، كۈلۈپ ئۆلىمىز دەپ ئاۋاره...

ئۇلار كەچلىك تاماققا بارالمىدى. مۇشۇنداق گەپ - سۆزلەر ئۇلارنى باشقا بىر دۇنياغا ئەكەتتى...

پەسىل قۇشلىرى سۆرەپ كەلگەن قاراڭغۇ توقايلىقنىڭ كۆزلىرىنى يېپىۋالغانىدى. دەريا بەكمۇ تىنچ ئېقىپ كېتىۋاتاتتى. ئاسماندىكى گۈزەل يۇلتۇزلار ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالاتتى. خېلى ئۆزۈندىن كېيىن ئاي يورۇقى دەرياغا چۈشتى. ئاي دەريادا ئۆزۈن بىر يورۇقلۇق پەيدا قىلدى. گۈلبوستان بىلەن خالمۇرات مۇشۇنداق گۈزەل ئاي ئاستىدا خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. گۈلبوستان ئۆزىنىڭ مۇشۇ كۈنگىچە بولغان ھاياتىي تۇرمۇشىنى دەرياغا سېلىپ يۇيۇپ چىقتى. ئۆتكەن يىللار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۇسسۇلغا چۈشتى. ئۇ قەمەرنى كۆرگەندەك بولدى. قەمەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى يەنە ئۇنىڭ قۇلىقى ئەتراپىدا ئاڭلاندى...

«قەمەرنىڭ گېپىگە قانداق قاراش كېرەك؟ بىر ئۆمۈر تۇل

ئۆتۈشۈم كېرەكمۇ يا؟ » دېدى گۈلبوستان ئۆزىگە سوئال قويۇپ.

خالمۇرات ئۇنىڭ قولىنى تۇتتى. ئۇ خىيالىي دۇنيادىن سىرلىق دەريا بويىغا قايتىپ كەلدى. خالمۇرات ئۇنىڭ مەنۋى ھاياتىنىڭ بىردىنبىر بايرىقى ئىدى. ئۆسمۈرلۈك دەۋرىدە ئۇلار بىر كۈنى مۇشۇنداق ئۆستەڭ بويىغا بېرىپ ئويناپ، ھېرىپ ئۇخلاپ قالغانىدى. قاراڭغۇدا ئۇنىڭ دادىسى ۋارقىراپ يۈرۈپ ئۇلارنى ئۆستەڭ بويىدىن تېپىۋالغانىدى. ئەتىسى ئۇ ئاغرىپ قالغانىدى. ئۇنىڭ ئېسىدىن چىقمايدىغان بىر ئىش، بىر كۈنى خالمۇرات ئۇنى يوقلاپ كېلىپ ئۇنىڭغا بىر قۇتا يۇز ماي ئەكەلگەنىدى. كېيىن گۈلبوستان يۇز مايىنى ئىشلىتىپ بولغاندىن كېيىن ئاشۇ كىچىك قۇتىنى ئۇزۇن يىل ساقلاپ كەلگەنىدى...

شامال دەريانىڭ تۆۋەن تەرىپىدە ئۇلارنى يوقلاپ كەلدى. سوغۇق شامال گۈلبوستانغا بەك خۇشياقتى. خالمۇرات قولىنى گۈلبوستاننىڭ بويىنىغا سېلىپ ئولتۇردى.

دەريادىكى ئاي توقايلارنىڭ شاخلىرىنى ئالماشتۇرۇپ ئويناۋاتاتتى. پەسىل قۇشلىرىنىڭ مۇڭلۇق پاراڭلىرى بېسىلغاندىن كېيىن، ئاينىڭ نۇرى ئاستىدا تەسىرلەنگەن بېلىقلار قىرغاققا يېقىن چىقىپ سۇ بىلەن سۆزلەشتى.

— بۈگۈن ئاي نېمىدېگەن يورۇق - ھە! ھەممە كىيىمىنى سېلىۋېتىپتۇ، نېمىدېگەن گۈزەل، كۆردۈڭمۇ؟ — دېدى سۇ ئارام ئېلىۋاتقان بېلىققا.

— كۆردۈم، مەنمۇ شۇ ئاينى دەپ سېنىڭ ئىچىڭدىن چىقىۋالدىم. بولمىسا ھەممە بېلىقلار سۇدا تۇرسا ماڭا قىرغاقتا نېمە بار؟! كۆرمىدىڭمۇ، ئۇ بۈگۈن بارلىق نۇرىنى سېنىڭ ئۈستۈڭگە چېچىپتۇ ئەمەسمۇ! — دېدى بېلىق.

— ئۇنداق ئەمەس. بۇ ئاينىڭ مېنى يورۇتقىنى ئەمەس. سەن مېنىڭ ئىچىمدە، بۇرۇنقى ئىشلارنى بىلمەيسەن، چۈنكى سەن كۆپ ھاللاردا ئاي يوق يەرلەردە ياشاپ قالىسەن. ئاي مېنىلا

ئـەمـەس، ئۇ پۈتۈن زېمىننى يورۇتۇۋاتىدۇ. ئاي بىز ئۇچۇنلا ئەمەس، جىمى ئالەم ئۇچۇن ياشايدۇ، — دېدى سۇ.

— ھە، ئۇ مۇشۇ تاپتا بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلىغانمىدۇ؟

— ئاڭلىدى.

— ئەمىسە نېمە ئۇچۇن ماڭا گەپ قىلمايدۇ؟

— نەچچە مىڭ يىلدىن بېرى مەن ئايغا سەمىمىي سالام بېرىپ كېلىۋاتىمەن. ئۇ مۇشۇ كۈنگىچە ماڭا بىر ئېغىزمۇ گەپ قىلىپ باقمىدى. ئۇ تېخى سېنى بۇگۈن كۆرۈپ قانداق گەپ قىلىدۇ؟ قېشىڭدىكى ئورۇندۇقتا ئولتۇرغان ئايال بىلەن ئەرنى كۆردۇڭمۇ؟ ئاشۇلارمۇ بايامدىن بېرى ئايغا قاراپ ئولتۇرىدۇ. ئاي ماڭا بىرەر ئـېـغـىـز گـەپ قـىـلـىـپ قويارمىكىن دەپ ئارزۇ قىلىۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭمۇ دەردى بار، بىزنىڭمۇ دەردىمىز بار. ئۇلار قۇياش ئاستىدا ياشاپ تۇرۇپ قۇياشنىڭ قەدرىگە يەتمەيدۇ. بىز زېمىننىڭ قوينىدا ياشاپ تۇرۇپ زېمىننىڭ قەدرىگە يەتمەيمىز.

بېلىق دەريانىڭ ئىچىگە كىرىپ كەتتى. ئەتراپ ناھايىتى تىنچ ئىدى. دەريا سۈيى بىلەن ئۇلۇغ شامال بىرنەچچە مىڭ يىلنىڭ ئالدىدىكى تىنچلىقنى ئەكەلگەندى. توقايلىقتىن دەريا بويىغا سۇ ئىچكىلى چىققان پەسىل قۇشلىرى قاتار - قاتار تىزىلدى. ئۇلارنى كۆرگەن ئاسماندىكى يۇلتۇزلار يەرگە چۈشۈپ قۇشلارنىڭ كۆز ئالدىنى يورۇتتى. قۇشلارنىڭ كۆزلىرى ئەۋلىيانىڭ كۆزلىرىدەك پارقىراشقا باشلىدى. گۈلبوستان بىلەن خالمۇرات بۇ ئالامەتلەرنى كۆرۈپ، شۇ مىنۇتلار ئىچىدە مىڭ يىل ياشىغاندەك ھېس قىلدى...

## يىگىرمە ئالتىنچى باب

# قەمەرنىڭ پەلسەپىسى

ۋاقىتنىڭ ئۆتۈشىگە ئەگىشىپ تاي سەل جىددىيلىشىپ قالدى، بولۇپمۇ قەمەرنىڭ گۈلبوستان بىلەن كۆرۈشكەن ئىشىنى ئاڭلىغاندىن كېيىن ئۆزىنى باسالمىدى. ئاخىر ئۇ قەمەر بىلەن كۆرۈشۈشكە مەجبۇر بولدى.

شەنبە كۈنى كەچتە ئۇ قەمەر بىلەن بىر رېستوراندا كۆرۈشتى. ئۇلار رېستوراننىڭ چەتتىكى ئايرىم خانىسىغا كىرىپ ئولتۇردى.

— بارغانسېرى تۇگىشىپ كېتىپسىزغۇ، تاي، مېھمانخانىلاردىن بىرەر ئېغىز ئۆي ئالغۇدەك جىنىڭىز قالمىدىمۇ قانداق؟ — دېدى قەمەر ئۇنىڭغا چاقچاق قىلىپ. ئۇ بۈگۈن شۇنداق چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى.

— بۈگۈن يېنىمغا پارچە پۇل سالماي چىقىپتىكەنمەن.

— ئەمىسە پۇل خەجلىمەيدىغان بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، — دېدى قەمەر قاشلىرىنى ئوينىتىپ.

— ئەمدى قوغلاپ كېلىدىغان خوتۇنىڭىز بولمىغاندىن كېيىن دەڭە! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ياندىاق خوتۇنىڭىزمۇ يوقمۇ؟

— ھەممىسىنى يولغا سېلىۋەتتىم. ماڭا ياندىاق خوتۇن زىيان قىلىدىكەن، — دېدى تاي.

— ئۆزىڭىزمۇ قۇرۇق كارىۋاتقا ئامراق ئادەم، — دېدى

قەمەر تىللىرىنى ئويىنىتىپ.
— ھازىرقى تالادىكى كارىۋاتلارنىڭ قېشىغا كەلگىلى بولمايدىكەن ئەمەسمۇ، قەمەر! — دېدى تاي ئۇنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— كارىۋاتنىڭ ئىچىدە كارىۋات بار ئەمەسمۇ!
— قاشنىڭ ئىچىدە قاش بار دېگەندەك دەڭە! — دېدى تاي.
ئۇلار كۈلۈشۈپ كەتتى.
— راست، تاي، چاقچاق ئەمەس. بىزنىڭ ئۆيگە بارايلى، كارىۋاتتا يېتىپ پاراڭلىشىمىز. مەن مېھمان قىلىمەن، — دېدى قەمەر ناز قىلىپ.
— سىز مېنىڭ مىجەزىمنى بىلىسىز، قەمەر، مەن كارىۋاتتا يېتىپ پاراڭلىشالمايمەن، ماڭا كارىۋات زىيان قىلىدۇ. دەيدىغان گەپنى مۇشۇ يەردە دەۋېتەي. مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، سىز ئەمدى مېنىڭ تۇرمۇشۇمنى قالايمىقان قىلمىسىڭىز بولاتتى...
— تۇرمۇشۇمنى قالايمىقان قىلمىسىڭىز بولاتتى دەمسىز؟ مەن بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىمغۇ!؟
— چۈشىنىسىز، سىز نېمە ئۈچۈن گۈلبوستان بىلەن كۆرۈشۈپ يۈرىسىز؟ مەن سىزگە نېمە قىلدىم؟
— ھە، ماۋۇ ئىش ئىكەن ـ دە. مەن نېمە بولدىكىن دەپتىمەن تېخى! گېپىڭىزنى شائىرلاردەك ئايلاندۇرۇپ يۈرگىچە ئۇدۇللا دېسىڭىز بولمامدۇ؟ كۆرۈشسەم نېمە بوپتۇ؟ كۆرۈشسەم ياخشى ئەمەسمۇ! مەن گۈلبوستانغا قول قويىمەن، تاي. ئۇ بەك جىگەرلىك ئايال ئىكەن. ئىككىمىز ياخشى دوستلاردىن بولۇپ قالدۇق. مەن ئۇنىڭغا ئەرلەرگە بولغان بەزى قاراشلىرىمنى ئېيتىپ بەردىم. بىز ناھايىتى ياخشى پاراڭلاشتۇق. ئۇ مېنىڭ ھەربىر ئېغىز گېپىمنى قۇلاق سېلىپ ئاڭلىدى. ئەگەر بىز بۇرۇنلا تونۇشقان بولساق ئۇمۇ سىز بىلەن ئاجراشمىغان بولاتتى. مەن ئۇنىڭغا مۇنداق دېدىم، ئەرلەر ئۈچ خىلغا بۆلۈنىدۇ.

بىرىنچى خىلى، باتۇر ئەرلەر، ئىككىنچى خىلى، قەيسەر ئەرلەر، ئۈچىنچى خىلى، لۆم ـ لۆم ئەرلەر. بىرىنچى خىل ئەرلەر، ھەرقانداق ئىشتىن يانمايدۇ. ئۇلار كېچە ـ كۈندۈز مەيدىسىنى كېرىپ يۈرىدۇ. ئىككىنچى خىلدىكى ئەرلەر مەنىلىك ياشايدۇ، ئۇلارغا ئىشەنگىلى بولىدۇ. ئۈچىنچى خىلدىكى ئەرلەر ئۆزىنىڭ قارنىدىن باشقا ھېچقانداق ئىش بىلەن كارى بولمايدۇ. مەيلى قايسى خىلدىكى ئەرلەر بولسۇن ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ. ئۇلار بىزنىڭ دوزىخىمىز، ئۇلار بىزنىڭ تىنچ تۇرمۇشىمىزنى بۇزغان، بىزنىڭ ياشلىق باھارىمىزنى يىرتىپ تاشلىغان. بىزنى قولىغا چۈشۈرۈۋالغاندىن كېيىن بىزنى يېرىم ساراڭ قىلىپ قويغان. ئەر دېگەن يىلتىزىدىن ئېيتقاندا ئۇ بىر بۇزغۇنچى. ئۇلار بىر چىرايلىق ئېچىلىۋاتقان گۈلنى ئۈزۈۋالىدۇ. ئۇلار جېدەلگە ئامراق، ئۇلار جېدەل ئىچىدە پۇرسەت كۈتىدۇ. ئۇلار ساددا، ئاق كۆڭۈل ئاياللارنى ئايلاندۇرۇپ ئۇلارنى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋېتىدۇ. بىزنى بەختسىز قىلىۋاتقان نەرسە مانا مۇشۇ! ئەرلەر بىزگە ئىگە بولۇش ئۈچۈن قەسەم ئىچىپ تۇرۇپ ئايدەك چىرايلىق، سۈدەك يېقىملىق گەپلەرنى قىلىدۇ. ئۇلار بىزنىڭ قولىمىزنى تۇتقاندا، بىز سىرلىق گىلەم ئۈستىدە جەننەتكە قاراپ ئۇچۇۋاتقاندەك ھېس قىلىمىز. لېكىن ئەرلەر مەقسىتىگە يېتىپ بولغاندىن كېيىن بىزدىن زېرىكىشكە باشلايدۇ. يىللار ئۆتىدۇ. بىز ئۇلارنىڭ باش ئاغرىقىغا ئايلىنىپ قالىمىز...

— سىز مېنىڭ تۇرمۇشۇمغا ئارىلاشماڭ، قەمەر. كەتكەن ئىش كەتتى. مەيلى مەن سىز دەۋاتقان قايسى خىلدىكى ئەرلەردىن بولاي، مەن ئالدى بىلەن ۋىجدانىم بار ئەر. مەن سىز بىلەن تونۇشۇپ قالغىنىم ئۈچۈن بەك پۇشايمان قىلىۋاتىمەن. مەن ئائىلىنىڭ نەقەدەر مۇھىملىقىنى ھەقىقىي ھېس قىلىۋاتىمەن.

تالادىكى ئويۇن ـ تاماشىلار كۆلگە تاش ئاتقاندەكلا بىر ئىش ئىكەن. تاش كۆلگە چۈشكەندە سۇدا بەك چىرايلىق دولقۇن پەيدا بولىدىكەن. لېكىن بۇ دولقۇن ئۇزۇنغا بارماي تارقىلىپ يوقىلىدىكەن. ئەكسىچە ئائىلە كۆلىنىڭ تېگىگە چۈشكەن تاشقا ئوخشاش مۇستەھكەم بولىدىكەن. ئادەم ئاخىرقى ھېسابتا دولقۇن بولالمايدىكەن، يەنە تاشقا ئوخشاش ياشاش كېرەك ئىكەن. مەن ئەسلىي بىر دېھقانىنىڭ بالىسى ئىدىم، شەھەرگە كىرىپ ئىشچى بولدۇم، زاۋۇتقا باشلىق بولدۇم، ئۆيلۈك ـ ئوچاقلىق بولدۇم. قىزلىرىمنى ياخشى ئوقۇتۇۋالدىم. خۇدايىم بۇيرۇغان بولسا مەن تېخى يېقىندىلا ئۇلارنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇۋالدىم. بىراق گۈلبوستاننى قايىل قىلالمايۋاتىمەن. ھازىر ئائىلىدىكىلەر بىلەن جەمەتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى ماڭا قارشى. مەن سىزدىن ئۆتۈنۈپ قالاي، قەمەر، مەن گۈلبوستان بىلەن ياراشماقچى. ئەمدى سىز ئۇنى ئىزدىمەڭ! — دېدى تاي.

— بۇنداق ئاسان ئىش يوق، تاي. يارىشىۋالىمەن دېسە يارىشىۋالىدىغان. بەخت قۇشى ئەمدى سىزنىڭ بېشىڭىزغا قونۇۋەرمەس. ئېسىڭىزدە بولسۇن، گۈلبوستان بۇرۇن سىزگە خوتۇن بولغان ۋاقىتتىكى گۈلبوستان ئەمەس. ئۇ ھازىر بېشىنى كۆتۈرۈپ ئەركىن ياشايدىغان گۈلبوستان!

— مەن گۈلبوستانغا ئىشىنىمەن. ئۇ مەندىن ئايرىلالمايدۇ، — دېدى تاي.

— مۇمكىن ئەمەس. ئەگەر ئۇنىڭ كۆڭلى سىزدە بولغان بولسا ئۇ سىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتمەيتتى.

تاي قەمەرنى قايىل قىلالمىدى. ئۇلار بىر ـ بىرىگە قاراپ ئۇزۇنغىچە ئولتۇردى.

«تېرەڭگە پاتمىغان تاي، كۆردۈڭمۇ ما ئاھانەتنى… !» دېدى تاي ئىچىدە.

## يىگىرمە يەتتىنچى باب

# ئادەم بولماق تەس

تاي قەمەر بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، قەمەرگە تېخىمۇ ئۆچ بولۇپ قالدى. ئۇ ئوسمان بىلەن كۆرۈشتى.

— مەن ھەقىقەتەن قەمەرنى چۈشەنمەيدىكەنمەن، ئاداش، يامان قانجۇق ئىكەن ئۇ، كۈلۈپ تۇرغىنى بىلەن قورسىقىدا پىچىقى بار ئىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى تاي ئوسمانغا ئالىيىپ.

— ئۆز ۋاقتىدا قورسىقى بىلەن كۆرۈشكەندە پىچىقىنى كۆرمىگەنمۇ؟ — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئۆزۈمنىڭ پىچىقى بىلەن بولۇپ كېتىپ ئۇنىڭ پىچىقىغا قارىماپتىكەنمەن ئەمەسمۇ، ئاداش، — دېدى تاي.

— ئەمىسە ھېچكىمدىن رەنجىمە، ئۆزۈڭدىن كۆر!

— كۆزىنىڭ ئىچىدە كۆزى بار، قورسىقىنىڭ ئىچىدە پىچىقى بار، ئۇچەيلىرى ئىچىدە يىلان بار شاپاقچى ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ! — دېدى تاي.

— مۇنداق دە... بۇرۇن ئۇنىڭ شاپاقچىلىقىنى بىلمەمتىڭ!؟ — دېدى ئوسمان.

— بىلەتتىم...

— ئەمىسە ئۇنى شاپاقچى دېمە، تازنى تاز دېگەندەك بىر ئىش بۇ، نامەردلىك بولىدۇ!

— ئۇ پاسكىنا مېنى بەك ئوينىتىۋەتتى، ئاداش...

— سېنى قەمەر ئويناتمىدى، ئاداش، ئۆزۈڭنى ئۆزۈڭ

ئويناتتىڭ، بۇنداق ئويۇن دېگەننى چاندۇرماي ئوينايمىز ئەمەسمۇ! ئۇنىڭدىن قالسا سېنى خالمۇرات ئوينىتىۋەتتى، گۈلبوستاننى ئازدۇرغان گوي ئاشۇ، سەن بۇ ئىشنى مۇشۇنداق چۈشەنسەڭ بولىدۇ.

— ياق، گۈلبوستان ئۇنداق ئايال ئەمەس، ئۇ مۇشۇ يىللاردىن بېرى مېنىڭ كۆلەڭگەمگىمۇ خىيانەت قىلغان ئايال ئەمەس، سەن دېگەندەك ھەممە ئىشنى ئۆزۈم تېرىدىم، ئۆزۈم جىم يۈرگەن بولسام، ماڭا مۇشۇ ئىش يوق.

— ئۆزۈڭ بوشلۇق قىلدىڭ، ئاداش، خالمۇرات دېگەن قانچىلىك نەرسە ئۇ. ھايت دەپ قويغان بولساڭ مەن تۆت ـ بەش ئادەم بىلەن بېرىپ بىر پۇتىنى دەسسىمەيدىغان قىلىپ قوياتتىم ئەمەسمۇ! — دېدى ئوسمان.

— ئۇنداق قىلساق بولمايدۇ. ھازىر دېگەن مۇشت ـ پۇشت بىلەن ئىش پۇتتۇرىدىغان زامان ئەمەس، مەن مۇشۇ كۈنلەردە جىق ئويلاپ كېتىۋاتىمەن، ئادەم دېگەن تىنچ، پاكىز ياشىغانغا يەتمەيدىكەن، يەنە ئۆزىمىزنىڭ خوتۇنى ياخشى ئىكەن، ئاداش...

— سەن سۆزلەپ قاپسەن، تاي، خوتۇن دېگەننىڭ ھەممىسى ئوخشاش، تالانىڭ خوتۇنىمۇ خوتۇن، ئۆينىڭ خوتۇنىمۇ خوتۇن، خوتۇن دېگەن قازانغا ئوخشايدىغان نەرسە، ئۆينىڭ قازىنىدىمۇ تاماق ئەتكىلى بولىدۇ، تالانىڭ قازىنىدىمۇ تاماق ئەتكىلى بولىدۇ.

— بۇ گېپىڭ قاملاشمىدى، ئاداش، تالانىڭ خوتۇنى قانداقمۇ ئۆينىڭ خوتۇنىغا ئوخشايدۇ؟ تالانىڭ خوتۇنى سەن بىلەن بىزنىڭ پۇلىمىزنى، مېلىمىزنى ئېلىش ئۈچۈنلا ئارىلىشىدۇ، ئۆزىمىزنىڭ خوتۇنى بىز بىلەن بىللە ياشاش ئۈچۈن ئۆزىنى بەخشەندە قىلىدۇ. ھەممە ئىشلارنى كۆردۇقغۇ، ئاداش، يېشىمىز ئەللىككە باردى، ئاداش، قاچان ئادەم بولىمىزكىنتاڭ؟

— ئادەم بولۇپ نېمە قىلىمىز، ئاداش، ئادەم بولىمىز

دېسەك بىرلا قازانغا قاراپ ئولتۇرىمىز شۇ. مۇشۇ كۈنلەردە بازار قىزىسىپ كەتتى. يەنە بىر مەزگىل ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ يۈرمەيمىزمۇ، يەنە ئۇن يىل ناينىاقشىۋالايلى، ئاداش.

— ماڭا يول كۆرستەمدىكىن دېسەم دەۋاتقان گېپىڭنى قارا، سەن ئوغۇل بالىچىلىق قىلىپ يۈرسەڭ يۈرۈۋەر، مەن ئەمدى گۈلبوستاننى ئىندەككە كەلتۈرمىسەم بولمايدۇ.

— ئۇ ئاسان، ئاداش، خوتۇن خەق دېگەن ئۈچكە مېيى مىجەز، ۋاي دەپ قويساڭ شۇ هامان ئېرىپ كېتىدۇ، خوتۇنۇڭ بىلمەيدىغان بانكىدىكى پۇللىرىڭنى دەپ بېرىدىغان بولساڭ دەرهال كېيىنىڭدىن ماڭىدۇ!

— دېمەي قالدى دەمسەن، قورۇ - جايىنىڭ ئىشلىرىنىمۇ دېدىم.

— ئەمىسە مەن خالمۇراتنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرەيمۇ؟

— هەرگىز ئۇنداق قىلما، ئاداش، ئىش تېرىۋالىمىز...

— ئەمىسە گۈلبوستاننى موللىغا ئوقۇتامدۇق؟ بويىنىكېسكتىكى[1] تۇراخۇنقارى ئالامەت ئوقۇۋېتىدۇ...

---

① بويىنىكېسك — غۇلجا شەهرىدىكى مەهەللە نامى.

## يىگىرمە سەككىزىنچى باب

# توپا يەيدىغان شەيتان

قەمەر چۈشتە گۈلبوستاننىڭ دۇكىنىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشتى. ئۇ گۈلبوستاننى قۇچاقلاپ تۇرۇپ، ئاپئاق يۈزىنى گۈلبوستاننىڭ بوغداي ئۆڭلۈك يۈزىگە يېقىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇ تاتلىقتىنە كۈلۈپ، گۈلبوستاننىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— كۆزلىرىڭىزنى بىرى بىرنېمە قىلغاندەك قىلىدىغۇ، گۈلبوستان ھەدە؟ — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— ساراڭ قىز! نېمە دېگىنىڭىز بۇ!

— ھازىرقى ئەرلەر بەك ئەسكى، گۈلبوستان ھەدە، قىلمايدىغان قىلىقى يوق ئۇ ساراڭلارنىڭ...

— مۇشۇمۇ گەپمۇ! قويۇڭە سىزنى! ھە، ئىشلەۋاتامسىز؟

— ئىشلەۋاتىمەن، ئىشىمىز ياخشى، شۇ مېھمان كۈتۈۋاتىمىز، يۇقىرىدىن مېھمانلار بەك جىق كېلىۋاتىدۇ، مەنسىپى چوڭراق مېھمانلار كەلسە ئىدارىدىكىلەر مېنى ئالدىغا ئىتتىرىپ قويىدۇ، مەن پۈتۈن جان ـ جېنىم بىلەن مېھمانغا ماسلىشىمەن، ئاخشىمى ياتىقىغا بارغاندىن كېيىن كۆڭلەكلىرىنى يۇيۇپ بېرىمەن، ئاندىن بېلىگىزنى تۇتۇپ قوياي دەپ كۆڭلىنى ئالىمەن، ئاندىن داسقا چىلاپ يۇيىمەن، مۇشۇنداق گەپ، مۇشۇنداق قىلمىساق ئىش پۈتمەيدۇ. سىز مېنىڭ ئىشىمنى سورىمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، گۈلبوستان ھەدە، مېنىڭ ئىشىمنى

خەقلەرگە دەيدىغان گەپ ئەمەس! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— شۇ... سىزنىڭ ئىشىڭىزنى سورىمىسام بولىدىكەن ئەمدى... نېمىدېگەن سەت ئىش بۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— بىزنىڭ ئىدارىدە بۇنداق ئىشلار ۋاشاڭ بولۇپ كەتتى، گۈلبوستان ھەدە، سەت ئىشلار بىلەن چىرايلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئارىلىشىپ كەتتى، بىز كىچىك ۋاقتىمىزدا ئاپام بىزگە بۇغداينىڭ ئۇنى بىلەن قوناقنىڭ ئۇنىنى ئارىلاشتۇرۇپ نان يېقىپ بېرىدىغان، بىز ئۇنداق ناننى جەۋەندە دەيتتۇق. ھازىر نۇرغۇنلىغان ئىشلارمۇ مۇشۇنداق جەۋەندە بولۇپ كەتتى. ئاقمىكىن دېسىڭىز ئىچىگە قارا ئارىلىشىپ كەتكەن، قارىمىكىن دېسىڭىز ئاق يەرلىرى كۆرۈنۈۋاتقان. جان باقماق تەس بولۇپ كەتتى. سەھرادا بىر تۇغقىنىمىز بار ئىدى، قىزى بۇ يىل ئالىي مەكتەپكە ئىمتىھان بېرىپ ئۆتۈپتىكەن، ماللىرىنى سېتىپ قىزىنى يولغا سالىمىز دەپ كىرىپتۇ، قول ـ ئىلكىدە پەقەت يوق ئادەملەر ئىدى. قىزىڭلارنى ئوقۇتماڭلار، بەش يىل ئوقۇسا ئاز دېگەندە قىرىق ـ ئەللىك مىڭ سوم پۇل كېتىدۇ، ئوقۇشنى پۈتتۈرگەندىن كېيىن خىزمەتكە ئورۇنلاشماق تېخى تەس، قىزىڭلارغا مەن شەھەردە بىر دۇكان ئېچىپ بېرەي، ئوقەت قىلسۇن دېسەم پەقەت ئۇنىمىدى. ئاتا ـ ئانىلىرىغۇ كېلىپ قالىدىغاندەك قىلىدۇ. قىزى بەك چىڭ تۇرىۋالدى. مەن زادى ئوقۇيمەن، تەتىلدە ئۆزۈم ئىشلەپ پۇل تېپىپ ئوقۇيمەن، ئوقۇپ دوختۇر بولىمەن دەپ تۇرىۋالدى، مۇشۇ كۈندە نېمە تولا دوختۇر تولا. ئەگەر مېنىڭ گېپىمگە كىرسە بەش يىلدىلا باي بولۇپ كېتەتتى ئۇ قىز، ساۋاتى چىققاندىكىن بولمىدىمۇ! — دېدى قەمەر.

— بۇ گېپىڭىز تازا توغرا بولمىدى، قەمەر، ئوقۇسا ياخشى ئەمەسمۇ! ئەسلى ئۇ قىزغا ياردەم قىلىپ ئوقۇتسىڭىز بولىدۇ تېخى! — دېدى گۈلبوستان.

— هازىر شەھەردە مەكتەپ پۈتتۈرۈپ كەلگەن ئون مىڭغا يېقىن ئوقۇغۇچى بار، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ئىش كۈتۈپ تۇرىدۇ، ئىش يوق، ئورۇن يوق، ئۇلار بىز ئوقۇدۇق، ياخشىراق بىر يەردە ئىشلەيمىز دەيدىكەن، ئايلىق ئىشلەيدىغان، يىللىق ئىشلەيدىغان، پارچە - پۇرات مۇلازىمەت قىلىدىغان ئىشلارنى ياراتمايدىكەن، ئوقۇغان ئادەم ئەقىللىق، ئەمەلىيەتچان بولۇشى كېرەك ئىدى، ئىشنى كىچىكىدىن باشلاشنى بىلىشى كېرەك ئىدى. لېكىن بىزنىڭ بالىلىرىمىزنىڭ كۆپىنچىسى «ئۈچامدا چاپان، يوق ئىتىم مارجانبۈۋى» دېگەندەك غادىيىۋالىدىكەن، قانداق ئىشكىنتاڭ بۇ. ياكى بىزنىڭ كاللىمىزدا چاتاق بار، ياكى ئاشۇ بالىلارنى ئوقۇتۇۋاتقان ئوقۇتقۇچىلار ئىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى، ئوقۇغانسېرى نان قېپى بولۇپ قالسا، ئۇنى ئوقۇتمىغان ياخشى ئەمەسمۇ!

— سىزنىڭ گېپىڭىزمۇ توغرا، قەمەر، خىزمەت مەسىلىسى ئەڭ مۇھىم مەسىلە، بۇ شەھەردە يا تۈزۈكرەك كارخانىلار بولمىسا، قانداق قىلىدۇ ئەمدى، — دېدى گۈلبوستان.

— بىز ئالىي مەكتەپتە ئوقۇغان دېگەن جارىنى تاشلىۋەتسىچۇ، گۈلبوستان ھەدە، قىلىدىغان ئىش جىق! ھازىر بەزىلەر ياشىنىپ قالغان ئاتا - ئانىسىغا قارايدىغان ئادەم تاپالمايۋاتىدۇ، مۇشۇ ئىش ئەمەسمۇ؟ بەزىلەر ئادەم تەكلىپ قىلىپ بالىلىرىنى ئوقۇتۇۋاتىدۇ، ئاشۇ ئىش ئەمەسمۇ؟ ئائىلە مۇلازىمىتىگە ئادەم تەكلىپ قىلىۋاتىدۇ، ئاشۇ ئىش ئەمەسمۇ؟ بازارغا چىقىپ ئۆگەنسە، ئارىلاشسا بىرنەچچىسى بىر بولۇپ مۇزاكىرىلەشسە نېمىشقا ئىش تاپالمايدىكەن؟ گەپ يەنە ئۆزىمىزدە، گۈلبوستان ھەدە، — دېدى قەمەر.

— ئەسلىي سىزنى شەھەر باشلىقى قىلىپ قويسا بوپتىكەن، قەمەر، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— مەن قانداق شەھەر باشلىقى بولالايمەن، گۈلبوستان

ھەدە، مەن بىر بۇزۇق تۇرسام! — دېدى قەمەر كۇلۇپ.
— ئاستا گەپ قىلىڭ… توۋا ماۋۇ قىزنى! — دېدى گۇلبوستان ياقىسىنى چىشلەپ.
— قورقماڭ، ھەدە، مېنى ھەممە ئادەم بىلىدۇ، ئالدىمدا كۇلۇپ ھىجىيىپ ۋاي قەمەر دېگىنى بىلەن، كەينىمدە ئاقچى جالاپ، كۆكچى جالاپ دەپ تىللايدۇ. مېنىڭ مىجەزىمنى ھەرھالدا بىلىپ قالدىڭىزغۇ، مەن خوتەنلىك مىجەز ئادەم، بىرنى بىر دەيمەن، — دېدى قەمەر.
— بولدى، قەمەر، باشقا گەپ قىلىشايلى… ھە، چۈش بولۇپ قاپتۇ، يۈرۈڭ، ئاشخانىغا كىرىپ تاماق يەيمىز، — دېدى گۇلبوستان قول سائىتىگە بىر قارىۋېتىپ.
— شۇ، ئەسلى مەن سىزنى مېھمان قىلىمەن دەپ كەلگەن، باشقا گەپكە چۈشۈپ كېتىپتىمەن، مۇنداق قىلايلى، بىر دوستۇم ئىدارىسىگە ئىستاژىنى سېتىۋېتىپ ئاشخانا ئېچىۋالغان، خوشاڭغا بەك ئۇستا، خوشاڭنى بىز ئۆيدە پىشۇرغاندەك پىشۇرمايدۇ، تۇگۇپ بولۇپ قازاندا قايناۋاتقان مايغىلا تاشلايدۇ، مايدا چالا پىشۇرۇۋېلىپ، ئاندىن قايتا دۇملەيدۇ، قىيمىسىنىڭ دورا ـ دەرمەكلىرى بەك تېتىيدۇ، ئاغزىڭىزدا قالىدۇ زادى، يۈرۈڭ، دۇكاننى تاقاڭ، مەن سىزنى ئاشۇ دوستۇمنىڭ ئاشخانىسىغا باشلاپ باراي، — دېدى قەمەر.
— يۈرۈڭ ئەمىسە، يېمەي تۇرۇپلا شۆلگەيلىرىم ئېقىپ كەتتى، ئاشۇ دوستىڭىزنىڭ ئاشخانىسىغا بارايلى، — دېدى گۇلبوستان.
— ئەمىسە دۇكاننى تاقاڭ، ھەدە.
قەمەر تالاغا چىقتى، گۇلبوستان دۇكىنىنى تاقىدى. ئۇ قەمەرگە ئەگىشىپ ماڭدى.
— ئۇ دوستىڭىزغا ئىدارىسىدىن قانچە پۇل بېرىپتۇ؟ — دەپ سورىدى گۇلبوستان يولدا كېتىۋېتىپ.

— دوستۇمنىڭ ئېتى خاسىيەت، توقسان مىڭ سوم بېرىپتۇ!

— ھەر ھالدا ياخشى، ئەڭ ياخشىسى ئىش ـ ئوقەت قىلغىنى ياخشى بولۇپتۇ، قولغا لوق چۈشكەن پۇلنىڭ بەرىكىتى بولمايدۇ، ئىستاژنى سېتىۋەتمەي دەم ئېلىشقا چىققان بولسا، پېنسىيە مائاشى بىلەن ياخشى ئۆتەتتى،— دېدى گۈلبوستان.

— ئۇلارنى پېنسىيىگە چىقارمايدىكەن، گۈلبوستان ھەدە، جېدەل قىلىپ يۈرۈپ ئاشۇ توقسان مىڭ سوم پۇلنىمۇ ئاران ئالدى تېخى! — دېدى قەمەر.

ئۇلار خاسىيەتنىڭ ئاشخانىسىغا يېتىپ كەلدى. خاسىيەتنىڭ ئاشخانىسى شەھەرلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ ئۇدۇلىدا ئىدى. ئۇلار ئاشخانىغا كىرىپ تۇرۇشىغا، خاسىيەت ئۇلارنى قارشى ئالدى.

— بۇياققا كېلىڭلار، قەمەر، يۇقىرى ئولتۇرۇڭلار، — دېدى خاسىيەت قىزغىن ھالدا. خاسىيەت ئېگىز، سېمىز چوكان بولۇپ، يوغان كۆزلىرى بەكمۇ چىرايلىق ئىدى.

— سوداڭ قانداقراق، ئاداش؟— دېدى قەمەر جوزىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ بولدى.

— يامان ئەمەس، ئاداش، مىدىرلاپ تۇرساق بىر گەپ بولىدىكەن، — دېدى خاسىيەت ئۇنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ.

كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قۇيدى.

— مەن ساڭا بۇ ھەدىمىزنى تونۇشتۇرۇپ قوياي، ئېتى گۈلبوستان، بازاردا دۇكىنى بار، ھېلىقى مەن ساڭا گېپىنى قىلىپ بەرگەن ھەدىمىز مۇشۇ،— دېدى قەمەر.

— ھە… گۈلبوستان سىز بولىدىكەنسىز ـ دە! قەمەر ماڭا گېپىڭىزنى قىلىپ بەرگەن، ياخشى كېلىپسىز، تونۇشۇپ قالايلى! — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ.

— ھە، ئېرىڭ ئانچە ـ مۇنچە ياردەملىشىۋاتامدۇ؟ — دېدى

قەمەر.

— ئۇ ساراڭنىڭ گېپىنى قىلما، ئاداش، ياردەملىشىش ئۇياقتا تۇرسۇن، ئاشخاناڭنى تاقىۋەت، ئۆيدە ئولتۇر، سېنى گۇلدەك باقىمەن دەپ بېشىمنى ئاغرىتىۋاتىدۇ.

— ئۇ ساراڭنىڭ گېپىگە ھەلا دەپ قوي، ئاداش، ئۇ سېنى ئۆيگە سولاپ قۇل قىلىۋالغۇسى بار، مۇشۇ تۇرقۇڭدا ئۆيدە يەپ - ئىچىپ ئىككى يىل تۇرساڭ مومايلاردەك دوڭغاقلاپ ماڭىدىغان بولۇپ قالىسەن، ئۇ ۋاقتىدا پۇشايمان قىلساڭمۇ ئورنىغا كەلمەيدۇ. ئەيسا تالادىن شۇم مايماقتىن بىرنى تېپىۋالىدۇ - دە، سېنى پۇتۇنلەي ئۇنتۇيدۇ،— دېدى قەمەر.

— ئۇنداق دېمە، ئاداش، خۇدايىم ساقلا،— دېدى خاسىيەت.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن. مەن ئەرلەرگە ئۆچ، ئاداش، شۇڭا قايتا تۇرمۇشقا چىقمىدىم، بىر ئەر بىر ئايالغا جىق بولسا ئۈچ ئاي ياخشى مۇئامىلە قىلالايدۇ، تۆتىنچى ئېيىدىن باشلاپ ئۇ سېنى بوزەك قىلىشقا باشلايدۇ. ئۇ يېرىڭىز ئۇنداقكەن، بۇ يېرىڭىز بۇنداقكەن، بۇرۇن كىم بىلەن يۈرگەن، بەدىنىڭىزگە سوغۇق قول تەگكەندەك قىلىدىغۇ دەپ مىجەزىڭنى قالايمىقانلاشتۇرىدۇ، ئاخشىمى ئەركىلىتىپ ئۆز سەنىمىگە سالىدۇ. ئەر دېگەننى چۈشەنگىلى بولىدىغان نەرسە ئەمەس، ئاداش. ئەيسانىڭ گېپىگە ھەرگىز ئىشەنمە، مېنى باقىدىغان پۇلۇڭغا ئايناقلىرىڭغا نەرسە ئېلىپ بەر دە!

گۈلبوستان قەمەرنىڭ گېپىگە چىدىماي، ئىشىك تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— ئەيسا ئۇنداق ئىشلارنى قىلىدىغان ئادەم ئەمەس، ئاداش،— دېدى خاسىيەت كۈلۈپ.

— سەن ئەيساغا ئىشىنىۋاتامسەن؟ توۋا دە، ئاداش. سانىيەنىڭ ئېرى ئۆركەش قانداق بولدى؟ ئەر بولار ئۇنداق مۆمىن

ئەر بولماس ـ ھە! قاچان قارىسام بازاردا كۆكتات ئېلىپ كېتىۋاتقىنىنى كۆرىمەن، چىرايىغا قارىساڭ ھەجىيىپلا تۇرىدۇ، ئاقىۋىتى قانداق بولدى؟ ھەممە ئادەم ياقىسىنى چىشلەپ قالدىغۇ! ئۇنىڭ ئۆيىدىكى قىلىقىنى بىلىسەنغۇ، سانىيە يوغان قاچىلارنى يارىتمايتتى، تۆشۈك ئىشلىرىنى ئۆزى قىلاتتى. ئايالى پولۇ ئەتسە سەۋزىسىنى ئىنچىكە توغرىماپسەن دەپ جېدەل قىلاتتى، ئۇ ئۆيدە خوتۇندەك ئىشلەيتتى، ئاخىرى قانداق بولدى؟ سىرتتا بىر قىز بىلەن خۇپىيانە ئالتە يىل ئۆي تۇتۇپتۇ، ئۇ قىزغا شەھەرلىك ئۆي باشقۇرۇش ئىدارىسىدىن بىر يۇرۇش ئۆي ھەل قىلىپ بېرىپتۇ، بۇ ئىش ھارامدىن بولغان بالىسى بەش ياشقا كىرگەندىن كېيىن پاش بولدىغۇ! بۇنىڭغا نېمە دەيسەن؟ گەپ قىلە ئەمدى…

— ئادەم بىلەن ئادەم ئوخشاشمايدۇ، توۋا دە، ئاداش، مېنى قورقۇتما! — دېدى خاسىيەت كۈلۈپ.

— ئەر دېگەنگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، ئاداش، كونىلار «ئېرىڭگە ئىشەنگۈچە ئىشىكىڭنىڭ ئىلغۇرىغا ئىشەن» دەپتىكەن، ئەگەر ئاشۇ ئۇزۇن تارىختا ئۇلارنىڭ بېشىدىن مۇشۇنداق ئىش ئۆتمىگەن بولسا، ئۇلار بۇنداق گەپ تاپالماس ئىدى، ئاداش، ئېرىڭگە ئىشەنگەن بىرىنچى ئەخمەق!

— ئۆتكەندە بازاردا ئۆركەشنىڭ ئاشۇ بالىسىنى كۆرۈپ قالدىم، بەك چىرايلىق بالا بوپتۇ، ئاداش، — دېدى خاسىيەت.

— نىكاھسىز تۇغۇلغان بالىلار ئاشۇنداق چىرايلىق بولىدۇ، ئاداش، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

گۈلبوستان ئۇلارنىڭ گېپىنى ئاڭلىماي دەپ ئىشىك تەرەپكە قاراپ ئولتۇرۇۋالغانىدى، شۇنىڭدىمۇ ئۇلارنىڭ گېپى ئۇنىڭ قۇلىقىغا كىرىپ تۇردى. ئۇ ئاخىر تاقەت قىلالماي:

— ئۇنداق دېمەڭ، قەمەر، يامان بولىدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ، قالايمىقان گەپ قىلسىڭىز ئاغزىڭىز مايماق چىقىپ كېتىدۇ، — دېدى قەمەرگە.

— خەقلەر قىلسا بولىدىكەن، مەن دېسەم بولمامدۇ، گۇلبوستان ھەدە؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— قالايمىقان گەپ قىلماڭ، قەمەر، توۋا دەڭ، — دېدى گۇلبوستان.
— غەيۋەتكە چۈشۈپ كەتتۇق، ئاداش، نېمە تاماق قىلىپ بېرەمەن؟ — دېدى خاسىيەت قەمەرگە قاراپ.
— خوشاڭ يەيلى، ئاداش، مېيى سىڭگەنىدىن كەلتۇر.
خاسىيەت تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتكەنىدى، قەمەر كۆتىكۆچى قىزنى چاقىرىپ كېلىپ، «يېڭىدىن چاي دەملەپ كېلىڭ» دېدى، ئاندىن سومكىسىدىن كىچىك ئەينىكىنى قولىغا ئېلىپ، قاش - كىرپىكلىرىنى بىرەر قۇر تۈزەشتۈرۈۋالدى.
«بۇ جادۇگەر جاھانغا ئوت قويامدۇ، نېمە؟» دېدى گۇلبوستان ئىچىدە.
خاسىيەت ئىككى تەخسىدە ئىسسىق خوشاڭ كۆتۈرۈپ چىقتى، خوشاڭ شۇنداق چىرايلىق سارغايغانىدى. خوشاڭنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۇلارنى تاماققا كىرىشتۈردى.
— ئەمىسە تاماق ئېلىڭلار! — دېدى خاسىيەت.
خاسىيەت تاماق ئېتىدىغان ئۆيگە كىرىپ كەتتى. ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماق يېيىشنى داۋاملاشتۇردى.
— ئوخشاپتۇ، تاماققا ئۇستا چوكان ئىكەن، — دېدى گۇلبوستان بىر خوشاڭنى يەنە ئاغزىغا سېلىپ.
— بىراق بۇ بودەك بەك سەمرىپ كېتىپتۇ، ئاشخانىدا سەل قارىنىنى تارتمىسا چاتاق، — دېدى قەمەر.
ئۇلار پاراڭ بىلەن خوشاڭغا قىزىق تېگىش قىلىۋاتاتتى، گۇلبوستان تۆتىنچى خوشاڭنى قولىغا ئالغاندا، قەمەر ئۆزىنىڭ ئالدىدىكى خوشاڭنىڭ ھەممىسىنى يەپ بولغانىدى، ئۇ گۇلبوستاننى زورلاپ يۈرۈپ ئالتە خوشاڭنىڭ ھەممىسىنى يېگۈزۈپ بولدى.

— كەچتە تاماق يېمەيدىغان بولدۇم - دە ئەمدى، — دېدى گۈلبوستان.

— خالمۇراتقا خوشالىق ئېلىۋالامسىز، ھەدە؟ — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— جىن، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— خوش، گۈلبوستان ھەدە، قورساقمۇ تويدى، مەن سىزنى بىر ئىش بىلەن ئىزدەپ كەلگەنىدىم، سىزگە مەسلىھەت سالىدىغان بىر ئىشىم بار ئىدى، مېنىڭ قورغاس ئېغىزىدا بىر دوستۇم بار ئىدى، ئۇ يېقىندىن بېرى ئالمۇتادىن پەلتو، پوپايكا، قولاقچا، ئاياغ دېگەندەك ماللارنى ئەكىرىپ ئوقەت قىلىۋېتىپتۇ، چېگرا ئېغىزىدىلا ئۇرۇمچىلىك باللارغا ساتىدىكەن. ئۈچ كۈننىڭ ئالدىدا مەن يۇقىرىدىن كەلگەن بىرنەچچە مېھمانلارغا ھەمراھ بولۇپ چېگرا ئېغىزىغا بارغان، ئۇنىڭ بىلەن شۇ يەردە كۆرۈشۈپ قالدىم، ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلسام، ئۇ دوستۇم ئالمۇتادىن ئەكەلگەن ماللىرىنى ماڭا بېرىدىغان بولدى، مەنمۇ ئاز - تولا ئوقەت قىلىپ قوياي دەۋاتىمەن، ئاشۇ ماللارنى سېتىشتا سىز ماڭا ياردەم قىلغان بولسىڭىز دېمەكچىدىم، — دېدى قەمەر.

— بولىدىغان گەپ ئىكەن، قەمەر، ھازىر ئۇياقنىڭ ماللىرى بەك پۇل بولۇۋاتىدۇ، قانچىلىك مال بولسا ئېلىۋېرىڭ، مەن سىزگە سېتىشىپ بېرەي، ئۇلارنىڭ ماللىرى ھەرگىز يەردە قالمايدۇ، بولۇپمۇ باللارنىڭ پەلتولىرى بەك پۇل بولۇۋاتىدۇ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى كىيىپ يىرتقىلى بولمايدۇ، ئاخىر زېرىكىپ تاشلىۋەتسىڭىز تاشلىۋەتتىڭىز، بولمىسا بالىڭىزنىڭ بالىسىغا قالىدۇ ئەمەسمۇ! بۇ ئىشتىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى گۈلبوستان.

— رەھمەت، گۈلبوستان ھەدە، «قۇشقاچ بولسىمۇ گۆش» دېگەن گەپ بار. خەنزۇلاردا «شياۋمەيمەي خاۋ مەيمەي ‹ ئۇششاق

تىجارەت ـ ياخشى تىجارەت، » دەيدىغان گەپ بار. بىر پۇلۇڭ بولسىمۇ يانچۇقىقا كىرگىنى ياخشى، سىزگىمۇ بولسۇن، مەن ئەكەلگەن ماللىرىمنىڭ باھاسىنى سىزگە توختىتىپ بېرەي، ئۆزىڭىز بازارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ سېتىۋالامسىز! — دېدى قەمەر.

— بۇنداق قىلساق تېخى ياخشى. قەمەر، مەنمۇ بازارنىڭ ئەھۋالىغا قاراپ تۆت ـ بەش تەڭگە تېپىپ خەجلەيمەن، — دېدى گۈلبوستان.

— ئەمىسە گېپىمىز گەپ، گۈلبوستان ھەدە، مەن ئەتىدىن باشلاپ سىزگە مال ئەكېلىپ بېرەي، ئىككىمىز ئىككى دەپتەر تۇتايلى، ھېساب دۇرۇس بولسۇن، — دېدى قەمەر.

— خاتىرجەم بولۇڭ، قانچىلىك مال بولسا سىز ماڭا ئەكېلىپ ئۆتكۈزۈڭ، ھازىر بازار بەك ياخشى، خۇدايىم بۇيرۇسا تۆت ـ بەش تەڭگە پۇل تاپالايمىز، — دېدى گۈلبوستان.

— پۇل تاپقىنىمىز ياخشى، گۈلبوستان ھەدە، مۇشۇ كۈندە پۇلدىن باشقا نەرسىنىڭ ھەممىسى يالغان، مەن مۇشۇ دۇنيادا بىر نەرسىگە ئەڭ ئۆچ، يەنە بىر نەرسىگە ئەڭ ئامراق، پۇلغا ئەڭ ئامراق، ئەرگە ئەڭ ئۆچ، — دېدى قەمەر.

« توۋا، بۇ قانجۇق ئەرگە ئەڭ ئۆچ دەپ تۇرۇپ ئەرلەرنى جايلايدىكىنا! » دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— ئۇنداق دېمەڭ، قەمەر، ياخشى ئەرلەرمۇ بار، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— خالمۇراتقا ئوخشاشما؟

— شۇنداق، خالمۇراتقا ئوخشاش!

— خالمۇراتمۇ چاغلىق، ئەگەر ئۇ ھەقىقەتەن سىزنى ياخشى كۆرسە، قىز ۋاقتىڭىزدا نەدە پادا بېقىپ يۈرۈپتىكەن؟ ھەممىسى قۇرۇق گەپ، قېرىغاندا ئۇخلاپ قوپۇپ دوست تارتقاندەك بىر ئىش بۇ، سىزنى ياخشى كۆرىمەن دېسە ھە دەپ قويۇڭ، سىزدىن نېمە

كېتەتتى، سۇدا بىلىقنىڭ ئىزى قالمايدۇ، ئادەمدە ئادەمنىڭ ئىزى، مېنىڭ يەنىلا سىزگە دەيدىغان گېپىم شۇ، ئۆزىڭىزگە چىڭ بولۇڭ، ھەدە، ئەر دېگەننىڭ يۈزى ئىتنىڭ يۈزىگە ئوخشايدۇ، ھەممە يېرى تۈك، بىز يىغلىغاندا ئۇ گۇيلار كۈلۈپ ئوينايدۇ...

— مۇھەببەت بىر ئىش، تەقدىر يەنە بىر ئىش ئىكەن، قەمەر. مەن خالمۇراتنى مەنمەن دېگەن ئەرلەرگە تەڭ قىلمايمەن!

— چاتاق مۇشۇنداق يەردىن چىقىدۇ، گۈلبوستان ھەدە، ئۆزىڭىزدىن باشقا ئىككىنچى بىر ئادەمگە ئىشەندىڭىزما، سىز شۇ كۈنىدىن باشلاپ يېگەن ئېشىڭىزنىڭ تۇز تەمىنى بىلەلمەي قالىسىز، مەن ئۆزۈم كىچىك بولغىنىم بىلەن جىق ئىش كۆرۈپ كەتتىم، ھەدە، مەن ئۆزۈمدىن باشقا ھېچقانداق ئادەمگە ئىشەنمەيمەن، ھەتتا مۇھەببەت دېگەن مۇشۇ سۆزنى ئىجاد قىلىپ ئۇنىڭغا تەبىر بەرگەن ئادەمنىمۇ ئۆچ كۆرىمەن، مۇھەببەت دېگەن بىر يەمچۈك ئۇ، قىزلار ئەرلەرنىڭ شېرىن سۆزلىرىگە ئالدىنىدۇ، ئۆزلىرىنى ئاشۇ ساختا سۆزگە تۇتۇپ بېرىپ، مەنىۋىيىتىنىمۇ قۇربان قىلىۋاتىدۇ، نەتىجىدە ئۇلار ھېچ نەرسىگە ئىگە بولالمايدۇ، ئەر دېگەن بۇ مەنىۋى كېسەلنىڭ ئىچىدە ياشايدىغان مەخلۇق ئاخىرقى ھېسابتا ساپ قىزلارنىڭ كەلگۈسىنى بىراقلا قوقاسقا پۇچىلاۋېتىدۇ، سىز ئۆز ۋاقتىدا تايكامغا ئىشەنمىگەنمۇ، ھەدە؟ ئاخىر قانداق بولدى؟ سىز نېمىگە ئىگە بولالىدىڭىز؟ سىزگە ئوخشاش مۇھەببەتنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكەنلەر ئازمۇ؟ ئۆزىمىزگە ئىشىنەيلى، پۇل تاپايلى، باي بولايلى، «پۇل بولسا جاڭگالدا شورپا» دېگەن گەپ بار، مۇھەببەتنىمۇ پۇلغا سېتىۋالىمىز، زېرىككەندە جىق بولسا بىرەر كۈنلۈك ئىش ئۇ...

— مەن سىزگە گەپ تېپىپ بېرەلمەيمەن، قەمەر، مېنىڭ تۇتقان يولۇم سىزنىڭ تۇتقان يولىڭىزغا ئوخشاشمايدۇ، مەن

گۈلگە ئىشىنىمەن، ئۇ ئېچىلغانىكەن، چوقۇم ئىككىنچى بىر ئادەمگە تەسىر قىلىدۇ!

— مەنمۇ گۈلگە ئىشىنىمەن، ھەدە، لېكىن گۈل توزۇيدۇ ئەمەسمۇ! ئادەم ھايۋاندىن ئەسكى، ھەدە، ھايۋان ئۇنتۇمايدۇ، ئۇ سىزگە ئۆگىنىۋالسا بىر ئۆمۈر كەينىڭىزدىن چىقمايدۇ، ئادەم مەقسىتىگە يېتىۋالغاندىن كېيىن ھەممىنى ئۇنتۇيدۇ.

— بىز ئايىغى چىقمايدىغان گەپكە چۈشۈپ قالدۇق، قەمەر، بۇ گەپنى قويايلى، — دېدى گۈلبوستان.

— خالمۆراتكامغا دەپ قويۇڭ، بۇ قېتىم «قىزىل ئارال» غا بارغاندا بىر ئاغىنىسىنى باشلىۋالسۇن، قالغان گەپلەرنى شۇ يەردە قىلىشىمىز، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

گۈلبوستان بۇ گەپنى ئاڭلاپ قىزىرىپ كەتتى.

— گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم...

— ھازىرقى ساياھەت ئورۇنلىرىدا كۆزلەر جىق، ھەدە، بىر كۆز كۆرمىسە يەنە بىر كۆز كۆرىدۇ، — دېدى قەمەر.

— ئۇنداق ئەمەس، بىرىنى ئوخشاتقان ئوخشايسىز! گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم.

— مېنىڭ گېپىمنى چۈشەنمىسىڭىز مەيلى، ھەدە، لېكىن مېنى چۈشىنىڭ، كونىلار «ئۆزۈڭنى چىڭ تۇت، قوشناڭنى ئوغرى تۇتما» دەپتىكەن. بىزمۇ ئۆزىمىزنى چىڭ تۇتايلى، ئەرلەرنى ئوغرى تۇتمايلى! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

«ئاللا دېدىم، ماۋۇ جادۇگەرنىڭ گېپىنى!» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— ئەمىسە چىقمىزمۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.

— تاماقنىڭ پۇلىنى كۈتكۈچى قىزغا بېرىپ قويايلى، ھەدە، خاسىيەتنى چاقىرساق پۇل ئالغىلى ئۇنىماي تۇرۇۋالىدۇ، — دېدى قەمەر.

— مەيلى ئەمىسە.

گۈلبوستان يېنىنى ئاختۇرۇپ بولغۇچە، قەمەر چاققانلىق بىلەن تاماقنىڭ پۇلىنى كۆتكۆچى قىزغا تۇتقۇزۇپ قويدى. ئۇلار ئورنىدىن تۇرۇپ ئاشخانىدىن چىقتى.

— ئەمىسە مۇشۇنداق قىلىمىزمۇ، گۈلبوستان ھەدە؟

— شۇنداق قىلايلى، قەمەر.

— ئەمىسە تەڭ پۇل تېپىپ تەڭ ئوينايمىز، ھەدە! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

«شەيتاننى ئۇسسۇلغا سالىدىغان قىز ئىكەن - دە!» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

## يىگىرمە توققۇزىنچى باب

# خالمۇرات بىلەن گۈلبوستان

خالمۇرات بىلەن گۈلبوستان يوشۇرۇنچە بىر يۈرۈش ئۆي سېتىۋالدى. ئۆي بىنانىڭ بىرىنچى قەۋىتىدە ئىدى. خالمۇرات ئەتراپلىق ئويلىشىپ، ئۆينى بىرىنچى قەۋەتتىن ئالغانىدى. ئاتمىش كۋادرات مېتىرلىق ئۆي يەتمىش مىڭ سومغا كەلدى. خالمۇرات تۆت ـ بەش مىڭ سوم خەجلەپ ئۆينى ئاددىي بېزەپ سەرەمجانلاشتۇرۇۋالدى. گۈلبوستان ئۆينىڭ ئاچقۇچىنى قولىغا ئالغاندىن كېيىن، بۇ ئۆيدە خالمۇرات بىلەن خۇپىيانە كۆرۈشۈپ تۇردى، خالمۇرات ئۇرغۇنلىغان تاتلىق كېچىلەردە گۈلبوستاننىڭ ئوخشايدىغان لەززەتلىرى بىلەن قورسىقىنى تويدۇرۇپ بولغاندىن كېيىن، ئازادە يېتىپ ئۇنىڭ مەنىۋىيىتى بىلەن سۆيۈشەتتى، ئاندىن مۇھەببەت دېڭىزىدا بىللە يۈيۈناتتى...

مەيلى يامغۇر ياغسۇن، كۈن چىقسۇن، مۇشۇنداقلا ياخشى كۈنلەر كېلىۋەردى، خالمۇرات بىلەن گۈلبوستان مۇشۇنداق ياخشى كۈنلەرنىڭ ھەربىر سائىتىدە ئۆزلىرىنىڭ ئەڭ قىممەتلىك ئەسلىمىلىرىنىڭ پەردىسىنى يەنە بىر قېتىم ئېچىشقا مۇيەسسەر بولدى. ئۇلار ئاشۇ كۈنلەرنىڭ ھەربىر بەتلىرىنى تولۇق ئوقۇدى، ھەربىر قۇرلىرىدا تەپسىلىي توختالدى. ئاشۇ يىللاردىكى ئاپئاق كەپتەرلەر پەرىشتىگە ئايلاندى، تىنچ، يېقىملىق، مۇڭلۇق، سىرلىق دەريا چەكسىز دېڭىزغا ئايلاندى، ئاندىن دېڭىزنىڭ سۇلىرى ئۇلارنى يۇيۇشقا باشلىدى...

چۈشتىن كېيىن خالمۇرات بازارغا بېرىپ گۆش، چامغۇر، سەۋزە ئېلىپ، گۈلبوستان «مۇھەببەت ئۇۋىسى» دەپ ئىسىم قويغان بۇ بىنا ئۆيگە كەلدى. ئۇ ئالدى ـ كەينىگە بىر قارىۋېتىپ ئىشىكنى ئاچتى، ئاندىن چاقچاقلىق بىلەن ئۆيگە كىرىۋېلىپ، ئىشىكنى يېپىۋالدى. ئۇ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، مېھمانخانىغا چىقىپ تېلېۋىزورنى ئېچىپ قويۇپ، ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆردى، ئۇ بىرئاز دەم ئېلىۋالغاندىن كېيىن، ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ، قازاننى ئېسىپ گاز ئوچاقنى يېقىپ، گۆشنى قازانغا سالدى، ئاندىن چامغۇر بىلەن سەۋزىنى ئاقلاپ يۇيۇپ، سۇغا چىلاپ قويدى.

خالمۇرات مېھمانخانىغا چىقىپ ئولتۇرۇپ، گۈلبوستانغا تېلېفون قىلدى.

— ھە... مەن، «ئۇۋا» دا، بۈگۈن ئەمىسە دۇكاننى بالدۇرراق تاقايسىز، مەن سىزنى كۈتىمەن، ياق، ھېچ نەرسە ئالماي كېلىڭ، قازانغا شورپا سېلىپ قويدۇم، ئۆيدە نان بار ئىكەن، ھە ... شۇنداق بولسۇن ئەمىسە...

خالمۇرات يانفوننى تاقىۋېتىپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى. تېلېۋىزوردا ئامېرىكىنىڭ ھېكايە فىلىمىنى بېرىۋاتاتتى، بىر كېلىشكەن ئەر كارىۋاتتا يېرىم يالىڭاچ بىر چوكاننىڭ لېۋىنى چىشلەپ تۇرۇپ ئۇزۇندىن ـ ئۇزۇن سۆيۈۋاتاتتى...

«مۇشۇ ئامېرىكىلىقلارنى دەيمەن، بەش مىنۇتتا بىر قېتىم سۆيۈشىدىغان خەقكەن بۇ، ھېسسىياتى چوغدەك تەييار ئىكەن ـ دە، بۇ خەقنىڭ» دېدى خالمۇرات ئىچىدە.

خالمۇراتنىڭ تېلېفونى جىرىڭلىدى.

— ھە... مەن، ئاشكۆكىما؟ ياق، ئالماپتىمەن. ئالغاچ كېلىڭ، قازان قايناۋاتىدۇ، ئەمدى سىز كەلسىڭىز ئىككىمىز بىر قاينىۋالساق، — دېدى خالمۇرات چاقچاق قىلىپ، ئۇ گۈلبوستان

بىلەن خوشلىشىپ يانفونىنى يانچۇقىغا سالدى.
بىر سائەتتىن كېيىن، گۈلبوستان يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىپلا:
— شورپىڭىز تازا ئوخشىغاندەك قىلىدۇ، خالمۇرات،— دېدى.
— سەۋزىنى سېلىپ بولغان، چامغۇرنى ھازىر سالدىم تېخى، سىزنىڭ كېلىشىڭىزگە تەييارلىق قىلىمەن دېگەنىدىم، ئۈلگۈرمىدى،— دېدى خالمۇرات گۈلبوستاننىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى ئېلىپ.
— سەنەۋۋەرنىمۇ مۇشۇنداق باقاتتىڭىزمۇ؟ — دېدى گۈلبوستان خالمۇراتنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— شۇنداق، مەن سەنەۋۋەرنىمۇ مۇشۇنداق باققان.
— شۇڭا ئۇمۇ سىزنىڭ ھەسرىتىڭىزنى يەيدىكەن - دە!
— بۇ ئىشقا ئامال يوق، گۈلبوستان! — دېدى خالمۇرات.
— شۇنداق، نۇرغۇن ئىشلارغا ئامال بولمايدىكەن، — دېدى گۈلبوستان.
گۈلبوستان ئاشخانىغا كىرىپ، قولىغا چۆمۈچنى ئالدى.
خالمۇرات مېھمانخانىغا چىقىپ، تېلېۋىزورنى ئۆچۈرۈۋېتىپ، ئۈنئالغۇنى ئېچىپ، مۇزىكا قويدى.
تاماق تەييار بولدى. گۈلبوستان تەخسىگە گۆشلەرنى ئېلىپ، مېھمانخانىغا ئەكىردى، ئاندىن ئىككى ئاپقۇردا شورپا ئەكىردى. خالمۇرات ئۇنىڭ ئارقىسىدىن نانلارنى كۆتۈرۈپ كىردى، ئۇلار ئولتۇرۇپ مەززە بىلەن تاماقلاندى. تاماقتىن كېيىن، گۈلبوستان چىنە - قاچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، تازىلىق قىلدى، شورپىنىڭ كۈچى بىلەن ئېزىلىپ كەتكەن خالمۇرات ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا يانپاشلاپ يېتىپ، قولىغا بىر گېزىتنى ئېلىپ ئوقۇدى.
ئۇزۇن ئۆتمەي گۈلبوستان ئىشنى تۈگىتىپ خالمۇراتنىڭ

قىشقا كىردى. خالمۇرات ئۇنى كۆرۈپ قولىدىكى گېزىتنى بىر چەتكە تاشلاپ قويدى.
— سودىڭىز قانداقراق؟
— ياخشى.
— قەمەرنىڭ ماللىرى سېتىلىۋاتامدۇ؟ — دېدى خالمۇرات.
— ئۇ قىزنىڭ ماللىرى بەك ئېتىلىك، بەك سەرخىل ماللارنى ئەكېلىۋاتىدۇ، بەك يولى بار قىز ئىكەن. ماڭمۇ خېلى ياخشى پايدا قىلىۋاتىدۇ. چىرايلىق پوپايكىلاردىن خېلى جىق ئەكېلىپتىكەن، دۇكانغا سېلىشىمغىلا بولاپ كەتتى. سىزگە بىرنى ئېلىپ قويغانتىم، ئالغاچ كېلىمەن دەپ ئۇنتۇپ قاپتىمەن، — دېدى گۈلبوستان.
— سېتىۋېتىڭ، مېنىڭ بىرنەچچە پوپايكام بار، — دېدى خالمۇرات.
— لېكىن ئۇلار مەن ئېلىپ بەرگەن پوپايكا ئەمەس ـ دە!
— مەيلى ئەمىسە، بىر كۈنى ئالغاچ كېلەرسىز، — دېدى خالمۇرات، — سىزگە دەيدىغان بىر گەپ بار ئىدى، گۈلبوستان، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ مەن يېقىندىن بېرى ياخشى ئويلاشتىم، بىز توي قىلىۋالايلى!
گۈلبوستان خالمۇراتنىڭ كۆزىگە قارىدى. ئۇنىڭ سەمىمىي قاراشلىرىدىن چاقناۋاتقان يېقىملىق نۇرلار ئۇنى خۇش قىلدى. ئۇ ھاياجانلاندى، تەسىرلەندى، لېكىن ئۇ خالمۇراتقا جاۋاب بەرمىدى، ئۇ دېرىزە تەرەپكە قاراپ تۇرۇۋالدى.
— مەن ھاياتىمدا ئۆز مەقسىتىمگە يېتىشىم كېرەك، گۈلبوستان، بىز ھاياتىمىزنى يېڭىدىن باشلايلى، — دېدى خالمۇرات گۈلبوستاننىڭ بىردىنلا قىزىرىپ كەتكەن كۆزلىرىگە قارىدى.
— مەن سىزنىڭ مۇشۇ گېپىڭىزنى ئاڭلاپ بەك خۇشال بولۇپ كېتىۋاتىمەن، خالمۇرات، بىراق مەن سىز بىلەن توي

قىلسام بولمايدۇ، دەسلەپتە سىز ئايالىڭىز بىلەن ئاجراشقاندا، مەن سىز بىلەن توي قىلىمەن دېگەن ئويغا كەلگەن. لېكىن بۇ ئويۇم ئەمەلىيەتكە توغرا كەلمىدى، مەن بۇ ئىش ئۈستىدە جىق باش قاتۇردۇم، كۆپ ئويلاندىم، ئەگەر بىز شەكىللىگە ئېرىشەلىگۈدەك بولساق، تۇرمۇشتا جېدەل - ماجىرادىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز، بىزمۇ مۇشۇنداق ئۆتەيلى، خالمۇرات، بىزگە ئوخشاش ياشايدىغان ئادەملەر ئاز ئەمەس ئىكەن. شۇڭا مەن سىزگە مۇشۇ ئۆيىنى ئالدۇردۇم، مۇشۇ ئىشتا سىز مېنى چۈشىنىڭ، بىز توي قىلدۇق دېگەن ئاتاقتا باغلىنىپ ئۆزىمىزگە ئازارچىلىك تېپىۋالمايلى، بىزگە باراڭلىك كېرىكى يوق، قاپاق بىز ئۇچۇن ساڭگىلسا بولدى، مەن ھەر دائىم سىزنىڭ قولىڭىزدىكى ئادەم، بىزنى ھېچكىم ئايرىۋېتەلمەيدۇ!

— مېنىڭ دېمەكچى بولغىنىم، گۈلبوستان، بىز خەقلەردىن قورقۇپ مۇشۇنداق ئوغرىلىق قىلىپ يۈرگىچە، ئوچۇق - ئاشكارا توي قىلىپ بېشىمىزنى كۆتۈرۈپ يۈرمەيمىزمۇ!

— سىزنىڭ گېپىڭىز توغرا، خالمۇرات، لېكىن بىز خاتىرجەم بولالمايمىز، نېمە ئۈچۈن دېمەمسىز، سىز تاينىڭ مىجەزىنى بىلىسىز، ئۇ مېنى قويۇۋەتمەيدۇ، ئۇ بىزنى ئاۋارە قىلغىنى قىلغان، ئۇ يوق يەردىن ئىش تېپىپ بىزنى ياشىغىلى قويمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۆزۈم بۇ يىل ئەللىك ياشتىن ئاشتىم، توي قىلغۇدەك يېرىم قالمىدى، بىز مۇشۇنداق ياشاۋېرەيلى، بالىلىرىمىزغا ياخشى قارايلى، كۆرۈشكىمىز كەلسە مۇشۇ «ئۇۋا» مىزدا كۆرۈشەيلى، بىز توي قىلىپ ئۆتكىنىمىزدىن توي قىلماي يۈرگىنىمىز ياخشى.

— توي قىلساق بىر ئادەم ئىككى بولىمىز، تاي بىزنى ھېچ نەرسە قىلالمايدۇ، — دېدى خالمۇرات.

— شۇنداق، خالمۇرات، قورقۇۋاتقان ئىش ئەمەس بۇ، مەن جېدەلدىن ئەنسىرەيمەن، جېدەل بولۇپ قالسا خەقلەر تاماشا

كۆرىدۇ، ئۇ ۋاقىتتا ھەممىمىزگە سەت بولىدۇ.

— مەن سەتچىلىكتىن قورقمايمەن، گۇلبوستان.

— مەن قورقىمەن، قىزلىرىم بار، ئۇلار تېخى يېڭىدىن خىزمەتكە ئورۇنلاشتى، مەن ئۇلارنى ئايىمىسام بولمايدۇ، ئۇلار زەربىنى كۆتۈرەلمەيدۇ ھەم بىزنىڭ ئىشىمىزنى توغرا چۈشىنەلمەيدۇ، چۈنكى ئۇلار كىچىك، تۇرمۇشنى بىلمەيدۇ… مېنىڭ گېپىمگە كىرىڭ، خالمۇرات، بىز ئەڭ بولمىغاندا ھازىرچە مۇشۇنداق ئۆتەيلى، ھەممە ئىشنىڭ سورۇنى بولىدۇ، توي قىلىش - قىلماسلىق ئۇ بىر شەكىل، بىز شەكىلگە تۇتۇلۇپ قالمايلى!

— يېشىمىز بىر يەرگە بېرىپ قالدى، گۇلبوستان، ئەمدى بىز شەكىل بىلەنمۇ ياشىشىمىز كېرەك، سىز مېنىڭ بۇ تەلىپىمنى ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ! — دېدى خالمۇرات.

— ئەمىسە سىزمۇ مېنىڭ پىكرىمنى ياخشىراق ئويلىشىپ بېقىڭ، بىز ئىككىلىمىز ياخشى ئويلىشايلى، كۆلۈپ ياشايمىز دەپ يىغلاپ قالمايلى، بىز تاش سانىساق خەقلەر قۇم سانايدۇ، — دېدى گۇلبوستان.

«شۇنداق، بىز تاش سانىساق ئەلنىڭ بالىلىرى قۇم سانايدۇ» دېدى خالمۇرات ئىچىدە.

## ئوتتۇزىنچى باب

# تاينىڭ پوپوزىسى ئاقمىدى

تاي گۇلبوستاننىڭ قەمەرنىڭ مالللىرىنى سېتىپ بېرىۋاتاتقىنىنى ئاڭلاپ، قەمەر بىلەن كۆرۈشتى. ئۇلار ئادەتتىكى بىر ئاشخانىغا كىرىپ ئولتۇردى، تاماقتىن كېيىن، تاي ئالىيىپ قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قارىدى.

— نېمانداق كۆزلىرىڭىزنى بۆرىنىڭ بىرنېمىسىدەك سەتلەشتۈرىسىز، غوجام؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— سىزنى كۆرگۈم كېلىپ قالسا مۇشۇنداق بولۇپ قالىمەن، باشلىق.

— كۆرگىڭىز كەلسە مۇشۇنداق يەرگە باشلامسىز، مۇساپىرلار تولغىنىپ ياتىدىغان دەڭغۇ بۇ! — دېدى قەمەر.

— هازىر مېنىڭ بۇرۇنقىدەك پۇلۇم يوق، قەمەر، شۇڭا سىزنى مۇشۇنداق ئاددىي ئاشخانىغا باشلىدىم.

— سىزدە پۇل بولمىسا مەندە بار ئىدى ئەمەسمۇ!

— سىزنىڭ پۇلىڭىزنى خەجلەپ هۆددىسىدىن چىقماق تەس ئىكەن، قەمەر، — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ئەمىسە گېپىڭىزنى باشلاڭ، ئىشىڭىز بولمىسا مېنى بۇ يەرگە باشلىمايسىز، — دېدى قەمەر.

— سىزنى گۇلبوستان بىلەن شېرىك ئوقەت قىلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلايمەنغۇ!؟

— شېرىك ئەمەس، مېنىڭ ئازراق مېلىم بار ئىدى، شۇ

مالىلارنى سېتىشىپ بېرىۋاتىدۇ، ھە، بۇ ئىشنى سوراپ قاپسىزغۇ؟
— مېنىڭچە، سىز يەنىلا گۈلبوستاننى ئويىنىتىۋاتىسىز، ئۇنى مەندىن يىراقلاشتۇرۇۋاتىسىز، سىز مېنى ئالدىڭىزغا سېلىۋالدىڭىز، قەمەر، ئەمدى مەن ئۆزۈمنى سىزگە بىر تونۇشتۇرۇپ قويمىسام بولمىدى، سىز مېنى بوش چاغلىماڭ، مەن ئەسلىي زاۋۇتتا توپا ـ چاڭ ئىچىدە ھارۋا سۆرەيدىغان ئىشچى ئىدىم، كېيىن مۇشۇ زاۋۇتنىڭ باشلىقلىرىنىڭ بىرى بولدۇم، سىزگە بۇ گەپنى دېيىشىمدىكى سەۋەب، جەمئىيەتتە مېنىمۇ قوغدايدىغان ئادەم بار، ھايت دېسەم ئۇلارمۇ مەن ئۇچۇن چاپان سېلىپ جېنىنى تىكىدۇ، مېنىڭ سىز بىلەن مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆتكۈم بار، بىز ئۆز ۋاقتىدىمۇ چىرايلىق بىر تەرەپ بولۇشقان، ئەڭ ياخشىسى ھازىرمۇ چىرايلىق ئۆتەيلى، سىز گۈلبوستاننىڭ كەينىگە كىرىۋالماڭ، مەن سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، سىز گۈلبوستانغا مېنىڭ ياخشى گېپىمنى قىلماپسىز، — دېدى تاي.
— سىز مېنىڭ گۈلبوستان بىلەن بولغان باردى ـ كەلدىمنى تۇسۇيالمايسىز، تاي، بۇ مۇمكىن ئەمەس، سىز مېنى گۈلبوستانغا يامان گېپىمنى قىلىپ بېرىپسىز دەيسىز، بۇنى توغرا پەرەز قىلىپسىز، مەن ھەرگىز گۈلبوستاننىڭ ئالدىدا سىزنىڭ ياخشى گېپىڭىزنى قىلمايمەن، بۇنداق گەپلەر ئۇنىڭغا خۇشياقمايدۇ، ئەگەر ئۇ سىزدىن بىزار بولمىغان بولسا، قولىڭىزدىن چىقىپ كەتمىگەن بولاتتى، مۇشۇنداق ئەھۋالدا مەن ئۇنىڭ ھېسسىياتىغا ماسلاشمىسام بولامدۇ؟ سىز قالايمىقانلىشىپ قاپسىز، تاي، ئەسلىدە سىز ماڭا بۇنداق گەپلەرنى دەپ يۈرمەي، مېنى ياخشى بىر مېھمانخانىغا باشلاپ، كۆڭلۈمنى ئېلىپ قويسىڭىز بولاتتى! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئالىمەن دەپ مۇشۇ كۈنگە قالدىم، ئەمدى مەن سىزنىڭ كۆڭلىڭىزنى ئالالمايمەن، قەمەر، ھەر ھالدا مېنىڭ گېپىمنى ئېسىڭىزدىن چىقىرىۋەتمەڭ، مەن

قىلىمەن دېگەن ئىشنى قىلىدىغان ئادەم، — دېدى تاي قەمەرگە ئالىيىپ.

— مەن سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، تاي. خوتۇنىڭىزنى ئۆزىڭىز تۇتۇپ تۇرالمىدىڭىز. ئەمدى مەندىن كۆرسىڭىز بولمايدۇ. ئەگەر سىزنىڭ قولىڭىزدىن بىرەر ئىش كەلگەن بولسا، بۇ ۋاخقىچە سىز مېنى ئاللىقاچان بىرنېمە قىلىۋەتكەن بولاتتىڭىز. چۈنكى سىزگىمۇ جان تاتلىق. سىز شۇنى بىلىسىز، ئەگەر سىز ماڭا زىيانكەشلىك قىلسىڭىز، سىزگىمۇ زىيانكەشلىك قىلىدىغان ئادەم چىقىدۇ، — دېدى قەمەر تاينىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

«رەزىل جالاپ ـ دە بۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.

— ئىچىڭىزدە مېنى تىللاۋاتىسىز ـ ھە، تاي، مەيلى، مەن مېنى تىللىغان ئەرلەرنى ياخشى كۆرىمەن، ئۇلار مېنى قانچىلىك كۆپ تىللىسا، مەن ئۇلارنىڭ خاتىرىسىدە شۇنچىلىك چوڭقۇر ئورۇن ئالالايمەن، ئۇلار مېنى بىر ئۆمۈر ئۇنتۇمايدۇ، مەن ئۈچۈن بۇ ھەرگىز يامان ئىش ئەمەس، بۇ جاھاندا بىر ياخشىلىق، بىر يامانلىق ئۇنتۇلمايدۇ، تاي!... سىز تېرىككەك بولۇپ قاپسىز، ئازادە ياشاڭ، بىز بىرىنچى قېتىم تاغدا كۆرۈشكەندە سىز ماڭا ئىگىسى يوق باغدا چوڭ بولغان ئادەمدەك شۇقەدەر ئەركىن كۆرۈنگەنىدىڭىز، ھازىر سىزنىڭ چىرايىڭىزدىن ياكى ئەمەلىيىتىڭىزدىن ئاشۇ كۈنلەردىكى روھىي ھالىتىڭىزنى تاپقىلى بولمايدۇ، سىز ئاشۇ كۈندىكى ئىشلارنى ئۇنتۇپ قالدىڭىزمۇ؟ ئەگەر مەن بۈگۈن سىزنى ئاشۇ كۈننى ئەسلىتىش ئۈچۈن جەننەتتەك بىر يەرگە باشلاپ بارسام بارامسىز؟ يا پۇلۇم يوق دەپ تىرنىقىڭىزنى تاتىلاپ تۇرامسىز؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— سىز دەسسىگەن يەر ھەرگىز جەننەتنىڭ يولىغا تۇتاشمايدۇ، قەمەر. سىزنىڭ ھەرىكىتىڭىزدە، ئويىڭىزدا، روھىڭىزدا ھەيران باغدىكى ئەڭ دەسلەپتە ئادەم ئاتا بىلەن ھاۋا

ئانىنى ئازدۇرغان ئاشۇ شەيتاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى بار ئىكەن. سىز ئەڭ چىرايلىق بەدىنىڭىز بىلەن ئاشۇ شەيتانغا ئوخشاش ئادەم ئازدۇرىدىكەنسىز. راست گەپنى قىلسام، بۇرۇن سىزنى سەل چاغلاپتىكەنمەن، مەن نۇرغۇنلىغان قىزلار بىلەن ئارىلاشقان، لېكىن سىزدەك مۇرەككەپ قىزنى كۆرمەپتىكەنمەن، سىز كولۇپ تۇرۇپ ئادەمنىڭ جېنىنى ئالىدىغان ئېزىتقۇ ئىكەنسىز، مەن سىزنىڭ مۇشۇنداق ئادەم ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىپ تۇرۇپ، يەنە قىلتىقىڭىزغا دەسسەمدىم، خۇدايىم بۇيرۇسا مەن بېلىمنى چىڭ باغلىدىم، ئەمدى سىز بىلەن ئېلىشقىنىم ئېلىشقان...

— ئەڭ ياخشىسى سىز مەن بىلەن دۈشمەنلەشمەڭ، تاي، بۇنىڭ پايدىسى يوق. بىز ئىتتىپاقلىشايلى، سىز ھېلىقىدەك گەپلىرىڭىز بىلەن مېنى قورقۇتالمايسىز. سىز ئۆمرىڭىزدە بىرەر قۇشقاچ ياكى بىرەر قانتى سۇنغان كەپتەرنى بىر تەرەپ قىلىپ باققانمۇ؟ سىز ھەرگىز مېنى يوقىتىمەن دەپ جېنىڭىزنى دەسمايە سالمايسىز، تاي. ئۇنىڭ ئۈستىگە ئىككىمىزنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر - بىرىمىزنى يەۋەتكۈدەك ئىشلار يوق!

— ئىتتىپاقلىشايلى دېدىڭىز، بۇ گېپىڭىز بولىدىكەن. ئەمىسە سىز گۈلبوستاننى قايىل قىلىڭ، مەن ئۇنىڭ بىلەن يارىشىپ قالاي. شۇ ۋاقىتتا بىز ئىتتىپاقلىشالايمىز، بۇ سىزنىڭ ماڭا قىلغان ياخشىلىقىڭىز بولۇپ قالسۇن.

— گۈلبوستان ھەدەمنى سىز بىلەن ياراشتۇرۇپ قويۇش تەس ئەمەس، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، لېكىن سىز مېنى قانداق رازى قىلىسىز؟

— مەن سىزنى پۇل بىلەن رازى قىلىمەن، بەش مىڭ سوم بېرەي، رازى بولمىسىڭىز ئون مىڭ سوم بېرىمەن!

— ياخشى گەپ قىلدىڭىز، سىز بىلىسىز، مەن پۇلغا ئامراق، لېكىن شۇنىڭدىمۇ مېنىڭ مۇنداق بىر تەلىپىم بار، مەن ئىككىڭلارنى ياراشتۇرۇپ قويغاندىن كېيىن، ئىككىمىزنىڭ

مۇناسىۋىتىمۇ بوز ۋۇنقىدەك ئەسلىگە كېلىشى كېرەك، ئەگەر سىز گۈلبوستاننى يوتقىنىڭىزغا سولىۋېلىپ مېنى تالادا قويسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى قىلمايمەن!
«ماۋۇ مايماق نېمە دەيدىغاندۇ جېنىمنى چىقىرىپ! ھە دەپ تۇرۇپ ئىشنى پۈتتۈرۈۋالمايمەنمۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.
— بولىدۇ، مېنىڭ نېمەم كېتەتتى، — دېدى تاي چاندۇرماي.
— ئەمىسە ماڭا مۇشۇ ئىش توغرىسىدا بىرنەرسە يېزىپ بېرىڭ! — دېدى قەمەر.
«ياللا ماۋۇ قاغدالمىنى» دېدى تاي ئىچىدە.
— بۇ گېپىڭىز قاملاشمىدى، قەمەر، سىز ماڭا ئىشەنمەيۋاتىسىز، بولدى، بۇ ئىشنى قاتلاپ قويايلى! — دېدى تاي خاپا بولۇۋېلىپ.
— مەيلى، سىز دېگەندەك بولسۇن، بىز بۇ ئىشنى بولدى قىلايلى، بىز چىقىشالمايمىز، تاي. مەن ئەزەلدىن ئادەمگە ئىشىنىپ باقمىغان. ئۆزۈمگىمۇ ئىشەنمەيمەن. ماڭا بەرمەكچى بولغان ئاشۇ پۇلىڭىزغا ناياقلىرىڭىزغا كالتە ئىشتان ئېلىپ بېرىڭ، ساۋاب بولىدۇ! — دېدى قەمەر چىرايىنى ئۆزگەرتمەي.
— خەپ، قەمەر، بىر كۈنى مۇشۇنداق ئۆلتۈرۈۋېلا جېنىڭىز چىقىپ كېتىدىغۇ! ئېسىڭىزدە بولسۇن، مەن سىزنى بوش قويۇۋەتمەيمەن! — دېدى تاي.
— ئەجەل يېتىپ كەلسە ھېچكىم توسۇپ تۇرالمايدۇ، ھامان بىر كۈنى ئۆلىدىغان گەپ، خۇدادىن كەلسە ھېچكىم قېچىپ قۇتۇلالمايدۇ، لېكىن مەن سۇيىقەستچىلەرگە تاقابىل تۇرالايمەن، مەن ئۇلارغا جېنىمنى ئاسانلا غازاڭ قىلىپ بەرمەيمەن، مېنىڭ كىچىك بىر ساندۇقۇم بار، مۇھىم ئىشلىرىمنى پات ـ پات ئارخىپ قىلىپ ئاشۇ ساندۇقنىڭ ئىچىگە سېلىپ، مۇھىم بىر يەردە ساقلايمەن، مېنىڭ پالانى، پالانى، پۇستانى، پۇستانى،

پۇستانى ئەرلەر بىلەن مۇناسىۋىتىم بار، ئەگەر مەن يوقىلىپ كەتسەم، ئۆلۈپ كەتسەم مېنى ئاشۇ ئادەملەر ئارقىلىق سۈرۈشتە قىلساڭلار بولىدۇ دەپ يېزىپ قويغان ئەسلەتمىلىرىم بار، بۇنىڭ ئىچىدە ئەلۋەتتە، تاي، ئۆزىڭىزنىڭمۇ مۇبارەك ئىسىملىرى بار. بىز ئالىلىقاچان بىر ئارغامچىغا باغلىنىپ بولغان ئىتلار، تاي، بىر - بىرىمىزنى يالاپ، بىر - بىرىمىزنى پۇراپ، بىر - بىرىمىزنى قويۇپ ياشاۋاتىمىز، بىز ئەسلىدە رەسۋا بولۇپ بولغان ئادەملەر، ئەمدى بىز پاكىز بولالمايمىز، ئەڭ ياخشىسى بىز بىر - بىرىمىزنى قورقۇتۇپ ئوينىمايلى، ئىتتىپاقلىشايلى!

تاي گەپ قىلماي قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ ئولتۇراتتى. ئۇ مەقسىتىگە يېتەلمىدى. ئەسلىدە ئۇ قەمەرنى قورقۇتۇپ، ئۇنى ئىشقا سېلىپ، گۈلبوستان بىلەن يارىشىۋالماقچىدى. لېكىن قەمەر ئۇنىڭ قاپقىنىغا دەسسىمىدى، ئۇنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاپ قويدى.

«كونىلار ئايالالارنى چېچى ئۇزۇن، ئەقلى قىسقا دەپ قويىدىكەن، هازىرقى زاماندا ئۇنداق ئەقلى قىسقا ئايالالار قالمىغان ئوخشىمامدۇ! توۋا، جاهاننىڭ قېپىغا كىرىۋالغان بۇزۇقلۇقۇ بۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.

## ئوتتۇز بىرىنچى باب

# سەنەۋۋەر ئېلىشىپ قالدى

خالمۇرات سەنەۋۋەر بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن، سەنەۋۋەر قاتتىق ئازابلاندى، ئۇ خالمۇراتنىڭ قورسىقىدىكى ئىشنى بىلەلمىدى ھەم ئۇنى چۈشەنمىدى. دەسلەپتە ئۇ چاندۇرماي يۈردى، كېيىن كۈن، ئايلار ئۆتكەنسېرى دەردىنى ئىچىگە پاتۇرالماي كۆرگەنلا ئادەمگە سۆزلەيدىغان بولۇپ قالدى. ئۇنىڭ كۆزلىرى خۇنۇكلىشىپ چىرايىمۇ كۆكىرىپ كەتكەندى. سەنەۋۋەر بارا - بارا خۇدىنى يوقىتىپ ئەقلىدىن ئېزىپ قالدى. كىشىلەر ئۇنىڭغا ھېسداشلىق بىلدۈردى، ئاياللار خالمۇراتنى ئەيىبلىدى.

سەنەۋۋەر بۈگۈن ئەتىگەندىلا چوڭ يولغا ماڭىدىغان دوقمۇشتا بىردەم تۇردى، ئاندىن يولنىڭ چېتىدە ھارۋىدا گۆش سېتىۋاتقان ھوشۇر قاسساپنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ھارۋىسىدىكى چوكا تارازىنى قولىغا ئالدى. ھوشۇر قاسساپ كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قولىدىن تارازىنى ئېلىۋالدى.

— بۇنى تۇتىسىڭىز بولمايدۇ، سەنەۋۋەر، ئۆيىڭىزگە كېتىڭ، بايام ئۆيىڭىزگە بىرمۇنچە ئاق كەپتەرلەر كىرىپ كەتتى، سىزنى چاقىرىۋاتىدۇ، — دېدى ھوشۇر قاسساپ سەنەۋۋەرنى يولغا سالماقچى بولۇپ. ئۇ سەنەۋۋەرنىڭ ئىنىسىنىڭ ئۇنى مۇشۇنداق دەپ ئۆيگە ئەكەتكىنىنى بىرنەچچە قېتىم كۆرگەنىدى.

— ياق، مەن ئۆيۈمگە كەتمەيمەن. ئاشۇ كەپتەرلەر مېنى

ئالداپ ئېرىمنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى، ئۇلار كۇلۇپ تۇرغىنى بىلەن، ئىچى بەك ئەسكى. ھازىر مېنىڭ يۈرىكىم يوق، شۇڭا كۆندە يىغلايمەن، سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى كۆردىڭىزمۇ؟— دېدى سەنەۋۋەر پاختىلىشىپ كەتكەن كۆزلىرىنى چوڭ ئېچىپ.

— ياق، كۆرمىدىم، سەنەۋۋەر، يۈرىكىڭىز ھەرقاچان ئۆيدە، سىز ئۆيگە كېتىڭ، — دېدى ھوشۇر قاسساپ.

— ياق، مېنىڭ يۈرىكىم ئۆيدە ئەمەس، سىز چوقۇم مېنىڭ يۈرىكىمنى گۆشكە ئارىلاشتۇرۇپ سېتىۋەتتىڭىز، ھازىر ئەرلەرنىڭ ھەممىسى يۈرەك يەيدىكەنغۇ!؟ سىز يېمەيسىز؟ ھە راست يا سىز مېنىڭ يۈرىكىمنى يەۋەتتىڭىزمۇ؟— دېدى سەنەۋۋەر قوللىرىنى ئوينىتىپ تۇرۇپ.

— ياق، مەن ئۇ قاسساپ ئەمەس، سەنەۋۋەر، بىراق ئۇ قاسساپنى مەن تونۇيمەن. ئۇنىڭ ئېتى رۇستەم كاۋاپ. ئۇ ئايال - قىزلارنىڭ يۈرەكلىرىنى ئوغرىلاپ كاۋاپ قىلىپ ساتاتتى. ئۇ مېنى ئىزدەپ كېلىپتىكەن، ئۇ سىزنىڭ ئاشۇ يىتىپ كەتكەن يۈرىكىڭىزنى تېپىۋاپتۇ. بايام تېخى ئالدىڭىزدا سىلەرنىڭ ئۆيۈڭلەرگە ماڭدى، يۈرىكىڭىزنى بېرىۋېتىمەن دەيدۇ، يۈرۈڭ، مېڭىڭ، چاققان ئۆيىڭىزگە بېرىپ يۈرىكىڭىزنى ئېلىۋېلىڭ! — دېدى ھوشۇر قاسساپ ئۇنى يولغا سېلىشقا ئالدىراپ.

— بۇ ساراڭ خوتۇننى ئىگىسى ئۆيىدە باغلاپ قارىسا بولىدۇ! — دېدى بايامدىن بېرى سەنەۋۋەرنىڭ ئاغزىغا قاراپ تۇرغان بىر ئادەم.

— بۇ گېپىڭ بولمىدى، ئاداش سېنىڭ، باغلاپ قارىسا بولمامدۇ دېگىنىڭ نېمىسى؟ يا بىرىگە زەخمە يەتكۈزمىسە بۇ، تالا - تۈزگە چىقىپ كۈن كۆرسە نېمە بوپتۇ؟ ھەممىمىز ئىنسانغۇ، بۇنداق ئىشلارنى توغرا چۈشىنىش كېرەكقۇ! — دېدى ھوشۇر قاسساپ.

— خاپا بولما، ئاداش، ئاغزىم قىچىشىپ دەپ قويدۇم،—

ھېلىقى ئادەم خىجالەت بولۇپ يولىغا راۋان بولدى.

— ئامال يوق، تەقدىر - پېشانە. ساق ۋاقتىدا ئايدەك يۈرىدىغان چوكانلار ئىدى. مانا ئەمدى يۈرىكىمنى يوقىتىپ قويدۇم دەپ يۈرىدۇ، — دېدى ھوشۇر قاسساپ ئولاشقان ئادەملەرگە قاراپ.

— توۋا دېيىش كېرەك! — دېدى بىر ئادەم.

سەنەۋۋەر ھارۋىدىكى كانارغا ئېسىپ قويغان گۆشلەرگە چەكچىيىپ قارىغىلى تۇردى، ئاندىن ھوشۇر قاسساپقا قارىدى:

— مەن بۇ گۆشلەرنى تونۇغاندەك قىلىۋاتىمەنغۇ؟ سىز ئەرلەرنىڭ گۆشىنى سېتىۋاتامسىز يا ئاياللارنىڭ گۆشىنى سېتىۋاتامسىز؟ — دېدى.

— ئاپلاھۇئەكبەر، بۇ ئايالنى بىرى ئۆيىگە يەتكۈزۈپ قويغان بولسىمۇ بولغانىكەنتا! — دېدى ھوشۇر قاسساپ ئەتراپىغا قاراپ.

— مەن ماۋۇ بىر پارچە گۆشنى تونۇۋالدىم، مانا بۇ مېنىڭ ئېرىمنىڭ گۆشى، خالمۇراتنىڭ گۆشى مۇشۇنداق چىرايلىق ئىدى، نېمە ئامالىم بار، قاسساپلار ئەسكى - دە، ئادەملەر گۆش يېمەيمىز دېسىمۇ سويۇۋېرىدۇ ئەمەسمۇ بۇلار! قاسساپتىمۇ گۇناھ يوق، گۇناھ ئاشۇ بېشىڭنى يەيدىغان پىچاقتا. پىچاق بولمىغان بولسا خالمۇراتنى سويمايتتى ئەمەسمۇ! ياق، پىچاقتىمۇ گۇناھ يوق ئىكەن، گۇناھ تۆمۈرچىدە ئىكەن، ئەگەر ئۇ پىچاق سوقمىغان بولسا، خالمۇرات يەنىلا مېنىڭ قوينۇمدا ياشاۋېرەتتى ئەمەسمۇ! ھەي - ھەي، ئەمدى قانداق قىلىمەن؟

ھوشۇر قاسساپ گۆشنى تاشلاپ قويۇپ، يول ئۈستىدىكى كۆكتات ساتىدىغان دۇكانغا كىرىپ، مەلىكىنى چاقىرىپ چىقتى.

— ئاپئاق قىزىم، بېرىڭە، سەنەۋۋەر ھەدىڭىزنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇڭ، چوڭ كوچىغا چىقىپ كەتسە ماشىنا بېسىۋالىدۇ، — دېدى ھوشۇر قاسساپ.

مەلىكە سەنەۋۋەرنىڭ قېشىغا كېلىپ، كۈلۈپ تۇرۇپ ئۇنىڭ

قولىنى تۇتتى، ئاندىن ئۇنى يېتىلەپ ماڭدى.

— يېتىلىسە چاققان ماڭىدىكەن بۇ خوتۇن ئەسلىي، — دېدى قاراپ تۇرغان بىرى.

— توۋا دەڭلار ھەي، خۇدالىق ئالەم بۇ! — دېدى يەنە بىرى.

— ھە، مانا كەتتۇق، مانا ئەمدى جەننەتكە بارىمەن. قاسساپلار نېمىدېگەن ئەخمەق - ھە! قان پۇراپ تۇرىدىغان ئادەم گۆشىنى ساتىدۇ ئەمەسمۇ! سېمىز - سېمىز قۇشقاچلارنىڭ گۆشىنى ساتسا بولمامدۇ، ياخشى قىزىم، بىرىپ ھېلىقى قاسساپقا دەپ قويۇڭ، بۇنىڭدىن كېيىن خالمۇراتنىڭ گۆشىنى ساتمىسۇن، — دېدى سەنەۋۋەر.

— ماقۇل، — دېدى مەلىكە قىز كۈلۈپ.

— كۈلمەڭ، قىزلار كۈلسە بەختسىز بولۇپ قالىدۇ. مەن بۇرۇن سىزگە ئوخشاش كۈلۈۋېرەتتىم. مانا ئەمدى ئېرىمنى يىتتۇرۇپ قويدۇم، ئەر بولمىسا قانداق بولىدۇ، ئەر دېگەن تۇز ئەمەسمۇ! ئەر دېگەن سۇ ئەمەسمۇ! ئەگەر بەك كۈلگىڭىز كەلسە، ئادەم يوق يەرگە بېرىپ كۈلۈڭ. ئادەملەر ئەسكى، كېيىنەكلەرنىمۇ يەپ بولدى…

— ماقۇل، سەنەۋۋەر ھەدە.

مەلىكە سەنەۋۋەرنى ئۆيىگە ئاپىرىپ قويۇپ، دۇكىنىغا قايتىپ كەتتى. سەنەۋۋەرنىڭ سىڭلىسى سارەم ھەدىسىنىڭ قولىدىن تۇتۇپ ئۆيىگە ئەكىرىپ كەتتى.

— يەنە قېچىپ كېتىپسەنغۇ، ھەدە، ئاكام سېنى ئىزدەپ چوڭ كوچىغا چىقىپ كەتتى، — دېدى سارەم.

— بىرى يولدا خالمۇراتنىڭ گۆشىنى سېتىۋاتىدۇ. كۆرۈپ قالدىم، گۆشى بەك چىرايلىق چىقىپتۇ. قاسساپلار نېمىدېگەن ئەسكى - ھە! — دېدى سەنەۋۋەر.

— ئۇنداق دېمە، ھەدە، يامان بولىدۇ، ئادەمنىڭ گۆشىنىمۇ

ساتامدۇ؟! — دېدى سارەم.
— سىز بىلمەيسىز، سىز كۆرمىدىڭىز، قېنى قىپقىزىل، شۇنداق چىرايلىق، — دېدى سەنەۋۋەر.
— بىچارە ھەدەمنى چوڭراق دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالاتساق بولاتتى، بۇ يەردىكى دوختۇرلارنىڭ بەرگەن دورىلىرى ھېچبىر پايدا قىلاي دېمەيدىغۇ خۇدايىم، — دېدى سارەم.
سارەم ھەدىسىنى ئۆيگە ئەكىرىپ ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ھويلىغا چىقتى، ئۇدۇل بېرىپ دەرۋازىنى تاقىۋەتتى.
«دەرۋازىنى چىڭ ئېتىۋەتسەم بولىدىكەن ـ دە ئەمدى، بولمىسا قېچىپ توختىمايدىكەن» دېدى سارەم ئۆز ـ ئۆزىگە.
سەنەۋۋەر دېرىزىنىڭ قېشىغا كېلىپ، تالاغا قاراپ ئولتۇردى. سارەم ئۆيگە كىرىپ، ھەدىسىنىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنىڭ كۆڭلەكلىرىنى تۈزەشتۈرۈپ، ئىچىدىكى كىچىك مايكىسىنى ئوڭشاپ كىيدۈرۈپ قويدى.
— بىچارە ھەدەم... خەپ، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئاشۇ خالمۇرات دېگەن ئىبلىسنى بىرنېمە قىلىۋەتمەيدىغان بولسام، — دېدى سارەم.
— سىز بىرنېمە قىلىۋەتسىڭىز، مەن ئىككى نېمە قىلىۋېتىمەن... مەندە ئۇچلۇق بىگىز بار، — دېدى سەنەۋۋەر.
سارەم كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تالاغا چىقىپ كەتتى.
— ئەمدى بۇ ئالتۇن قەپەستە ئۆزۈم يالغۇز قالدىم، ئەمدى كېپىنەك بېسىپ پولۇ ئېتىمەن، قانىتىنى ئۆزۈم يەيمەن، يەپ بولۇپ ئۇچىمەن، كۈندۈزلىرى ئۇخلاپ، كېچىدە ئۇچىمەن، ئۇچۇپ ئاينىڭ ئۇستىگە چىقىمەن، ئايدا يېتىۋېلىپ چۇشمەيۋاتقان خۇدايىم ماڭا يالغۇز بېرىۋەتكەن خالمۇراتنى ئالداپ چۈشۈرىمەن. قوناق پىشۇرۇپ بېرىمەن، قەندەل ئېلىپ بېرىمەن دەپ ئالداپ چۈشۈرىمەن، ئاي ياخشى بولغان بىلەن ئايدا جان يوق ئەمەسمۇ!

ئـايـدا قـازان يوق ئەمەسمۇ! ئۇ يەردە پولۇ ئەتكىلى بولمايدۇ ئـەمـەسـمۇ! مـانا ئەمدى قازاننى ئاستىم، ئوت ياقتىم، ماي قۇيدۇم، جەننەتتىكى كېپىنەكلەر ئۆزلىرى قاتار ئۇچۇپ كېلىپ قـازانـغـا قـاتار تىزىلىدۇ، ھۇنىرىمنى بىر كۆرستىۋېتىدىغان بولدۇم ـ دە! ئەگەر پولۇ ئوخشىسا ، ئۇنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى كۆن پاتقۇچە ئۇلگۇرۇپ ئايغا چىقالىسا، خالمۇرات خۇشال بولۇپ كـېـتـەتتـى ـ دە! مانا ئەمـىسە، پولـۇ ئېتىشـنى باشلىدىم. تومتىكتومتوم ـ تومتىكتومتوم، كىردى قازانغا گۆش بىلەن سەۋزە، تومتىكتومتوم ـ تومتىكتومتوم...

سەنەۋۋەر قىزىق سۆزلەپ ئولتۇراتتى، ئىشىك ئېچىلدى، سارەم بىر مېھماننى باشلاپ كىردى، بۇ مېھمان دەل گۈلبوستان ئىدى.

— سەنەۋۋەرنىڭ مىجەزى يوق ئىكەن دەپ ئاڭلىغانىدىم، ۋاقـتـىـدا يوقلاپ كېلەلمىدىم، سىڭلىم، — دېدى گۈلبوستان سارەمگە قاراپ.

— رەھمەت، ھەدە، خېلى ياخشى بولۇپ قالدى... لېكىن دورىـلارنىڭ تازا ئۈنۈمى بولمايۋاتىدۇ، بۇرۇن ئۇدۇل كەلگەن يـەرلـەرگـە تەرەت قىلىۋېرەتتى، ھازىر ھاجەتخانىغا كىرىدىغان بولدى.

— خـۇدايىم ياخشى بولۇپ قالار... دورىلىرى تازا ئۈنۈم بەرمەيۋېتىپتۇ ـ دە!

— شۇنداق، ئاكام شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتساق بولارمىكىن دەيدۇ، — دېدى سارەم.

— ياخشى ئويلىشىپسىلەر، داۋالىتىڭلار، بىزمۇ ئامالىنى قىلايلى، — دېدى گۈلبوستان.

— رەھمەت ھەدە، سىزنىڭ ئېتىڭىز نېمە بولىدۇ؟

— گۈلبوستان.

— ھە... گۈلبوستان ھـەدەم دېگـەن سـىـز بولىدىكەنسىز ـ

دە! — دېدى سارەم گۈلبوستانغا تازا بىر قارىۋېتىپ.
— ئۆزىنىڭ تامىقى قانداق؟
— ياخشى...
— تاماقنى ياخشى يەيمەن، — دېدى سەنەۋۋەر بىردىن ئۇلارنىڭ گېپىگە ئارىلىشىپ، — رەھمەت سىزگە، چىرايلىق مېھمان. قولىڭىز پاكىزمۇ؟ ئەمسە يۇقىرى چىقىڭ، قولىڭىز پاكىز بولسا ئاغزىڭىزنى يۇمىسىڭىزمۇ بولىدۇ، يۈرىكىڭىز پاكىزمۇ؟ يۈرىكىڭىز پاكىز بولسا ئازادە ئولتۇرسىڭىز بولىدۇ، قېنى چاي ئىچىڭ ئەمسە، كىردى قازانغا گۆش بىلەن سەۋزە تومتىكتومتوم...
گۈلبوستان ئۇنىڭ قالايمىقانلاشقان روھىي ھالىتىنى كۆرۈپ، كۆزلىرىگە لىق ياش ئالدى.
— يىغلىماڭ، خانىم، يىغلىماڭ، بۇ جاھاننىڭ يىغلىغۇچىلىكى قالمىدى. سىز كىم ئۈچۈن يىغلايسىز؟ ئەر ئۈچۈنمۇ؟ مۇھەببەت ئۈچۈنمۇ؟ ياكى بۇلغانغان سۇ ئۈچۈن يىغلامسىز؟ بۇلارنىڭ ھەممىسى يالغان، بىرىگىمۇ ئىشەنگىلى بولمايدۇ، مانا مەن ئەر ئۈچۈن يىغلىغان، پادىشاھدەك ئېرىم بار ئىدى، چىرايىغا بىر قارىۋالسام بىر كۈن قورسىقىم تويۇپتى، ئۇنى ئۆزۈم يېمەي ـ ئىچمەي باقاتتىم، ئۇ مېنىڭ كۆز ئالدىمدا ھەر دائىم گۆھەردەك پارقىراپ تۇراتتى، لېكىن ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ماڭا ئەسقاتمىدى. ئۆز ۋاقتىدا ئەمچىكىمنى ئاغزىغا سېلىپ بىر ئەمدۈرۈۋەتكەن بولسامغۇ ھەرگىز قاچالمايتتى، شۇ ئىشنى قىلماپتىكەنمەن. ھازىر ئۇ ئايدا، ئاخشاملىققا پولۇ ئاچىقىپ بېرىمەن، ئايدا كارىۋات يوق ئىكەن، يېنىپ چۈشىمەن دەۋاتىدۇ. ئۇ ساراڭ، ئايدىن يېنىپ چۈشسىمۇ ئۆيگە كەلمەيدۇ، كوچىغا چىقىپ كەتكەن ئادەمنى تۇزىمەك تەس ئىكەن. جىنلارنىڭ ھەممىسى ئەر ئىكەن قاراڭ، كوندۈزى كوچىلاردا، ئۆيلەردە ئايالارنى مارايدىكەن، كېچىلىرى ئۇخلاپ قالغاندا، كېپىنەكلەر ئۇلارنىڭ كىرلىرىنى يۇيۇپ بېرىدىكەن. كېپىنەكلەر دېگەن بەك ئەخمەق ـ ھە...

گۆلبوستان يىغلاپ ئېقىپ كەتتى. ئۇ قولياغلىقى بىلەن كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ بولۇپ، ئورنىدىن تۇردى.

— خوش ئەمسە، سىڭلىم، سەنەۋۋەرنى ياخشىراق داۋالىتىڭلار، خۇدايىم بۇيرۇسا ساقىيىپ قالار، — دېدى گۆلبوستان. ئۇ سومكىسىدىن تەييارلاپ قويغان پۇلنى ئېلىپ سارەمگە بەردى، — ئاز بولسىمۇ مۇنۇ ئىككى مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ قويۇڭ، سىڭلىم، سەنەۋۋەرنىڭ كېسىلىگە دالدا بولۇپ قالار، — دېدى.

— رەھمەت، گۆلبوستان ھەدە، ئاۋارە بولمىسىڭىزمۇ بولاتتى... قۇرۇقلا ماڭىدىغان بولدىڭىز، — دېدى سارەم.

گۆلبوستان ئۆيدىن چىقىپ تۇرۇشىغا، سەنەۋۋەر بىرنېمىلەرنى دەپ سۆزلەپ كەتتى:

— تومتىكتومتوم - تومتىكتوم، كىردى قازانغا گۆش بىلەن سەۋزە تومتىكتومتوم - تومتىكتومتوم...

گۆلبوستان ئۆيىگە قايتىپ بېرىپ، يەنە ئۆزىنى تۇتالماي يىغلاپ كەتتى، ئۇنىڭ كۆز ئالدىغا سەنەۋۋەرنىڭ ئوبرازى كېلىۋالدى. سەنەۋۋەرنىڭ گەپ - سۆزلىرى ئۇنى يەنە بىر قېتىم ئازابلىدى.

«مۇشۇ ئىشتا مېنىڭمۇ مەسئۇلىيىتىم بارمۇ، يوقمۇ؟ ئەگەر مەن تاي بىلەن ئاجراشمىغان بولسام، خالمۇراتمۇ سەنەۋۋەرنى قويۇۋەتمىگەن بولاتتى، سەنەۋۋەرمۇ ساراڭ بولۇپ قالمايتتى، بۇ جاھاننىڭ ئىشلىرى نېمىدېگەن مۇرەككەپ!...» دېدى گۆلبوستان ئۆز - ئۆزىگە.

## ئوتتۇز ئىككىنچى باب

# تاي گۈلبوستاننىڭ پېيىگە چۈشتى

يەكشەنبە كۈنى. گۈلبوستان دۈكىنىنى بالدۇر تاقاپ، بىنادىكى ئۆيگە كەلدى. ئۇ تاماقتا تەييارلىق قىلىۋاتاتتى، خالمۇراتتىن تېلېفون كەلدى.

— ھە، تاماقتا تەييارلىق قىلىۋاتىمەن، تېخى سىزگە تېلېفون قىلاي دەپ تۇراتتىم، ئەمىسە كەچتە مۇشۇ ئۆيگە كېلىڭ! — دېدى گۈلبوستان خالمۇراتقا.

گۈلبوستان يانفوننى تاقىۋېتىپ، تاماقتا تۇتۇش قىلدى، يېقىندىن بېرى ئۇ خالمۇراتنىڭ پولۇغا ئامراقلىقىنى بىلىپ قالغانىدى. شۇڭا ئۇ پولۇغا تۇتۇش قىلدى. ئۇ ئاشنى دۈملەپ قويۇپ، تېلېۋىزور كۆرۈپ ئولتۇردى.

يېرىم سائەتتىن كېيىن، خالمۇرات يېتىپ كەلدى. ئۇ ئۆيگە كىرىشىگىلا، گۈلبوستان ئورنىدىن تۇرۇپ ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، قولىدىكى سومكىنى ئالدى.

— پولۇ ئەتكەن ئوخشىمامسىز، بەك مەززىلىك پۇراۋاتىدۇ، — دېدى خالمۇرات.

— ھەئە. بەك ياخشى ئۈزۈم ئېلىپسىزغۇ؟ نەنىڭ ئۈزۈمىكەن بۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.

— سۈيدۈڭنىڭ ئۈزۈمىكەن، بىر بوۋاي سېتىۋېتىپتىكەن، قېرى بوۋاي ئىكەن، سېۋەتنىڭ ئالدىدا مۈكچىيىپ ئولتۇرىدۇ، ئىچىم ئاغرىپ قالدى. ئۈزۈممۇ ياخشى ئىكەن، سىزگە ئالغاچ كەلدىم، — دېدى خالمۇرات.

— بۈگۈن پولۇ بىلەن ئۈزۈم يەيدىكەنمىز ـ دە! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— يەپ بېقىڭە، بەك تاتلىق ئىكەن.

— يۇيۇپ ئەكېلەي.

— يۇسىڭىز تەمى قالمايدۇ، توپا ـ چاڭ ئارىلاش يېسە تاتلىق بولىدۇ! — دېدى خالمۇرات كۈلۈپ.

گۈلبوستان ئۈزۈمنى يۇيۇپ ئەكېلىپ قويۇپ ئاغزىغا بىر تال ئۈزۈم سالدى، ئاندىن ئاشخانىغا كىرىپ، قازاننى چۆشۈردى، پولۇ ھەقىقەتەن ئوخشىغانىدى. ئۇ پولۇنى تاۋاقتا ئېلىپ، خالمۇراتنىڭ ئالدىغا ئەكېلىپ قويدى.

خالمۇرات قولىنى يۇيۇپ تەييار بولغانىدى. ئۇ بىسمىللا دەپ بىر كاپام ئاشنى ئاغزىغا سېلىپ، ھۇزۇرلىنىپ يېدى.

— گۆش سەل سوۋۇغاندا توغرايمىز، گۈلبوستان، ئاش ئوخشاپتۇ، ئالدى بىلەن تاماق ئېلىڭ، — دېدى خالمۇرات.

ئۇلار ھۇزۇرلىنىپ تاماققا تۇتۇش قىلدى، تاماقتىن كېيىن گۈلبوستان قاچىلارنى يىغىشتۇرۇۋېتىپ، خالمۇراتنىڭ قېشىغا كېلىپ ئولتۇردى. ئۇلار ئۈزۈنغىچە مۇشۇنداق ئولتۇرۇپ تېلېۋىزور كۆردى.

— گەپ قىلمايسىزغۇ، گۈلبوستان، — دېدى خالمۇرات كۆزىنى تېلېۋىزوردىن ئۈزمەي، ئۇ گۈلبوستاننىڭ قولىنى تۇتتى.

— تېلېۋىزوردىكى ئاۋۇ بىچارە ئايالنى كۆردىڭىزمۇ، بۇ ئايالنى كۆرۈپ سەنەۋۋەر ئېسىمگە كېلىپ قالدى، مەن ئويلاپ قالدىم، بۇنداق ئىشلاردا كەلگۈلۈك ئايالىڭىزغا كېلىدىكەن، ئۆتكەندە سەنەۋۋەرنى يوقلاپ كەلگەنىدىم، ئەھۋالى ياخشى ئەمەس، سوۋزلەپ قاپتۇ، ياخشىراق داۋالاتمىسا بولمايدىغان ئوخشايدۇ، ئىنىسى شاڭخەيگە ئاپىرىپ داۋالاتساق بولامدىكىن دېگەن گەپنى قىلىۋاتىدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

«سەنەۋۋەرنىڭ گېپىنى چىقارمىسا بولاتتى» دېدى خالمۇرات ئىچىدە.

— گەپ قىلمايسىزغۇ؟

— نېمە دېيىشىمنى بىلمەيۋاتىمەن، گۈلبوستان، سەنەۋۋەرنىڭ گېپى چىقسىلا گاچىلىشىپ قالىمەن، خۇددى ئۇنى مەن ساراڭ قىلىپ قويغاندەك...

— ئۇنداق دېمەڭ، بولغۇلۇق بولۇپ بولدى، بىز ھەممىمىز ئۇنىڭغا ياردەم قىلىشىمىز كېرەك. مېنىڭچە، سىز ئۇنىڭ بىلەن كارىڭىز بولمىسا بولمايدۇ، سىز سەنەۋۋەرگە مەسئۇل بولۇڭ، خالمۇرات. ئۇنى ئەڭ بولمىغاندا ئۇرۇمچىگە ئاپىرىپ داۋالىتىڭ! — دېدى گۈلبوستان.

— مەن ئۇنى دوختۇرغا سۆرەپ يۈرسەم خەق مېنى نېمىدەر؟

— خەق بىلەن كارىڭىز بولمىسۇن، خالمۇرات، خەق دېگەن خەق، ئۇلار تاماشا كۆرۈشنى ئاساس قىلىدۇ. باللىرىڭىزنىڭ يۈزىنى قىلىپ بولسىمۇ ئۇنى داۋالاتمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ كۆڭلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، ئادەم مۇشۇنداق كۆڭلەردە قىلىدىغان ئىشنى بىلىشى كېرەك. ئەگەر سەنەۋۋەر ئېلىشىپ قالمىغان بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقىچە بولاتتى، مۇشۇ ئىشقا كەلگەندە سىز ئەقىللىق بولۇڭ، — دېدى گۈلبوستان.

خالمۇرات ئويلىنىپ قالدى، ئاخىر ئۇ گۈلبوستاننىڭ گېپىنى توغرا تاپتى.

— ئەمىسە سىز دېگەندەك بولسۇن، گۈلبوستان، مەن سەنەۋۋەرنى داۋالىتاي. مېنىڭ بىر ئاغىنەم بولىدىغان، بەش يىلنىڭ ئالدىدا ئۇنىڭ ئىنىسى ساراڭ بولۇپ قالغانىدى. ئېسىمدە قېلىشىچە، ئۇ ئىنىسىنى شىخەنزىگە ئاپىرىپ داۋالىتىپ كەلگەن، مەن ئاشۇ ئاغىنەم بىلەن بىر كۆرۈشەي، بولمىسا سەنەۋۋەرنى شىخەنزىگە ئاپىرىپ داۋالىتارمىز! — دېدى خالمۇرات. ئۇنىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى.

— مەن سىزگە ياردەملىشىمەن، خالمۇرات، بىز سەنەۋۋەرنى ساقايتىۋالايلى، بۇ بىز ئۈچۈن ئەڭ مۇھىم ئىش، بىر ئادەم يىغلاۋاتسا، بىز ئۇنى كۆرمەسكە سېلىپ يۈرۈۋەرسەك، بۇ ئادەمگەرچىلىك بولمايدۇ.

— خەقلەر مېنى نېمە دەيدۇ ئۇ چاغدا؟ خوتۇننى ئۆزى سارالڭ قىلىپ قويۇپ ئۆزى داۋالاۋاتىدۇ دېمەمدۇ؟ — دېدى خالمۇرات.

— «ئىت قاۋاۋېرىدۇ، كارۋان يۈرۈۋېرىدۇ» دېگەن گەپ بار، خەقلەر نېمە دېسە دەۋەرسۇن، ئۇلارنىڭ گېپىگە قۇلاق سالماڭ. ئەگەر سەنەۋۋەر بىلەن كارىڭىز بولمىسا، ئۇ ۋاقىتتا گەپنىڭ سېسىقى چىقىدۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— راست...

تاي يېقىندىن بېرى گۈلبوستاننىڭ كەينىگە چۈشكەندى. ئۇ مۆكۈنۈپ، ماراپ يۈرۈپ گۈلبوستاننىڭ بىنادىكى مۇشۇ ئۆيگە كىرىپ - چىقىپ يۈرۈۋاتقان ئەھۋالىنى بىرنەچچە قېتىم كۆزەتكەندى، ئاندىن ئۇ مۇشۇ ئەتراپقا يوشۇرۇنۇپ يۈرۈپ، خالمۇراتنىڭمۇ مۇشۇ بىنادىكى بىر ئۆيگە كىرىپ - چىقىۋاتقىنىنى بىلىۋالغانىدى. ئۇ ئىشنىڭ نەدىن - نەگىچە بولۇۋاتقىنىنى بىلىپ بولغانىدى. ئۇ غەزەپلەندى، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ، ئۇلارنى نەق مەيداندا تۇتماقچى بولغانىدى. بۈگۈن ئۇ ماراپ يۈرۈپ گۈلبوستان بىلەن خالمۇراتنىڭ يەنە ئاشۇ ئۆيگە كىرىپ كەتكىنىنى كۆرۈپ، دەرھال ھەرىكەتكە كەلدى. ئۇ دوقمۇشتىكى ئاشخانىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ مايلامچىلىق قىلىۋاتقان ئون ياش ئەتراپىدىكى بىر بالىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ ئورۇندۇقىدا ئولتۇردى.

— پەيزىڭ بىلەن بىر مايلىمامسەن، بالام، ئەمىسە، — دېدى تاي.

— چاتاق يوق، ئاكا، ئالامەت مايلىشىپ كەتتىمەن، ئەينەكتەك قىلىشىپ كەتتىمەن، مېيىم بىرىنچى دەرىجىلىك ماي، — دېدى مايلامچى بالا جاڭجالاڭ سۆزلەپ، ئۇ ئىككى قولىغا ئىككى چوتكا ئېلىپ، تاينىڭ ئاياغلىرىنى تازىلاپ مايلاشقا كىرىشتى.

— ئېتىڭ نېمە، بالام؟

— ئابلىمىت...

— ھە، مۇنداق دە، چاققان بالا ئىكەنسەن، ئەللىك تىيىن ئالامسەن، بىر سوممۇ؟

— ئۆزىڭىز بىلىپ بېرىڭ، ئاكا!

— مانا، ئەقىللىق بالا ئىكەنسەن، ھېلىقىدەك نادان بالىلار بولغان بولسا بىر سوم ئالىمەن دەيتتى. مۇنداق بىر ئىش، بالام، مەن ساڭا ئون سوم بېرەي، ماۋۇ يېنىمىزدىكى قورۇنىڭ ئىچىگە كىرىمىز، مەن ساڭا بىر ئۆينىڭ ئىشىكىنى كۆرسىتىپ قويىمەن، سەن ئاشۇ ئۆينىڭ ئىشىكىنى چېكىسەن، ئىگىسى كىم دېسە، سەن مەن، توك پۇلى يىغىۋاتىمەن، دادام بىرىنچى ئۆينىڭ توك پۇلىنى يىغىپ چىققىن دېگەنتى دەيسەن، ئىگىسى شۇنداقلا ئىشىكنى ئاچقاندىن كېيىن، سەن شارت قىلىپ يولۇڭغا كېتىپ قالىسەن، قانداق؟ — دېدى تاي ھېجىيىپ تۇرۇپ.

— ھە... مەيلى.

تاي يېنىدىن ئون سوم پۇل ئېلىپ، ئابلىمىتقا تەڭلىدى.

— ئاله، بالام، ماۋۇ پۇلنى، ماڭە ئەمىسە.

ئابلىمىت ئورۇندۇقى بىلەن كىچىك ساندۇقىنى كۆتۈرۈپ تاينىڭ كەينىدىن ماڭدى، تاي بىر بىنانىڭ ئالدىغا كېلىپ سەل توختىۋېلىپ، ئابلىمىتنى ئالدىغا سېلىپ، بىنانىڭ ئىچىگە كىردى.

— ئورۇندۇقلىرىڭنى ئىشىكنىڭ قېشىغا قويۇپ قوي، بالام، قايتقاندا كۆتۈرۈپلا ماڭىسەن! — دېدى تاي.

ئابلىمىت ساندۇقلىرىنى ئىشىكنىڭ قېشىغا قويۇپ،

تاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئالدىڭدىكى مۇشۇ بىرىنچى ئۆي، ئىشىكنى چېكە!

ئابلىمىت بىرىنچى ئۆينىڭ ئالدىغا كىرىپ ئىشىكنى چەكتى، ئۆينىڭ ئىچى جىمجىت ئىدى، تاي ئابلىمىتنىڭ قېشىدا تۇرۇپ يەنە بىر قېتىم چېكە دەپ شەرەت قىلدى، ئابلىمىت ئىشىكنى يەنە بىر قېتىم چەكتى، بۇ ۋاقىتتا ئۆيدىن زۇۋان چىقتى.

— كىم؟ — بۇ خالمۇراتنىڭ ئاۋازى ئىدى.

— مەن، توك پۇلىنى ئالغىلى كەلدىم، دادام بىرىنچى ئۆينىڭ توك پۇلىنى يىغىپ چىققىن دېگەنىدى! — دېدى ئابلىمىت چاندۇرماي.

ئىشىك ئاستا ئېچىلدى، ئابلىمىت چاققانلىق قىلىپ ئۆزىنى دالدىغا ئالدى، تام تەرەپتە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تۇرغان تاي چاققانلىق بىلەن ئىشىكنىڭ ئالدىدا پەيدا بولۇپ، ئۆيگە بېسىپ كىردى. خالمۇرات ئېسىنى تېپىپ بولغۇچە، ئۇ ئۇنىڭ ياقىسىدىن تۇتۇپ ئېغىزىغا ئىككىنى ئۇرۇۋەتتى، ئاندىن ئىشىكنى ئېتىۋېتىپ، گۈلبوستاننى ئىزدىدى.

گۈلبوستان بايام ئابلىمىت ئىشىكنى چەككەندە ئۆزىنى دالدىغا ئېلىپ تازىلىق ئۆيگە كىرىۋالغانىدى. تاي ھەممە ئۆيلەرنى ئاختۇرۇپ چىقىپ گۈلبوستاننى تاپالمىدى. ئۇ ئىچىدە گۈلبوستاننى دېرىزىدىن چۈشۈپ قاچتىمۇ نېمە دەپ ھەممە ئۆينىڭ دېرىزىسىگە قارىدى، دېرىزىلەر يېپىق ئىدى. تاي تازىلىق ئۆينىڭ ئىشىكىنى ئاچتى. گۈلبوستان ئۇنىڭ كۆز ئالدىدا پەيدا بولدى. ئۇ تاينى كۆرۈپ بىردىنلا ئوساللىشىپ كەتتى.

— سەن توزكورغا نېمە بار بۇ ئۆيدە! — دېدى تاي ۋارقىراپ.

— كارىڭىز نېمە؟ سىزنىڭ نېمە مۇناسىۋىتىڭىز بار مەن بىلەن؟ — دېدى گۈلبوستان.

— سەن مېنىڭ خوتۇنۇم ئەمەسما؟!

— مەن ئاللىبۇرۇن سىز بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن، — دېدى گۈلبوستان ئۇنىڭغا ئالىيىپ.

بايامقى ئىككى مۇشت خالمۇراتقا خېلى قاتتىق تەگكەندى. ئۇ ئېسىنى يىغىپ ئېتىلىپ كېلىپ تايغا مۇشت ئاتتى، ئۇلار ئۇرۇشۇپ كەتتى. تاي خالمۇراتنى قاتتىق ئۇرۇۋەتتى، گۈلبوستان چىدىماي ئۇلارنى ئاجراتتى. تاي قالايمىقانچىلىقتا گۈلبوستاننىڭ يۈزىگە بىر شاپىلاق ئۇردى. گۈلبوستان يىقىلىپ چۈشتى، ئاندىن تاي خالمۇراتنى ئۇرۇپ يىقىتىۋەتتى.

— ھەي، چىشى قالمىغان ھەزىلەك، سەن مېنىڭ خوتۇنۇمغا چېقىلىۋاتامسەن؟ مەن كىم؟ ئاكاڭ قارىغاي مۇشۇ شەھەردە بىر جۇمۇ گۈي، ئەگەر سەن يەنە گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىدىغان بولساڭ، ئاختا قىلىۋېتىمەن سەن ھايۋاننى! — دېدى تاي ۋارقىراپ.

تاي ئىشكنى ئېچىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

خالمۇرات بىلەن گۈلبوستان يەردە ئىنجىقلاپ ياتاتتى، تاي خالمۇراتنىڭ بىلىگە تېپىۋەتكەندى. ئۇ خېلى ئۇزۇندىن كېيىن كۆزلىرىنى ئاچتى، ئاندىن چىشىنى چىشلەپ بېشىنى كۆتۈردى. ئۇ گۈلبوستانغا قارىدى، گۈلبوستاننىڭ ئاغزى قاناپ كەتكەندى. خالمۇرات چىداپ ئورنىدىن تۇرۇپ، گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ، ئۇنى يۆلەپ تۇرغۇزدى.

— بىرنېمە بولدىڭىزمۇ؟ — دېدى خالمۇرات جىددىيلىشىپ.

— چىشىم، ئىككى چىشىم چۈشۈپ كەتتى، — دېدى گۈلبوستان ئاغزىنى ئاچالماي.

— ئاشخانا ئۆيگە كىرىپ ئاغزىڭىزنى يۇيۇۋېتىڭ، مەن كوچىغا چىقىپ تاكسى ئەكىرەي، دوختۇرخانىغا بارايلى، — دېدى خالمۇرات ئىنجىقلاپ، ئۇ بىلىنى تۇتۇپ ئاستا مېڭىپ ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

گۈلبوستاننىڭ ئاغزىدىن قان توختىمىدى. ئۇ ئامال

قىلالىماي قولىياغلىقىنى يىرتىپ قاناۋاتقان چىشىنىڭ ئورنىغا قويۇپ چىشلىۋالدى، ئاندىن ئىككى چىشىنى پارچە قولىياغلىقىغا ئوراپ سومكىسىغا سالدى.

«ئۆزىمۇ مەست ئادەمدەك لىڭشىپ قالغانىدى بۇ ئىككى چىشىم... خەپ، تاي...» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە. ئۇ ياتاق ئۆيگە كىرىپ كارىۋاتتا يېتىۋالدى.

ئارىدىن ئۇزۇن ئۆتمەي خالمۇرات قايتىپ كەلدى. ئۇ گۈلبوستاننى يۆلەپ قوپقۇزۇپ ئۆيدىن ئاچىقىپ بىنانىڭ ئالدىدىكى تاكسىغا چىقىرىپ، ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپاردى.

—... چىشىنىڭ ئورنى زەخىملىنىپتۇ، بىر مەزگىل بالنىتسىدا ياتمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى دوختۇر.

— ماقۇل، دوختۇر، بالنىتسىدا ياتايلى، — دېدى خالمۇرات.

دوختۇر خالمۇراتقا قەغەز قىلىپ بەردى. رەسمىيەت ئۆتەيدىغان ئورۇنغا كەلگەندە، گۈلبوستان بالنىتسىدا ياتمايمەن دەپ تۇرۇۋالدى.

— مەن بالنىتسىدا ياتماي، خالمۇرات، دۇكىنىمنى ئاچمىسام بولمايدۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە خەق ئاڭلىسا سەت، — دېدى گۈلبوستان.

— دوختۇرنىڭ دېگىنىنى قىلمىساق بولمايدۇ، گۈلبوستان، يېتىپ ياخشى ساقىيىۋېلىڭ، چىشىڭ ئورنى زەخىملەنگەن بولسا كېيىن چىش سالدۇرغاندا تەسىرى بولىدۇ! — دېدى خالمۇرات. ئۇ گۈلبوستانغا قارىماي بالنىتسا رەسمىيىتىنى ئۆتەۋەردى.

خالمۇرات گۈلبوستاننى بالنىتسىدا ياتقۇزۇپ قويدى. ئۇ بازارغا چىقىپ كېرەكلىك نەرسىلەرنى ئەكىردى. دوختۇرلار گۈلبوستانغا ئاسما ئوكۇل سېلىپ قويغانىدى. خالمۇرات ئاسما ئوكۇلغا قاراپ ئولتۇرۇپ خىيالغا چۆشۈپ كەتتى.

«تاي دېگەن تەلۋە كۆچىگە ئىشىنىپ كەتتى، خەپ! ئادەم سېلىپ پۈتىنى چېقىۋەتمەيدىغان بولسام» دېدى خالمۇرات ئىچىدە.

— بىرى سورىسا يىقىلىپ چۈشتۈم دەڭ، گۈلبوستان! — دېدى خالمۇرات.

— ماقۇل، ئەمىسە سىز كېتىۋېرىڭ، ئەمدى كەلمەڭ، بىرى كۆرۈپ قالسا سەت. مەن قىزلىرىمغا تېلېفون قىلاي. ماڭا تېلېفون بېرىپ تۇرۇڭ، — دېدى گۈلبوستان.

— ماقۇل، — دېدى خالمۇرات گۈلبوستانغا قاراپ.

— ئەمىسە مېڭىڭ. مەن قىزلىرىمغا تېلېفون قىلاي، سىز ئەتىلەردىن ئۆيگە بېرىپ ئىشىككە بىر «مۇشۇككۆز» نى بېكىتىۋېتىڭ، ئۆي بېزەش ماتېرىياللىرىنى ساتىدىغان دۇكانلاردا بار، ئۇلار ئۆزلىرى ئۆيگە كېلىپ بېكىتىپ بېرىدۇ، بۇنىڭدىن كېيىن ئىشىك ئېچىش توغرا كەلسە تالادىكى ئادەمنى كۆرۈپ تۇرۇپ ئاچمىساق بولمايدىغان بولدى، — دېدى گۈلبوستان.

— ماقۇل، ئۆيىنى بېزىگەندە مۇشۇ ئىش مېنىڭ ئېسىمگە كەلمەپتۇ، گۈلبوستان، بەك سەت ئىش بولدى، سىزنى قوغدىيالمىدىم، سىزنى تاياقتا تۇتقۇزۇپ بەرگەندەك بىر ئىش قىلدىم. مېنىڭ تايغا كۈچۈم يەتمەيدۇ، لېكىن بىر كۈنى مەن ئۇنى يىلتىزىدىن قۇرۇتىمەن! — دېدى خالمۇرات.

— ئۇنداق دېمەڭ، خالمۇرات، جېدەلنى جېدەل بىلەن تۈگەتكىلى بولمايدۇ. ئۇ مېنى دەپ كەلدى. ئۇ ئەسكىلىكنى ئۆزى قىلىپ بولۇپ، ئەمدى چىدىمايۋاتىدۇ، سىز ئۇنى ماڭا قويۇپ بېرىڭ، شۇ تاپتا كاللامغا بەزى ئىشلار كېلىۋاتىدۇ، تايغا ئۆزۈم تېتىيمەن، — دېدى گۈلبوستان.

خالمۇرات گۈلبوستان بىلەن خوشلىشىپ، بالىنىتىسىدىن چىقىپ كەتتى.

ئوتتۇز ئۈچىنچى باب

# گۈلبوستان تاينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلدى

گۈلبوستان ساقىيىپ ئۆيگە چىقىۋالدى. ئۇ بالنىتسىدا تويتوغرا ئون كۈن ياتتى، ئون كۈن ئىچىدە ئۇ ئاردا بولۇپ ئۆتكەن نۇرغۇن ئىشلارنى بىر ـ بىرلەپ كاللىسىدىن ئۆتكۈزدى. قىسقىسى، تاينىڭ تايىقى ئۇنىڭغا ئېغىر كەلدى. ئۇ تاي بىلەن قانداق ئېلىشىش كېرەك دېگەن ئىش ئۈستىدە باش قاتۇردى، ئۇ تەشكىل ئالدىدا، خەلقئالەم، دوست ـ دۈشمەنلىرى ئالدىدا ئۇنى سېستىماقچى بولدى، لېكىن ئۇ ئەتىسىلا بۇ پىكرىدىن يېنىۋالدى. «بۇنداق قىلسام بولمايدۇ، قىزلىرىم بار، ئۇلارنى ئويلىمىسام بولمايدۇ» دېدى، لېكىن بىرنەچچە كۈن ئۆتكەندىن كېيىن ئۇنىڭ كـاللـىسىغا يەنە ئاشۇ كۈندىكى سەتچىلىك كىرىۋېلىپ، ئۇنى داۋاملىق ئازابلىدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ بىر قارارغا كەلدى.

«نېمە بولسا بولسۇن، ماڭا ئەسكىلىك قىلغاندىن كېيىن مەنمۇ ئۇنىڭغا ئەسكىلىك قىلىشىم كېرەك، ئۇ بۇرۇن مېنىڭ ئېرىم بولغىنى بىلەن، ئەمدى ئۇ ھازىر مېنىڭ دۈشمىنىم، مېنىڭ نېنىمنى ئۇ بەرمەيدۇ، ئەمدى ئۇ مېنىڭمۇ قۇدرىتىمنى كۆرۈپ باقسۇن، ئۇنىڭ قولى مېنى دەپسەندە قىلغىنى بىلەن، ئەمدى قانۇننى دەپسەندە قىلالمايدۇ» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

چارشەنبە كۈنى ئەتىگەندە، گۈلبوستان شەھەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا كەلدى. ئۇ بۇنداق ئىشلارنى

مۇشۇ ئورۇنغا پاش قىلىشنى تېلېۋىزىيە فىلىملىرىدىن كۆرۈۋالغانىدى.

ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى ئىشخانىسىدا، ئوتتۇز ياشلارغا كىرگەن بىر يىگىت ئۇنى كۈتۈۋالدى.

— مۇشۇ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇڭ، ھەدە، خوش، بۇياققا كېلىپ قاپسىزغۇ! — دېدى يىگىت كۈلۈپ.

— مەن بىر خىيانەتچىنىڭ قىلمىشلىرىنى پاش قىلاي دەپ كەلگەنىدىم.

— ھە... سىز بىرەر ئورۇندا ئىشلەمسىز - يە؟

— بۇرۇن ئىشلىگەن. ھازىر ئۆيدە...

— ھە، مۇنداق دەڭ، ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، ھەدە، بىزدە بىرنەچچە بۆلۈم بار، خىزمەت تەقسىماتىمىز ئوخشاشمايدۇ، مەن سىزنى تۆتىنچى ئۆيدىكى باتۇر دېگەن كىشىگە تونۇشتۇرۇپ قوياي، سىز ئەھۋالنى ئاشۇ ياققا ئېيتىڭ، بولامدۇ؟— دېدى يىگىت.

— بولىدۇ، ئۇكام، كىمگە ئېيتسام بولۇۋېرىدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

يىگىت گۈلبوستاننى ئەگەشتۈرۈپ بىنانىڭ جەنۇبىدىكى تۆتىنچى ئۆيگە باشلاپ كىرىپ، ئۇنى باتۇر دېگەن يىگىتكە تونۇشتۇردى.

— بۇ ھەدىمىز بىر ئىشنى پاش قىلماقچىكەن، باتۇر، سەن بۇ ھەدىمىزنىڭ گېپىنى ياخشىراق ئاڭلاپ، خاتىرە قالدۇرۇۋال، — دېدى يىگىت باتۇرغا قاراپ.

— ماقۇل، ئەكبەر، خاتىرجەم بول، — دېدى باتۇر.

«بۇ يىگىتنىڭ ئېتى ئەكبەر ئىكەن- دە!» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

ئەكبەر چىقىپ كەتتى.

— خوش، نەدىن كېلىشىڭىز، ھەدە؟ — دېدى باتۇر.

— مەن مۇشۇ شەھەردە، ئۇكام، — دېدى گۈلبوستان.
— شەھەرلىك ئىكەنلىكىڭىزنى بىلىۋاتىمەن، ھەدە، ئۆيىڭىز قەيەردە؟
— ئۆيۈم باھار كوچىسىدا.
— مۇنداق دېمەمسىز، مەن بايام نەدىن كېلىشىڭىز، ھەدە، دېگەندە، سىز شۇ ۋاقىتتىلا باھار كوچىسىدىن كەلدىم دەيسىز ئەمەسمۇ! بىزنىڭ ئىشىمىز بەك ئالدىراش، ھەدە، گەپ ئوينىتىپ ئولتۇرساق بولمايدۇ، ئېتىڭىز نېمە؟ — دېدى باتۇر. ئۇ گۈلبوستاندىن زېرىككەندەك قىلاتتى.
— ئېتىم گۈلبوستان...
— ھە... نېمە گېپىڭىز بار ئىدى؟ دەڭە!
— مەن شەھەرلىك سېمونت زاۋۇتىنىڭ باشلىقى تاينىڭ پارىخورلۇق ئىشلىرىنى پاش قىلماقچىدىم...
— تاي؟ — قەغەز بىلەن قەلەمنى تەييار قىلىپ بولغان باتۇر بېشىنى كۆتۈرۈپ گۈلبوستانغا قارىدى، — زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى تاينى دەمسىز؟
— ھەئە، شۇ.
— گەپنى توغرا قىلىڭ، ھەدە، قالايمىقان گەپ قىلىدىغان ئورۇن ئەمەس بۇ! مۇئاۋىن باشلىقنى بىرىنچى باشلىق دېسىڭىز قانداق بولىدۇ؟! ھە، گەپ قىلىڭە! — دېدى باتۇر.
«ئەجەب بىر قوپال بالىكىنا بۇ!» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.
— تاي يېقىنقى يىللاردىن بېرى ھۆكۈمەتنىڭ سېمونتلىرىنى سودىگەر ئاغىنىلىرىگە نېسىگە سېتىپ، دوكۇمېنتلارنى يوقىتىش ئارقىلىق ئۇلاردىن نەپ ئالدى. ئۇنىڭ ئېغىر مەسىلىسى بار!
— سىزدە قانداق ئىسپات بار؟ — دېدى باتۇر.
— مەندە ئىسپات يوق، لېكىن مەن بۇ ئىشلارنى بىلىمەن. «ماۋۇ خوتۇن نېمانداق جۆيلۈيدىغاندۇ... مەن ئۆي سالغاندا

ماڭا بىر تونىنا سېمونت ياردەم قىلغان تاي شۇ ئەمەسمۇ! » دېدى باتۇر ئىچىدە.

— ئىسپاتىڭىز بولمىسا بۇ ئىشلارنى سۈرۈشتە قىلماق تەس. ھازىرقى ئادەملەر تولكىدىنمۇ ئۆتە قۇۋلىشىپ كەتتى، قۇيرۇق تۇتقۇزمايدۇ، خوش، سىز بۇ ئىشلارنى قانداق بىلىسىز؟ — دېدى باتۇر.

— ئۇ بۈرۈن مېنىڭ يولدىشىم ئىدى...

— ھە... مۇنداق دەڭ، ھە... ئىش مۇنداق ئىكەن ـ دە! ئۇ سىزنى قويۇۋەتكەندىن كېيىن چىقىۋاتقان ئىشلار بولدىغۇ بۇ!

— ئۇ مېنى قويۇۋەتمىدى، مەن ئۇنى قويۇۋەتتىم! — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

باتۇر كۈلۈپ كەتتى.

— يېڭى گەپ ئىكەن بۇ، مەن ئاڭلىمىغان گەپتىن بىرنى قىلدىڭىز ـ دە! مەن ئالتە يىلدىن بېرى مۇشۇ ئىدارىدە خەقنىڭ پاش قىلىش دېلوسىنى خاتىرىلەۋاتىمەن! نى ـ نى گەپدان ئادەملەرنى قوبۇل قىلغانمەن، لېكىن سىزدەك قىزىق گەپ قىلىدىغان ئايالنى ئۇچراتماپتىكەنمەن، يولدىشىڭىز مۇشۇ ئىشلارنى سىزگە دەپ بەرگەنمۇ؟

— ياق، مەن ئۇلارنىڭ گېپىدىن ئاڭلىۋالغان.

— ھە... ئاڭلىۋالغان گەپلەر ئىكەن دە، ئۇ يېنىۋالسا ھېچ نەرسە دېگىلى بولمايدۇ بۇنداق ئىشلارغا. خوش، ئەمدى ئۆز ۋاقتىدا، شۇ يىللاردا بۇ ئىشنى بىزگە شاققىدە پاش قىلماي، ھازىر نېمىدەپ پاش قىلغۇڭىز كېلىپ قالدى؟

— بۇنىڭ سەۋەبىنىمۇ دەمدىم؟

— ئەلۋەتتە.

— يېقىندا ئۇ مېنى ئۇردى، ئۇرۇپ ئىككى چىشىمنى چۇشۇرۇۋەتتى...

— مۇنداق دەڭ، يەنە قانداق ئىشلار بار؟

— بىر يىلى سېمونت زاۋۇتىغا ئەسقەر دېگەن بىر بالا باشلىق بولۇپ كەلگەن، تاي زاۋۇتتىكى قولچوماقچىلىرى بىلەن بىرلىشىپ ئۇ ئادەمگە زىيانكەشلىك قىلدى، ئۇ ئادەمگە بىر بۇزۇقنى سولاپ بېرىپ، ئاندىن ئۇ بۇزۇققا پۇل بېرىپ، ئۇنىڭ ئۈستىدىن تەشكىلگە ئەرز قىلدۇردى. ئاخىرى ئاشۇ ئادەم باشلىقلىق ۋەزىپىسىدىن قالدى. مۇشۇ ئىپلاسلىقلارنىڭ ھەممىسىنى تاي قىلغان، — دېدى گۈلبوستان.

— مۇشۇ ئىش توغرىسىدا سىزدە ئىسپات بارمۇ؟

— زاۋۇتتىكىلەرنىڭ ھەممىسى بىلىدۇ بۇ ئىشنى، بېرىپ ئېنىقلىساڭلار ۋاقچىدە ئىسپاتقا ئىگە بولىسىلەر! — دېدى گۈلبوستان.

— ھە، مۇنداق دەڭ، ھەدە، گۈلبوستان ھەدە، سىلەر نېمە ئۈچۈن ئاجرىشىپ كەتكەن؟

— بۇ ئۆزىمىزنىڭ ئىشى، ئۇكام...

— ھە، مۇنداق دەڭ، خوش، سىز ئىككى ئىشنى دېدىڭىز، مەن بۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى خاتىرىلىۋالدىم، ئەمدى سىز مېنىڭ گېپىمنىمۇ ئاڭلاپ بېقىڭ، ھەممىمىز مۇسۇلمان ئادەم ئىكەنمىز، بۇ يەردە ئىككىمىزدىن باشقا ئادەم يوق، ھەدە، سىز مۇشۇ ئىشلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ نېمە قىلىسىز؟ ئۆتۈپ كەتكەن ئىشلار ئىكەنغۇ! بۇنىڭ نېمە پايدىسى بار؟ ئىككىڭلارنىڭ ئوتتۇرىسىدا بالا باردۇ؟ بالاڭلارنى ئويلىمىساڭلار قانداق بولىدۇ؟ گېپىڭىزنىڭ ئورامىغا قارىسام تاي مېنى ئۇردى، مەن ئۇنى سېسىتىمەن دېگەن مەقسەتتە ئوخشايسىز، ئاچچىقىڭىزدىن يېنىڭ، نېمە قىلىسىز خەقكە ئويۇن قويۇپ بېرىپ، جىق بولسا شۇ بەش — ئون ماشىنا سېمونتنىڭ ئىشىدۇ، ئەگەر بىز بېرىپ ئۇنىڭ ئىشلىرىنى ئېنىقلىساق، سىز دېگەندەك «ۋاقچىدە» ئىسپاتقا ئىگە بولۇپ قالساق، قانۇن ئورۇنلىرى ئۇنى قولغا ئالسا، بالىڭىزنى كىم باقىدۇ؟ ئەگەر تاي سىز دېگەندەك خىيانەت

قىلغان بولسا، ئۇ بۇ ۋاخقىچە قىلغان ئىشلىرىنى توۋا قىلىپ بولدى ھەرقاچان، توۋا قىلسا بولىدىغۇ! سىز بۇ ئىشلارنى ئۇ مېنى ئۇردى دەپ قىلىۋاتىسىز، قان بىلەن قاننى يۇغىلى بولمايدۇ، ھەدە، كەڭ قورساق بولۇڭ، بۇ ئىش ھەقىقەتەن سىز دېگەندەك بولۇپ قالسا سىزگىمۇ پايدىسى بولمايدۇ. سىز بۇ ئىشنى مۇنداق چۈشىنىڭ. ئۇ مېنى ئەمەس، ئۆزىنى ئۇردى دەپ چۈشىنىڭ، ھەممە ئادەم قىلسا ئۆزىگە قىلىدۇ، ئەگەر سىز مۇشۇ پەدىدە جىم يۈرسىڭىز، تاي بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى ئۆزى سېسىيدۇ. ھېلىقى بىر گەپ بار، چەت ئەللىكلەرنىڭ گېپى ئۇ، بىرى ئوڭ يۈزۈڭگە ئۇرسا، سەن ئۇنىڭغا سول يۈزۈڭنىمۇ تۇتۇپ بەر، دېگەن، ماڭىمۇ شۇ گەپ بەك ياقىدۇ، ھەدە، ئادەم دېگەن توۋا قىلىشنى بىلىدىغان بەندە. بىر كۈن ئۆتىدۇ، بىر ئاي ئۆتىدۇ، بىر يىل ئۆتىدۇ، ئادەم ئاخىرى ئۆزى قىلغان ئەسكىلىكىگە توۋا قىلىدۇ، مانا، ئادەم بولدى دېگەن مۇشۇ! سىزمۇ ھازىر ئاچچىقىڭىز ئۈستىگە مۇشۇ ئىشنى قىلىۋاتىسىز، ئەگەر بىر ئايدىن كېيىن، بىر يىلدىن كېيىن مۇشۇ ئىشلارنى ئويلىسىڭىز، سىزمۇ پۇشايمان قىلىسىز، يەنە بىر مەزگىل ئۆتسە ئاچچىقىڭىز يېنىپ قالىدۇ، ھەدە، ماقۇل دېسىڭىز، مەن يازغان بۇ ئىشلارنى يىرتىپ - يىرتىپ تاشلايمەن، ياق، پاش قىلغىنىم قىلغان دېسىڭىز، بىز سېمونت زاۋۇتىغا ئادەم ئەۋەتىمىز، سىز دېگەن ئاشۇ ئىشلارنىڭ غېزىنى غاز، ئۆردىكىنى ئۆردەك قىلىدىغان گەپ، ھەدە، بىزگە ئىسسىقمۇ ئەمەس، سوغۇقمۇ ئەمەس... ئۇنىڭ ئۈستىگە ھېچقانچە بىر ئىش ئەمەس ئىكەن، ھەدە، بۇ. تايغۇ تاشتىن چىققان سېمونتنى يەپتۇ، تاغارلاپ ئالتۇن يەپ كېتىۋاتقان ئادەملەر بار ئەمەسمۇ، ھەدە...

— ئۇكام، سىز قانداق ئادەم؟ سىز ماڭا نېمە دەۋاتىسىز؟ سىزمۇ تايىنىڭ ئۇكام ئاداشلىرىنىڭ بىرىمۇ قانداق؟ سىز مېنى نېمە كۆرۈۋاتىسىز؟ مەن سىلەرگە بىر خىيانەتچىنىڭ جىنايىتىنى

پاش قىلغىلى كەلدىم! سىزمۇ ھۆكۈمەتنىڭ كادىرىمۇ؟ سىز خەلق ئۈچۈن ئىشلەيدىغان كادىرمۇ؟ سىز مېنى خەنزۇ بازىرىدىكى ئوسما ساتىدىغان خوتۇنلارغا ئوخشىتىۋاتامسىز؟ مەن سىزنىڭ بۇ گەپلىرىڭىزنى چۈشەنمىدىمغۇ! مەن بۇ يەرگە بىر قارانىيەت ئادەمنىڭ قىلمىشىنى پاش قىلغىلى كەلدىم، بىرى مېنىڭ ئوڭ يۈزۈمگە ئۇرسا، مەن ئۇنىڭغا يەنە سول يۈزۈمنى تۇتۇپ بېرەلمەيمەن! مەن ماڭا ئازاب بەرگەن ئادەمنىڭ ئاغزىغا مانتا سالىدىغان ئايال ئەمەس، مەن ياق دېيىشنى بىلىمەن، مەن ئادەم، سەن نېمە ئۈچۈن مېنى ئۇرىسەن دەپ ئۇنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىشنى بىلىمەن، سىز ئۇنداق گەپلىرىڭىزنى ئاشۇ چەت ئەللىكلىرىڭىزگە ئاپىرىپ دەپ بېرىڭ…، — دېدى گۈلبوستان خاپا بولۇپ.

— سىز قايناپ كەتتىڭىزغۇ، ھەدە، ماۋۇ دېگەن قانداق يەر بىلەمسىز؟ سىز گەپنى ئاز قىلىڭ، مەن سىزگە قېرىنداشلىق ھېسسىياتىدا تۇرۇپ مەسلىھەت بېرىۋاتىمەن، ياق دېسىڭىز، سىبمونت زاۋۇتىغا ئادەم ئەۋەتىمىز دېدىمغۇ! — دېدى باتۇر چىرايىنى سەتلەشتۇرۇپ.

— مەن ئەمدى سىز بىلەن پاراڭلاشمايمەن، ئۇكام، مەن ھېلىقى ئەكبەر دېگەن بالىنى ئىزدەي، — دېدى گۈلبوستان ئورنىدىن تۇرۇپ، ئۇ باتۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

باتۇر ئورنىدا ئولتۇرۇپلا قالدى.

گۈلبوستان ئەكبەرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى. ئەكبەر ئۇنى كۆرۈپ ھۆرمەت بىلەن ئورنىدىن تۇردى.

— پاراڭلىشىپ بولدىڭىزمۇ، ھەدە؟ — دېدى ئەكبەر كۈلۈپ.

— دەيدىغان گەپنىڭ ھەممىسىنى دېدىم، ئۇكام ئەكبەر، بىراق قاملاشمىغان بالا ئىكەن ئۇ، مەن سىلەرنىڭ ئادىل شۇجى دەيدىغان بىر باشلىقىڭلار بار دەپ ئاڭلىغان، مېنى ئاشۇ كىشىنىڭ

ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويغان بولسىڭىز! — دېدى گۈلبوستان.
— بىر ئىش بولدىمۇ، ھەدە؟
— مەن بىرىنىڭ ھۆكۈمەتنى قۇرۇتۇپ خىيانەتچىلىك قىلغان ئىشلىرىنى پاش قىلىۋاتسام، ئۇ باتۇر دېگەن، نېمە قىلىسىز، ھەدە، بۇ ئىشلارنى كۆتۈرۈپ يۈرۈپ دەيدۇ، ئويلاپ بېقىڭە، ئۇكام، مۇشۇمۇ گەپمۇ؟ مېڭىسىنىڭ سۈيى بار نەرسە ئىكەن ئۇ! خاپا بولماي، ئۇكام، مېنى ئاشۇ ئادىل شوجى دېگەننىڭ ئىشخانىسىغا ئەكىرىپ قويۇڭ، ئۇكام، ئىسمىغا لايىق ئادىلمۇ، ئەمەسمۇ بىلىپ باقاي، — دېدى گۈلبوستان.
— مۇنداق قىلايلى، ھەدە، سىز ماڭا ئىشىنىڭ، سىز بىزنىڭ باشلىقنى ئىزدەيمەن دەپ ئاۋارە بولماڭ، ئەھۋالنى باتۇرغا دەپ بولغان بولسىڭىز، مەن بۇ ئىشنى ئۆزۈم بىر قوللۇق ئورۇنلاشتۇراي، قانداق؟ — دېدى ئەكبەر.
— ماڭا مۇشۇنداق گەپ قىلساڭلار بولىدىغۇ مانا، ئۇكام، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ ئەكبەر بىلەن خوشلىشىپ تالاغا چىقىپ كەتتى.
ئەكبەر باتۇرنىڭ ئىشخانىسىغا كىردى.
— بايامقى ئايالنى رەنجىتىپ قويۇپسەنغۇ!
— ئېرىنىڭ بۇرۇنقى بىر ئىشى ئىكەن ئۇ، نېمە قىلىدۇ كونا خاماننى سورۇپ، — دېدى باتۇر چىرايىنى ئاچماي.
— ئۇنداق دېسەڭ بولمايدۇ، باتۇر، مۇشۇ گەپلىرىڭنى باشقىلار ئاڭلاپ قالسا سېنى چاتاق قىلىدۇ! — دېدى ئەكبەر.
— سەن چىقىپ شوجىغا دەپ قويارسەن، ئاداش، چاققانراق ئۆسەرسەن، — دېدى باتۇر ئەكبەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— سەن ئېلىشىپ قاپسەن، باتۇر، بۇنداق خىزمەت ئىشلىسەڭ بولمايدۇ! — دېدى ئەكبەر. ئۇ باتۇرنىڭ ئىشخانىسىدىن چىقىپ كەتتى.

# ئوتتۇز تۆتىنچى باب

## قەمەرنىڭ ئۇشۇقى ئالچۇ چۈشتى

تاي گۇلبوستاننىڭ شەھەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا بېرىپ ئۆزى ئۇستىدە قىلغان گەپ - سۆزلەرنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلاپ بولغاندى. قىسقىسى، ئۇ باتۇرنىڭ خاتىرىلىگەن ماتېرىيالىنىڭ كۆپەيتىپ بېسىلغان نۇسخىسىدىن بىر نۇسخىسىگە ئىگە بولدى. ئۇ ئۇزۇن يىللاردىن بېرى ھېچ نەرسىدىن قورقماي ياشاپ كېلىۋاتقان، ئەمما ئۇ بۇ قېتىمقى بۇ ماتېرىياللارنى كۆرۈپ خېلى جىددىيلەشتى. ئۇ ئوسماننى ئىشخانىسىغا چاقىرىپ، ئۇنىڭغا قولىدىكى ماتېرىيالنى كۆرسەتتى.

— بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى، ئاداش؟ گۇلبوستاننىڭ نېمە قىلغىنى بۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— ئۇ مەندىن ئۆچ ئېلىۋاتىدۇ، بىز بۇ ئىشقا تاقابىل تۇرمىساق بولمايدۇ، ئوسمان، سېنىڭ تۇتقان ھېسابلىرىڭدىن چاتاق چىقماس؟ — دېدى تاي ئوسماننىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئۇنىڭدىن خاتىرجەم بول، ئاداش، مەن ئۇنداق ھېسابلارنىڭ ھەممىسىنى توغرىلاپ بولغان، ھېسابتىن چاتاق چىقمايدۇ، ئەمدىكى گەپ ئەسقەرنى ئويناتقان ھېلىقى نايناقلارنىڭ ئاغزىنى تۇۋاقلاش كېرەك، مەن ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي.

— شۇنداق قىل، ئاداش، بېرى، ئۇلارنى قورقۇت، يەنە بىرى، ئۇلارنىڭ قولىغا پۇل بەر. ئۇ نايناقلار پۇلغا ئامراق،

پۇلنى كۆرسە بىز دېگەننى قىلىدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا، ئاداش، بۇگۇن كەچكە ھېلىقى لوبەن ئاغىنىلەرنى بىر يەرگە يىغىپ، ياخشى مېھمان قىل، ئاندىن بۇ ئىشلارنى ئۇلارغا دە، ئاغزىنى چىڭ تۇتسۇن، ئۇلارغا ھەرگىز گۇلبوستاننىڭ گېپىنى چىقارما، سەت تۇرىدۇ.

— شۇنىڭدىمۇ، ئاداش، بۇ ئىشقا يۇقىرىدىن ئازراق يول ماڭمىساق بولمايدۇ، — دېدى ئوسمان.

— ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن شەھەرنىڭ مۇھىم باشلىقلىرى بىلەن تازا ياخشى ئەمەس، ئۇلار مېنى ياقتۇرۇپ كەتمەيدۇ، بولمىسا مەن ئاللىبۇرۇن زاۋۇتنىڭ بىرىنچى قوللۇقىنى ئېلىپ بولغان بولاتتىم، بۇ يولنى يەنە ئۆزۈڭ ماڭمىساڭ بولمايدۇ، ئاداش، پۇلنى مەن تېپىپ بېرەي، — دېدى تاي.

— شۇنداق، ئاداش، ئۆزۈڭ بىلىسەن، مەن شەھەرنىڭ باشلىقلىرىنى ئاساسەن تونۇمايمەن، نەچچە زاماندىن بېرى بىز تاپقىنىمىزنى ئۆزىمىز يەپلا ئۇلار بىلەن ئاغىنە بولمىدۇق، ئەمدى ئۇلارنىڭ ئالدىغا بارساڭ بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلارمۇ؟ بىز بۇ ئىشقا بىرىنى سالساق بولارمىكىن! — دېدى ئوسمان.

ئوسماننىڭ بۇ گېپىنى ئاڭلاپ، تاي بېشىنى كۆتۈرۈپ ئۇنىڭ كۆزىگە قارىدى.

— سەنچە كىمنى سالىمىز؟

— قەمەرنى!

— قەمەر؟ ئاشۇ قەمەرنى دەمسەن؟! ئاشۇ نايناق بىزنىڭ گېپىمىزنى قىلارمۇ، ئاداش؟

— پۇل بەرسەڭ ماڭىدۇ، ئۇنىڭ ئۇچۇن بۇمۇ بىر ئوقەت، ئۇ پۇلدىن باشقا نەرسىگە ئىشەنمەيدۇ، بىز ئۇنىڭ مۇشۇ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك، ئېشەكنىڭ دۇمبىسىگە ئاپتاپ چۈشسە قولۇڭنى قاقلا دېگەن گەپ بار، ھازىر بۇ گەپ نايناقلارنىڭ دۇمبىسىگە كۈن چۈشسە قولۇڭنى قاقلاغا ئۆزگەردى،

قەمەرنىڭ يولى كەڭ، ئۇ شەھەردىكى بىرنەچچە باشلىق بىلەن بەك ياخشى، بۇ ئىشنى ئۇ ئوڭشىيالايدۇ! — دېدى ئوسمان تاينىڭ كۆزىگە قاراپ.

— قەمەر... ئەمدى بىز ئاشۇ ناينىاقا تەزىم قىلىمىزما؟

— ئېگىلگەن بويۇننى قىلىچ كەسمەيتۇ دېگەن گەپ بار، كۆز ئالدىدىكى بالادىن قۇتۇلۇشىمىز كېرەكقۇ؟ بىز ئۇنى يەنىلا پۇل بىلەن ئوينىتىمىزغۇ!

— ھەممە ئىشنى قىلغان ئاشۇ بۇزۇق...

— سەنمۇ قىلغانسەن؟ شۇ كۈنى تاغنى تەۋرىتىۋەتكەنتىڭغۇ!

— ھەي، خۇلقى ياخشى بولغان بىلەن، ئاداش، ئۆزى بەك ئەسكى!

— كامالەتكە يەتكەن نايناقلار مۇشۇنداق بولىدۇ، ئاداش، سېنى ئوينىتىپ تۇرۇپ جېنىڭنى ئالىدۇ! — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە ئۇ نايناق بىلەن كۆرۈشىمىزمۇ؟ — دېدى تاي.

— ئامال يوق، بۇ ئىشنى قەمەرنىڭ قولى بىلەن پۈتتۈرمىسەك بولمايدۇ، قەمەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىش يوق، ئاداش، مەن كەچتە ئۇنى بىر رېستورانغا توغرىلاي، ئۇنىڭ بىلەن ئوچۇق پاراڭلىشايلى، — دېدى ئوسمان.

— مەن ئۇ شەيتان بىلەن كۆرۈشمەي، ئۆزۈڭ پاراڭلاشمامسەن، ئاداش، ئالمەن دېگەن پۇلنى بېرەيلى!

— قەمەرنىڭ مىجەزىنى مەندىن ياخشى بىلىسەنغۇ! ئۇ سېنى ئېگىلدۈرمەن دەيدۇ، سەن بارمىساڭ ئۇ بىزنىڭ سىزىقىمىزغا دەسسىمەدۇ! — دېدى ئوسمان.

— ماقۇل ئەمىسە، مەن باراي، مۇشۇنداق بولسۇن! — دېدى تاي.

ئوسمان تاي بىلەن خوشلىشىپ، ئۆزىنىڭ ئىشخانىسىغا چىقتى. ئۇ ئىشىكنى ئېتىپ قويۇپ، قەمەرگە تېلېفون بەردى. قەمەرگە تېلېفوندا: «سىزنى كۆرگۈم كېلىپ قالغان، ئەگەر

ۋاقىتىڭىز بولسا، مالال كۆرمىسىڭىز، كەچتە «بوستان رېستورانى»دا بىللە تاماق يېگەن بولساق» دېدى.

كەچتە، ئوسمان تاينى باشلاپ «بوستان رېستورانى»غا كەلدى. ئۇلار سەككىزىنچى ئۆيگە كىرىپ ئولتۇردى. ئارىدىن بىر سائەت ئۆتتى، قەمەر كۆرۈنمىدى.

— سائەت ئالتىدە دېسەڭ يەتتىدە كېلىدىغان نەرسە ئۇ! ئۇ مۇشۇ كۈندە ئۆزىنى پادىشاھ دەپ چاغلاپ يۈرىدۇ، بۇرۇنقى قەمەر ئەمەس ئۇ! باشقىلار ھەل قىلالمايدىغان، سوت پۈتتۈرەلمەيدىغان ئىشلارنى ئاشۇ قىلىدۇ، ئاداش! — دېدى ئوسمان.

— ئەمىسە گەپنى ئۆزۈڭ ئوڭشا! — دېدى تاي.

— خاتىرجەم بول.

— گۈلبوستاننى بۇنداق قىلار دەپ ئويلىماپتىكەنمەن، ئاداش، ئىككى بالامنىڭمۇ بولسا يۈزىنى قىلمىدى! — دېدى تاي.

— گەپ ئۇنداق ئەمەس، ئاداش، سەن ئۇنىڭغا قول سالمىساڭ بولاتتى، ئۇرىدىغان ئادەم خالمۇرات دېگەن ئەمەسمۇ…

— ئۇ گۈينىڭ بىلگىمۇ قاتتىق تېپىۋەتتىم، دەردىنى ئۆزى بىلىدۇ، بىر كۈنى قارىسام بېلىنى تۇتۇپ تولغىنىپ كېتىۋاتىدۇ.

— شۇ كۈنى سەن ئۇلارنىڭ ئۆيىگە بېسىپ كىرگەندە ئۇلار ھەپەدىمىكەن، يە؟ — دېدى ئوسمان تاينىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ھە… تۇغۇۋېتىپتىكەن!

ئوسمان كۈلۈپ كەتتى.

تالادا ئىشىكنىڭ قېشىدا تۇرىدىغان قىز قەمەرنى ئۆيگە باشلاپ كىردى.

— كەچۈرىسلەر، مەن سەل كېچىكىپ قالدىم، قورغاس ناھىيىسىنىڭ بىر باشلىقى بىر ئىش بىلەن مېنى ئىزدەپ كەپتىكەن، شۇنىڭ ئىشىنى پۈتتۈرۈپ بېرىمەن دەپ كېچىكىپ قالدىم، — دېدى قەمەر تاتلىق كۈلۈپ.

«بۇ ناپاقىنىڭ ئىچىمۇ چىرايىدەك ياخشى بولغان بولسىچۇ خۇدايىم! » دېدى تاي ئىچىدە.

— سىز ھازىر شەھەر باشلىقىدىنمۇ ئالدىراش بولۇپ كەتتىڭىز، قەمەر، خۇدايىم بۇيرۇسۇن! — دېدى ئوسمان.

— گېپىڭىز راست بولسا ئەكېلىڭ قولىڭىزنى، بىر كۆرۈشۈۋېتەيلى! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ. ئۇ ئوسمان بىلەن كۆرۈشۈپ بولۇپ، تاينىڭ قولىنى چىڭ تۇتۇۋالدى.

«قولۇمنى يۇمىسام بولمايدىغان بولدى - دە! » دېدى تاي ئىچىدە.

قەمەر ئوسماننىڭ ئۆزىنىڭ تاماقا چاقىرغان مەقسىتىنى بىلىپ بولغانىدى. بۇگۈن چۈشتىن كېيىن، ئوسماننىڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، بىرەر ئىش بولمىسا ئوسمان مېنى بىكاردىن - بىكار مېھمان قىلمايدۇ دەپ ئويلاپ، گۈلبوستانغا تېلېفون بەرگەنىدى. ئۇ گۈلبوستاننى ئالداپ يۈرۈپ ئۇنىڭ تاينىڭ ئۈستىدىن تەشكىلگە ئەرز قىلغان ئىشىنى بىلىۋالدى. ئىچىدە ئوسمان مېنى چوقۇم مۇشۇ ئىش ئۈچۈن چاقىردى دەپ پەرەز قىلغانىدى. مانا ئەمدى ئۇ تاينى كۆرۈپ، ئۆزىنىڭ پەرىزىنىڭ ئاساسەن توغرا چىققانلىقىغا ئىشىنىپ قالدى.

— ئوسمانكا، تايكامنىمۇ چاقىرىپسىزغۇ؟ بىلگەن بولسام قولۇمدا پېچەت مال بار ئىدى، تايكامغا ئالغاچ كېلەتتىمكەن! — دېدى قەمەر قىزىقچىلىق قىلىپ.

— تاي ئاكىڭىز ئۇنداق ئىشلاردىن قالدى ھازىر، بۇرۇنقىلىرىنى كۆشەۋاتقان گەپ، — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئەمدى تايكامدەك ياخشى خېرىدار تېپىلمايدۇ جۇمۇ! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— مەن سىزنىڭ خېرىدارىڭىز بولۇپ قاپتىمەن - دە! —

دېدى تاي.

— بۈرۈن شۇنداقتى، سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى خېرىدارىم ئىدىڭىز، هازىر ئەمەس، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا هېچكىم بىرنېمە دېيەلمەيدۇ!

— شۇنداق، قەمەر، سىز ئەقىللىق قىز، بۇنىڭدىن كېيىنكى ئىشلارغا بىرنېمە دېمەك تەس، — دېدى تاي.

ئوسمان كۆتكۈچى قىزنى چاقىرىپ تاماق بۇيرۇتتى.

— ئاڭلىسام، سىڭلىم، سىزنى شەھەرگە مۇئاۋىن باشلىق قىلارمىشقۇ؟ — دېدى ئوسمان قولىدىكى پىيالىنى شىرەگە قويۇپ.

— ئۇنداق گەپ يوق، ئوسمانكا، يوق يەردىن بىر گەپ تاپتىڭىز - هە! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— قىلسىمۇ شۇ، سىڭلىم، سىزدەك ئادەمنى قىلىدۇ، — دېدى تاي ئوسماننىڭ گېپىگە ماسلىشىپ.

— مېنى كولدۇرلاتماڭلار، تايكا، زېرىكىپ قالغان بولساڭلار مەن بىر قىز چاقىراي، ياخشىراق بىر مېھمانخانىغا بارايلى، — دېدى قەمەر.

— بۇگۈن بولمايدۇ، سىڭلىم، كېيىن بىر كۈنى سىزگە ئايرىم تېلېفون قىلىمەن، شۇ ۋاقىتتا قانغۇچە ئوينايمىز، بۈگۈن سىزنى باشقا بىر ئىشقا چاقىرغان، سىزدىن ياردەم سورايدىغان بىر ئىش بار ئىدى، — دېدى ئوسمان.

— كۈن قاياقتىن چىقتى هوي، سىلەر مەندىن ياردەم سورامسىلەر؟ سىلەر دېگەن قانداق ئادەم؟ گەپ قىلىڭە، تايكا، مېنى چېلىۋاتىسىلەر - هە! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— ئۇنداق ئىش ئەمەس، قەمەر، گېپىمگە قۇلاق سېلىڭ، مۇنداق ئىش، يېقىندا گۈلبوستان بىلەن تاي بىرنېمە دېيىشىپ قاپتىكەن، شۇنىڭ بىلەن گۈلبوستان ئاچچىقىدا شەھەرلىك پارتكوم ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىغا بېرىپ

تاينىڭ ئۈستىدىن ئېگىز - پەس گەپ قىلىپ قويغان ئوخشايدۇ، يەپ كەتتى، ئىچىپ كەتتى، قويۇۋاتىدۇ، جايلاۋاتىدۇ دېگەندەك گەپلەر ئىكەن، بۇگۇنكى كۈندە ھېچ ئىش ئەمەس بۇ! لېكىن بۇ ئىشتىن يامان غەرەزدىكى ئادەملەر پايدىلىنىپ كېتىدىغان ئوخشايدۇ. سىزنى ئىزدىگىنىمىزدىكى مەقسەت، سىز شەھەرنىڭ مۇھىم باشلىقلىرىنى ياخشى تونۇيسىز، مۇشۇ ئىشتا بىزگە ياردەم قىلمىسىڭىز بولمىدى، — دېدى ئوسمان.

— ھە... مۇنداقمۇ ئىشلار بولۇپ كېتىپتۇ - دە! — دېدى قەمەر بىلمىگەن كىشى بولۇۋېلىپ.

«بىلمەي قالامدۇ بۇ مايماق» دېدى تاي ئىچىدە.

— ئۇلار زاۋۇتقا ئادەم ئەۋەتىدىغان ئوخشايدۇ. مەيلى قانداق بولسۇن تاي زاۋۇتنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، باشلىق بولغان ئادەمنىڭ يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىشلىرى بولۇپ تۇرىدىكەن، ئەمدى تاي قاراپ تۇرۇپ زىيانكەشلىككە ئۇچراپ كەتمىسۇن، بۇ ئىش سىزنىڭ قولىڭىزدىن كېلىدۇ، بىز ئۇچۇن يول مېڭىپ قويۇڭ ئەمدى، بىز ھېلىقىدەك بىزدىن يانمىسا خۇدادىن يانار دەپ قاراپ ئولتۇرىدىغان ئادەملەردىن ئەمەس، بۇ تەرىپىنى سىز ياخشى چۇشىنىسىز! — دېدى ئوسمان.

— تاينىڭ نى - نى باشلىق ئاغىنىلىرى بارغۇ؟ ئاشۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ باقمىدىڭىزما؟ — دېدى قەمەر ئوسمانغا قاراپ.

— ساپ يەپ قاچىدىغان نەرسىلەر ئۇلار، — دېدى تاي گەپكە ئارىلىشىپ.

— ھە... مۇنداق دەڭ، سىزنىمۇ ئوينىتىدىغان ئادەم چىقىدىكەن - ھە! خوش، بۇ ئىش مېنىڭ قولۇمدىن كېلىدۇ، تاي، ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلىسىز، سېمونت زاۋۇتنى سىز ئوسمان بىلەن بىرلىشىپ ئۆزۈڭلارنىڭ بېغىغا ئايلاندۇرۇۋالدىڭلار، بۇ تەرىپىنى مەن ياخشى بىلىمەن، زاۋۇتنىڭ ئىشچىلىرىمۇ بىلىدۇ، ئەگەر تەشكىل زاۋۇتقا ئادەم

ئەۋەتسە، سىلەرنىڭ ئۇۋاڭلار بۇزۇلۇپ كېتىدۇ، مۇشۇنداق گەپ، بۇ بايام ئوسمانكام دېگەندەك يەپ كېتىپتۇ، ئىچىپ كېتىپتۇ دېگەندەك ئاددىي ئىش ئەمەس، قالغىنىنى ئۆزۈڭلار بىلىسىلەر، مەن بۇ ئىشنى باستۇرۇپ كېتەلەيمەن، بىز سودىلىشايلى، قانچە پۇل بېرىسىلەر؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— سىز نېمە دېسىڭىز بىز شۇ، قەمەر، ھەممە ئىش پۇل بىلەن ئوخشايدۇ، سىز پۇلدىن خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى تاي.

— ئەمىسە مەن بىر كۆچەپ باقاي، بۇ ئىشقا ئەللىك مىڭ سوم پۇل كېتىدۇ، مەن ئەللىك مىڭ سوم پۇل بىلەن بۇ ئىشنى باستۇرۇۋېتەلەيمەن. ئەمدى يەنە بىر ئىش بار، بۇ ئىشنىمۇ ئويلىشىپ بېقىڭلار، سەنەۋۋەر ساراڭ بولۇپ قالدى، ئۇنى داۋالىمىسا بولمايدۇ، داۋالاش ئۈچۈن پۇل خەجلەش كېرەك. بۇ ئىشقىمۇ ئاز دېگەندە ئەللىك مىڭ سوم كېتىدۇ، ئىككى ئىشقا يۈز مىڭ سوم كېتىدۇ...

ئوسمان تاينىڭ كۆزىگە قارىدى، تاي كۆزىنى قىسىپ قويدى، ئوسماننىڭ ئۇنىڭ شەرتىنى چۈشەندى.

— بەش بارماقنى بىراقلا ئېغىزغا تىققىلى بولمايدۇ، قەمەر، سىزگە كېتىدىغان ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى بېرەيلى، ئالدى بىلەن مۇشۇ ئىشنى ساقايتايلى، سەنەۋۋەرنى داۋالىتىدىغان ئىشنى كېيىن با مەسلىھەت بويىچە بىر ئىش قىلمايمىزمۇ؟ — دېدى ئوسمان.

— بۇ ئىشقا سىلەرمۇ ئالدىرىماڭلار، مەنمۇ ئالدىرىماي، پۇلنىڭ بىر ئۈچى يۈرەكتە دېگەن گەپ بار، ياخشى ئويلىشىڭلار، توغرا، سەنەۋۋەرنى داۋالىتىدىغان ئىش ئايرىم ئىش، بىراق بۇ ئىشنى سىلەرنىڭ ئاشۇ ئىشىڭلارغا قوشۇپ تەڭ پۈتتۈرمىسەك بولمايدۇ. گەپنىڭ ئوچۇقىنى قىلسام، مۇشۇ بىرنەچچىمىز ئىچىدە، ئەڭ چوڭ زىيان تارتقان ئادەم سەنەۋۋەر بولدى،

دەسلەپتە ئويۇننى تاي ئىككىمىز باشلاپ بەردۇق، كېيىن گۇلبوستان ھەدەم تايدىن خېتىنى ئالدى، ئۇ تولۇق بولۇپ قالغىنى بىلەن ئەمەلىيەتتە ئۇنىڭ يۈركىنى خالمۇرات ئىسسىتىۋاتىدۇ، كەلگۈلۈك پەقەت سەنەۋۋەرگىلا كەلدى. ئەمدى بىز ئۇنىڭغا ئىگە بولمىساق بولمايدۇ، بولۇپمۇ مەن بۇ ئىشنى كۆرمەسكە سېلىۋالسام بولمايدۇ. قانداق قىلىمىز ئەمدى، مۇشۇنداق ئىشلارمۇ شۇنداق بولىدىكەنغۇ، كۆڭۈل دېگەن ساراڭدەك بىر نەرسە ئىكەنغۇ ئەمدى، خالمۇرات دېگەن ئاداشمۇ ھاجەتخانىدا زوڭزىيىپ كىتاب ئوقۇيدىغان ئاداش ئىكەن، ياش ۋاقتىدىكى مۇھەببىتىمىنى ئالىمەن دەپ ئايالىنى قويۇۋەتكىنىنى قارىمامدىغان، بىر ئەرنىڭ تېگىدە يىگىرمە نەچچە يىل ياتقان خوتۇندا مۇھەببەت نېمە قىلسۇن؟ كۈلگىسى كەلگۈدەك بىر ئىش ـ دە بۇ! شۇڭا، سەنەۋۋەرنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ.

— ئوسمان ياخشى گەپ قىلدى، قەمەر، بىز بۇ ئىشنى ئەتە ـ ئۆگۈن دېسەك ۋاقىتنى ئۆتكۈزۈپ قويىمىز، مۇنداق بولسۇن، بىز ھازىر سىزگە ئەللىك مىڭ سوم بېرەيلى، ئالدى بىلەن ماۋۇ ئىشنى پۈتتۈرۈڭ، ئاندىن سەنەۋۋەرنى مەن ئۆزۈم مەسئۇل بولۇپ داۋالىتاي! — دېدى تاي.

— مېنىڭ نېسىدىن تەلىيىم يوق، تاي. مەن مۇشۇ ئىككى ئىشنى بىراقلا قىلىمەن، سىلەرگە ھوقۇق كېرەك، ماڭا پۇل كېرەك، ئەگەر سىلەر ھوقۇقۇڭلاردىن ئايرىلىپ قالساڭلار، شۇ كۈندىن باشلاپ تۈگىشىسىلەر، ئەگەر مەن پۇلدىن ئايرىلىپ قالسام، مەنمۇ بىر چىنە سۇيۇقئاش ئۈچۈن قىزىرىپ يۈرىمەن، بۇنداق ئىشلارنى سىلەر مەندىن ياخشى بىلىسىلەر، ئۇ ۋاقىتتا مېنىڭ بىر ۋاراق قەغەزچىلىكمۇ رولۇم بولمايدۇ، ياق، قەغەزچىلىكمۇ قىممىتىم بولمايدۇ، ئۇ ۋاقىتتا مەن شېخىدىن ئايرىلغان بىر تال غازاڭغا ئايلىنىپ قالىمەن، شۇڭا بۇ ئىشتا سىلەر ئەتراپلىق ئويلىشىپ، مېنىڭ مەنپەئىتىمنى بىرىنچى

ئورۇنغا قويمىساڭلار بولمايدۇ، — دېدى قەمەر.

— پۇلۇم قالمايدۇ دەپ ئەنسىرەيسىزكەن - دە، پۇلىڭىز تۈگەپ كەتسە مەيدىڭىزگە «تاي» دەپ يېزىپ قويۇپ ياشاۋەرمەمسىز! — دېدى ئوسمان چاقچاق قىلىپ.

— ئۇ ۋاقىتتا تايكام ئويۇن بولۇپ كەتمەمدۇ؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

ئوسمان قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

«گەپ ئوچۇق بولدى، نەق پۇل بولدى، نەق پۇل ئالمىغۇچە ماڭمايدىغان بولدى بۇ ماڭقا، ئەللىك مىڭدىن قىلىپ ئىككى لوبەننى يۈز مىڭ سومغا دەسسەتمىسەك بولمىدى» دېدى تاي ئىچىدە.

ئوسمان، تايغا بىرنېمە دېمەمسەن دېگەن مەنىدە شەرەت قىلدى.

— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، قەمەر، ئەتە ئەتىگەندە مۇشۇ رېستوراننىڭ مۇشۇ ئۆيىدە ناشتىدا كۆرۈشەيلى، بىز بۇ ئىشتا سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قارىمىساق بولمايدۇ! — دېدى تاي.

— ماۋۇ گېپىڭىز بولدۇ، تاي، سىلەرمۇ ياخشى ئويلىشىڭلار، يۈز مىڭ سوم ئاز پۇل ئەمەس، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— گەپ پۇلدا ئەمەس، قەمەر، — دېدى ئوسمان.

—ياق، ئۇنداق ئەمەس، گەپ شۇ پۇلدا، ھەممىمىز پۇلنىڭ قۇلى، ئۇنى دەپ باقىمىز، بۇنى دەپ باقىمىز، مەقسەت يەنە شۇ پۇل، — دېدى قەمەر.

«قوڭىدىن قىرىپ كەتكەن بۇزۇق - دە بۇ!» دېدى تاي ئىچىدە.

ئۇلار قەمەرنى ئۇزىتىپ قويدى.

— ئەمىسە دېگىنىنى بېرىمىزمۇ، ئاداش؟ مەن كۆپ بولسا ئەللىك مىڭ سوم ئالار دېگەن! — دېدى ئوسمان.

— بۇ ساراڭ بىزنى قويۇۋاتىدۇ.

— باشقا بىرىنى ئىزدەپ باقامدۇق - يە؟

— باشقىلار بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرەلمەيدۇ.

— ئەمسە پۇلنى مەن تەييار قىلاي، ناشتىدا ئۇنىڭ قولىغا تۇتقۇزايلى، — دېدى ئوسمان.

— مۇشۇنداق قىلايلى، ئاداش... ماۋۇ پېشكەللىكنى قارىمامدىغان، خوتۇن خەق دېگەنگە ھەرگىزمۇ سىر بەرمىگۈلۈك ئىكەن ـ دە...، — دېدى تاي.

## ئوتتۇز بەشىنچى باب

# گۇلبوستان كۇلدى

قەمەر رېستوراندىن چىقىپ گۇلبوستاننىڭ ئۆيىگە كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى.

— بىر جايلاپسىز كەن - دە، گۇلبوستان هەدە، بەك ياخشى ئىش قىلىپسىز، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ سەتچىلىكىنى يېپىش ئۇچۇن ئاخىر مېنى ئىزدىدى، مەن بولىدۇ، مەن سىلەرنى بۇ پاتقاقتىن تارتىپ چىقىرىپ قوياي، لېكىن ماڭا يۇز مىڭ سوم بېرىسىلەر، مۇناسىۋەت قىلىشقا ئەللىك مىڭ سوم كېتىدۇ، قالغان ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى سەنەۋۋەرنى داۋالىتىشقا ئىشلىتىمىز دېدىم، — دېدى قەمەر.

— تاي نېمە دەيدۇ؟ — دېدى گۇلبوستان قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— ئەتە ئەتىگەندە رېستوراندا ناشتىدا كۆرۈشىدىغان بولدۇق! — دېدى قەمەر.

— سىز مۇشۇ ئىشقا ئارىلاشمىغان بولسىڭىز، قەمەر، ئۇلار تازا بىر بۇرنىغا يەيتتى، — دېدى گۇلبوستان.

— سىز خاتىرجەم بولۇڭ، گۇلبوستان هەدە، سىز چوقۇم مەقسىتىڭىزگە يېتەلەيسىز، تاي بىلەن ئوسمان ئۇزۇنغا بارماي بۇرنىغا يەيدۇ، مەن مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر قويۇۋالمىسام بولمايدۇ، مۇشۇ باهانىدە سەنەۋۋەرنىڭ كېسىلىنى داۋالاشقىمۇ ئازراق پۇل تېپىۋالايلى، ئۇلار ئۇچۇن بۇنچىلىك پۇل

دېگەن نېمە ئۇ! — دېدى قەمەر.

— سەنەۋۋەرنى داۋالايمىز دەپ قالدىڭىز - دە، قەمەر، بولمايدىغان بولسا مەن مۇشۇ ئىشنىمۇ ھۆكۈمەتكە مەلۇم قىلاي دېگەنىدىم، — دېدى گۈلبوستان.

— بۇنىڭغا ئالدىرىماڭ، گۈلبوستان ھەدە، بىز قول سالمىساقمۇ ئۇلارنى جايلايدىغان ئادەم چىقىدۇ، — دېدى قەمەر.

— ئەمىسە نەچچە زاماندىن بېرى ئۇلارنىڭ ئەسكىلىكىنى ھېچكىم بىلمىدىغۇ؟ — دېدى گۈلبوستان.

— ۋاقتى - سائىتى كەلمىگەن گەپ، ھەدە، ۋاقتى - سائىتى كەلگەندە ئۇلارنى بىر كۈن ئىچىدىلا جايلايدۇ. مېنىڭ ئويۇم مۇنداق، سىز دەيدىغاننى بىر قېتىم تەشكىلگە دەپ بولدىڭىز، ئەمدى بولدى، بولمىسا مېنىڭ مۇشۇ ئىشىمغا تەسىر يېتىدۇ، خەق ئاڭلىسىمۇ سەت، تايكامغۇ مەيلى ماقۇل، قىزلىرىڭىزنى ئايىمىسىڭىز بولمايدۇ، ئۇنىڭدىن باشقا خەقلەر ئاجراشقاندا نېمە ئىش قىلىپ قاپتىكەن؟ يەيدىغاننى يەپ بولۇپ، سىڭدۈرىدىغاننى سىڭدۈرۈپ بولۇپ، ئەمدى ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغىنى نېمىسى دېسە نېمە دەيسىز؟

— ئەگەر ئۇ ساراڭ مېنى ئۇرمىغان بولسا، مەنمۇ بۇ ئىشلارنى دېمىگەن بولاتتىم!

— بۇ گېپىڭىز ئاقمايدۇ، خەقلەر يەنە سىزنى ئەيىبلەيدۇ، سىز بۇ ئىشتا مېنىڭ ئاغزىمغا قاراڭ، مەن ئۇلارنىڭ مۇشۇ قېتىمقى سەتچىلىكلىرىدىن پايدىلىنىپ ئۇلارنى بىر قويۇۋالاي، ئۇلار ئۇزۇن يىللاردىن بېرى بۇنداق چۈشكۈنلىشىپ باقمىغان، ماڭا بىر ئوڭ كەلدى، ھەدە، قالغان ئىشلاردىن سىز خاتىرجەم بولۇڭ، سىز ھەر ھالدا بۇ ئىشنى تېشىپ قورسىقىڭىزنى بوشىتىۋالدىڭىز، ئەمدى بولدى، ئەمدى ئۇسسۇلغا مەن چۈشىمەن! — دېدى قەمەر.

«نېمىدېگەن يامان قىز بۇ، نەپ ئالغىلى بولىدىغان ئىشلا

بولسا ھەممىنى قىلىپ قاملاشتۇرىدىكىنا!» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

— مەيلى ئەمىسە، مەن سىزنىڭ ئاغزىڭىزغا قاراي، سەنەۋۋەرنى داۋالىتايلى دېگەن گېپىڭىز ماڭا بەك ياقتى، مەنمۇ قاراپ تۇرمايمەن، ئۇ مېڭى قىلمىسا ئاجىز، مەن خالمۇراتقا جىق گەپ قىلدىم، ئۇمۇ ھەر ھالدا بوشىشىپ قالدى، مەن ئۇنى گەپكە كىرگۈزەلەيمەن، ئۇ مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلايدۇ، سەنەۋۋەرنى ئەڭ بولمىغاندا ئۇرۇمچىگە يولغا سالايلى، — دېدى گۈلبوستان.

— مېنىڭ ئويۇممۇ مۇشۇ، گۈلبوستان ھەدە، ماڭا ئىشىنىڭ، مەن بۇ ئىشنى ناھايىتى ياخشى ئورۇنلاشتۇرىمەن، مەن بىلىمەن، سىز ئىچىڭىزدە مېنى مېڭى تىللايسىز، مېنىڭ ئۆيۈمنى بۇزغان بۇزۇق مۇشۇ دەپ مېنى قارغايسىز، مەن يەنە بىلىمەن، سىزگە ئوخشاش مېنى تىللايدىغان ئادەملەر مۇشۇ شەھەردە ئاز ئەمەس، لېكىن ئۇلار ماڭا ھەقىقىي باھا بېرەلمەيدۇ، مېنى ھەقىقىي چۈشىنەلمەيدۇ. مەن ئۇلارنى مۇشۇنداق ئىشلار بىلەن قايمۇقتۇرىمەن، مېنىڭ يەنە بىر مەقسىتىم، سەنەۋۋەرنى داۋالىتىشتىن پايدىلىنىپ، بۇ ئەڭگۈشتەر ئارقىلىق ئۆزۈمنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەيمەن، ئوسمان بايام رېستوراندا «قەمەر، بىز سىزنىڭ ياردىمىڭىزگە موھتاج» دېگەندە، مېنىڭ كاللامغا دەرھال مۇشۇ ئىش كەلدى، ئەسكىنىڭ پۇلى ئاجىز ئۈچۈن كەتسە نېمە بوپتۇ؟ قىسقىسى، سىز مېنى چۈشىنىڭ، مەنمۇ سىزنى ياخشى چۈشىنىمەن، سىزمۇ بۇرۇنقى گۈلبوستان ئەمەس، سىز تايكام بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەندىن كېيىن تۇرمۇشنى، جەمئىيەتنى چۈشىنىشكە ھەقىقىي قەدەم تاشلىدىڭىز، سىز بۇرۇن ئەرلەر پەلسەپىسى ئىچىدە ياشايتتىڭىز، قانداق قىلسام ئېرىمگە ياخشى بولارمەن دەپ تىرىشاتتىڭىز، مانا ئەمدى سىز ئاياللار پەلسەپىسى ئىچىدە ياشاۋاتىسىز، قانداق قىلسام ئۆزۈمنى خوش قىلىمەن دەپ ياشاۋاتىسىز، مانا بۇنى يامان

ئىشىنىڭ ياخشىغا ئايلىنىشى دەيمىز، ئەگەر سىز تايكام بىلەن ئاجرىشىپ كەتمىگەن بولسىڭىز، بەلكىم تۇرمۇشىڭىز بۇرۇنقىدەك تىنچ ئۆتۈۋېرەر بولغىيتتى، لېكىن سىز ھەرگىزمۇ ئۆزىڭىزنى ھەقىقىي چۈشىنىپ يېتەلمەيتتىڭىز، ئۆزىڭىزنى تاپالمايتتىڭىز، مەنمۇ شۇنداق، گۈلبوستان ھەدە، قورسىقى تويسا كۆزى تويمايدىغان ئەرلەر جىق بولغانلىقتىن، مەن ئۆزۈمنىڭ، يەنە ئەرلەرنىڭ ئاجىزلىقىنى بىلىۋالدىم، مەن ئۇچۇن بۇمۇ بىر بايلىق، پۇل بىلەن ئالتۇن بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىق بولسا، كىشىلىك ھايات تەجرىبىسى ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىق، بەزىدە ئىككىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىق بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدىغان بايلىقنى يېتەكلەپمۇ قويىدۇ تېخى...

— مەن سىزنىڭ بەزى سۆزلىرىڭىزنى تازا چۈشەنمەيمەن، قەمەر، سىزنىڭمۇ ئۆزىڭىزگە راست، لېكىن مەن تىنچلىقنى خالايمەن...

— ھەممە ئادەم تىنچلىقنى خالايدۇ، گۈلبوستان ھەدە، لېكىن ئەرلەر بىزنى تىنچ ياشىغىلى قويمايدۇ ئەمەسمۇ. بىز ھامان ئاجىز، ئوقيا ئەرلەرنىڭ قولىدا، شۇڭا بىز جېدەلدىن قورقساق بولمايدۇ...

# ئوتتۇز ئالتىنچى باب

# ناشتىدىكى سودا

ئەتىسى ئەتىگەندە، قەمەر ناشتا ۋاقتىدا رېستورانغا يېتىپ كەلدى. كۆتكۈچى قىز ئۇنى تونۇگۇنكى ئۆيگە باشلاپ كىردى. ئۆيدە تاي ئۇنى كۈتۈپ ئولتۇراتتى، قەمەر تاي بىلەن قول تۇتۇشۇپ كۆرۈشتى.

— قولىڭىز مۇزدەكقۇ، تاي. كېچىگىچە كىر يۇيۇپ چىقتىڭىزمۇ نېمە؟ — دېدى قەمەر تاينىڭ ئۇدۇلىدا ئولتۇرۇپ چاقچاق قىلىپ.

— بويتاق بولغاندىن كېيىن ھەممە نەرسىنى يۇيىدىغان گەپ ئىكەن، قەمەر! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سىزنى بويتاق دېگىلى بولمايدۇ، تاي، سىزگە خوتۇن كەممۇ؟ دېھقانغا ئۆيدە خوتۇن، شوپۇرغا يولدا خوتۇن، باشلىققا كۇندە خوتۇن دېگەننى ئاڭلىمىغانمۇ؟ سىز بۇ جەھەتتە خاتىرجەمغۇ! ... ئوسمانكامچۇ؟ — دېدى قەمەر.

— پاھ، قوشاقچى بولۇپ كېتىپسىز جۇمۇ مۇشۇ كۇندە! ھە، ئوسمان ئاكىڭىزنى كۆرگىڭىز كېلىپ قالدىمۇ؟ ئاخشام ئايالى ئاغرىپ قاپتىكەن، مۇشۇ تاپتا خوتۇنىغا چاي قاينىتىۋاتىدۇ، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.

— ئوسمانكامنى تاماققا بەك ئۇستا دەپ ئاڭلايمەنغۇ، تاي، — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

— شۇنداق، لەگمەننى سوزىدىغان بولسا، خوتۇن خەق بىكار

قالسۇن ـ ھە! — دېدى تاي كۈلۈپ.
— ياخشى، ئەڭ بولمىغاندا ئايالى بىرياققا كەتكەندە ئاچ قالمايدىكەن، — دېدى قەمەر.
كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي بىلەن نان ئەكىردى. ناشتىدىن كېيىن، تاي ئالدىدىكى قارا سومكىسىنى ئۇدۇلىدا ئولتۇرغان قەمەرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.
— پۇل سومكىدا، سانىۋېلىڭ، قەمەر، — دېدى تاي.
— ھەممىسى قانچە؟
— يۈز مىڭ سوم.
— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، تاي، سانىمىساممۇ بولىدۇ، — دېدى قەمەر.
— بىكارغا پۇل بەرسە سانىۋال دېگەن گەپ بار، ساناڭ، سانىمىسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى تاي.
— مەن ئەزەلدىن سىز بەرگەن پۇلنى ساناپ ئالغان بەندە ئەمەس، مەن سىزگە ئىشىنىمەن! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— مەن ھازىر بۇرۇنقى تاي ئەمەس.
— لېكىن سىز مېنىڭ كۆزۈمدە يەنىلا بۇرۇنقى تاي، — دېدى قەمەر.
— سانىمىسىڭىز كەم چىقىپ قالسا ئۆز گۇناھىڭىز ئۆزىڭىزگە ئەمەسە!
— ئەتىگەندە ئالدىراپ سومكامنى ئېلىۋالماپتىمەن، تاي، مۇشۇ سومكىڭىزنىمۇ ماڭا بېرىۋېتىڭ ئەمدى! — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.
—بېرەي، يەنە نېمە بېرىمەن؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.
— ئۆزىڭىزنىڭ ئىختىيارى، تاي، مەن سىزنى مەجبۇرلىيالمايمەن، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— ئەڭ بولمىغاندا سومكىنىڭ ئاغزىنى ئېچىپ كۆرۈپ

بېقىنىڭ، كېيىن ئىچىدىن پۇل چىقماي جىن چىقىپ قالمىسۇن.
— ئۇنچىلىك كىچىك جىن يوقتۇ؟— دېدى قەمەر.
— قىز جىنلارنى ئاشۇنداق كىچىك بولىدۇ دەپ ئاڭلىغان مەن، — دېدى تاي كولۇپ.
— ئەمىسە ئېچىپ باقاي، — دېدى قەمەر. ئۇ سومكىسىنىڭ سىرتمىسىنى ئېچىپ، سومكىنىڭ ئىچىدىكى باغلام پۇلنى قولىغا ئېلىپ، قىزىقچىلىق قىلىپ ئېغىرلىقىنى دەڭسەپ كۆرۈپ، ئاندىن پۇلنى سومكىنىڭ ئىچىگە سېلىپ قويدى.
— ئېغىرلىقىدىن قارىغاندا كەم ئەمەس، تاي، — دېدى قەمەر.
— مەن ئەزەلدىن سىزگە كەم پۇل بەرمىگەنغۇ! — دېدى تاي.
— مېنىڭ كەم پۇل ئالمايدىغانلىقىمنى بىلىسىز ـ دە! — دېدى قەمەر.
تاي قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ كۈلدى، قەمەرنىڭ پارقىراپ تۇرىدىغان قاش ـ كۆزلىرىدىن ئۇنىڭغا بۇرۇنقى كۈنلەرنى ئەسلەتتى.
— ھە، قاراپ كەتتىڭىزغۇ، سۆيۈپ قويامسىز يا سۆيۈپ قويايمۇ؟ — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.
— ئەمىسە جوزىدىكى ناننى ئاچقىۋېتىپ كىرەيمۇ؟ — دېدى تاي كۈلۈپ.
— ناننى ئاچقىۋەتسىڭىزمۇ مېنىڭ قېشىمغا كېلەلمەيسىز، تاي، ئەسلەش ئۈچۈن بولۇپ قالسۇن، مەن سىزنى بىر سۆيۈپ قوياي! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— قورقىمەن، ماڭا رېئاكسىيە قىلىدۇ...
— قورقماڭ، مەن ھېچ گەپ دېمەيمەن، — دېدى قەمەر.
— سىز دېمىگەن بىلەن شەيتانلىرىڭىز دەيدۇ ئەمەسمۇ!
قەمەر كۈلۈپ كەتتى.

— توغرا، شەيتانلارنى ئۇنتۇپ قاپتۇق. ھەممىنى قىلغان ئاشۇ شەيتانلار...

— ئەمسە توختاملىشىۋالىمىزمۇ، قەمەر؟ — دېدى تاي ئۇنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— نېمە؟ توختاملىشىۋالىمىزمۇ دەمسىز؟ سەنەۋۋەردەك بولۇپ قالماڭ يەنە، تاي.

— سەنەۋۋەر بىلەن بىللە بېرىپ داۋالىنىپ كېلەيمىكىن دەيمىنا!

— سىزنى دوختۇرلار ساقايتالمايدۇ، ئۆزۈم ساقايتىمەن! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— ئەمسە ماڭا بىر ھۆججەت يېزىپ بېرىڭ.

— مەن خەت يازالمايمەن! سىز مېنىڭ قەلەم تۇتۇپ باققىنىمنى كۆرگەنمۇ؟

— ئەمسە پۇلنى ئېلىپ بىزنىڭ ئىشىمىزنى پۈتتۈرمەسسىزچۇ؟

— ئىشەنمىگەن ئىشنى قىلماسلىق كېرەك، تاي، پۇل تېخى جوزىنىڭ ئۈستىدە! — دېدى قەمەر. ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ ئالدىدىكى پۇل سومكىسىنى تاينىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

تاي قەمەرنىڭ كۆزىگە قارىدى، ئۇ قەمەرنىڭ قورسىقىدىكى ئوينى بىلگۈسى بار ئىدى، لېكىن قەمەرنىڭ كۆزلىرى شۇقەدەر تىنچ ئىدى.

— سىز بەك نازۇكلىشىپ كېتىپسىزغۇ، قەمەر، — دېدى تاي.

— ئۇنداق ئەمەس، مەن خېلى جىق ئادەملەرنىڭ ئىشىنى ھەل قىلىپ بەرگەن. لېكىن ئۇلار ماڭا ھۆججەتنىڭ گېپىنى قىلمىغان! — دېدى قەمەر.

— مەن قىلسام چىدىمايۋاتامسىز؟

— شۇنداق، بۇرۇن چىدىغىنىم بىلەن ھازىر

چىدىمايمەن! — دېدى قەمەر كۆلۈپ.

تاي ئالدىدىكى سومكىنى قەمەرنىڭ ئالدىغا ئىتتىرىپ قويدى.

— مەن سىزگە ئىشىنىمەن، قەمەر.

— مەنمۇ سىزگە ئىشىنىمەن، تاي.

— بىزنىڭ مۇناسىۋىتىمىز مۇشۇ ئىش بىلەن تۈگىمەيدۇ، قەمەر، ئەگەر سىزمۇ شۇ ئىشتا بىزگە ياخشى ماسلاشسىڭىز، بىزمۇ بۇنىڭدىن كېيىن ھەرقايسى جەھەتتە سىز بىلەن ياخشى ماسلىشىمىز، ئەگەر بىزگە ئەسكىلىك قىلسىڭىز، ئۇ ۋاقىتتا بىز سىز بىلەن دوست بولالمايمىز، مەن ئەسلىي سىزگە ئوشۇق گەپ قىلماي دېگەن، بۇگۈن ئەتىگەندىلا ئازراق سۆزلەپ قويىدىغان ئوخشايمەن. ھېلىقى يىلى بىز تاغدا بىرىنچى قېتىم تونۇشتۇق، مەن بىرىنچى قېتىم قولىڭىزنى تۇتقاندا مەن ئۆزۈمنى مۇشۇ شەھەردىكى ئەڭ بەختلىك ئادەم دەپ خۇشال بولغانىدىم. چۈنكى سىزنىڭ مۇھەببىتىڭىز مېنىڭ دۇتارىمنىڭ تارلىرىغا جان بەرگەن. شۇ كۈنلەردە، ئاشۇ ئايلاردا مەن بەك خۇشال بولغانىدىم. كۈنلەر ئۆتتى، ئايلار ئۆتتى، ئەمەلىيەتتە مېنى بۇ دۇتار قاراڭغۇلۇققا ئاپىرىپ تاشلىدى، مەن بەك چوڭ بەدەل تۆلەپ كەتتىم... مەن سىزگە قايىل، يەنە سىزنىڭ بەدىنىڭىزگە، ماھارىتىڭىزگە، ئەرلەرنى ئاسانلا ئۆزىڭىزگە رام قىلىۋالالايدىغان تېخنىكىڭىزغا قايىل، لېكىن سىزنىڭ نىيىتىڭىزگە ئۆچ، سىز مۇشۇنداق ئىشلاردا مال ـ دۇنيانىلا مەقسەت قىلمايسىز، سىزنىڭ نىيىتىڭىز دۇرۇس ئەمەس، بۇ قېتىمقى ئىشقا كەلسەك سىز يەنە ماڭا ھۈنەر ئىشلىتىۋاتىسىز.

سىز! — دېدى تاي قەمەرگە تىكىلىپ قاراپ ئولتۇرۇپ.

— مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ خېلى گەپلىرىڭىزنى دەۋالدىڭىز ـ ھە! ئەمىسە مەنمۇ قورسىقىمدىكى گەپلەرنى دەۋالاي، تاي. گەپكە گەپ كەلگەندە ئاتاڭدىن يانما دېگەن گەپ بار، مەن سىزگە شۇنى دەپ قوياي، مەندە ئادەم ئۆلتۈرىدىغان

نىيەت يوق، قالغان ھەممە نىيەت بار! سىز مېنىڭ مۇشۇ گېپىمنى ئۇنتۇماڭ، مەن سىزگە ئوخشاش بوشاڭ ئەرلەرگە ئۆچ، ئۆچ بولغاندا يەنە ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن ئۆچ، چاندۇرمايمەن، ئوچۇق - ئاشكارا ئادەمنى رەسۋا قىلىدىغان ئىشنى قىلمايمەن، ھەممە ئىشلارنى ئۆزىنىڭ يولى بىلەن قىلىمەن، مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق ئەسكى، مېنى مەنمەن دېگەن ئادەملەر چۈشىنەلمەيدۇ، بۇ سىرنى ھېچكىم يېشەلمەيدۇ، مېنى سىزگە ئوخشاش ئەرلەر مۇشۇنداق قىلىپ قويغان، مېنى ئەسلىدە دەسلەپتە ئەرلەر قالايمىقانلاشتۇرۇۋەتكەن. مەن ئەسلىي گۈلگە چوقۇناتتىم، مانا ئەمدى گۈللەردىن پايدىلىنىپ ياشايمەن، مۇشۇلارنىڭ ھەممىسىگە سەۋەبچى بولغان ئادەم سىزگە ئوخشاش ئەر، بۇزۇق ئەرلەر مېنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنىم، مەن ھاياتلا بولىدىكەنمەن مۇشۇ قارىشىمدىن ھەرگىز يانمايمەن، شۇڭا ئىككىمىز مەڭگۈيەتتە ھەرگىزمۇ چىقىشالمايمىز، بىر - بىرىمىزدىن پايدىلىنىشىمىز مۇمكىن، لېكىن بىز ھەقىقىي سىرداشلاردىن بولالمايمىز، چۈنكى بىز ھە دېگەندە بىر خىل غەيرىي مەقسەتتە جەم بولغان، ئاخىرىغا كەلگەندە يا سىز سەتلىشىسىز، يا مەن سەتلىشىمەن، يا سىز زىيان تارتىسىز، يا مەن زىيان تارتىمەن، بىزدە بىر ناننى تەڭ يەيلى دەيدىغان ئىش بولمايدۇ، مەن ئۆزۈمنى ناھايىتى ياخشى چۈشىنىمەن، نۇرغۇنلىغان ئادەملەر مېنىڭ تۇتقان يولۇمدىن پايدىلىنىدۇ، مەنمۇ ئۇلارنىڭ ئاجىزلىقىدىن پايدىلىنىمەن، مەن مۇشۇ ئىشلارنىمۇ توغرا چۈشىنىمەن، — دېدى قەمەر.

— مەن سىزنىڭ بۇنداق گەپلىرىڭىزنى كۆپ ئاڭلىغان، قەمەر. سىز ئۆزىڭىز ئېيتقاندەك، بىز سىزنى ياخشى چۈشىنىمىز، لېكىن بىز سىزنى ھەرگىزمۇ بۇزۇق دېمەيمىز، مۇشۇ گەپنى سىزگە دەپ قويمىسام بولمايدۇ، خەق نېمە دېسە ئۆزىنىڭ ئىشى، لېكىن بىز سەگەك ياشىمىساق بولمايدۇ، ئەمدى سىزگە مۇنداق بىر تەلىپىم بار، مۇشۇ ئىشنى بىرىگە

تىنىمىسىڭىز، ئاغزىڭىزدىن چىقىپ كەتمىسە، دوست بار، دۈشمەن بار، خەقلەر تاماشا كۆرمىسۇن دەيمەنغۇ! — دېدى تاي قەمەرگە يېلىنىش ئاھاڭىدا.

— بۇ جەھەتتە خاتىرجەم بولۇڭ، تاي، مەن بۇ قېتىم سىزنىڭ ئىشىڭىزنى ياخشى پۈتتۈرۈپ بېرىمەن، سىزنى بىر خۇشال قىلىۋېتىمەن! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ.

# ئوتتۇز يەتتىنچى باب

## قەمەرنىڭ كوزىرى

قەمەرنىڭ شەھەردە قولىدىن خېلى ئىش كېلىدىغان مىجىت ئىسىملىك بىر باشلىق بىلەن مۇناسىۋىتى ياخشى ئىدى، ئۇ نۇرغۇنلىغان ئادەملەرنىڭ ئىشلىرىنى مۇشۇ باشلىقنىڭ قولى ئارقىلىق پۈتتۈرەتتى، شەنبە كۈنى كەچتە، ئۇ مىجىتنى يەنە ئۆزىنىڭ ئۆيىگە چاقىردى. مىجىت ئادىتى بويىچە قاراڭغۇ چۈشۈپ بولغاندا قەمەرنىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىغا كېلىپ، چاققانلىق بىلەن يېنىدىكى ئاچقۇچ بىلەن ئىشىكنى ئېچىپ كىردى.

قەمەر شىرەگە يەيدىغان - ئىچىدىغان نەرسىلەرنى تىزىۋەتكەنىدى، ئۇنىڭ قىزىل چىرىغى ئۆينى شۇ قەدەر يېقىملىق، سىرلىق قىلىپ يورۇتۇپ تۇراتتى، ئۇ بەكمۇ چىرايلىق ياسىنىۋالغانىدى، كۆكسىگە ساڭگىلاپ ئويناپ تۇرىدىغان بۇدۇر چاچلىرى ئۆزىگە بەكمۇ ياراشقانىدى. گىرىمنىڭ خىسلىتىدە پارقىراپ تۇرىدىغان جامالىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، مىجىت ئۆيگە كىرىپ ئۇنىڭ ئاپئاق رۇباشكىسىنى كۆرۈپ، بىردىنلا بەدەنلىرى قىزىپ كەتتى، قەمەر كۆكسىنى ئوينىتىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى.

— بەك كېچىكىپ كەتتىڭىزغۇ، مىجىتكا؟ — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.

— چۈشتىن كېيىن يىغىن ئاچقان، يىغىنىمىز تۈگىمەي كەتتى، — دېدى مىجىت قەمەرنىڭ ئىسسىق قولىنى تۇتۇپ

تۇرۇپ.
— مەن سىزنى كەلمەيدىغان ئوخشايدۇ دەپ قايغۇرۇپ ئولتۇراتتىم، — دېدى قەمەر ئەركە ئاۋازدا.
— مەن قاچان سىز چاقىرغاندا كەلمىگەن؟ — دېدى مىجىت شىرە ئالدىغا كېلىپ ئولتۇرۇپ.
— شۇڭا سىز مېنىڭ ئەڭ ياخشى ئاكام ئەمەسمۇ! — دېدى قەمەر.
— بۈگۈن بەك چىرايلىق بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟
— مەن سىز كەلگەندە مۇشۇنداق چىرايلىق بولۇۋالىمەن! — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.
بۇ گەپ مىجىتقا بەك خۇشياقتى، كۆزلىرىنى ئۇنىڭ رۇباشكىسىنىڭ ئىچىدىكى جوپ كۆكسىدىن ئۇنىڭ كۆزلىرىگە يۆتكىدى:
— كۈندىن - كۈنگە ياشىرىپ كېتىۋاتىسىز جۇمۇ، قەمەر...
— سىز ئۈچۈن ياشىرىپ كېتىۋاتىمەن...
«گەپ بەرمەيدۇ بۇ ئايناق!» دېدى مىجىت ئىچىدە.
— ئالدى بىلەن تاماق يەۋالايلى، مىجىتكا، مەن قولىڭىزغا سۇ ئالاي، — دېدى قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ.
— سىز ئاۋارە بولماڭ، مەن تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ ئۆزۈم يۇيىمەن، — دېدى مىجىت ئورنىدىن تۇرۇپ. ئۇ تازىلىق ئۆيىگە كىرىپ كەتتى.
مىجىت قولىنى يۇيۇپ بولۇپ، تازىلىق ئۆيىدىن قايتىپ چىقتى. قەمەر تامىقىنى شىرەگە ئاچىقتى.
— ۋاھ، پولۇ ئېتىپسىز - دە!
— سىزنىڭ پولۇغا ئامراقلىقىڭىزنى بىلىمەن ئەمەسمۇ، مىجىتكا، — دېدى قەمەر كۈلۈپ كۆزلىرىنى ئوينىتىپ، — ئەمىسە تاماق ئېلىڭ، ۋاقتى سەل ئۆتۈپ كېتىپ قالدى.

مىجىت بىر كاپام پولۇنى ئاغزىغا سالدى.

— ئوخشاپتۇ.

— مەن پولۇغا پىيازنى جىقراق سالىمەن، مەززىلىك بولىدىكەن.

— سىز بەك ئەقىللىق، قەمەر، ھەممە ئىشنى ۋايىغا يەتكۈزۈپ قىلىسىز، — دېدى مىجىت.

— باشقىلارغا بۇنداق ياخشى تاماق ئېتىپ بەرمەيمەن! مىجىتكا.

— رەھمەت، قەمەر...

قەمەر ئاغزىدىكى ئاشنى چايناپ يۇتۇۋېتىپ، قولىنى يەنە تاۋاقتا ئۇزاتتى، شۇ دەقىقىدە ئۇنىڭ كۆزى مىجىتنىڭ ئالدىدىكى پىيالىگە چۈشتى. پىيالىدە چاي قالمىغانىدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ قەشقەردە ئىشلەنگەن مىس چۆگۈننى قولىغا ئېلىپ، مىجىتنىڭ پىيالىگە چاي قۇيۇپ بەردى.

تاماقتىن كېيىن، قەمەر قاچا - قۇچىلارنى يىغىشتۇرۇپ، ئىككى تەخسىدە قورۇما قورۇپ چىقىپ، تايىنىڭ ئالدىغا قويدى. ئاندىن ئاشخانا ئۆيدىن بىر بوتۇلكا ئاق ھاراق ئاچىقىپ، شىرەگە قويۇپ قويدى.

— مەن ئاق ھاراقنى تاشلىدىم، قەمەر، دوختۇرلار قېنىڭىز قويۇلۇپ كېتىپتۇ، مايلىق گۆش يېمەڭ، ھاراق ئىچمەڭ دەيدۇ، — دېدى مىجىت ئۇستەلدىكى ھاراقنى كۆرۈپ.

— دوختۇرلار دەۋېرىدۇ، مىجىتكا، ئۇلارغا قويۇپ بەرسىڭىز كۆرپە ئۇستىدىكى ئىشلارغىمۇ تۇزۇم تۇزۇپ بېرىدۇ، ئايدا بىر قېتىملا بولسا بولىدۇ دەپ ئادەمنى پايپاق قىلىپ ئوينايدۇ،— دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.

— دوختۇرلارنىڭ گېپىگە ئىشىنىش كېرەك، قەمەر...

— بەزى گەپلىرىگە ئىشەنمىسىمۇ بولىدۇ. ئەمىسە قىزىل ھاراق ئىچەيلى، مىجىتكا، — دېدى قەمەر.

ئۇ شىرەدىكى ئاق هاراقنى ئاشخانا ئۆيگە ئەكىرىپ قويۇپ، بىر بوتۇلكا قىزىل هاراق بىلەن ئىككى چوڭ رومكا كۆتۈرۈپ چىقتى.

— ئەمىسە قىزىل هاراقتىن ئازراق ئىچىپ قويايلى، — دېدى مىجىت.

قەمەر ئالدىدىكى ئىككى رومكىغا لىق هاراق قۇيۇپ، بىر رومكا هاراقنى مىجىتنىڭ ئالدىغا قويۇپ قويدى، ئاندىن ئالدىدىكى رومكىنى قولىغا ئالدى.

— ئەمىسە سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن، مىجىتكا، — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.

— رەھمەت سىزگە، — دېدى مىجىت چىشىنىڭ ئېقىنى پارقىرىتىپ تۇرۇپ. ئۇ هاراقنى كۆتۈردى، نۇرسىز كۆزلىرى قەمەرنىڭ كۆزلىرىدە ئىدى. قەمەر مىجىتنىڭ رومكىسىنى لىقلاپ قويدى.

— خىزمىتىڭىز ياخشىمۇ؟

— ياخشى، مىجىتكا، سىز بار، مېنىڭ ھەممە ئىشىم ياخشى، كۆندە تاماقتىن كېيىن سىزگە دۇئا قىلىۋاتىمەن! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— نېمىدەپ دۇئا قىلىۋاتىسىز؟

— تىل تەگمىسۇن، ئۆمرى ئۇزۇن بولسۇن، مەندىن باشقا قىزلارغا قارىمىسۇن دەپ دۇئا قىلىۋاتىمەن! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئويىنىتىپ.

مىجىت كۈلۈپ كەتتى.

— سىزنىڭ ئاغزىڭىز بەك تاتلىق، قەمەر، — دېدى مىجىت.

— مەن سىزدىن باشقا ئادەملەرگە بۇنداق ياخشى گەپ قىلمايمەن، مىجىتكا! — دېدى قەمەر.

— رەھمەت، قەمەر… خوش، سىزنىڭ بازاردا دوستلىرىڭىز

تولا، قۇلىقىڭىز ئۇزۇن، كىشىلەر ئارىسىدا قانداق گەپ ـ سۆزلەر بولۇۋاتىدۇ؟— دېدى مىجىت.

— گەپ تولا، ئۇنىڭ باھاسى ئۆسەرمىش دېگەن گەپلەر تارقىلىپ كەتتى، مىجىتكا، نەگە بارسا شۇ گەپ، رەۋەندىچىلەر بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئۇنىڭ باھاسىنى ئۆستۈرۈۋاپتۇ، ئادەتتە ئۇن سودىسى قىلمايدىغان بايلارمۇ بۇ ئۇچۇرنى ئاڭلاپ ئۇن زاۋۇتلىرىنى كۆتۈرۈۋاپتۇمىش، مۇشۇ ئىش ياخشى بولمىدى، كەلگۈلۈك بۇ شەھەردىكى كۇنلۇكچى نامراتلارغا كېلىۋاتىدۇ، خەقلەرنىڭ ئاغزىدا ھەر قىسىم گەپ، ئۇنىڭ باھاسى ئۆسىدىكەن، ناۋايلارنىڭ نانلىرىمۇ كىچىكلەپ كېتىدىكەن، ھەممىدىن مۇشۇ ئىش يامان بولدى.

«ئەسلي 8 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى رەسمىي ئېلان قىلىدىغان ھۆججەت ئىدى، بۈگۈن 7 ـ ئايغا 5. بەزىلەر يېرىم ئايدىن بۇرۇن بىلىپ بولۇپتۇ ـ دە!» دېدى مىجىت ئىچىدە.

— بىر خالتا ئۇندىن قانچە سوم ئۆسۈپتۇ؟

— ئوخشاش ئەمەس، بەش سومدىن ئون سومغىچە ئۆسۈپتۇ.

— ھە…

— يۇقىرىنىڭ ھۆججىتى بارمۇ ـ يە؟

— ھۆججەت كەلگەن، مەخپىي تۇتۇۋاتاتتۇق، كېيىنرەك ئېلان قىلايلى دەپ بېسىپ قويغانىدۇق، بەزىلەر مەنپەئەت قوغلىشىپ سودىگەر ئاغىنىلىرىگە ئاشكارىلىۋەتكەن ئوخشايدۇ، بولمىسا بۇنداق بولۇپ كەتمەيدۇ،— دېدى مىجىت.

— ھە، ئەسلي مۇنداق ئىكەن ـ دە! مەنمۇ شۇ بىر يېرى بار دېدىم، — دېدى قەمەر.

— يەنە قانداق گەپ ـ سۆزلەر بار؟

— تۈنۈگۈن قىزىلكۆۋرۈك ئولتۇراق رايونىدا بىر ئاداش بەشىنچى قەۋەتتىن ئۆزىنى ئېتىپ ئۆلۈۋاپتۇ…

— ھە…

— ئاشىنىسىنىڭ ئېرى بىرياققا كېتىپتىكەن، ئۇ ئاداش كۇندۇزىلا ئاشىنىسىنىڭ ئۆيىگە كىرىپ يېتىشقان چىغى، ئىش ئۈستىگە ئېرى كېلىپ قاپتۇ، شۇنىڭ بىلەن ئۇ ئاداش قاچىدىغان يەر تاپالماي دېرىزىدىن سەكرەپ ئۆلۈۋاپتۇ...

— ئاخشىمى قىلىدىغان ئىشنى كۇندۇزى قىلغاندىن كېيىن ئوبدان بوپتۇ تازا، — دېدى مىجىت كۈلۈپ.

قەمەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ ياتاق ئۆيگە كىردى. ئارقىدىنلا بىر چىرايلىق سومكىنى كۆتۈرۈپ چىقىپ، سومكىنى شىرەگە قويۇپ، مىجىتنىڭ ئۇدۇلىغا كېلىپ ئولتۇردى.

— نېمە بۇ؟

— سىزگە تەييارلىغان سوۋغات، — دېدى قەمەر غىلجىڭلاپ.

— كايىپسىزغۇ؟

— بىر جانجىگەر دوستۇم بار ئىدى. ئۇ بىرنەچچە كۈننىڭ ئالدىدا شياڭگاڭدىن قايتىپ كەلگەن، ناھايىتى ياخشى بىر قول سائىتى ئەكەپتۇ، كەچتە سىزنى كېلىدۇ دەپ چۈشتە بازارغا چىقىپ بىر كۆڭلەك بىلەن بىر گالىستۇك ئالغانىدىم، نوچى كۆڭلەك ئالدىم. سىز دېگەن ئادەتتىكى ئادەم ئەمەس، ياخشى كىيىنىپ يۈرمىسىڭىز بولمايدۇ، بۇ سوۋغاتلارنى قوبۇل قىلغايسىز، مىجىتكا! — دېدى قەمەر تىللىرىنى ئوينىتىپ. ئۇ سومكىنىڭ ئىچىدىن بىر قۇتىنى ئېلىپ مىجىتنىڭ ئالدىغا قويدى، ئاندىن گالىستۇك بىلەن كۆڭلەكنى چىقاردى.

مىجىت قۇتىنى ئېلىپ، ئىچىنى ئېچىپ پارقىراپ تۇرغان قول سائىتىنى قولىغا ئالدى. ئۇ سائەتنى ئۆرۈپ - چۆرۈپ كۆرۈپ، سۈپەتلىك سائەت ئىكەنلىكىنى ھېس قىلدى، ئاندىن ھەجىيىپ تۇرغان قەمەرگە قارىدى.

— بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى، قەمەر. بۇنداق نەرسىلەرنى مەن سىزگە بەرمەي سىزنىڭ ماڭا بەرگىنىڭىز

قىزىققۇ؟ — دېدى مىجىت ھىجىيىپ.
— ئوخشاش، مىجىتكا، بىزنىڭ ئوتتۇرىمىزدا سېنىڭ، مېنىڭ دەيدىغان گەپ يوق! — دېدى قەمەر.
— ئەمىسە رەھمەت، قەمەر، — دېدى مىجىت.
— سائەتنى قولىڭىزغا سېلىۋېلىڭ، مىجىتكا، بىردەم بولسىمۇ مەن كۆرۈپ ئولتۇراي، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
مىجىت بىلىكىدىكى سائەتنى چىقىرىپ يانچۇقىغا سالدى، ئاندىن شىرەنىڭ ئۈستىدىكى سائەتنى قولىغا ئېلىپ، بىلىكىگە سالدى.
— بەك ياراشتىكى، مىجىتكا، سىز ئۈچۈن ئىشلىگەندەكلا سائەت ئىكەن ئەمەسمۇ بۇ! — دېدى قەمەر خۇشامەت قىلىپ.
— رەھمەت، قەمەر، — دېدى مىجىت. ئۇ ئالدىدىكى كۆڭلەك بىلەن گالىستۇكنى سومكىغا سېلىپ، شىرەنىڭ بىر چېتىگە قويۇپ قويدى.
قەمەر خۇشال بولۇپ كەتكەن مىجىتكە قاراپ ئولتۇرۇپ ئۆزىمۇ خۇشاللىققا چۆمدى، مىجىتنىڭ پېشانىسىدىكى يېقىملىق نۇرلار ئۇنى خاتىرجەم قىلدى، ئەسلىدە ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ ھەممىسىنى چۇشتە بازاردىن سېتىۋالغانىدى. ئۇ بۇ نەرسىلەرنىڭ قىممىتىنى ئاشۇرۇش ئۈچۈن، دوستۇمغا شياڭگاڭدىن ئەكەلدۇردۇم دەپ مىجىتنى كولدۇرلاتتى. مىجىت ئۇنىڭ گېپىگە ئىشەندى.
— مىجىتكا، تايكامنىڭ ھېلىقى ئىشىنى سۈرۈشتە قىلىپ باقتىڭىزمۇ؟ — دېدى قەمەر مىجىتقا قاراپ.
— ھە، ئۇ ئىشنى سۈرۈشتە قىلىپ كۆردۈم، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتىنىڭ ئادەملىرى سېمونت زاۋۇتىغا بېرىپتۇ، ئىشقىلىپ مەسىلە بار ئىكەن، جىقراق ئادەم سېلىپ ياخشىراق تەكشۈرسەك خېلى ئېغىر مەسىلە كۆرۈنىدىغاندەك تۇرىدۇ دەيمىش، ئۇنىڭ ئۈستىگە باشلىقلار تاينى تازا ياقتۇرۇپ

كەتمەيدىكەن. مەن يەنە باشقا بىرنەچچە ئادەم بىلەن كۆرۈشۈپ باقتىم، تاي ئايالىمنىڭ تۇغقىنى بولىدۇ، سىلەر مۇشۇ ئىشنى ئامال بار سۈرۈۋېتىسەڭلار، ئەڭ بولمىغاندا بەك كولاپ كەتمىسەڭلار، دەپ قويدۇم. ئۇلارنىڭ پىكرى مۇنداق: بىز ئامال بار بۇ ئىشنى باستۇرۇۋېتەيلى، شۇنىڭدىمۇ تاي يەنە ئۆزگە چىك بولمىسا بولمايدۇ، ئۇ مۇشۇ كۈندە ئاغرىپ قالدىم دەپ دەرھال بالنىستىدا يېتىۋالسۇن، ئاندىن دوختۇرلارنى ئايلاندۇرۇپ، ئېغىر كېسەل دېگەندەك بىر ھۆكۈمنى يازدۇرۇپ، دەرھال دەم ئېلىشقا چىقىۋالسۇن، بولمىسا ئىشى چاتاق، دەيدۇ... مۇشۇنداق گەپ، قەمەر. ئۇنىڭ بەزى ئىشلىرىنى خېلى جىق ئادەم بىلىدىغان ئوخشايدۇ، ئۇ ئاغرىپ قالدىم دەپ دەم ئېلىشقا چىقىۋالسا، قالغان ئىشلار ئاسان بولغۇدەك، مەنمۇ ئۇلارنىڭ مۇشۇ گېپىگە قوشۇلۇپ قالدىم. سىزمۇ شۇ گەپنى تايغا ئەتىلا يەتكۈزۈڭ. ئەگەر ئۇ قوشۇلسا، دەرھال يول مېڭىپ دەم ئېلىشقا چىقىۋالسۇن، بۇ ئىشنى مۇشۇنداق ھەل قىلمىساق باشقا يول يوقتەك، — دېدى مىجىت.

— ھە... مۇنداق گەپ ئىكەن - دە! تايكام دەم ئېلىشقا چىقىشقا ئۇنارمۇ؟ — دېدى قەمەر.

— ئۇنىڭغا ئامال يوق، قەمەر، ئۇنىڭغا مۇشۇ يولدىن باشقا يول يوق، ئەگەر ئۇ مۇشۇ پىكىرگە كۆنمىسە، پاتقاققا تىقىلىپ قالىدۇ شۇ، بىز بۇنداق ئىشلارنى جىق كۆرگەن. سىز ئۇنىڭغا ئەھۋالنى تولۇق چۈشەندۈرۈڭ، تاي سېمونت زاۋۇتىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئىشلىرىغا مەسئۇل بولغاندىن كېيىن، زاۋۇتنىڭ تەرەققىياتىدا خېلى زور ئىلگىرىلەش بولۇپتۇ، لېكىن مەسىلىمۇ ئاز ئەمەس ئىكەن، ئاساسەن «نېسى» مەسىلىسى ئىكەن، دەسلەپكى ئىگىلىگەن ماتېرىياللارغا قارىغاندا، ھېساب بەك قالايمىقانمىش، ئەسلىي ھېسابنى ئۆزگەرتىش ئەھۋالى بەك ئېغىرمىش، سىز ئۇنىڭغا مۇشۇ ئىشلارنى ياخشى چۈشەندۈرۈڭ،

ئۇنىڭ ئۇستىگە ئۆزى قىلغان ئىشنى ئۆزى ياخشى بىلىدۇ...

— ماقۇل، مىجىتكا، مەن ئەتىلا تايكام بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى قەمەر.

«بۇ ئىشنى ئەپلەشتۈرمەك تەس ئوخشايدۇ!» دېدى قەمەر ئىچىدە.

— بۇنداق ئىشلار كۈندىن ـ كۈنگە تەس بولۇۋاتىدۇ، قەمەر، يۇقىرىدىن بىزنى بەك چىڭ تۇتۇپ كېتىۋاتىدۇ، — دېدى مىجىت بىردىنلا جىمىپ قالغان قەمەرگە قاراپ.

— مەن بۇ تەرەپلىرىنى ياخشى بىلمەيدىكەنمەن، مىجىتكا، — دېدى قەمەر.

مىجىت قولىغا رومكىنى ئالدى.

— ئەمىسە سالامەتلىكىڭىز ئۈچۈن ئىچتۇق، قەمەر، — دېدى مىجىت رومكىسىنى قەمەرنىڭ رومكىسىغا ئۇرۇپ.

— رەھمەت، مىجىتكا، — دېدى قەمەر. ئۇ قولىدىكى هاراقنى كۆتۈرۈپ ئىچىۋەتتى.

## ئوتتۇز سەككىزىنچى باب

# تاش بىلەن ئەينەك ئويۇنى

قەمەر ئەتىسى تاي بىلەن كۆرۈشۈپ، ئۇنىڭغا مىجىت ئېيتقان گەپلەرنى دېدى. تاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ئۆڭسۈلى ئۆچتى. ئۇ، ھوقۇقىدىن بىر كۈنمۇ ۋاز كەچكۈسى يوق، ئەسلىدە ئۇ يۈز مىڭ سوم خەجلەپ، بۇ پېشكەللىكتىن قۇتۇلىمەن دېگەنىدى، مانا ئەمدى ئۆيدىكى ھېساب بازارغا توغرا كەلمىدى. ئۇ ئىچىدە گۈلبوستاننى مىڭنى تىللىدى.

— سىز يەنە بىر يول مېڭىپ بېقىڭ، قەمەر، مەن يەنە ئەللىك مىڭ سوم بېرەي، — دېدى تاي.

— بۇ پۇلنىڭ ئىشى ئەمەس، تاي، ھازىر ئەھۋال ئېغىر، ئىشلار بۇرۇنقىدەك ئەمەس ئىكەن.

— شۇ ئەمەسمۇ! ئەھۋال ئېغىر دەپ سىزنى ئىزدىدۇققۇ! بولمىسا ھېلىقى باشلىقنى ماڭا تونۇشتۇرۇپ قويۇڭ، مەن ئۇ ئادەم بىلەن ئۆزۈم كۆرۈشۈپ باقاي، — دېدى تاي.

— بۇ مۇمكىن ئەمەس، تاي، سىز ماڭا بىر مىليون بەرسىڭىزمۇ مەن ئۇ ئادەمنى سىزگە سېتىۋەتمەيمەن، مەن ئۇ دەرىجىدە پەسكەش ئەمەس! — دېدى قەمەر.

— ئەمىسە مەن ھوقۇقۇمدىن ئايرىلىپ قالىمەنمۇ؟ قانداق يول مېڭىش بولۇپ كەتتى بۇ! مېنى ئوينىتىۋاتامسىز ـ يە؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— پۇلىڭىزنى ھازىر بانكىدىن ئېلىپ بېرەيمۇ؟

— مەن سىزگە پۇلنىڭ گېپىنى قىلمىدىمغۇ، قەمەر؟
— ئەمىسە نېمە ئۇچۇن ماڭا ئىشەنمەيسىز؟ ئەسلىدە ماڭا رەھمەت ئېيتىسىڭىز بولىدۇ، تاي، بولمىسا بۇۋاخقىچە ئۆزىڭىزنى تۈرمىدە كۆرەتتىڭىز، ئۆزىڭىز قىلغان ئىشنى ئۆزىڭىز بىلمەمسىز؟! ئاشۇ قىلغانلىرىڭىز جىنايەت ئەمەسمۇ؟ — دېدى قەمەر.
— مېنى خاتا چۈشىنىپ قالدىڭىز، قەمەر، سەل جىددىيلىشىپ قېلىۋاتىمەن ... مەيلى، بۇ ئىشنى سىز دېگەندەك قىلايلى، دەم ئېلىشقا چىقسام چىقاي، بولمىسا بۇ ئىشتىنمۇ قورۇق قالىدىغان ئوخشايمەن، — دېدى تاي.
— بالدۇراق مۇشۇ گېپىڭىزنى قىلسىڭىز بولمامدۇ ئادەمنى مىجىپ ئۇيىنغۇچە! — دېدى قەمەر.
تاي قەمەرنىڭ كۆرسەتكەن يولى بويىچە ئەتىسىلا دوختۇرخانىغا كىرىپ يېتىۋالدى. يىگىرمە كۈندىن كېيىن ئۇ قەمەرنىڭ داۋاملىق ياردەم قىلىشى بىلەن، لەشكەرلىرىنى ئىشقا سېلىپ، دەم ئېلىشقا چىقىش رەسمىيىتىنى پۈتتۈرۈپ بولدى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ زاۋۇتتىن ئايرىلىپ ئۆيىگە بېرىپ ئولتۇردى.
گۈلبوستان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى خۇشال بولدى. ئۇ بىر كۈنى تاي بىلەن كۆرۈشتى.
— مېنىڭ قولۇمدىنمۇ ئىش كېلەمدىكەن، تاي؟ — دېدى گۈلبوستان.
— سەن ماڭا ئەمەس، قىزلىرىڭغا قىلدىڭ، — دېدى تاي گۈلبوستانغا ئالىيىپ.
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، مەن سىزگە ئۆزۈمنىڭ بىر ئادەم ئىكەنلىكىمنى تونۇتۇپ قويدۇم، — دېدى گۈلبوستان.
— ئالدىرىما، سەنمۇ يىغلايسەن تېخى! — دېدى تاي گۈلبوستانغا ئالىيىپ.
— ئەگەر مەن خەققە قىلىپ قويغان يېرىم بولغان بولسا

ئۇ ۋاقىتتا جازادىن ئۆزۈمنى قاچۇرمايمەن، قاچۇرساممۇ قېچىپ قۇتۇلالمايمەن.

— سېنىڭ خالمۇرات بىلەن قىلىپ يۈرگەن ئىشلىرىڭ جىنايەت ئەمەسمۇ!

— ئادەمنىڭ كۈلگىسى كەلگۈدەك ئىش قىلماڭ، تاي، ئۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشى، مەن ئەسلىدە سىزنىڭ ئۈستىڭىزدىن سوتقا ئەرز قىلاي دېگەن، لېكىن ئۇنداق قىلمىدىم، سىزنى باشقىچە جازالاش يولىنى تاللىۋالدىم، ئەگەر باشقا گېپىڭىز بولمىسا، سىزمۇ ئۆزىڭىزنىڭ ئىشىنى قىلىڭ، مەنمۇ ئۆزۈمنىڭ ئىشىنى قىلاي.

— ھوشۇڭنى تېپىپ يۈر، گۈلبوستان، بىر كۈنى ئەمەس بىر كۈنى پۇتۇڭنى چېقىۋېتىمەن.

— قولىڭىزدىن كەلسە ياغ چايناڭ، لېكىن مەن بۇرۇنقى گۈلبوستان ئەمەس، سىز مېنىڭ پۇتۇمنى چاقسىڭىز مەنمۇ پۇتىڭىزنى چاقالايمەن، — دېدى گۈلبوستان.

تاي گۈلبوستانغا سەت بىر ئالىيىۋېتىپ، يولىغا مېڭىپ كەتتى. ئۇ قەمەرنى ئىزدىدى، كەچتە ئۇلار بىر رېستوراندا كۆرۈشتى.

— چىرايىڭىز بەك ئوسالغۇ، تاي؟ ئۇتتۇرۇۋەتكەن قىمارۋازدەك بولۇپ كېتىپسىزغۇ؟ — دېدى قەمەر تاينى كەمسىتىپ.

— يەنە بىر مەزگىلدىن كېيىن بۇنىڭدىنمۇ بەك سەتلىشىپ كېتىمەن، قەمەر، بۈگۈن چىرايىمنى ياخشىراق كۆرۈۋېلىڭ! — دېدى تاي قەمەرگە ئالىيىپ.

— نېمە قىلغىنىڭىز، تاي، بۇ. بىر ئېغىز رەھمەت دەيدىغان گېپىڭىزمۇ يوققۇ! — دېدى قەمەر.

— مەن مۇشۇ ھالىمدا سىزگە قانداق رەھمەت ئېيتىمەن؟ يۈز مىڭ سوم پۇلنى دەسمايە قىلىپ بېرىپمۇ ئەمىلىمدىن ئايرىلىپ قالدىمغۇ؟! سىز بەك يامان قىز ئىكەنسىز، قەمەر،

سىز باشتىن ـ ئاخىر مېنى ئويىنتىۋاتىسىز.

— سىز مېنى ئويناتمىدىڭىزمۇ؟

— توۋا دەيمەن، مەن خېلى جىق قىز ـ چوكانلار بىلەن ئارىلاشقان، لېكىن سىزدەك دەھشەتلىك قىز بالىنى كۆرمەپتىكەنمەن، سىزمۇ شۇ تاپتا ئۆزۈمنىڭ گۆشى بىلەن ئۆزۈمنىڭ يېغىنى قورۇدىڭىز، مەن هازىر باشقا بىر ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىم... بۇرۇن مەن مۇنداق بىر كىنو كۆرگەن، بىر ئادەمنىڭ بالىسى ئالدىدا مېڭىپ خەقلەرنىڭ دېرىزىسىگە تاش ئېتىپ ئەينىكىنى چاقىدۇ، دادىسى چاندۇرماي كەينىدىن كېلىپ ئەينەك سالىمەن دەپ ۋارقىرايدۇ، سىز هازىر ئاشۇ ئەينەكچى ئادەمگە ئايلىنىپ قالدىڭىز! — دېدى تاي.

— ياشاش ئۈچۈن، پۇل تېپىش ئۈچۈن هەممە ئىشنى قىلىپ بېقىش كېرەك، تاي، مەيلى سىز مېنى كىمگە ئوخشىتىڭ، مەيلى سىز مېنى قانچىلىك كەمسىتىڭ، ئەگەر مەن بولمىغان بولسام، تۈرمىدە تاقىرباش يۈرەتتىڭىز. شۇڭا سىز بۇنىڭدىن كېيىن بۇنداق گەپلەرنى قىلسىڭىز بولمايدۇ، بۇ جاھاندا يا ئەينەك سالىسىز، يا ئەينەك چاقىسىز، بۇنىڭدىن باشقا ئىش يوق، هەممە ئىشلارمۇ شۇ پەلسەپە بويىچە بولىدۇ، ئەمدى سىز باشقىچە يول تۇتۇڭ، بۇگۈندىن باشلاپ يېڭى بىر ئادەم بولۇپ ياشاڭ، پېشكەللىكتىن قۇتۇلدىڭىزغۇ ئەمدى، — دېدى قەمەر.

— بۇ گېپىڭىزمۇ بولىدىكەن، قەمەر، مەن بۇنىڭدىن كېيىن يېڭى بىر ئادەم بولۇپ ياشىسام بولغۇدەك، ئەمىسە ئىككىمىز بۇرۇنقى ئىشلارنىڭ هەممىسىنى ئۇنتۇپ كېتەيلى، مەن ياخشىراق بىر مېهمانخانىغا بېرىپ بىر ئۆي ئاچقۇزۇپ تۇراي، ئۆزىڭىزنى سەل ئوڭشىۋېلىپ كەينىمدىن بارامسىز؟ — دېدى تاي قەمەرنىڭ كۆزىنىڭ ئىچىگە قاراپ.

— ئەمدى سىزگە بۇنداق ئويۇنلار ياراشمايدۇ، ئەمدى سىزنىڭ قانتىڭىز سۇندى، ئەمدى سىز بۇرۇنقى ئويۇنلىرىڭىزنى

ئەسلەپ ئۆتسىڭىز بولىدۇ، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— توغرا دېدىڭىز، قەمەر، مېنىڭ قانىتىم سۇندى، — دېدى تاي.

قەمەر تاي بىلەن خوشلىشىپ رېستوراندىن چىقىپ كەتتى. تاينىڭ روھىي ھالىتى بەكمۇ تۆۋەن ئىدى. ئۇ بىر كۈتكۈچى قىزنى چاقىرىپ، ئۇنىڭغا بىر رومكا ھاراق ئەكەلدۈرۈپ، يالغۇز ئولتۇرۇپ ھاراق ئىچىشكە باشلىدى…

# ئوتتۇز توققۇزىنچى باب

# قارار

كەچتە، قەمەر گۈلبوستان بىلەن خالمۇراتنى ئۆيىگە چاقىرىپ، ئۇلارنى مېھمان قىلدى، تاماقتىن كېيىن ئۇلار ئازادە ئولتۇرۇپ پاراڭلاشتى.

— بولمىسا بۈگۈن ئىككىڭلار مۇشۇ ئۆيدە قونۇپ قېلىڭلار،— دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— بەك ياخشى گەپ قىلدىڭىز، قەمەر. سىز ئادەمنىڭ قورسىقىدىكىنى تاپىدىكەنسىز، — دېدى خالمۇرات چاقچاق قىلىپ.

— قەمەرنىڭ ئۆيدە قالايمىقان قونۇپ قېلىشقا بولمايدۇ، ئۆز ۋاقتىدا تاي ياتىدىغان يېرىدە ياتماي مۇشۇ ئۆيگە كېلىۋېلىپ ئۆزىگە ئىش تېپىۋالغان، ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ ۋەيران بولدى. قەمەرنىڭ بۇ ئۆيى بەك سىرلىق، مەنمەن دېگەن ئادەم بۇ ئۆيدە قونالمايدۇ، قونسىمۇ ھۆددىسىدىن چىقالمايدۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇنداق دەپ كەتمەڭ، گۈلبوستان ھەدە! — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— قەمەر، ماڭا راست گەپ قىلىڭە، سىز تاي بىلەن بىرىنچى قېتىم قەيەردە تونۇشقان؟ — دېدى گۈلبوستان قەمەرنىڭ كۆزىگە قاراپ.

— سىز سورىمايدىغان بىر ئىشنى سورىدىڭىز، گۈلبوستان

ھەدە، بۇ ئىشنى ھەرگىز دېگىلى بولمايدۇ، زاماننىڭ ئاخىرى بولغاندىمۇ دېگىلى بولمايدۇ، مەن سىزدىن كىچىك بولساممۇ ئاقساقاللىق قىلىپ قوياي، بەزى گەپلەرنى چوقۇم جەزمەن ئۇ دۇنياغا ئەكېتىش كېرەك ئىكەن. جان بېرىشكە بولىدۇ، سىر بېرىشكە بولمايدۇ، ئادەمنىڭ بارلىق قىممىتى ئۇنىڭ سىرىدا، — دېدى قەمەر.

— راست دېدىڭىز، قەمەر. بەزى گەپلەرنى چوقۇم ئۇ دۇنياغا ئەكېتىش كېرەك ئىكەن، — دېدى گۈلبوستان.

قەمەر ئورنىدىن تۇرۇپ، ياتاق ئۆيىگە كىرىپ، قىزىل سومكىسىنى كۆتۈرۈپ چىقتى. ئاندىن گۈلبوستاننىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ، سومكىدىن تەييارلاپ قويغان ئەللىك مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ، ئۇنىڭغا تەڭلىدى.

— ماۋۇ سەنەۋۋەرنى داۋالىتىدىغان ئەللىك مىڭ سوم پۇل، گۈلبوستان ھەدە، بۇ پۇلنى سىزگە بېرەي، قالغان ئىشلارنى ئۆزىڭىز ئورۇنلاشتۇرۇڭ!

— سەنەۋۋەرنى داۋالاتمىساق بولمايدۇ، لېكىن مەن بۇ پۇلنى تۇتمايمەن، خالمۇراتقا بېرىڭ، بۇ ئىشقا يەنە خالمۇرات ئۆزى ئىگە بولغىنى ياخشى، — دېدى گۈلبوستان.

قەمەر پۇلنى خالمۇراتقا تەڭلىدى.

— بۇ پۇلنى مەن ئالسام قانداق بولار؟ — دېدى خالمۇرات گۈلبوستانغا قاراپ.

— سىز ئالمىسىڭىز بولمايدۇ، خالمۇرات، سىز سەنەۋۋەرنى ساقايتمىسىڭىز بولمايدۇ، سىز ئېلىڭ! — دېدى گۈلبوستان.

خالمۇرات پۇلنى قولىغا ئالدى.

— بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى ئەمدى؟ بولمىسا بۇ پۇل قەمەرنىڭ يېنىدا تۇرۇپ تۇرسۇن، لازىم بولغاندا ئالمايمىزمۇ! — دېدى خالمۇرات.

— لازىم بولغاندا مېنى تاپالمايسىلەر، مەن يېقىندا بىر

شەيتاندىن دەرس ئاڭلاۋاتىمەن، يەنە بىرنەچچە كۈندىن كېيىن ئوقۇشۇمنى تاماملايمەن، شۇ ۋاقىتتا رەسمىي شەيتان بولۇپ كېتىمەن، ئۇ ۋاقىتتا پۇلنىڭ گېپىنى قىلساڭلار يېنىۋېلىشىم مۇمكىن! — قەمەر كۈلۈپ.

— بولسا تېزرەك شەيتان بولۇۋېلىڭە! بىزمۇ كەينىڭىزگە كىرىپ ھۈنەر ئۆگىنەيلى! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— سىلەر مېنى دورىماڭلار، سىلەر بەك ياخشى ئادەملەر، بۇنداق ئىشلار مەن بىلەن تۈگىسۇن، خوش، ئەمىسە سەنەۋۋەرنى شىخەنزە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىغا ئاپىرىمىز دەۋاتاتتىڭلار، كىم ئاپىرىدىغان بولدى؟ — دېدى قەمەر.

— سەنەۋۋەرنىڭ بىر ئىنىسى بار، خالمۇرات شۇ ئىنىسى بىللە ئاپارسۇن، — دېدى گۈلبوستان.

— سىز مۇشۇ گەپنى بىرنەچچە قىلدىڭىز، گۈلبوستان، مەن سەنەۋۋەرنى دوختۇرخانىغا ئاپارسام قانداق بولىدۇ؟

— نېمىشقا بولمايدىكەن؟

— مەن سەنەۋۋەر بىلەن ئاجرىشىپ كەتكەن تۇرسام، خەقلەر مېنى نېمە دەيدۇ؟ — دېدى خالمۇرات.

— خەقلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر تاياقتا ھەيدىسىڭىز بولمايدۇ، خالمۇرات. نۇرغۇنلىغان ياخشى ئادەملەر بار، ئۇلار سىزنى ياخشى بالا ئىكەن، ئوغۇل ئىكەن، ئاجرىشىپ كەتكەن ئايالىغا ئىگە بولدى دەيدۇ.

— يولغا چىققاندا قارىدىن بىرنى تېپىپ نىكاھىڭلارنى قىلىۋېتىمىز، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— ساق ۋاقتىدا قويۇۋېتىپ ساراڭ بولۇپ قالغاندا نىكاھ قىلدۇرۇۋالسام بولماس، — دېدى خالمۇرات كۈلۈپ.

— راست دەيسىز، يانچۇقتا پۇل بولغاندىن كېيىن ئۇڭ خوتۇن ئېلىش كېرەك، — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

خالمۇرات كۈلۈپ كەتتى.

— پۇل سىزدە تۇرۇپ تۇرسۇن، خالمۇرات، قالغان ئىشلارنى ئەتە مەسلىھەتلىشىمىز، — دېدى گۈلبوستان.

خالمۇرات گۈلبوستاننىڭ گېپىنى يىرالمىدى، ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا سالدى. يېقىندىن بېرى، مۇشۇ ئىش توغرىسىدا ئۇنىڭ ئاغىنىلىرى ئۇنى قىيىن - قىستاققا ئالغانىدى، ئۇلار ئۇنى سەنەۋۋەرنى ياخشىراق دوختۇرخانىغا ئاپارمىدىڭ، ئۇنىڭغا ئىگە بولمىدىڭ دەپ ئەيىبلىگەنىدى. خالمۇراتنىڭمۇ ھەقىقەتەن بېشى قاتقانىدى، ئۇ قانداق قىلىشنى بىلەلمەي قالغانىدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بالىلىرىمۇ ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلىتىپ، ئاپامنى نېمە ئۈچۈن داۋالاتمايسەن دەپ جېدەل قىلغانىدى.

— مەن بىرىگە تېلېفون بېرەي، گۈلبوستان ھەدە، ھازىرلا يېتىپ كېلىدۇ، خوتۇنىنىڭ قويىنىدا ياتقان بولسىمۇ يوتقاندىن سۇغۇرۇلۇپ چىقىپ ئۇچىدۇ، تۆتىمىز كامپانىيە بولۇپ مۇشۇ ئۆيدە بىر كېچە ياشمايلىمۇ؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.

— بىز ئاستا قايتايلى، بىزنىڭمۇ «ئۇۋا»مىز بار، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

— مەن بۈگۈن يالغۇز قالسام بولمايدۇ، گۈلبوستان ھەدە. ئەمىسە خالمۇرات مەن بىلەن قالسۇن، — دېدى قەمەر چاقچاق قىلىپ.

— ئەگەر، خالمۇرات سارالڭ خوتۇننى ئىككى قىلىۋالىمەن دېسە، قالسا قالسۇن! — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

قەمەر قاقاقلاپ كۈلۈپ كەتتى.

— ئەمىسە قەدىمىڭلارغا رەھمەت.

— سىزگىمۇ رەھمەت، — دېدى گۈلبوستان.

ئۇلار قەمەر بىلەن خوشلىشىپ ئۆيدىن چىقتى، ئاسماندىكى نۇرلۇق يۇلتۇزلار ئۇلارنى يېتىلەپ ماڭدى. يۇلتۇزلار خالمۇراتنىڭ كۆڭلى بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇلار خالمۇراتقا ئەقىل ئۆگەتتى، خالمۇرات يورۇقلۇقتا بىلەلمىگەن ئىشلارنى

قاراڭغۇدا ھەقىقىي ھېس قىلدى...

— گەپ قىلمايسىزغۇ، خالمۇرات؟ — دېدى گۈلبوستان خالمۇراتقا قاراپ.

— مەن بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، گۈلبوستان...

— مەنمۇ بىر ئىشلارنى ئويلاۋاتىمەن، مۇشۇ جاھاندا، ئەسلىدە قەمەر مېنىڭ بىردىنبىر دۈشمىنىم ئىدى، مانا مەن ئەمدى ئۇنىڭ تۇزىنى يەۋاتىمەن، بۇ قانداق ئىش بولۇپ كەتتى دەيمەن ـ دە! — دېدى گۈلبوستان.

— مەن بۇرۇندىن تارتىپ «داداڭنى ئۆلتۈرگەنگە ئاناڭنى بەر» دېگەن گەپكە بەك ئۆچ ئىدىم، ھازىر ئويلىسام بىز بىر ئۆمۈر مۇشۇ گەپتىن قۇتۇلالمايدىغان ئوخشايمىز...

— بىز قۇتۇلالمىساق مەيلى، خالمۇرات، بىزنىڭ بارىمىز مۇشۇ، بىزگە قاراڭغۇ چاپلىشىپ بولدى، ئەمدى ئۈمىد بالىلىرىمىزدا.

— شۇنداق، مەن بالىلىرىمنى ئويلاۋاتىمەن. ئۇلار يېقىندىن بېرى مېنى بەك ئەيىبلەپ كېتىۋاتىدۇ، ئاپامنى ئۇرۇمچىگە ئاپار دەپ بېسىم قىلىۋاتىدۇ!

— بالىلىرىڭىز ياخشى گەپ قىلىپتۇ، خالمۇرات، مەن تېخى سىزگە «ئۇۋا» مىزغا بارغاندا مۇشۇ ئىش ئۈستىدە پاراڭ قىلاي دېگەنىدىم، سىز سەنەۋۋەرنى تاشلىۋەتمەڭ، بىز مۇسۇلمان ئادەم، مۇشۇنداق ئىشلاردا ئۆزىمىزنى بىلمىسەك بولمايدۇ، سىز ئۇنى دوختۇرخانىغا ئاپىرىپ داۋالىتىڭ، بەزى ئىشلارنى ئۆزگەرتمەك تەس، خالمۇرات، ئۇلار قاراڭغۇغا ئوخشاش ئۆزگەرمەيدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— دوختۇرخانىغا ئاپارسام ئاپىرارمەن ماقۇل، ئاپارغاندىن كېيىن ساقايتىمەن، ساقايتقاندىن كېيىن قانداق قىلىمەن؟

— سەنەۋۋەر ئالدى بىلەن ساقايسۇن، قالغان گەپلەرنى شۇ ۋاقىتتا قىلىشىمىز، — دېدى گۈلبوستان.

— مېنى چۈشىنىشىڭىز كېرەك، گۈلبوستان. مەن ئەمدى سىزدىن باشقا ئادەمنىڭ قازىنىغا قارىمايمەن.

— مەن سىزنى چۈشىنىپ تۇرىمەن، خالمۇرات، مەن يەنە ئىشىنىمەن، بۇ كۈنلەرمۇ ئۆتۈپ كېتىدۇ، بىز سەنەۋۋەرنى تاشلىۋەتسەك بولمايدۇ، توغرا، ھېسسىيات بىز ئۈچۈن ئەڭ قىممەتلىك، لېكىن بىزنىڭ ھېسسىياتىمىز غۇرۇرىمىز بىلەن توقۇنۇشۇپ قالغاندا، غۇرۇرىمىزغا يول بەرمىسەك بولمايدىكەن، ئەگەر سەنەۋۋەر كېسەل بولۇپ قالمىغان بولسا، ئىش باشقىچە بولاتتى، مانا ئەمدى ئىشلار يەنە باشقىچە بولۇۋاتىدۇ...

قاراڭغۇ ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن يېتىلەپ ئۇلارنى بىنادىكى ئۆيگە ئەكىرىپ قويدى. مارامچى يۇلتۇزلار ئېگىز ئاسماندا كۆزلىرىنى قىسىپ قالدى. ئۇلار ئۆيگە كىرىپ ئۇزۇندىن - ئۇزۇنغىچە پاراڭلاشتى. ئاخىرقى ھېسابتا گۈلبوستان خالمۇراتنى قايىل قىلدى، نەتىجىدە خالمۇرات سەنەۋۋەرنى شىخەنزە شەھىرىگە ئاپىرىپ داۋالىتىشقا كۆندى.

## قىرىقىنچى باب

# خالمۇرات سەنەۋۋەرنى ئېلىپ يولغا چىقتى

شەنبە كۈنى، خالمۇرات سەنەۋۋەرنىڭ ئىنىسى بىلەن بىللە، سەنەۋۋەرنى ئېلىپ بېكەتكە كەلدى. ئۇلارنى سەنەۋۋەرنىڭ بالىلىرى، ئۇرۇق - تۇغقانلىرى، خالمۇراتنىڭ ئاغىنىلىرى، گۈلبوستان، قەمەر، تايلار ئۇزىتىپ كەلدى.

سەنەۋۋەرنىڭ ئىنىسى ھەدىسىنى ئاپتوبۇسقا ئاچىقىپ ئورۇنلاشتۇرۇۋالدى. خالمۇرات ئاپتوبۇسنىڭ قېشىدا ئۇنى ئۇزىتىپ كەلگەن ئادەملەر بىلەن خوشلىشىۋاتاتتى، تاي گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كەلدى.

— مەن ساڭا قايىل، خوتۇن…

— مەن سىزنىڭ خوتۇنىڭىز ئەمەس!

خالمۇرات ئاپتوبۇس ئىشىكىنىڭ قېشىدا قەمەر بىلەن پاراڭلىشىۋاتاتتى، ئۇ ئاپتوبۇسنىڭ ئايىغىدا گۈلبوستان بىلەن پاراڭلىشىۋاتقان تايغا قاراپ - قاراپ قويدى.

— ياۋا مۈشۈك قاراۋاتىدۇ، خوتۇن، — دېدى تاي كىنايە قىلىپ.

— ھازىر ھەممە نەرسىنىڭ ياۋىسى ياخشى بولۇپ قالدى، نەچچە زاماندىن بېرى بىلمەي يۈرۈپتۇق ئەمەسمۇ! — دېدى گۈلبوستان تاينىڭ گېپىگە يارىشا تەئەددى بىلەن.

— خۇدايىم يەنە بىزنى بىر ئۇچاقتا قارىتىدۇ، گۈلبوستان!

— سىز جىق ئوچاق كۆرۈپ كەتتىڭىز، تاي. ئەمدى كونا قازانغا كۆنمەيسىز...

— مەن شۇنىڭ جازاسىنى كۆردۈم، سەنەۋۋەرگە بەش مىڭ سوم يوللۇق تۇتاي دېگەن، پۇلنى ساڭا بېرەي، سەن ئۇنىڭ ئىنىسىگە ئاپىرىپ بەر، — دېدى تاي.

— ئۆزىڭىز ئاپىرىپ بېرىڭ.

— سەن بەرسەڭ ياخشى بولارمىكىن!

— مەن خەقنىڭ چاپىنىدا تەرلىمەيمەن.

— مەن خەقمۇ؟

— ئەمىسە نېمە؟

— مەن سىنىڭ ئېرىڭ!

— سابىق ئېرىم.

تاي كۈلۈپ كەتتى. ئۇ يېنىدىن تەييارلاپ قويغان بەش مىڭ سوم پۇلنى ئېلىپ، گۈلبوستانغا تەڭلىدى.

— بۇ پۇلنى ماڭا بەرمەڭ، — دېدى گۈلبوستان.

— ساڭا بەرمىسەم بولمايدۇ.

— خالمۇراتقا ئاپىرىپ بېرىڭ، يۈرۈڭ، خالمۇراتنىڭ قېشىغا بارىمىز، — دېدى گۈلبوستان. ئۇ خالمۇراتنىڭ يېنىغا ماڭدى. تاي مەجبۇرىي ئۇنىڭ كەينىدىن ماڭدى.

— خالمۇرات، تاي سەنەۋۋەرگە بەش مىڭ سوم ياردەم قىلماقچىكەن، — دېدى گۈلبوستان قەمەر بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغان خالمۇراتنىڭ قېشىغا كېلىپ.

تاي گەپ قىلماي قولىدىكى پۇلنى خالمۇراتقا تەڭلىدى.

«قانداق گەپ بولۇپ كەتتى بۇ!؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— رەھمەت، تاي، — دېدى خالمۇرات ئۇنىڭ قولىدىن پۇلنى ئېلىپ.

«بۇ گۈيلارنىڭ ھەممىسى بىر جاڭگالنىڭ بۆرىلىرى» دېدى تاي ئىچىدە.

— مەنمۇ ئاتىغىنىمنى بىرنۆۋەتەي ئەمىسە، خالمۇرات،— دېدى قەمەر. ئۇ سومكىسىدىن بىر كونۋېرتنى چىقىرىپ، خالمۇراتقا بەردى،— ساناڭ، بەش مىڭ سوم.
خالمۇرات كۈلۈپ قويۇپ كونۋېرتنى يانچۇقىغا سالدى.
— بىكارغا پۇل بەرسىمۇ سانىۋال دېگەن گەپ بار، خالمۇرات،— دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— بۇ ئاداش تەييارغا ھەييار بولۇپ كۆنۈپ كەتكەن، پۇل ساناشقىمۇ ھورۇنلۇق قىلىدۇ،— دېدى تاي خالمۇراتنىڭ چىشىغا تېگىپ.
— ئەسلىي خالمۇرات ئۇنداق ئادەم ئەمەس ئىدى، ئۇنى ئۆزگەرتكەن ئادەم بار، — دېدى گۈلبوستان گەپ ئويىنىتىپ.
ھەممە ئادەم تايغا قاراپ كۈلۈشتى. تايمۇ كۈلۈپ كەتتى.
— بىراق بەزىلەر ئۇستىسىدىن ئېشىپ كېتىۋاتامدۇ! — دېدى تاي.
— ئېشەك ئېشەكتىن قالسا قۇلىقىنى كەس دېگەن گەپ بار، تاي، — دېدى قەمەر گەپكە ئارىلىشىپ.
— ئەسلىي باش رېژىسسور سىزغۇ قەمەر! — دېدى تاي.
— مانا بۇ «تازنى تاز دېسە كۈلگىسى كەپتۇ» دېگەن كونا گەپ، مېنىڭ رېژىسسورلۇقۇمنى بۇ شەھەردە بىلمەيدىغان ئادەم يوق، سىزمۇ ئوغۇل بالا بولغاندىن كېيىن خەقلەر بىلمەيدىغان گەپتىن بىر - ئىككىنى قىلسىڭىز بولمامدۇ؟ — دېدى قەمەر كۈلۈپ.
— ئۇنتۇپ قالغانلار بولسا سەمىگە سېلىپ قوياي دەيمەن! — دېدى تاي.
— خاتىرجەم بولۇڭ، تاي، مەندەك ئەسكى ئادەمنى ھېچكىم ئۇنتۇپ قالمايدۇ، — دېدى قەمەر.
— ۋاقىت توشۇپتۇ، ئاپتوبۇسقا چىقىڭلار دەۋاتىدۇ،— دېدى گۈلبوستان خالمۇراتقا قاراپ.

«خەپ گۈيلار» دېدى تاي ئىچىدە.
— ئەمىسە مەن دېگەندەك قىلىڭ، خالمۇرات، دوختۇرلارغا ئاز - تولا كۆڭۈل قىلمىسىڭىز ئىشىڭىز ئوڭغا تارتمايدۇ! — دېدى قەمەر.
— ماقۇل، — دېدى خالمۇرات.
«ئادەمنى شەيتان دېگەن مۇشۇ نايناق - دە مانا!» دېدى تاي.
خالمۇرات ھەممە ئادەم بىلەن خوشلىشىپ ئاپتوبۇسقا چىقتى، شوپۇر خالمۇراتقىلا قاراپ قالغاندى، ئۇ ئاپتوبۇسنى قوزغىدى.
— خوش ئەمىسە.
— ئاقيول بولسۇن!
— خۇدايىمغا ئامانەت...
— ياۋا مۇشۇكۈڭ بىلەن ياۋروپاچە خوشلاشمىدىڭغۇ! — دېدى تاي گۈلبوستاننىڭ قېشىغا كېلىپ پىچىرلاپ.
— ئاخشام خوشلىشىپ بولغان! — دېدى گۈلبوستان.
تاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ بەك ئوسال بولۇپ كەتتى. ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.
ئاپتوبۇس بېكەتتىن چىقىپ كەتتى.
خالمۇرات سەنەۋۋەرنىڭ قېشىدا ئولتۇراتتى. ئاپتوبۇسنىڭ قوزغىلىشى بىلەن سەنەۋۋەر جىم بولالمىدى، ئۇياق - بۇياققا قارىغىلى تۇردى.
— مانا، ئەمدى بىزگە خۇدايىم بەردى، مەن دېدىمغۇ، خۇدايىم بىزنى تاشلىۋەتمەيدۇ دېدىمغۇ! مانا، ئاخىرقى ھېسابتا جەننەتكە قاراپ ماڭدۇقغۇ مانا! يوللاردا لاغايلاپ يۈرگەن ئادەملەر نېمە ئۈچۈن بىز بىلەن بىللە جەننەتكە بارمايدىغاندۇ؟ — دېدى سەنەۋۋەر توختىماي ئەتراپىغا قاراپ.
— ئېلىشىپ قالغان ئايال ئىكەن - دە...
— بىچارە...
— خۇدايىم بەندىسىنى ساق قىلسۇن...
خالمۇرات يولۇچىلارنىڭ خىلمۇخىل گەپلىرىنى ئاڭلاپ، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلىۋەتتى...

## قىرىق بىرىنچى باب

# تۇرسۇن خوتۇننى شەھەرگە يولغا سالدى

سەھرادا، تۇرسۇن بىلەن ھاۋاخان ئوغلى تاينىڭ ئىشلىرىدىن خەۋەر تېپىپ تۇردى. شەھەرگە كىرىپ ـ چىقىپ تۇرىدىغان تۇغقانلار تاينىڭ ھەممە ئىشلىرىنى تۇرسۇنغا يەتكۈزۈپ تۇردى.

بىر كۈنى بوۋاي بىلەن موماي باش قوشۇپ، تاينىڭ ئىشى ئۈستىدە توختالدى.

— مانا، دېمىسىمۇ بۇ يوغانباشنىڭ ئاقىۋىتى مەن دېگەندەك بولۇپتۇ ـ دە! — دېدى تۇرسۇن.

— ئىگىسىنى دورىغان گەپ، — دېدى ھاۋاخان.

— قېرىغاندا جىق گەپ قىلساڭ ئۆمرۈڭ قىسقا بولۇپ قالىدۇ، موماي، — دېدى تۇرسۇن.

— قالغىنىنى سىز ياشىۋالارسىز، — دېدى ھاۋاخان ئېرىنىڭ چىشىغا تېگىپ.

— ئەمدى ئۆزۈڭ شەھەرگە كىرمىسەڭ بولمىدى، خوتۇن، — دېدى تۇرسۇن.

— سىز دادىسى بولغاندىن كېيىن ئۆزىڭىز كىرىڭ، — دېدى ھاۋاخان.

— بۇنداق ئىشلارنى دادىسى ئەمەس، ئانىسى بىر تەرەپ قىلىدۇ. گەپنى ئاز قىلسۇن ئۇ، گۈلبوستان بىلەن يارىشىۋالمىسا بولمايدۇ، ئۇنىڭغا ئاشۇ قىزدىن باشقا ئادەم ئاش ـ نان

بولمايدۇ! — دېدى تۇرسۇن ئايالىغا قاراپ.
— ئۇ بالىڭىز مېنىڭ گېپىمنى ئاڭلامدۇ!
— تـوخـتـىـغـىـنـا؟ بۇگۈن قاش ـ كۆزلىرىڭ پارقىراپ كېتىپتۇغۇ؟ شەھەرىكى ياسانچۇق خوتۇنلارنى دوراپ قاشلىرىڭنى ياساپ يۇرمىگەنسەن يەنە! ؟
— هـەي قـېـرى، تولا جېنىمنى چىقارما، نايناقلىرىڭنى سېغىنىپ قالغان بولساڭ شەھەرگە كىرىپ بالاڭ بىلەن ئاغىنە بـولـۇۋالـمـامسەن. ئۇنى ئاشۇنداق يولغا قويۇپ بەرگەن ئادەم ئۆزۈڭ، — دېدى هاۋاخان تېرىكىپ.
— يـەنلا بالا كىچىك ـ دە! سويما دېگەن سويما ـ دە، هەرقانداق ئىشنى چاندۇرماي قىلىش كېرەك ئەمەسمۇ! ئادەملەر ئـارىـسـىـدا نـى ـ نى سەتچىلىكلەر بار، ئۇلار چانـدۇرماي يۈرگەنلىكىدىن بىر ـ بىرى بىلەن چىقىشىپ ياشاۋاتىدۇ، ئاناڭنى داداڭغا سەت كۆرسەتمە دېگەن گـەپنىڭ مـەنىسى مۇشۇ. يەنـىلا خام ـ دە!.
— شـەهـەرگـە كىرىپ ئۆگەتسىڭىز بولمامدۇ؟ ئىزباسار يېتىشتۈرمىسىڭىز قانداق بولىدۇ!
— ئۇ ماڭا ئىزباسار بولالمايدۇ، خوتۇن، ئۇ ئىشنىڭ يولىنى تاپالمىدى، ئىت يەيدىغان نەرسىنى كالا يېمەيدۇ، كالا يەيدىغان نەرسىنى قوي يېمەيدۇ، قوي يەيدىغان نەرسىنى توخۇ يېمەيدۇ، توخۇ يەيدىغان نەرسىنى كەپتەر يېمەيدۇ، ئۇ مۇشۇنداق ئىشلارنى بىلەلمىدى، ئادەملەرنىڭ مىجەزى مۇشۇ هايۋانلارنىڭ مىجەزىدىن يىراق ئەمەس، ئۇلارغا مۇئامىلە قىلىشتا مۇشۇ تەرەپلەرگە دىققەت قىلىش كېرەك ئىدى. قوناق يەيدىغىنىغا بۇغداي بېرىپ قويساڭ بولمايدۇ، بۇغداي يەيدىغىنىغا ئارپا بېرىپ قويساڭ بولمايدۇ... ئـىـش جىق. ئۇ تەلۋە لەشكەرلىرى بىلەن بولۇپ كېتىپ سۇ بـېـشـىـدىكى غوجاملار بىلەن ئاغىنە بولالمىغان گەپ. لاي سۇ ئـىـچـكەن سەهرالىق دېگەن گەپنىڭ جېنى بار ئىكەن جۇمۇ.

ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ گۈيۈك يەنىلا شەھەرلىك بولالمىدى ـ دە!

— شۇ، شەھەرگە كىرىپ دەرس بېرىك دەۋاتمەنغۇ! — دېدى ھاۋاخان.

— بۇنداق ئىشلارنى دەرس بېرىپ ئۆگەتكىلى بولمايدۇ، خوتۇن، — دېدى تۇرسۇن.

— شۇ، ھەممە ئىشنى سەن قاقۋاش ئەپلەشتۈرسەن، شەھەرگە ئۆزۈك كىر، مەن ئارىلاشمايمەن. ھەممە سەتچىلىكنى ئۇ قىلسا، مەن ئۇنىڭ پوقىنى ئېرتامدىكەنمەن! — دېدى ھاۋاخان.

— ئۇنىڭ قىلىپ يۈرگىنى ئادەتتىكى ئىشلار، ئۇنى سەتچىلىك دېسەڭ بولمايدۇ، سەن بىلمەيدىغان نى ـ نى ئىشلار بار تېخى. ئۇ يا شەھەرگە ئوت قويۇۋەتمىسە، يا بىرىنىڭ قارنىغا پىچاق تىقىۋەتمىسە، نېمە سەتچىلىككەن ئۇ؟ بەندە دېگەن ئەۋلىيا ئەمەس، ئادەم دېگەندە يا ئۇنداق، يا بۇنداق ئىشلار بولۇپ قالىدۇ، ئۇنى توغرا چۈشىنىش كېرەك. ئەمدى ئۇ گەپنى ئاز قىلسۇن، گۈلبوستان بىلەن تېزرەك يارىشىۋالسۇن، كىرىپ دە، داداڭ بەك خاپا، ئەمدى ھوشۇڭنى تاپمىساڭ بولمايدۇ ـ دە…

— گۈلبوستان، گۈلبوستانلا دەيدىكىنا، بۇرۇنغۇ تايدىن ئۆتتى ماقۇل، ئەمدى ئۇنىڭ تايىنىڭ ئۈستىدىن ھۆكۈمەتكە ئەرز قىلغىنى نېمىسى؟! مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟… قىز كەممۇ مۇشۇ كۈندە! — دېدى ھاۋاخان.

تۇرسۇن ئايالىغا قاراپ كۈلدى:

— ئۇ ئۆزىنىڭ ئىشى، بىز ئۇ ئىشلىرىغا ئارىلاشمايمىز، بىز ئۇلارنى ياراشتۇرۇپلا قويساق بولدى. ئات تەپكەننى ئات كۆتۈرىدۇ، خوتۇن، ئۇنىڭ ئىچىدىكى ئويۇننى ئۆزلىرى بىلىشىدۇ، ھە دېگەندە تايدىن كەتتى، بىز ئۇ قىزنى ئەيىبلىسەك

بولمايدۇ، ئەمدى ئۇ ئىشلار ئۆتۈپ كەتتى، ئايالى بىلەن يارىشىۋالسۇن، بولمىسا خەلقئالەم ئالدىدا سەت بولىدۇ!

— تاي ئۆيگە ئەكەلگەن پۇللارنى تازا خەجلىگەن بولغىيتتى ئۇ قانجۇق، — دېدى هاۋاخان خاپا بولۇپ.

— ئۇنى دېسەڭ سەنمۇ خەجلىگەن، مەنمۇ خەجلىگەن، ئەمدى بۇ گەپلەرنىڭ پايدىسى يوق، بىز ئۇچۇن بىرلا ئىشنىڭ پايدىسى بار، ئۇلار يارىشىۋېلىپ، دوست ـ دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا ئىناق ئۆتۈشى كېرەك. مۇشۇنداق قىل، تەييارلىق قىل، ئەته شەهەرگە كىرىپ بالاڭ بىلەن كۆرۈش، — دېدى تۇرسۇن.

هاۋاخان گەپ قىلمىدى، ئۇ غۇدۇراپ ئېرىنىڭ چىشىغا تەگكىنى بىلەن ئېرى قىل دېگەن ئىشنى قىلمىسا بولمايتتى. ئىلگىرى ئۆيدە مۇشۇنداق گەپ ـ سۆزلەر بولۇپ قالسا، ئۇ تاينى ئەيىبلەپ گۈلبوستان تەرەپتە تۇرۇۋالاتتى، چۈنكى ئۇ تاينىڭ تۇرمۇشتىكى مىجەزىنى ياخشى بىلەتتى، بالىلىرى ئىچىدە، ئۇ تاينى بۇ ساراڭ خوتۇنپەرەس بولۇپ قالدى، كىچىك دادىسىنى دوراپ قالدى، دەيتتى. بۇ قېتىم مۇشۇ ئىش يۈز بەرگەندىن كېيىن، ئۇ گۈلبوستانغا ئۆچ بولۇپ قالدى، نېمە ئۈچۈن بىزنىڭ يۈزىمىزنى قىلماي تاينىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىدۇ دەپ قاتتىق ئاغرىنغانىدى، شۇڭلىدىمۇ ئۇ تەييارلىق قىلىپ، ئەتىسى ئەتىگەندە ئاپتوبۇسقا چىقىپ، شەهەرگە كىردى.

هاۋاخان تاينىڭ ئاشخانىسىغا كەلدى. ئاشخانىدا ئىشلەۋاتقان قىزلار ئۇنى قىزغىن كۈتۈۋالدى. ئۇلار تايغا تېلېفون قىلىپ، ئۇنى چاقىرىپ كەلدى. تاي يېرىم سائەت ئىچىدە پەيدا بولۇپ، ئاپىسى بىلەن كۆرۈشتى.

— ئاخشام تېلېفون بېرىۋەتسەڭ بولمامدۇ، ئاپا؟ — دېدى تاي ئاپىسىنىڭ قېشىدا ئولتۇرۇپ.

— ئالدىراش ئىش يوق، بالام... داداڭ ئەۋەتكەن، — دېدى هاۋاخان.

— قانداق تاماق قىلىپ بەرسۇن؟
— چۇش بولسۇن، بالام. قېرىغاندا جىق بىرنەرسە يېيەلمەيدىكەن ئادەم، — دېدى ھاۋاخان.
— ئەمىسە ئۆيگە بارىمىزمۇ؟ — دېدى تاي ئاپىسىغا قاراپ.
— قايسى ئۆيۈڭگە بارىمىز، بالام؟ تۆت ـ بەش يەردە ئۆيى بار دەپ ئاڭلايمەنغۇ! — دېدى ھاۋاخان بالىسىغا ئاچچىق قىلىپ.
— ئۇنداق ئىش يوق، ئاپا، ھازىر ھەممە ئادەم مېنى سېسىتىشقا ئۆتتى.
— ئۆزۈڭ سېسىپ بەرمىسەڭ خەق سېنى سېسىتمايدۇ... ئۆيۈڭنى قوي، بويتاق ئۆيۈڭدە نېمە بار، دېرىزىنىڭ قېشىدىكى يورۇق ئۆيۈڭگە كىرىپ ئولتۇرايلى، ساڭا دەيدىغان گەپ بار...
تاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ ئاپىسىنىڭ دېمەكچى بولغان گېپىنى ئاساسەن بىلىپ بولدى. ئۇ دەم ئېلىشقا چىققاندىن كېيىن، چوڭ ئۆيدىن ھېچكىم كىرمىگەنىدى. ئۇ قىزلىرىنى پات ـ پات چوڭ ئۆيگە يولغا سېلىپ تۇرغانىدى. بۈگۈن ئۇ ئاپىسىنى كۆرۈپ، بەكمۇ ئوڭايسىزلىنىپ قالدى.
تاي ئاپىسىنى ئاشخانىدىكى ئايرىم خانىغا باشلىدى. كۈتكۈچى قىز ئۇلارغا چاي قويۇپ بېرىپ چىقىپ كەتتى.
— مۇشۇنداق گەپ، داداڭ مېنى ئولتۇرغۇزمىدى، ئۆزىڭىز كىرىپ چىقىڭ دېسەم يا ئۇنىمايدۇ، مەن كىرسەم ئاغزىمنى بۇزۇۋېتىمەن، ئۇنداق قىلىۋېتىمەن، بۇنداق قىلىۋېتىمەن دەپ ۋارقىراپ ئۆينى بېشىغا كىيدى، مىجەزىنى بىلىسەن. ماقۇل ئەمىسە دەپ ئۆزۈم كىردىم.
— مەن ئۆيگە چىقالمىدىم، ئاپا، يېقىندىن بېرى سەل ئالدىراش بولۇپ قالدىم.
— بولغان ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى ئاڭلىدىم، بالام، شەھەر دېگەندە راست گەپ قىلىدىغان ئادەم ئاز، كىمگە نان بەرسەڭ شۇ سېنىڭ تىلىڭنى كۆيدۈرىدۇ، تەقدىر ـ پېشانە دېگەن مۇشۇ. شەھەرگە كىرمىگەن بولساڭ مۇشۇنداق ئىشلار بولماس

بولغىيتتى، شەھەرلىكلەر ئاسانلا خوتۇنىغا تومۇرىنى تۇتقۇزۇپ قويىدىكەن، قورسىقىدىكى ھەممە ئىشلارنى دەۋېتىپ قاراپ ئولتۇرىدىكەن، ئاخىرى قانداق بولدى؟ نان بەرگەن قولۇڭنى چىشلىدى، كۆڭۈل بەرگەن دىلىڭنى رەنجىتتى. ئۆزۈڭنى چىڭ تۇتقان بولساڭ، خوتۇنۇڭدىن سىر ساقلىغان بولساڭ، مۇشۇ ئىشلار بولمايتتى. داداڭغا قاراپ باقە، ماڭا ئون تىيىن بەرمەيدۇ، نەگە باردىڭىز، نېمە ئىش قىلىۋاتىسىز دېسەم، ئاۋۇ بىر يەرلەرگە باردىم، قىلىدىغان ئىشنىڭ تايىنى يوق، خوتۇن دەپ ماڭا پەقەت سىر بەرمەيدۇ! خوتۇن دېگەن ئۆي ئىشىنى بىلسىلا بولدى، قالغان ئىشلىرىڭغا ئارىلاشتۇرۇپ نېمە قىلىسەن ئۇنى! سەن داداڭنى دورىمىدىڭ، بالام! — دېدى ھاۋاخان.

— راست دەيسەن، ئاپا، مېنىڭ تارتقۇلۇقۇم بار...

— ئەمدى بۇرنۇڭغا سۇ كىرسە بولىدۇ، بالام، داداڭ بىر ئۆمۈر سېنىڭ غېمىڭنى يەپ كەلدى، ئەمدى بىز قېرىدۇق، بىزنى ئايىمىساڭ بولمايدۇ، توۋا قىل، دوپپاڭنى ئالدىڭغا قويۇپ قويۇپ توۋا قىل، بالام، نېمەڭگە نېمەڭ يەتمەيدۇ سېنىڭ، بۇرۇنقى كۈنلىرىڭنى ئۇنتۇما، ئەمدى قىزلىرىڭغا قارىمىساڭ بولمايدۇ، بۇ خۇدالىق ئالەم، بالام، توۋا قىل، شۈكرى قىل...

— ماقۇل، ئاپا...، — دېدى تاي.

چۈشتە، تاينىڭ ئىككى قىزى ئاشخانىغا تاماققا كەلدى. تاماقتىن كېيىن ھاۋاخان تايىنى بازارغا سودىلىققا ئەۋەتىۋېتىپ، ئىككى نەۋرىسىگە گەپ ئۆگەتتى. غۇنچەم بىلەن ئامىنە مومىسىنىڭ ئاغزىغا قاراپ ئولتۇرۇپ، ئۆزىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى...

— يىغلىماڭلار، قىزلىرىم، يامان بولىدۇ، مەن دېگەن گەپلەرنىڭ ھەممىسىنى داداڭلارغا دەڭلار، ئۇنىمىسا يىغلاڭلار، ئاپاڭلارنى تېزرەك ئۆيگە ئەكىرىۋېلىڭلار! — دېدى ھاۋاخان.

— ماقۇل، موما، بىزمۇ دوستلىرىمىزنىڭ ئالدىدا بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەيۋاتىمىز! — دېدى غۇنچەم كۆز ياشلىرىنى ئېرتىپ.

## قىرىق ئىككىنچى باب

# ھەر كاللىدا بىر چىگىش

تاي ئاپىسىنى يولغا سېلىپ بولۇپ، ئۆيگە قايتىپ كەلدى. ئۆينىڭ ئىچى بەكمۇ قالايمىقاندى. ئۇ كارىۋاتقا چىقىپ، قالايمىقان يېيىلىپ تۇرغان يوتقان - كۆرپىلەرنى پۇرلەپ بېشىغا قويۇپ، خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. ئۇنىڭ تايدەك ئەركىن چېپىپ ياشىغان بالىلىق دەۋرى كۆز ئالدىغا كەلدى. ئۇنىڭ ئۆسمۈرلۈك دەۋرى مەھەللىنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى توقايلىقتا ئۆتكەنىدى، دەريا بويىدىكى توقايلىق ئۇلارنىڭ جەننىتى ئىدى. بولۇپمۇ ئۇلار يازلاردا مال باققاچ توقايلىق ئىچىدە توشقاندەك ئەركىن يۈگۈرۈپ ئوينايتتى، ئوت - چۆپلەرنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرى ئۇلارنىڭ نۇر يېغىپ تۇرىدىغان يېقىملىق يۈزلىرىنى سۆيۈپ تۇراتتى، ئۇۋۇسىدا ئانىسى چاقىرىۋاتقان پەسىل قۇشلىرىنىڭ بالىلىرى ھەر دائىم ئۇلارنى جىددىيلىككە سېلىپ تۇراتتى، بىر قېتىم ئۇ بىر قۇش بالىسىنى تۇتۇپ ئۆيگە ئاپارغاندا، ئاپىسى ھاۋاخان: «قۇش بالىسىنى تۇتساڭ قولۇڭ تىترەيدىغان بولۇپ قالىدۇ، بالام» دەپ ئۇنى قورقۇتۇپ، ئۇنى ئىككىنچىلەپ قۇش بالىسىنى تۇتمايدىغان قىلىپ قويغانىدى. ئاخشىمى ئۇ چۈشىدە يەتتە باشلىق يالماۋۇز بىلەن، توقايلىقتىكى ياۋا توشقانلار بىلەن، ئۆيدىكى ئاپئاق كەپتەرلەر بىلەن، چىن تۆمۈر باتۇر بىلەن، ياغاچ ئات بىلەن، ئېچىل سۇپۇرۇم بىلەن، ئۇر توقمىقىم بىلەن، ئەپچىلەم بىلەن، ئۆيدىكى قارا ئىتى بىلەن، بارسا كەلمەسكە يول ئالغان كەنجى

شاھزادە بىلەن بىر - بىرلەپ كۆرۈشۈپ چىقاتتى، تاي مۇشۇنداق مۇھىتتا چوڭ بولغانىدى. سەھرانىڭ بارلىق ساپ پۇراقلىرى، بارلىق كۆرۈنۈشلىرى، ھەتتا شامالنىڭ پىچىرلاشلىرىمۇ ئۇنىڭ خاتىرىسىگە سىڭىپ كەتكەنىدى...

تاينىڭ پېشانىسى كەڭ، قۇلاقلىرى بوينىغا چۈشۈپ تۇراتتى، ئۇنىڭ مومىسى، دادىسى، ئاپىسى، يەنە تۇغقانلىرى ئۇنىڭ بېشىنى سىلاپ تۇرۇپ پېشانىسىدە بار بۇ ساقامنىڭ دەيتتى. مومىسى چوڭ بولغاندا نېمە قىلىسەن دېسە، ئۇ سېنى شەھەرگە ئەكىرىپ باقىمەن، دەيتتى، ئۇنىڭ جاۋابى ئۆيدىكى ھەممە ئادەمگە ياقاتتى، ئۇلار تاينى تېخىمۇ ياخشى كۆرۈپ قالاتتى. راست دېگەندەك، ئۇ تولۇقسىز ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتتۈرۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ بېشىغا بەخت قۇشى قونغانىدى. ئۇ يىللاردا بىر دېھقان بالىسى شەھەرگە كىرىپ ئىشچى بولۇپ ئىشلەشنىڭ ئۆزى بەكمۇ چوڭ ئىش ئىدى، چوڭ ئامەت ئىدى، چوڭ بەخت ئىدى، چوڭ شەرەپ ئىدى، تاي سېمونت زاۋۇتىدا ھەر يىلى ئىلغار بولۇپ ئىشلىدى، بۇنداق ئىلغارلىق ئۇنىڭ كېيىنكى تۇرمۇشىنىڭ ياخشى بولۇشىغا مۇستەھكەم ئاساس سېلىپ بەردى، ئۇ زاۋۇتقا ئورۇنلاشقان ئۈچىنچى يىلى ھاراق ئىچىشنى ئۆگەندى، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىشنى قاھار ئىسىملىك بىر شوپۇر ئۆگەتكەنىدى. ئۇ تايدىن ئون ياش چوڭ ئىدى، ئۇ دائىم تاينى كۆرسەم «يۈز گىرام ھاراق ئېلىپ بەرمەمسەن، ئۇكا» دەپ چاقچاق قىلاتتى، تاي ئۇنىڭ گېپىگە كۈلۈپ قويۇپ يولىغا كېتىۋېرەتتى، ئۈچىنچى يىلىغا كەلگەندە، قاھار بىرنەچچە قېتىم تاينى بازارغا باشلاپ بېرىپ، بەش - ئون سامسا ئېلىپ ئۇنى مېھمان قىلىپ، ئۇنىڭغا ھاراق ئىچىشنى ئۆگەتكەنىدى، شۇنىڭدىن باشلاپ تاينىڭ كۆزى ئېچىلىپ كەتكەنىدى...

«ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ مەن نېمە ئۈچۈن مۇشۇ

كۆنگە چۈشۈپ قالدىم؟ مېنى مۇشۇ ھالەتكە چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم كىم؟ ئۆزۈممۇ يا باشقا بىر ئادەممۇ؟ ياق، ئۆزۈم، بىرلا ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، مەن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم، سەھرادا ھاڭرىغان ئېشەك شەھەردە ھاڭرىيالماپتۇ دېگەن بۇ سۆز مېنىڭ ئەمەلىيىتىمدە ئايان بولدى، ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن كەتتى، خوتۇنپەرەس مىجەزىمدىن بولدى... مەن زاۋۇتتا مۇھىم ھوقۇق تۇتتۇم، لېكىن مەن ھوقۇقتا توغرا مۇئامىلە قىلالمىدىم، يەيدىغان، ئىچىدىغان، قويىدىغان، جايلايدىغان يولغا كىرىۋالدىم، ياق، يامان بولىدۇ دەپ تۇرۇپ قىلدىم، ھەممە ئىش ئۆزۈمدىن كەتتى. ھازىر ئويلىسام مەن ئاشۇ يىلى باللىرىمنى تاغقا ئويناتقىلى ئاچىقاندىن باشلاپ كەينىمگە دەسسەشكە باشلىغانىكەنمەن! ئامەت شۇ ۋاقىتتىن باشلاپ مەندىن قېچىشقا باشلىغانىكەن، مەن تاغقا خوتۇنۇمنى ئاچىقىپ قويۇپ، قەمەرنىڭ كەينىدە سۈيدۈك پۇراپ يۈردۈم ئەمەسمۇ! مېنى شۇ كۈندىن باشلاپ خۇدا ئۇرغان گەپ. ئەگەر تاغدا ئايالىم بولمىغان بولسا، ئۇنىڭ يولى باشقا ئىدى. توۋا، خۇدايىم گۇناھىمنى كەچۈرگەيسەن، نېمىدېگەن قورقۇنچلۇق ئىشلار بۇ! مەن قەمەرنىڭ قانداق قىزلىقىنى بىلىپ تۇرۇپ ئۇنىڭ قوينىغا كىرىۋالدىم، ئۇنىڭ بىلەن ئاپاق - چاپاق بولۇپ كەتتىم، مەن نېمە ئۈچۈن ئۆزۈمنى تۇتۇۋالالمىدىم؟ مەنلا مۇشۇنداق ئاجىزمۇ يا باشقا ئەرلەرمۇ مۇشۇنداقمۇ؟ ئادەم مۇشۇنداق ئىشلاردا نېمە ئۈچۈن ئاجىزلىق قىلىدۇ؟ توۋا، نېمىدېگەن تۈيۈق يول بۇ... ئاخىرقى ھېسابتا يىگىرمە نەچچە يىلدىن بېرى قوينۇمدا ياتقان خوتۇنمۇ مەندىن ۋاز كەچتىمۇ؟ شۇنداق، مەن ھەقىقەتەن تۈيۈق يولغا كىرىپ قالغانىكەنمەن، ئەمدى قانداق قىلىش كېرەك؟ ئاپامنىڭ گېپى بويىچە گۈلبوستان بىلەن يارىشامدىم؟ ئۇ خالمۇرات دېگەن بىرنېمىنى تېپىۋالدى، مېنىڭ ئۈستۈمدىن ئەرز قىلدى، مېنى دوست - دۈشمەنلەرنىڭ ئالدىدا مۇشۇ كۈنگە

چۇشۇرۇپ قويدى، مۇشۇنداق ئەھۋال ئاستىدىمۇ مەن ئۇنىڭ قولىدىن نان يەيمەنمۇ؟ قانداق قىلىش كېرەك؟ توۋا، ئەپقاچتى ھەۋەسىنىڭ كەينىگە كىرىپ جاڭگالدا قالدىم - دە.....»

غۇنچەم بىلەن ئامىنە مانتىغا ئامراق ئىدى، يەكشەنبە كۈنى كەچتە گۈلبوستان قىزلىرىغا ئوخشىتىپ مانتا ئېتىپ بەردى. قىزلار ھۇزۇرلىنىپ تاماققا تېگىش قىلدى.

— دادامنى چاقىرىپ قويغان بولساق بوپتىكەن، ئاپا، — دېدى غۇنچەم ئاغزىغا ئاپىرىپ بولغان مانتىنى ئالدىدىكى تەخسىگە قويۇپ تۇرۇپ.

— بايام ئېسىمگە كەلمەپتۇ - دە، بولمىسا مەن دادامنى چاقىرىپ كېلەتتىم، — دېدى ئامىنە ئاپىسىغا قاراپ. گۈلبوستان گەپ قىلمىدى، ئۇ بىر مانتىنى ئېلىپ ئاغزىغا سالدى.

— گەپ قىلمايسەنغۇ، ئاپا؟ — دېدى غۇنچەم ئاپىسىغا قاراپ.

— دادىڭىز ھازىر بىزنىڭ ئۆيگە كەلمەيدۇ، قىزىم، بىزنى تاشلىۋەتتى، — دېدى گۈلبوستان.

— سەن ئۆزۈڭ ئۆيگە كىرگۈزمەيۋاتىسەنغۇ! — دېدى غۇنچەم.

— سىلەر تېخى كىچىك، قىزلىرىم، بۇنداق ئىشلارنى بىلىپ كەتمەيسىلەر، سىلەر بۇ ئىشقا ئارىلاشماڭلار، — دېدى گۈلبوستان.

«ئەمدى مومام ئۆگىتىپ قويغان گەپنى دەي» دېدى غۇنچەم ئىچىدە.

— ئەگەر دادامنى ئەكېلىۋالمىساڭ، ئاپا، مەنمۇ ئۆيگە كىرمەي بېشىم قايغان يەردە يۈرۈۋېرىمەن، خىزمىتىم بار، ئاچ قالمايمەن! — دېدى غۇنچەم.

— نېمە دېگىنىڭىز بۇ؟ ماڭا مۇشۇنداق گەپ

قىلىۋاتامسىز! — دېدى گۈلبوستان غۇنچەمگە ۋارقىراپ. غۇنچەم يەرگە قاراپ تۇرۇۋالدى.

— مەنمۇ ئۆيگە كىرمەيمەن، ئاپا...، — دېدى ئامىنە.

— سىلەرگە بۈگۈن نېمە بولدى؟ قىلغۇلۇقنى داداڭلار قىلسا، مېنى قىستاقتا ئېلىۋاتىسىلەرغۇ! — دېدى گۈلبوستان ۋارقىراپ.

— ئەمىسە نېمە ئۈچۈن دادامنىڭ ئۈستىدىن ئەرز قىلىسەن؟ نېمە ئۈچۈن بىزنى ئويلىمايسەن؟ — دېدى غۇنچەم.

— سىلەر مېنىڭ بۇ ئىشىمغا ئارىلاشماڭلار!

— ئەمىسە بىزگە بىر دادا تېپىپ بەر، — دېدى غۇنچەم.

— ھېلىقى خالمۇرات دېگەن ئادەم بىلەن پەقەت خۇشۇم يوق مېنىڭ! — دېدى ئامىنە.

— ئۇ ئادەم قېرىنداش ئايالىنى قويۇۋەتتى، ئاپامغا قاش - كۆز بولغىنى بىلەن، بىزگە دادا بولالمايۋاتىدۇ! مىڭ ئەسكى بولسىمۇ ئۆزىمىزنىڭ دادىسى ئۆزىمىزگە ياخشى، — دېدى غۇنچەم.

— سىلەر كىمگە گەپ قىلىۋاتىسىلەر؟! مەن كىم؟! — دېدى گۈلبوستان ۋارقىراپ.

— خاپا بولما، ئاپا، بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ بەك تەس بولۇۋاتىدۇ، تالادا گەپ بەك تولا، بەزىدە بىز بېشىمىزنى كۆتۈرەلمەي قالىمىز. ئەگەر سەن ئۆزۈڭ بىلەنلا بولۇپ بىزنى ئويلىمىساڭ، ئۇ ۋاقىتتا بىزنىڭ تۇرمۇشتىن بەختىمىز كەلمەيدۇ! — دېدى ئامىنە.

گۈلبوستان يىغلىۋەتتى. ئىككى قىزىمۇ ئاپىسىنى قۇچاقلاپ يىغلاپ كېتىشتى. گۈلبوستان ھۇجرىسىغا كىرىپ كەتتى. قۇياش نۇرى دېرىزىنىڭ ئەينەكلىرىنى تەسىرلەندۈرۈپ كارىۋات ئۈستىدە ئولتۇرۇپ ئويلىنىۋاتقان گۈلبوستانغا سالام بېرىۋاتاتتى. گۈلبوستاننى غەم باستى، قىزلىرىنىڭ گەپلىرى ئۇنىڭغا

ھەقىقەتەن ئېغىر كەلدى. نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر — بىرلەپ ئۆتۈشكە باشلىدى. بەزى كۆرۈنۈشلەر باش باھاردىكى گۈلدەك كۆركەم، يېقىملىق ئىدى، بەزى كۆرۈنۈشلەر قارا بوراندەك كۆڭۈلسىز، دەھشەتلىك ئىدى. ئۇ ئۆتكەن كۈنلىرىگە باھا بەردى، ئاشۇ كۈنلەر ئۇنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتۈپ بولغاندىن كېيىن، ئۇ بۇگۈنكى ئەمەلىيىتىگە قايتىپ كەلدى، قىزلىرىنىڭ گەپلىرى يەنە بىر قېتىم ئۇنىڭ قۇلىقىدا ياڭرىدى···

«··· مېنىڭ تايىنىڭ رەزىل ئىشلىرىنى پاش قىلغىنىم خاتامۇ؟ ئۇنى بۇزۇقچىلىق يولىغا سېلىپ قويغان نەرسە نېمە؟ ئۇنى خىيانەت يولىغا باشلىغان نەرسە يەنە نېمە؟ ئۇ ئۆزىگە قانچىلىك ئىشىنىدۇ؟ ئۆزى قىلىۋاتقان ئىشىغا قانچىلىك سادىق؟ ھۆكۈمەتكە، ئەتراپىدىكى ئەمگەكچىلەرگە قانچىلىك سادىق؟ مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى نەپسانىيەتچىلىكتىن بولمىدىمۇ؟ مەن ئۇنى پاش قىلىپ خاتا قىلمىدىم، مېنىڭ توغرا، بىلسە تېخى مەن ئۇنى قۇتقۇزۇۋالدىم، ئەگەر ئۇ ئاشۇ يولدا ئېغىپ كېتىۋەرگەن بولسا، تۈرمىگە كىرىپ كېتەتتى، قىزلىرىمنى دەپ ياراشسام يارىشىمەنكى، ھەرگىز ئۇ سارائىغا باش ئەگمەيمەن. مەن ئادەم، ھايۋان ئەمەس، ئۇ مېنى ھايۋان قاتارىدا خارلىدى، دەپسەندە قىلدى، مەن ئۇنىڭغا ئۆزۈمنى تونۇتۇپ قويدۇم، مەن بۇ ئىشتا خاتالاشمىدىم، مەن ئۆزۈمنىڭ غۇرۇرى بويىچە ئىش قىلدىم···» دېدى گۈلبوستان ئىچىدە.

## قىرىق ئۈچىنچى باب

# تاي ئېگىلدى

تاي گۈلبوستان بىلەن ئۆزىنىڭ ئاشخانىسىدىكى ئايرىم خانىسىدا كۆرۈشتى. تاماقتىن كېيىن ئۇلار پاراڭلىشىپ ئولتۇردى، گۈلبوستان بۇرۇنقىدىن خېلى بوشاپ قالغانىدى.

— مۇشۇ كۈنلەردە كېچە- كۈندۈز چۈشۈمگە كىرىۋاتىسەن، چۈشلىرى بىرەر سائەت ئۇخلاپ قالساممۇ سېنى چىڭ قۇچاقلاپ چۈشەيمەن! — دېدى تاي كۈلۈپ.

گۈلبوستان ئورنىدىن تۇردى:

— يەنە مۇشۇنداق گەپ قىلسىڭىز ئۆيگە كېتىمەن، — دېدى ئۇ قاپاقلىرىنى تۈرۈپ.

— ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسى، گۈلبوستان، بىز يارىشىۋالايلى، مەن ناماقۇل، مەن ئەمدى سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايمەن، — دېدى تاي.

— يارىشىۋالايلى؟ بۇ قانداق گەپ؟ مەن بۇ گېپىڭىزنى چۈشەنمىدىم! — دېدى گۈلبوستان.

— بالىلارنى يېتىم قىلمايلى، ھېلىمۇ خەقلەرگە ئاز ئويۇن قويۇپ بەرمىدۇق، ھەممە ئىش مەندىن ئۆتتى...

— ياق، سىز خاتالاشمايسىز، تاي، سىز دېگەن قانداق ئادەم...

— ئەمدى كونا خامانى سورۇۋەرگەننىڭ پايدىسى يوق، كەتكەن ئىشلار كەتتى، ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن تۇرمۇشىمىزنى

ياخشى ئۆتكۈزەيلى!

— ئەگەر تەشكىل جاجىڭىزنى بەرمىگەن بولسا، سىز ماڭا ئېگىلىدىغان تاي ئەمەس، تاسما يېگەن ئىت خۇيىدىن قالماپتۇ دېگەن گەپ بار، تامغا ئىشەنگىلى بولىدىكەنكى، سىزگە ئىشەنگىلى بولمايدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

— مەن تامما؟

— سىز هازىر تاممۇ ئەمەس، تامغا هېرىپ قالغاندا يۆلىنىپ ئولتۇرۇپ هاردۇق چىقارغىلى بولىدۇ، سىزنى نېمە قىلغىلى بولسۇن؟

— بۈگۈن مېنى قانداق ئىشلىتىمەن دېسەڭ مەن تەييار، — دېدى تاي گۈلبوستاننىڭ كۆزلىرىگە قاراپ.

— بايام بىرىدىن تېلېفون كەلسە قاراپ قويۇپ ئالمىدىڭىز، چاقىقانىراق شۇ يەرگە بېرىڭ، سىزنى بۈگۈن ئاشۇلار ئىشلىتىدۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— ئاناڭغا ئەلچى ئەۋەتمەنمۇ يا ئۆزىمىز چىقىشىۋالامدۇق؟

— نېمىنى چىقىشىۋالىمىز؟ — دېدى گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي.

— مەن ئەتە ـ ئاخشاملىرى ئاچ قېلىۋاتىمەن، ماڭا تاماق ئېتىپ بېرىدىغان ئادەم يوق، ئەمدى ئىككى ئوچاقنى بىر قىلىۋالايمىزمۇ! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— سىزنىڭ ئوچىقىڭىز بىلەنمۇ؟ سىزنىڭ ئوچىقىڭىز مېنىڭ ئوچىقىمغا توغرا كەلمەيدۇ! — دېدى گۈلبوستان.

— مەن توغرا كەلتۈرىمەن، ماڭا تونۇش ئوچاققۇ ئۇ!

— سىز كۆرگەن ئوچاق ئەمەس ئۇ، مەن ئالىلبۇرۇن ئۇ ئوچاقنى ئالماشتۇرۇۋەتتىم!

— شۇ، بولمىسا بۇرۇنلا بىرلەشتۈرۈپ بولاتتۇق ئوچاقلارنى! — دېدى تاي هىجىيىپ.

گۈلبوستان چىرايىنى ئاچماي ئولتۇرۇۋالدى.

— مېنىڭ گېپىمنى ياخشىراق ئويلىشىپ باق، گۈلبوستان، مەنمۇ بۇرۇنقى تاي ئەمەس، مېنىڭمۇ بۇرنۇمغا سۇ كىردى...

— ھەيتاڭ...

— ئەمەلىيىتىمنى كۆرمەمسەن! — دېدى تاي.

— مەنمۇ ئۇزۇن گەپنىڭ قىسقىسىنى قىلاي، مەن قېرىدىم. ئەمدى سىزنىڭ خىزمىتىڭىزدە بولالمايمەن، مېنىمۇ ئاۋارە قىلماڭ، ئۆزىڭىزمۇ ئاۋارە بولماڭ. قەمەرنىڭ قولىدا تېخى بىرەر ئەرنىڭ كۆلەڭگىسىمۇ چۈشمىگەن قىزلار جىققەن، ئاشۇنداق قىزلاردىن بىرنى تاللىۋالامسىز؟ ئۆزىڭىزمۇ مال تونۇيسىزغۇ؟! — دېدى گۈلبوستان تاينى مەسخىرە قىلىپ.

— خۇدايىم ساقلا، گۈلبوستان. مېنى مۈشۈك كۆنگە چۈشۈرۈپ قويغان ئادەم قەمەر، ئەمدى ئۇ دۇنيا، بۇ دۇنيا قەمەرنىڭ چىرايىغا قارىمايمەن!

— گەپنى ئاز قىلىڭ، تاي، بۇ قېتىم سىزگە قەمەر ياردەم قىلمىغان بولسا مەن ئاللىبۇرۇن سىزنىڭ ئىككى پۇتىڭىزنى بىر ئۆتۈككە تىقىپ بولغان بولاتتىم. سىز قەمەردىن ئايرىلالمايسىز! — دېدى گۈلبوستان.

— ئۇ دېگەن بىر سودا، مەن ئۆزۈمنى قوغدىمىسام بولمايدۇ.

— سىز مېنى ئاۋارە قىلماڭ، تاي، مەن ئەمدى سىزنىڭ تەرىتىڭىزگە سۇ بېرەلمەيمەن.

— مەن ناماقۇل، گۈلبوستان، باللار ئۈچۈن، يەنە ئۆزىمىز ئۈچۈن، بىز ئەپلىشىپ قالايلى، بۇنداق ئىشلار ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن يۈز بەرمەيدۇ، — دېدى تاي.

— گەپتىن گەپ چىقىپ قالدى، تاي، مېنىڭمۇ ئىككى ئېغىز گېپىمنى ئاڭلاپ قويۇڭ، بىر ئېغىز گەپ بىلەن ئېيتقاندا، سىز دۆلەتنى كۆتۈرەلمىدىڭىز، تاي، ئەگەر سىز يىگىرمە يىلنىڭ

ئالدىدىكى تاي بولغان بولسىڭىز، نېمىدېگەن ياخشى - ھە...
— مەن ئەمدى بۇگۈندىن باشلاپ يىگىرمە يىلنىڭ ئالدىدىكى تاي بولۇپ ياشايمەن، گۈلبوستان، يەنە دېسەم يەنە شۇ گەپ، ئەپلىشىپ قالايلى، — دېدى تاي.
گۈلبوستان خىيالغا چۆشۈپ كەتتى. ئەگەر ئۇنىڭ قىزلىرى ئۇنىڭغا بېسىم ئىشلەتمىگەن بولسا، ئۇ بۇ ئىش ئۈستىدە ئويلىشىپمۇ قويمايتتى، مانا ئەمدى بۇ ئەمەلىيەتكە بويسۇنماي بولمايتتى، شۇنىڭدىمۇ ئۇ ماقۇل دېگەن گەپنى ئاغزىدىن چىقىرالمىدى. ئۇنىڭ بېشى قاتتى، بىردىنلا ئۇنىڭ كاللىسىغا بىر خىيال كەلدى، ئۇ بېشىنى كۆتۈرۈپ تايغا قارىدى.
— ئەمىسە مۇنداق بولسۇن، تاي، بىر قورۇ - جايىم بار، بىنادا بىر يۈرۈش ئۆيۈم بار، بانكىدا پۇلۇم بار دەۋاتاتتىڭىز، سىز ئاشۇ ئۆيلەرنىڭ رەسمىيەتلىرى بىلەن چەكلىرىڭىزنى ماڭا ئەكېلىپ بېرىڭ، بىز قالغان گەپنى شۇ ۋاقىتتا قىلىشايلى، قانداق دەيسىز؟ — دېدى تاي.
تاي بۇ گەپنى ئاڭلاپ جىمىپ كەتتى، ئۇنىڭ چىرايى بىردىنلا سەتلىشىپ كەتتى، ئۇ گۈلبوستاننىڭ گېپىنى تەھلىل قىلدى، ئەگەر ئۇ ياق دېسە ئۇ ئۇنىڭ بىلەن ياراشمايتتى، ماقۇل دېسە، ئۇ بارلىق ئىقتىسادىدىن ئايرىلىپ قالاتتى. ئاخىرقى ھېسابتا ئۇ بىر قارارغا كەلدى.
— گەپ قىلمايسىزغۇ، تاي؟ ئەمدى گەپ قىلىش ئۆچىرىتى سىزگە كەلدى! — دېدى گۈلبوستان ئۇنىڭ چىرايىغا قاراپ.
«ماۋۇ قېرى مېكىياننىڭ يامانلىقىنى، قورۇ - جاي بىلەن بىنادىكى ئۆيدە ئامال يوق، بىراق چەكنىڭ ھەممىسىنى ئۇنىڭغا تۇتقۇزۇپ قويىدىغان ئىش يوق - دە! مېنى قورقۇتمەن دەيدۇغۇ بۇ قارىقۇمچاق!» دېدى تاي ئىچىدە.
— بولىدۇ، گۈلبوستان، مەن سەندىن ھېچ نەرسە يوشۇرمايمەن، سەن دېگەن ئۆينىڭ رەسمىيەتلىرى بىلەن چەكنىڭ

ھەمـمـسـنى ساڭا بېرەي، ئەمدى مەن سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايمەن، — دېدى تاي سەممىي قىياپەتكە كىرىۋېلىپ.

— مەندە باشقا غەرەز يوق، تاي، سىز مېنىڭ گېپىمنى خاتا چۈشىنىپ قالسىڭىز بولمايدۇ، مەن يەنىلا سىزنى ئاياۋاتىمەن، يىللار ئىسپاتلىدىكى، سىزگە پۇل زىيان قىلىدىكەن، شۇڭا سىز بۇنىڭدىن كېيىن داۋاملىق پۇل تۇتسىڭىز بولمايدۇ، — دېدى گۈلبوستان.

تاي چىرايىدا چاندۇرمىغىنى بىلەن، دەردى ئىچىدە ئىدى، ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ گۈلبوستانغا قارىدى.

— مەن ئەمدى بۇنىڭدىن كېيىن سېنىڭ سىزىقىڭدىن چىقمايمەن، گۈلبوستان، مەندىن يۈزدە يۈز خاتىرجەم بول! — دېدى.

— خۇدايىم بۇيرۇسا دەڭ! — دېدى گۈلبوستان.

ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ تاي بىلەن خوشلاشتى.

— ئەگەر ئاخشاملىقتا يەنە چۈشۈمگە كىرىپ قالساڭ يوتقاندىن چىقىپلا قېشىڭغا بارىمەن! — دېدى تاي كۈلۈپ.

— ياق، ئۇنداق بولمايدۇ، تاي، ئەمدى بۈگۈندىن باشلاپ سىز مېنىڭ چۈشۈمگە كىرىسىز، ئەمدى مېنى قارا باسىدىغان بولدى.

— ئىلكىمدىكى بارلىق مال - دۇنيايىمنى تاپشۇرغاندىن باشلاپ چۈشلىرىڭ ئوڭشىلىدۇ، — دېدى تاي چاقچاق قىلىپ.

— سىزنى ئازدۇرغان نەرسە ئاشۇ پۇل، — دېدى گۈلبوستان.

## قىرىق تۆتىنچى باب

# قەمەرنىڭ سەرەڭگىسى تۈتاشمىدى

تاي گۈلبوستان بىلەن يارىشىدىكەن دېگەن گەپ يۇرت ئىچىدە تارقالغاندىن كېيىن، بۇ ئۇچۇر تېزدىن قەمەرنىڭ قۇلىقىغىمۇ يەتتى. بۇ ئىش ئۇنىڭ كاللىسىدىن ئۆتمىدى، ئۇ، گۈلبوستاننىڭ يەنە تايىنىڭ قولىغا چۈشۈپ قېلىشىنى خالىمايتتى، قەمەر گۈلبوستان بىلەن كۆرۈشتى.

— ھەي، سىزنى نېمە دېسەك بولىدۇ ئەمدى، گۈلبوستان ھەدە؟ مۇشۇمۇ ئىشمۇ؟ سىز بەك ئاق كۆڭۈل ئىكەنسىز، مىڭ تەستە ئەركىنلىككە چىققانىدىڭىز، ئەمدى يەنە ئۇنىڭ ئالدام خالتىسىغا چۈشكىلىۋېتىپسىزغۇ؟ ئىسست، سىز تايىنىڭ تەتۈر سېۋەتىدىن ئاران قۇتۇلغانىدىڭىز ـ دە! — دېدى قەمەر ئېچىنغان تەلەپپۇزدا.

— مەن بۇ ئىش توغرىسىدا كۆپ باش قاتۇردۇم، قەمەر، ئەگەر مەن ئۆزۈمنى دېسەم، بىر كۈن بولسىمۇ خاتىرجەم ياشىغۇم بار، لېكىن بالىلارنى ئويلىمىسام بولمايدىكەن. خاتىرجەم بولۇڭ، ئەمدى مېنى بوزەك قىلىپ ئوينايدىغان تاي قالمىدى، مەن بازارغا ئارىلاشقاندىن بېرى جىق ئىش بىلىپ كەتتىم، قەمەر، بۇرۇن مەن جىنچىراغ ئاستىدا ياشاپتىكەنمەن، مانا ھازىر مەن قۇياش ئاستىدا ياشاۋاتىمەن، مەن ئۆزۈمنى ھەقىقىي چۈشەندىم، تايىنىمۇ ھەقىقىي چۈشەندىم، ئادەملەرنىمۇ ھەرھالدا چۈشىنىپ قالدىم، شۇڭا مەن ھازىر ھېچ نەرسىدىن قورقمايمەن، مەن

ئىلگىرى تاينىڭ كۆلەڭگىسىگىمۇ تەزىم قىلاتتىم، هازىر ئويلىسام مەن خاتالاشقانىكەنمەن. ئەسلىدە ئەر بىزنىڭ تۇرمۇشىمىزنىڭ بىر قىسمىلا ئىكەن. ئۇلار ھەرگىز بىزنىڭ ئىجاتچىمىز بولالمايدىكەن، بەزىدە ئۇلار بىزنى كۈلدۈرىدىكەن، بەزىدە يىغلىتىپ قويىدىكەن، ئىشقىلىپ ئۇلارنىڭ ياخشى تەرەپلىرىمۇ، يامان تەرەپلىرىمۇ بولىدىكەن، ئۇلارنىڭ ياخشى تەرىپىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئۇلار بىلەن كۆرەش قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ئىكەن، ئۇلار بىلەن جېدەل قىلىشنىمۇ بىلىش كېرەك ئىكەن، ئۇلارغا ماقۇل بولۇۋەرسىڭىز ئۆزىڭىزنىڭ ئورنىنى يوقىتىپ قويىدىكەنسىز، تۇرمۇشتا ناھايىتى ئۇستىلىق بىلەن جېدەل قىلىشنى ئۆگىنىۋېلىش كېرەك ئىكەن، چۈنكى سىز ئېرىڭىزگە ئاق كۆڭۈللۈك بىلەن مۇئامىلە قىلسىڭىز ئۇ سىزنى لۆم ـ لۆم، كاللىسى ئىشلىمەيدۇ، بىر باغلام ئوسمىنىڭ، بىر كۆڭلەكنىڭ قولى دەپ سىزنى دەپسەندە قىلىپ ئوينايدىكەن. مانا ئەمدى بىرنەچچە يىلدىن بېرى مەن مۇشۇ ئىشلارنىڭ ھەممىسىنى بىلىۋالدىم، بۇرۇن مەن تاي ئۈچۈن كۈلەتتىم، تاي ئۈچۈن ياشايتتىم، هازىر ئۆزۈم ئۈچۈن كۈلىمەن، ئۆزۈم ئۈچۈن ياشايمەن، يېنىمدىكى پۇلغا بازاردا نېمە يېگۈم كەلسە شۇنى ئېلىپ يەيمەن، تاينىڭ مىجەزى نېمە تارتاتتىكىن، لەڭمەن ئەتسەم بولارمۇ يا چۆچۈرە ئەتسەم بولارمۇ دەپ يۈرمەيمەن، بىزنىڭ ئارىمىزدا نۇرغۇنلىغان ئىشلار ئۆتتى، قەمەر، بىز ئوخشاشمىغان دەرىجىدە بەدەل تۆلىدۇق، لېكىن مەن ئۈچۈن ئەڭ ياخشى بولغىنى، مەن ئۆزۈمنى بىلىۋالدىم، هازىر ئەينەككە قارىسامىمۇ چىرايىمنى كۆرەلەيمەن، مانا بۇ مېنىڭ ئەڭ چوڭ بايلىقىم، ئالدى بىلەن مەن ئۆزۈم ياخشى بولۇشۇم كېرەك ئىكەن. شۇندىلا ئىككىنچى ئادەم بىلەن ئۆزۈمنىڭ مەيدانىدا تۇرۇپ مۇئامىلە قىلالايدىكەنمەن، ئۇنىڭ بىلەن كۆرەش قىلىپ ئۆتەلەيدىغان مەنىۋى ۋە ماددىي ئاساسقا ئىگە بولالايدىكەنمەن، مەندە مۇشۇنداق

كۆچ - قۇۋۋەت بولغاندا، ئاندىن ئەركىنلىكىم بويىچە، غۇرۇرۇم بويىچە ئىككىنچى بىر ئادەم بىلەن قۇچاقلىشالايمەن، مەن سىزدىن بەكمۇ جىق نەرسىلەرنى ئۆگەندىم، قەمەر، مۇشۇ ئىشلار ماڭا بىر مەكتەپ بولدى، مەن ئۆز ۋاقتىدا سىزگە بەك ئۆچ ئىدىم، لېكىن هازىرمۇ ئامراق ئەمەس. دىمەكچى بولغىنىم، مەن سىزنى بىلدىم، ئەگەر مەن ئۆزۈمنىڭ مەيدانىمدا تۇرسام يەنە سىزنى بىلەلمەيمەن، مەن سىزنىڭ مەيدانىڭىزدا تۇرۇپ چۈشەندىم، كۆلدىكى سۇ ئۆستەڭدىكى سۇنى چۈشەنمەيدىكەن، ئۆستەڭدىكى سۇ كۆلدىكى سۇنى چۈشەنمەيدىكەن، كۆلدىكى سۇ ئۆستەڭدىكى سۇنى «شاراقشىپ يۈرگىچە ئارام ئالسا بولمامدۇ» دەيدىكەن، ئۆستەڭدىكى سۇ كۆلدىكى سۇنى «سېسىپ ياتقۇچە ماڭا قوشۇلۇپ سەپەر قىلسا بولمامدۇ» دەيدىكەن، نېمە ئۈچۈن مۇشۇنداق بولىدۇ؟ تەقدىر، ئىگىسى ئۇلارنى ئاشۇنداق ياراتقان، بىرىنى ئالدىراپ ئاقىدىغان، بىرىنى ئالدىرىماي ئاقىدىغان قىلىپ ياراتقان، شۇنىڭغا ئوخشاش، سىزنى چۈشىنىشكە بولىدۇ، لېكىن سىزنى ئۆزگەرتكىلى بولمايدۇ، مەن هازىر شۇنداق يېنىك، قەمەر، پۇۋ دېسە ئۇچۇپ كېتىمەن، تالىشىپ ياشايمەن هەم تالاشمايمەن، جېدەل قىلىپ ياشايمەن هەم جېدەل قىلمايمەن، لېكىن بۇنىڭدىن كېيىنكى تۇرمۇشۇمنى بىلمەيمەن، ئالدىمدا يەنە قانداق پېشكەللىك بارلىقىنى بىلمەيمەن، مەن ياشاۋېرىمەن، ئۆزۈمنىڭ ئۆيىدە ۋە ئۆزۈمنىڭ دۇنياسىدا، مەن كۈلۈۋېرىمەن، ئۆزۈمنىڭ بېغىدا ۋە ئۆزۈمنىڭ جەننىتىدە. مەن تاي بىلەن پاراڭلاشقاندىن كېيىن، مېنىڭ بەدىنىم يەنە تايىنىڭ بولىدۇ، لېكىن مېنىڭ يۈرىكىم خالمۇراتنىڭ يۈرىكى بىلەن جۈپلىشىپ ئاللادىن ئۇنىڭ ئۆمرىنى تىلەيدۇ، مەن تايىنى قارغىمايمەن، لېكىن ئۇنىڭ ئۆمرىنىمۇ تىلەيمەن، لېكىن مەن خۇدانىڭ ئۇلۇغ نېنىغا تويغان هەربىر ناشتامدا قىبلىگە قاراپ قولۇمنى كۆتۈرۈپ خالمۇراتنىڭ ئۆمرى ئۈچۈن دۇئا قىلىمەن! نېمە ئۈچۈن؟

مۇھەببەت ئۇچۇن! چۇشىنىش ئۇچۇن! ئۇ ئوتتۇز نەچچە يىلدىن بېرى مېنى ئۇنتۇمىدى، مانا ئۇنىڭ ساپ مۇھەببىتى بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە مېنى مۇشۇنداق سۆزلىتىۋاتىدۇ، مانا بۇ مۇھەببىتىمنىڭ ھوقۇقى، ئەمدى بۇرۇنقىغا ئوخشاش بەدىنىم بىلەن يۈرىكىمنى بىر كارىۋاتقا ياتقۇزۇپ ئۇلارنى قوش قوللاپ تايىغا تۇتۇپ بېرىدىغان ئىشلار مەڭگۈ يۈز بەرمەيدۇ، قەمەر. مەن ھەر ھالدا ئازدۇر - كۆپتۇر تۇرمۇشنىڭ سىرىنى بىلىپ قالدىم، بۇرۇن تاي چوڭ دەرەخ ئىدى، مەن ئۇنىڭ تۆۋەن تەرىپىدىكى يوپۇرمىقى ئىدىم، ئۇنىڭ شامىلىغا قاراپ ئۇسسۇل ئوينايتتىم، ئۇنى كۆكەرتىشنىلا بىلەتتىم، ئۆزۈمنىڭ غېمىنى قىلىشنى بىلمەيتتىم، مانا ئەمدى مەنمۇ دەرەخكە ئايلاندىم، تۇپراقتا مېنىڭمۇ يىلتىزىم بولدى. مەن ئەمدى ئۇنىڭ بىلەن تەڭ تۇرۇپ ياشايمەن، ئەگەر ئۇ يەنە مېنى دەپسەندە قىلىشقا ئۇرۇنسا، مەن ئۇنىڭ بىلەن كۈرەش قىلالايمەن...

— مەن ھەم سىزدىن پەخىرلىنىمەن، ھەم سىزنى چۈشەنمەيمەن، گۈلبوستان ھەدە، ئەركىن ياشىسىڭىز بولاتتى، ئەر بار يەردە بىزگە ئەركىنلىك بولسۇنمۇ! — دېدى قەمەر.

— سىز، مەن، ھەممەيلەن مۇھەببەت - نىكاھنىڭ مېۋىسى. سىز ئائىلىنى، ھەقىقىي سۆيگۈنى چۈشىنىڭ. ئەرلەر زومىگەر بولسا، كۈرەش قىلىشنى ئۆگەنسەك بولىدۇ، قەمەر، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ.

تاي پۈتۈن دىققىتىنى گۈلبوستانغا قاراتتى، دادىسى ئۇنى ئالدىرىتىۋاتاتتى. گۈلبوستان ئاخىرقى ھېسابتا تايغا ئېنىق جاۋاب بەردى، لېكىن ئۇ كېلەر يىلى باش باھاردا يارىشايلى دەپ تۇرىۋالدى. بۇ گەپ تاينىڭلا ئەمەس، تاينىڭ قىزلىرى بىلەن ئانىلىرىغىمۇ ياقمىدى، ئۇلار گۈلبوستاننىڭ قورسىقىدىكىنى تاپالمىدى، گۈلبوستاننىڭ خىيالى باشقا يەردە ئىدى، ئۇنىڭ

ئېسى شىخەنزىدە روھىي كېسەللىكلەر دوختۇرخانىسىدا سەنەۋۋەرنى داۋالىتىۋاتقان خالمۇراتتا ئىدى. ئۇنىڭ مەنىۋىيىتىنى يورۇتىدىغان بىردىنبىر ئادەم خالمۇرات ئىدى، تاي بىلەن يارىشىش ئالدىدا ئۇ چوقۇم خالمۇرات بىلەن كۆرۈشۈشى كېرەك ئىدى. تاي خېلى تىرىشقان بولسىمۇ گۈلبوستاننى بويسۇندۇرالمىدى...

## قىرىق بەشىنچى باب

# گۈلبوستان يىغلىدى

قىش جاھاننىڭ ھەممە يېرىنى ئاقارتىپ بولۇپ غادىيىپ يۈرگەندە، يىراق ماكانلاردىن جەڭ بىلەن قايتىپ كەلگەن باش باھار قىشنى يەنە بىر قېتىم تۇپراققا سىڭدۈرۈۋەتتى. باھار زېمىندىكى ھەممە مەۋجۇداتقا پۇرسەت ئەكەلدى. لېكىن بەزىلەر بۇ پۇرسەتنى چۈشىنەلمىدى...

خالمۇرات شىخەنزىدىن سەنەۋۋەرنى ئېلىپ قايتىپ كەلدى. سەنەۋۋەر بەش ئاي داۋالىنىپ سەللىمازا ساقىيىپ كەتكەنىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى، ئۆزىمۇ سەمرىپ كەتكەنىدى، كېسەل بۇ ئاق كۆڭۈل ئايالنى ئاخىرقى ھېسابتا ھېچ نەرسە قىلالمىدى.

گۈلبوستاننىڭ تەييارلىقى ئاساسەن پۈتۈپ قالغانىدى. بىر كۈنى كېچىدە ئۇ خالمۇرات بىلەن كۆرۈشتى، خالمۇراتنىڭ كەيپىياتى ناھايىتى تۆۋەن ئىدى، ئۇنىڭ ھەممە ئىشتىن خەۋىرى بار ئىدى.

— ئامال يوق. خالمۇرات، تاي بىلەن توي قىلمىسام بولمايدىكەن، ئۆتكەن يىلى سىلەر شىخەنزىگە مېڭىپ بىر ئايدىن كېيىن تاي مېنىڭ بېشىمنى ئاغرىتقىلى تۇردى، بولۇپمۇ قىزلىرىم بەك جېدەل قىلىپ تۇرۇۋالدى، ئامال بولمىدى، مەن ئىچىمدە سىز بىلەن كۆرۈشمىسەم بولمايدۇ دەپ ئەتەي ۋاقتىنى سوزدۇم، ئامال يوق، خالمۇرات، پېشانىمىزگە يېزىلغىنى

مۇشۇ ئوخشايدۇ ...، — دېدى گۈلبوستان خالمۇراتنىڭ كۆزىگە قاراپ.
— مەن سىزدىن بەك چوڭ ئۈمىد كۈتكەن، گۈلبوستان، ئاخىرقى ھېسابتا مەن يەنە يالغۇز قالدىم! — دېدى خالمۇرات قايغۇرۇپ.
— سىز يالغۇز ئەمەس، ئۆتمۈشۈم سىز بىلەن بىللە، خالمۇرات، ئەمدى سەنەۋۋەرنى ئايايلى...
— لېكىن بىز بىر ئۆيدە بولالمايمىز...
— قۇربان بەرمەي بولمايدىكەن...
— تاي سىزگە ئەسقاتمايدۇ، بوستان، ئەگەر پاسكىنا قول بىلەنمۇ قىممەتكە ئىگە بولغىلى بولسا، ئۇ ۋاقىتتا بىز گۈل تېرىمىساقمۇ بولىدۇ...
— ياق، ئۇنداق ئەمەس، ئىشىنىش كېرەك، پاسكىنا قولغا ئەمەس، گۈلگە! گۈل بىزنى يەرگە قاراتمايدۇ، بەزى گۈللەر دالىدا ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر تاغ باغرىدا ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر تاغ چوققىسىدا ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر جىرادا ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر ئۆيدە ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر بوران ـ شامالدا، بەزى گۈللەر ئالىقاندا ئېچىلىدۇ، بەزى گۈللەر قەلبىمىزدە ئېچىلىدۇ، سىز مېنىڭ قەلبىمدىكى گۈل، مەڭگۈ توزۇمايسىز...
بۇ سۆز خالمۇراتقا تەسىر قىلدى. ئۇ ئورنىدىن تۇرۇپ گۈلبوستاننىڭ قولىنى تۇتتى، گۈلبوستان قولىنى تارتىۋالدى ـ دە، ئۆزىنى تۇتۇۋالالماي يىغلاپ كەتتى...

# قىرىق ئالتىنچى باب

## توي ھارپىسىدا

ئەته توي دېگەن كۈنى، گۈلبوستان بىلەن تاينىڭ تۇغقانلىرى گۈلبوستاننىڭ ئۆيىگە يىغىلدى. تاينىڭ ئاكىلىرى قول - قولچە، دادىسى سەھرادىن ئەۋەتكەن مالنى سويۇپ، تەييارلىق ئىشلىرىنى باشلىۋەتتى. مەھەللىدىكى قوشنىلار، چوڭلار تۇرسۇننىڭ كەلگىنىنى ئاڭلاپ، ئۇنى يوقلاپ كىردى. ئۇلار ئۆيدە چاي ئىچىپ ئولتۇرۇپ، پاراڭغا چۈشۈپ كەتتى.

— يۇرت ئامانچىلىق، تۇغقانلار سالام ئېيتتى... نېمە دەيمىز ئەمدى دېھقاننىڭ ئىشى تەس، بۇغداي پۇل بولمايۋاتىدۇ، كۈزدە قوناق خېلى پۇل بولغان، سەھرادا ئاز - تولا مال باقالىغان ئادەمنىڭ كۈنى يامان ئەمەس، جاھاندارچىلىق دېگەن ئاستا - ئاستا دەپتىكەن، قانداق قىلىمىز ئەمدى، — دېدى تۇرسۇن ئوغلىنىڭ قوشنىسى پازىلغا قاراپ.

— ھەممە يەردە قازاننىڭ قۇلىقى تۆت، تۇرسۇنكا، بىزنىڭ ئوقتىمىزمۇ ياخشى ئەمەس، بازار بەك بوشاپ كەتتى، تېخى ئىككى يىلنىڭ ئالدىدا ياخشى ئالمىنىڭ باھاسى ئۈچ سومدىن چۈشمەيتتى، مانا ئەمدى بىر يېرىم سومغا چۈشۈپ قالدى. شەھەردە بىر ئادەم بىر كۈندە بىر ئالما يېمىسە، بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى ئەمدى! — دېدى پازىل.

— ئالما يەيدىغان بالىلىرىمىزنىڭ ھەممىسى قاۋاقتا ھاراققا ئۆگىنىۋالدىغۇ! — دېدى تاينىڭ ئۇدۇل قوشنىسى ئابدۇخالىق.

— ئاستا ـ ئاستا ياخشى بولۇپ كېتەر! قانداق قىلىمىز ئەمدى... ھەي مېنىڭچە مۇشۇ بازاردا خوتۇن ـ قىزلارنىڭ كالپۇكىغا سۇركەيدىغان ھېلىقىدەك قىزىل بوياق پەيدا بولغاندىن بېرى بىزدىن ئامەت قېچىۋاتامدىكىن دەيمەن، — دېدى تۇرسۇن.

— شۇڭا بىر خوتۇننى بالامغا ئىككى قېتىم ئېلىپ بېرىۋاتىمەن دەڭە! — دېدى پازىل چاقچاق قىلىپ.

— شۇنداق... ئەمدى نەزىر ئورنىدا بولۇۋاتقان بىر ئىش بۇ، مېنىڭ كاللامدىن ئۆتمەيدىغىنى، مۇشۇ كۇندە خوتۇن خەقلەر يامان بولۇپ كېتىپتۇ، ئۆز ۋاقتىدا بىزمۇ ئوينىغان، ھەتتا رۇس قىزلىرى بىلەنمۇ ئارىلاشقان، قىزلار دېگەن كەينىمىزدىن چىقمايدىغان، ھازىرقى بىرنېمىلەر ئۆزىچە ئەرلىرىدىن يامانلاپ ئاجرىشىپ كېتىدىكەن، بىزنىڭ زامانىمىزدا ھەيدىسەكمۇ كەتمەيدىغان، — دېدى تۇرسۇن.

— ئاينىڭ ئون بەشى يورۇق، ئون بەشى قاراڭغۇ دېگەن مۇشۇ، — دېدى ئابدۇخالىق.

— ئۇنىمۇ دەيمىز، بۇنىمۇ دەيمىز، تۇرسۇنكا، تاي ئايالى بىلەن يارىشىپ ياخشى قىلدى. قىزلارنى يېتىم قىلساق بولمايدۇ ـ دە! — دېدى پازىل.

— مېنىڭ گېپىممۇ شۇ، قالغان ئىشلارغا ھەرقايسىڭلار بار! — دېدى تۇرسۇن.

— تاي كىچىك بولغىنى بىلەن بىزنىڭ گېپىمىزنى ئاڭلاپ كەتمەيدۇ، مەن ئۇنىڭغا ئون نەچچە قېتىم گەپ قىلغاندىمەن، ئۇكا، ھوقۇقۇڭنىڭ بارىدا مەھەللىنىڭ يوللىرىغا سېمونت ياتقۇزۇۋالايلى، كېيىن ياقاڭنى تۇتۇپ قالىسەن دېسەم سەۋەب كۆرسىتىپ ئۇنىمىدى، خەقلەر ئۇستۇمدىن پىكىر قىلىدۇ، ھوقۇقىدىن پايدىلىنىپ مەھەللىسىنىڭ يوللىرىنى ياسىۋالدى دەپ ئەرز قىلىدۇ دەپ ئۆزىنى قاچۇرۇپ يۈردى. مانا ئەمدى قانداق بولدى؟ مەن دېگەندەكلا بولدى! بىزگە ئوخشاش بىر باغ

قورايغىمۇ كۇچى يەتمەيدىغان ئادەم بولۇپ قالدى. ئۇ خەقتىن ئۆركۈپ يۈردى. ئەمەلىيەتتە ئۇنى خوتۇنى جايلىدى! — دېدى ئابدۇخالىق.

— بولمىسا خوتۇننى ياخشى باققان تاي! — دېدى پازىل گەپنى ياساپ.

— بېقىشتا گەپ يوق، ۋاقتى - ۋاقتىدا خوتۇننىڭ خەجىسىنى بەرمىدىمىكىن دەيمەن، — دېدى ئابدۇخالىق چاقچاق قىلىپ.

ھەممە ئادەم كۈلۈشۈپ كەتتى.

— ئازماس ئاللا دەپتىكەن! — دېدى تۇرسۇن.

— شۇنداق، تۇرسۇن، يەنە نېمىلا بولسۇن، بىر چىرايلىق ئۆيىنى تۇتۇپ قالدى. خەيرلىك ئىشلار - دە بۇ، باللارنىڭ يۈزى يورۇق بولىدۇ، ئەمدى! — دېدى پازىل.

## قىرىق يەتتىنچى باب

# پۇل تاپقان ئوغۇل بالا

غوپۇر گۇاڭجۇدا ئاپىسىنىڭ تېلېفوننى ئالغاندىن كېيىن، تاينىڭ گۈلبوستان بىلەن ياراشماقچى بولغان ئىشىدىن خەۋەر تاپقاندى ھەم ئاپىسىغا تويغا ئۈلگۈرۈپ قايتىمەن دەپ ۋەدە بەرگەنىدى. ئەتە توي دېگەن كۈنى، ئۇ ئايروپىلان بىلەن قايتىپ كەلدى.

ئۇ دەل چۈشتە ئايروپىلاندىن چۈشكەنىدى، ئۇ چوڭ ئۆيگە تېلېفون بېرىپ، تۇغقانلارنىڭ ھەممىسى گۈلبوستانلارنىڭ ئۆيىدە ئىكەنلىكىدىن خەۋەر تېپىپ، مەھەللىگە چىقىش نىيىتىدىن يانىدى. ئۇ ئايروپورتتىن تاكسىغا چىقىپ، ئۇدۇل مال بازىرىغا كەلدى. بازار كۈنى بولغانلىقتىن، ئۇ تاللاپ تۇرۇپ، ئىككى چوڭ ئاق قوي سېتىۋالدى، ئاندىن قوي توشۇيدىغان بىر ماشىننى كىرا قىلىپ، قولىدىكى چامادانىنى كۆتۈرۈپ ماشىنىغا چىقىپ، گۈلبوستاننىڭ ئۆيىگە يېتىپ كەلدى.

دەرۋازىنىڭ ئالدىدا، غوپۇرنىڭ ماشىنىدىن چۈشكىنىنى كۆرگەن تۇغقانلار غوپۇر كەپتۇ دېيىشە، غوپۇر كەپتۇ دەپ، ئۇنى ئوتتۇرىغا ئېلىۋالدى. ئۇلار ماشىنىدىكى قويلارنى چۈشۈرۈپ، ھويلىغا ئەكىردى، ئۇ ئۆيگە كىرىپ، ئاتا - ئانىسى بىلەن كۆرۈشتى، گۈلبوستان ئۇنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ كەتتى. غوپۇرنىڭ روھى ھالىتى ناھايىتى ئۈستۈن ئىدى، ئۇنىڭ چىرايىدىن نۇر يېغىپ تۇراتتى. تاي ئۇنىڭ ئالىي سوپەتلىك

چامادانىنى كۆرۈپ ئېچىدە: «بۇ ئالىقاپ تۆت - بەش تەڭگە پۇل تاپقان ئوخشىمامدۇ؟» دېدى، ئاندىن ئورنىدىن تۇرۇپ، ھويلىغا چىقىپ كەتتى.

— ئەھۋالىڭلار ياخشىمۇ، ئاپا، دادا، سالامەت تۇردۇڭلارمۇ، تۆت - بەش كۈن بالدۇرراق كېلىپ تاينىڭ ئىشلىرىغا قارىشىپ بېرەي دېگەن، سودامنىڭ ئايىغى ئۈزۈلمەي كەتتى، بۇگۈن سەھەردە گۇاڭجۇدىن ئايروپىلان بىلەن يولغا چىققان، بېلەتنى غۇلجىغىچە ئالغانىدىم، ئۈرۈمچىدە ئايروپورتتا ئىككى سائەت دەم ئالدىم، غۇلجىغا نەق چۈشتە كەلدىم، مال بازىرىغا بېرىپ قويلارنى ئېلىپ ھازىر كېلىشىم، — دېدى غوپۇر.

تۇرسۇن كۈلۈپ بالىسىغا قاراپ ئولتۇراتتى، ئۇ غوپۇرنىڭ جۇشقۇن كەيپىياتىدىن ئۇنىڭ ئىش - ئوقىتىنىڭ ئەھۋالى يامان ئەمەسلىكىنى ھېس قىلدى.

«خېلى پىتلىنىپ قالغان ئوخشايدۇ بۇ تەنتەك» دېدى تۇرسۇن ئىچىدە.

— تويغا ئۈلگۈرۈپ كېلىپ ياخشى قىلدىڭ، بالام، بۇ ئىشلارنى ئۆزۈڭ باشقۇرمىساڭ بولمايدۇ، — دېدى ھاۋاخان.

— ھە، گەپ قىلە، ئۇياقتىكى ئىش - ئوقىتىڭ قانداقراق، ئايدا، يىلدا ئارانلا بىر قېتىم تېلېفون بېرىسەنغۇ! تېلېفون ھەققى قىممەتمىكەن يا ئۇياقتا؟ — دېدى تۇرسۇن.

باشقىلار كۈلۈشۈپ كەتتى.

— دېسەم ئىشەنمەيسەن، دادا، ئۆيگە تېلېفون بەرگۈدەك ۋاقىت يوق، مېڭىۋاتقان، كېلىۋاتقان، ئۇ يەردىكى ئىشلارنى ساڭا دەپ چۈشەندۈرۈپ بولغىلى بولمايدۇ، — دېدى غوپۇر.

بالىلار چوڭلارنىڭ قولىغا سۇ ئالدى، قىزلار داستىخان سېلىپ، ئۇلارغا چاي قۇيدى.

— سەل ئورۇقلاپ قاپسەن، بالام، — دېدى ھاۋاخان.

— ئۇ يەردە تاماقتىن قىينىلىمىزكەن، ئاپا، قەشقەردىن

كەلگەن بىرنەچچە ئاشپەز بار، نانمۇ ياقىدۇ، بازار ئىچىدە بولساق تاماقتىن قىينىلىپ كەتمەيمىز، سىرتقا مالغا مېڭىپ قالساق قۇرۇق نان بىلەن بولۇپ قالىمىز، — دېدى غوپۇر.

— قايتىپ كەلسەڭ بولارمىكىن، بالام، — دېدى ھاۋاخان.

— بازار بەك ياخشى بولۇۋاتىدۇ، ئاپا! — دېدى غوپۇر.

— ئالدىرىما، زېرىككەندە ئۆزى قايتىپ كېلىدۇ، — دېدى تۇرسۇن.

مېھمانلار چاي ئىچىپ بولدى، تۇرسۇن داستىخانغا دۇئا قىلدى، داستىخان يىغىلىپ بولغاندىن كېيىن، مېھمانلار ھويلىغا چىقىپ كەتتى. ئۆيدە غوپۇرنىڭ دادىسى بىلەن ئاپىسىلا قالدى. غوپۇر ھويلىغا چىقىپ، گۈلبوستاننى چاقىرىپ كىردى، ئاندىن چامادانني ئېچىپ، ئىچىدىن بىر قارا سومكا ئېلىپ، ئۇنىڭ ئىچىدىن چىرايلىق بىر يانچۇق سائىتىنى چىقىرىپ، دادىسىغا بەردى، ئاندىن ئىككى ئالتۇن بىلەزۈك ئېلىپ بىرىنى ئاپىسىغا، يەنە بىرىنى گۈلبوستانغا بەردى.

— ئاز بولسىمۇ ئېلىپ قويۇڭلار ئەمدى، — دېدى غوپۇر كۈلۈپ.

— كايىپسەنغۇ، ئالامەت سائەتكىنا مۇنۇ… سائەت بالىسى بۇنداق بولماس ـ ھە! بۇرۇن بىزگە چار روسىيەدىن مۇشۇنداق ئېسىل يانچۇق سائىتى كىرىدىغان، بىراق ئۇ سائەت قوپاللىراق ئىدى، مۇنۇ سائەت دېگەن بىر ئىكەن ـ دە! نەدە ئىشلەنگەن سائەتكەن، بالام، بۇ؟! — دېدى تۇرسۇن.

— ئەنگلىيىدە!

— ھە… شۇ، ئەنگلىيىلىكلەرمۇ يامان، ئۇلارنىڭ مىجەزىنى بىلمىز، ئادەملىرى چىرايىنى ئاچماي پادىشاھتەك يۈرىدۇ ئۇ خەقنىڭ، ئۆز ۋاقتىدا دادامىلار گەپ قىلىپ بېرىدىغان، ئۇ خەق كونا نەرسىلەرگە ئامراقمىش، ئۆز ۋاقتىدا روسىيە ئارقىلىق بىزدىن نۇرغۇنلىغان نەرسىلەرنى ئاچىقىپ كېتىپتىكەن، مانا، ئۇ

خەق ئەمدى گۇاڭجۇنىڭ بازىرىنىمۇ ئىگىلەپ بوپتۇ ـ دە! يامان خەق، دادام كۆككۆز ئادەمدىن قورق دەيدىغان...

— رەھمەت، بالام، — دېدى ھاۋاخان قولىدىكى بىلەزۈكنى سىلاشتۇرۇپ، — شۇنداق بولسىمۇ، بالام، ئەمدى مەن قېرىدىم، گۈلبوستانغا بېرىپ ياخشى قىلدىڭ، ماۋۇنى ئاپاڭغا بەر، ئاپاڭ قولىغا سالسۇن.

— ئۇنىڭغىمۇ ئەكەلدىم، ئاپا، — دېدى غوپۇر.

— ساڭا بىر تال ئەكەلگەن بىلەن ئاپاڭغا جۈپ ئالدۇ بۇ! — دېدى تۇرسۇن چاقچاق قىلىپ.

— ياخشى ئەمەسمۇ! — دېدى ھاۋاخان كۈلۈپ.

— رەھمەت، غوپۇركا، — دېدى گۈلبوستان كۈلۈپ. ئۇ بىلەزۈكنى قولىغا سېلىۋالدى.

— بەك ياراشتى، قىزىم، — دېدى ھاۋاخان.

— ھەر ھالدا جايىدا بىرنېمىلەرنى ئېلىپسەن، بالام، — دېدى تۇرسۇن.

— دادىسىنىڭ بالىسى ـ دە! — دېدى ھاۋاخان كۈلۈپ.

— ھە، گەپ قىلە، موماي، يەنە نېمە گېپىڭ بار؟ — دېدى تۇرسۇن كۈلۈپ.

غوپۇر دادىسى بىلەن ئاپىسىنىڭ خۇشال بولغىنىنى كۆرۈپ، خەجلىگەن پۇلىغا رازى بولۇپ قالدى. ئۇ يېنىدىن «جۇڭگو قۇرۇلۇش بانكىسى» نىڭ ئامانەت كارتوچكىسىنى چىقىرىپ، گۈلبوستانغا بەردى.

— بۇ بىر يۈز ئون مىڭ سومنىڭ كارتوچكىسى، سىڭلىم، مەن بىردەم تۇرۇپ مەخپىي نومۇرنى دەپ بېرىمەن، گۇاڭجۇدا بانكىغا قويۇپ تەييارلاپ قويغانىدىم، ئۆسۈمىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە، بانكىغا بېرىپ پۇلنى قايتۇرۇپ قورۇ ـ جاينىڭ خېتىنى ئېلىۋېلىڭ، — دېدى غوپۇر.

— ماقۇل، — دېدى گۈلبوستان كارتوچكىنى يېنىغا

سىلىپ.
— بۇ قانداق گەپ، غوپۇر؟ گۇلبوستان ساڭا بانكىدىن قەرز ئېلىپ بەرگەنمۇ؟ — دېدى تۇرسۇن.
— ھەئە، دادا.
— ئەمىسە ماڭا گەپ قىلماپسەنغۇ!
— سېنى قان بېسىمى بولۇپ كەتمىسۇن دەپ گەپ قىلمىغانىدىم، — دېدى غوپۇر.
— يامان بولۇپ كېتىپسەن ـ ھە، قاقۋاش، — دېدى تۇرسۇن.
— گۇاڭجۇغا بەش يىلنىڭ ئالدىدا بارغان بولسام، دادا، ئىش باشقىچە بولاتتىكەن ئەمەسمۇ! — دېدى غوپۇر.
— شۈكرى قىل، ئۇنداق قىلغان بولسام، بۇنداق قىلغان بولسام دېسەڭ بولمايدۇ، خۇدالىق ئالەم بۇ، بىز خۇدايىم بۇيرۇغىنىنى قىلىمىز، — دېدى تۇرسۇن.
— شۇنداق، بالام، مۇشۇ كۈنلەرگە شۈكرى قىلايلى! — دېدى ھاۋاخان.
— مال بازىرىدىن ئىككى قوي ئەكەلگەنتىم، دادا، بىرىنى سويۇپ ئاخشاملىققا ئۆزىمىز مېھمان بولمايمىزمۇ؟ — دېدى غوپۇر دادىسىغا قاراپ.
— بۇ گېپىڭمۇ بولىدىكەن، بالام، ئەمىسە كەچتە سېنى قارشى ئېلىپ ھەممىمىز بىر داستىخانغا جەم بولايلى، — دېدى تۇرسۇن.
غوپۇر ھويلىغا چىقىپ، تاي بىلەن كۆرۈشتى. تاي قازان بېشىدا ئوسمان بىلەن پاراڭلىشىپ تۇراتتى، ئۇ تاينى چايخانىنىڭ قېشىدىكى ئۆيگە چاقىردى.
— سەھرالىقلار شەھەرگە كىرىپ باشلىق بولۇۋالسا ئاكىسىدىن قورقمايدىكەن جۇمۇ! — دېدى ئوسمان قىزىقچىلىق قىلىپ.

قازان بېشىدىكىلەرنىڭ ھەممىسى كۈلۈشۈپ كەتتى.

«ماۋۇ گۈي ئەمدى پۇلۇم بار دەپ مېنى پايپاق قىلىپ ئوينىمىغىيتتى» دېدى تاي ئىچىدە.

— ساڭا بىر قول سائىتى ئالغاچ كەلگەن، ئۇكام، تالادا بىرنىشكە ئەپ بولمىدى، ياخشى سائەت، خەقكە بېرىۋەتمەي ئۆزۈڭ تاقا، — دېدى غوپۇر قولىدىكى سائەتنى تايغا بېرىپ.

تاي خىجالەت بولۇپ قالدى، سائەتنى ئالاي دېسە تېخى، ئالماي دېسە تېخى، ئاخىر ئۇ ئامالسىز سائەتنى ئالدى، سائەت ھەقىقەتەن چىرايلىق ئىدى، ئۇ سائەتنى تۇتۇپ كۆرۈپ، ئاكىسىغا قارىدى:

— مېنىڭ سائىتىم بولغاندىن كېيىن، ئاكا، باشقا بىرىگە بەرگەن بولساڭ، — دېدى ئۇ غوپۇرغا قاراپ تۇرۇپ.

— مەن بۇ سائەتنى سېنىڭ تويۇڭغا ئالغان تۇرسام، باشقا بىرىگە بېرىۋەتسەم قانداق بولىدۇ؟ — دېدى غوپۇر.

— ئەمىسە رەھمەت، ئاكا، — دېدى تاي.

— كەچتە ئىككى قوينىڭ بىرىنى سويىدىغان بولدۇق، ئۇكام، دادامغا دەپ قويدۇم. تۇغقانلار ئۆزئارا بىردەم ئولتۇرايلى، — دېدى غوپۇر تايغا قاراپ.

— ماقۇل، ئاكا، — دېدى تاي.

ئوسمان ئىشكنى ئېچىپ كىردى.

— ئىككىڭلار بۇ يەرگە كىرىۋېلىپ نېمە دېيىشىۋاتىسىلەر؟ — دېدى ئوسمان كۈلۈپ.

— ئەتىنىڭ ئىشلىرىنى مەسلىھەت قىلىۋاتىمىز، ئۇكا، تايغا كەچلىك ئولتۇرۇشنى ئۆزۈم قىلىپ بېرەي دەۋاتىمەن، — دېدى غوپۇر چاقچاقلىق قىلىپ.

— مەن يىگىت قولدىشى بولىدىغان بولدۇم، غوپۇركا، ھەممە ئىشلارنى ئورۇنلاشتۇرۇپ بولدۇم، خاتىرجەم بولۇڭ، — دېدى ئوسمان.

— ئەمسە بوپتۇ، ئۇكا، مەن باللىرىم بىلەن پاراڭلاشمىدىم تېخى، بېرىپ ئۇلار بىلەن كۆرۈشەي، — دېدى غوپۇر ئورنىدىن تۇرۇپ.

غوپۇر ئۆيدىن چىقىپ كەتتى.

— بۇ ئاكاڭ سېنى بەك ئاسرايدۇ - ھە، ئاداش، — دېدى ئوسمان مەنىلىك قىلىپ.

— ھەئە، شۇنداق، چىدىمايۋاتامسەن! — دېدى تاي.

ئوسمان كۈلۈپ كەتتى.

## قىرىق سەككىزىنچى باب

# بىرى ئۆچۈن مىڭغا گۈل

ئەتىسى سەھەردە، بازار تەرەپتىن كەلگەن ئاپئاق بىر بولكىۋاي گۈلبوستاننىڭ ئۆيىنىڭ ئالدىدا توختىدى. بولكىۋاينىڭ ئىچىدىن ئىككى چىرايلىق قىز چۈشۈپ، چوڭ بىر سېۋەتتىكى لىق قىزىلگۈلنى گۈلبوستاننىڭ دەرۋازىسى ئالدىغا ئەكېلىپ، تويغا كەلگەن مېھمانلارغا بىر تالدىن تارقىتىشقا باشلىدى. قىزلار تاتلىق كۈلۈپ ئۆيگە كىرىۋاتقان ۋە ئۆزاپ چىقىۋاتقان مېھمانلارغا بىر تالدىن قىزىلگۈل تۇتتى. مېھمانلار خۇشخۇي هالدا گۈلنى قوبۇل قىلدى.

— ئەسلىدە بىر خوتۇننى ئىككى قېتىم ئالىدىغان تويغا كېلىدىغان گەپ ئىكەن ـ دە! — دېدى هويلىدىن چىققان بىر مېھمان كۈلۈپ.

— قولۇڭدىن كەلسە گۈل قىس دېگەن مۇشۇ، ئاداش، — دېدى يەنە بىر ئادەم.

تاي هويلىنىڭ ئىچىدە ئۆي ئالدىدا قول باغلاپ تۇراتتى، ئوسمان ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ، دەرۋازىنىڭ ئالدىدا بولۇۋاتقان «گۈل ۋەقەسى» نى ئېيتتى. تاي دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى، چىرايلىق گۈلچى قىز كۈلۈپ، تۇرۇپ ئۇنىڭغا بىر تال گۈل تۇتتى.

— قەدەم تەشرىپ قىلغىنىڭىزغا رەھمەت، ئاكا! — دېدى قىز كۈلۈپ.

— رەھمەت، سىڭلىم، سىلەر قەيەردىن كەلدىڭلار؟ — دېدى تاي كۈلۈپ.

— شەھەرلىك گۈل - گىياھ شىركىتىدىن كەلدۇق، — دېدى قىز كۈلۈپ.

— بۇ ئىشنى سىلەرگە كىم بۇيرۇدى؟

— بۇ گۈللەرنى بىر كىشى سېتىۋاپتىكەن، بىزنى باشلىقىمىز ئەۋەتكەن، — دېدى گۈلچى قىز.

«كىمنىڭ ئىشىدۇ بۇ؟» دېدى تاي ئىچىدە.

— بۇ قانداق گەپ بولۇپ كەتتى، ئاداش؟ — دېدى ئوسمان تايغا قاراپ.

— مەنمۇ چۈشەنمەيمەيۋاتىمەن...

— يا قەمەر دېگەننىڭ قىلغان ئىشىمىكىن دەيمەن، ئۇ مۇشۇنداق غەيرىي ئىشلارغا ئامراق، — دېدى ئوسمان.

— ئۇ نايناقىقا تېلېفون بېرىپ باقمامسەن! — دېدى تاي.

ئوسمان چەتكە ئۆتۈپ يېنىدىن يانفوننى ئېلىپ قەمەرگە تېلېفون قىلدى، ئۇ قەمەر بىلەن ئۇن مىنۇتتەك سۆزلەشتى، ئاندىن تاينىڭ قېشىغا كەلدى.

— ئۇ نايناقنىڭ قىلغان ئىشى ئەمەس ئوخشايدۇ! — دېدى ئوسمان.

— بىلمەيمەن دەمدۇ؟

— ھەئە.

— ئەمىسە كىمنىڭ قىلىقىدۇ بۇ؟! — دېدى تاي.

دەل مۇشۇ ۋاقىتتا، قورۇنىڭ ئالدىدا بىر قارا رەڭلىك تاكسى توختىدى، تاكسىنىڭ ئىچىدىن خالمۇرات بىلەن سەنەۋۋەر چۈشتى، سەنەۋۋەرنىڭ قولىدا بىر دەستە قىزىلگۈل بار ئىدى. تاي ئۇنىڭ قولىدىكى قىزىلگۈلنى كۆرۈپ بۇ ئىشنى كىمنىڭ قىلغانلىقىنى بىلىپ بولدى. خالمۇرات بىلەن سەنەۋۋەر تاينىڭ ئالدىغا كېلىپ، ئۇنىڭ بىلەن قىزغىن كۆرۈشۈپ، ئۇنى

مۇبارەكلىدى. سەنەۋۋەر ئۇنىڭغا بىر تال قىزىلگۈل تۇتتى.
— سىزنى مۇبارەكلەيمىز، تاي. بەختلىك بولۇڭ. ئەرلەر كۆپ ھالللاردا بەختنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلمەي قالىدىكەن. بەخت دېگەن كۆيۈنۈش دېگەن گەپ، بىر ئادەم سىزگە كۆيۈنسە، سىز بەختلىك بولىسىز، جۈپتىڭىز سىزگە كۆيۈنسە، ئۇ سىزنى كەلمىدى دەپ يېرىم كېچىگىچە توكنى ئۆچۈرمەي يولىڭىزغا قارىسا، ئەنە بەخت دېگەن شۇ، مەن بۈگۈن ھەممە ئادەمدىن خۇشال، — دېدى سەنەۋۋەر.

تاي سەنەۋۋەرنىڭ قولىدىن بىر تال قىزىلگۈلنى ئالدى، ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى، ئاندىن مېھمانلارنى ئۆيگە باشلىدى.

— خەيرلىك ئىش سەھەردىن باشلىنىدۇ، تاي، ئىشلار ئىلگىرى بولسۇن، — دېدى خالمۇرات ھويلىغا ماڭغاچ.

— رەھمەت، — دېدى تاي.

تاي دەرۋازىنىڭ ئالدىدا قالدى، ئوسمان مېھمانلارنى باشلاپ ھويلىغا كىردى. خالمۇرات جامائەتكە قىستىلىپ ئۆيگە كىرىپ كەتتى، سەنەۋۋەر قولىدىكى بىر دەستە قىزىلگۈلنى كۆتۈرۈپ گۈلبوستان تۇرغان ئۆيگە كىرىپ، ئۇنىڭ بىلەن قۇچاقلىشىپ كۆرۈشتى، ئاندىن ئۇ قولىدىكى گۈللەرنى ئۇنىڭغا تۇتتى.

— مەن بۈگۈن بەك خۇشال، گۈلبوستان، سىز مېنى خاتىرجەم قىلدىڭىز، سىز خالمۇراتنى ماڭا بېرىۋەتتىڭىز، ئۇ مېنى ياخشى كۆرمىگىنى بىلەن، مەن ئۇنى ياخشى كۆرىمەن.

گۈلبوستان قولىدىكى گۈلنى قېشىدىكى قىزغا بەردى. ئۇ سەنەۋۋەرنىڭ سۆزىدىن ھۆپپىدە قىزىرىپ ئۇنى چىڭ قۇچاقلىۋالدى. ئۇلار بىر - بىرىنى قايتا قۇچاقلاپ يىغلىشىپ كەتتى...

خالمۇرات مېھمانلار بىلەن بىللە ئۇزاپ دەرۋازىنىڭ ئالدىغا چىقتى، تاي ئۇنىڭ قېشىغا كېلىپ ئۇنىڭغا رەھمەت ئېيتتى.

— مەن بۈگۈن سىزنىڭ تويىڭىزغا بىر ماشىنا گۈل ئەكەلدىم،

تاي، بۇ گۈللەرنى گۈلبوستان ئۈچۈن ئەكەلدىم. سەن گۈلبوستاننى ئاسرا، قەدىرلە. خەير، ئۆتكەن ئىشلارغا سالىۋات. دۇنيادا نېمە ئەڭ ئۆكۈنۈشلۈك بولىدۇ؟ بېشىڭ ياستۇققا يەتكەندە، بۇنى ساڭا مۇھەببەت ئۆزى سۆزلەپ بېرىدۇ! — دېدى خالمۇرات تايىنىڭ پارقىراپ تۇرغان كۆزلىرىگە قاراپ.

كۈلۈپ تۇرغان تاي بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ بىردىنلا ئۆڭدى، لېكىن ئۇ نېمە دېيىشىنى بىلمەي قالدى.

خالمۇرات كەينىگە بۇرۇلۇپ تۆت كوچىغا قاراپ يول ئالدى.

مېھمانلار ئارقا ـ ئارقىدىن كېلىۋاتاتتى، گۈلچى قىزلار مېھمانلارغا گۈل تۇتۇش بىلەن ئالدىراش ئىدى. تاغ تەرەپتىن كەلگەن ساپ شامال ھويلىنىڭ ئىچىدىكى پولۇنىڭ مەززىلىك پۇراقلىرىنى مەھەللىگە چېچىپ تۇراتتى، تاي مېھمانلار بىلەن خۇشخۇي كۆرۈشۈۋاتقاندەك ئىدى، لېكىن ئۇ دەردىنى ئۆزى بىلەتتى...

2003 ـ يىل 22 ـ فېۋرال غۇلجىدا تاماملاندى.
2004 ـ يىل 24 ـ مارت غۇلجىدا تۈزىتىلدى.

Document generated by Anna’s Archive around 2023-2024 as part of the DuXiu collection (https://annas-blog.org/duxiu-exclusive.html).

Images have been losslessly embedded. Information about the original file can be found in PDF attachments. Some stats (more in the PDF attachments):
{
  "filename": "NDAxODg0NDkuemlw",
  "filename_decoded": "40188449.zip",
  "filesize": 21059169,
  "md5": "dd1a27926002faa40a3dfe25151a9f4c",
  "header_md5": "e353084e6301cef912e5675004fa3a2b",
  "sha1": "fd6dfb581e40e45abb842d3cd7ca78626ce15bff",
  "sha256": "d4693155f534db424314c093b2538bc9cce4c11543f2937f0bc6d63f95aff19f",
  "crc32": 1676306989,
  "zip_password": "",
  "uncompressed_size": 21568428,
  "pdg_dir_name": "\u2591\u00ab\u2561\u2500\u255a\u03c4\u2566\u2580\u2563\u25a0\u255a\u00b0\u2510\u2566\u256c\u2500_40188449",
  "pdg_main_pages_found": 430,
  "pdg_main_pages_max": 430,
  "total_pages": 439,
  "total_pixels": 1610022592,
  "pdf_generation_missing_pages": false
}